ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# مىرزا ئابابەكرى



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مىرزا ئابابەكرى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى : مەمەت نەۋبەت

## ھاجى مىرزاھىد كېرىمى ئەسەرلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (2)

مىرزا ئابابەكرى

سۇلتان سەئىدخان

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان

جۇدالىق

بوغدا قىزى

قاناتلانغان تىلەكلەر

ئالتۇن ئاچقۇچ

ISBN 978-7-228-18593-1
9 787228 185931 >

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# مىرزا ئابابەكرى

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

米尔咱·阿巴叽乞力: 维吾尔文 / 米尔扎依提·克里木著.
— 乌鲁木齐 : 新疆人民出版社, 2015.8
ISBN 978-7-228-18593-1

Ⅰ. ①米… Ⅱ. ①米… Ⅲ. ①长篇小说 — 中国 — 当代
— 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第201340号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991 2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 14.25 |
| 版　　次 | 2015年9月第1版 |
| 印　　次 | 2015年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1 — 5000 |
| 定　　价 | 40.00 元 |



. هاجى مىرزاھىد كېرىمى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ............ 1

بىرىنچى باب  تۇندىكى سۇيىقەست ............ 13

ئىككىنچى باب  ئەمىرنىڭ نادامىتى ............ 28

ئۈچىنچى باب  مىرزا ئابابەكرىنىڭ يارلىقى ............ 40

تۆتىنچى باب  قۇرۇق تىكەن شېخى ............ 54

بەشىنچى باب  قارا پەرەنجىلىك ئايال ............ 69

ئالتىنچى باب  ئەندىۋا سېپىدىكى سىرلىق نەزمە ............ 76

يەتتىنچى باب  جامال ئاغىچىنىڭ قەستى ............ 90

سەككىزىنچى باب  خەتنە توي ۋە كۆك بۆرە ............ 104

توققۇزىنچى باب  سەئىدخاننىڭ جازا ھۆكۈم قىلىشى ............ 128

ئونىنچى باب  خوجا مۇھەممەد فىزالىدىنىنىڭ تەسەللىسى ... 137

ئون بىرىنچى باب  ئېتىكى تىللاغا توشمايدىغان قىز ............ 155

ئون ئىككىنچى باب  تاشكەنتتىن ئەندىجانغا كەلگەندە ............ 169

ئون ئۈچىنچى باب  ئەخشىد توختامى ............ 187

ئون تۆتىنچى باب  ئالتۇنغا تولغان ئاپتۇۋا ............ 205

ئون بەشىنچى باب  ئاشىق قىزنىڭ تەقدىرى ............ 229

ئون ئالتىنچى باب  ئانا دۇئاسى ............ 240

ئون يەتتىنچى باب  جاسارەت ۋە ئاقىۋەت ............ 255

ئون سەككىزىنچى باب  قان ـ ياش كۈنلەر ............ 269

ئون توققۇزىنچى باب  پەتىۋا ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان ............ 284

يىگىرمىنچى باب  بابۇر مىرزا ھۇزۇرىدا ............ 314

يىگىرمە بىرىنچى باب  كاساندىكى جەڭ ............ 333

يىگىرمە ئىككىنچى باب سايراندىكى داپ ئاۋازى ............ 350

يىگىرمە ئۈچىنچى باب غالجىرلىشىش ........................ 371
يىگىرمە تۆتىنچى باب كاشغەردە ساما ........................ 391
يىگىرمە بەشىنچى باب كېسىلگەن باش ........................ 401
يىگىرمە ئالتىنچى باب قاباھەت ۋە شاپائەت ........................ 413
يىگىرمە يەتتىنچى باب تاج كىيگەن كۈن ........................ 431
خاتىمە ........................................ 449

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

كۆن ئەربكە قىيسايغان. قەدىمىي شەھەر قەلئەسىنىڭ ئېگىز سېپىلىدىن خېلى يىراقتىكى كاھىشلىق چوڭ گۈمبەز ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنى چۆرىدىگەن چوڭ - كىچىك ئېتىكاپخانىلارنىڭ بەزى تاملىرى ئۇپۇرالغانىدى. بۇ ئەتراپتىكى يېڭى قوپۇرۇلغان، كونىرىغان، قىيسايغان، ئۆڭتۈرۈلگەن، سۇۋاقلىرى تۆكۈلگەن سان - ساناقسىز قەبرىلەر ھاياتلارنى ماماتلىق دۇنياسىغا چاقىرىۋاتقاندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. يىمىرىلىپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان بەزى گۆرلەردە ئادەمنىڭ «ھىجىيىپ» تۇرغان باش سۆڭەكلىرى، سارغىيىپ چىرىشكە باشلىغان سۆڭەكلەر كۆزگە تاشلىنىپ، ئادەمنى ۋەھىمە باساتتى. ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئۈنۈپ قالغان يانتاق، كۆك تىكەنلەر نېمىشقىدۇر كىشىنى مەيۈسلەندۈرەتتى. بەزى شام گۆرلەرنىڭ ئالدىدا لەيلىقازاق يەلپۈنۈپ تۇراتتى. پۈتۈنلەي خارابلاشقان بۇ قەبرىستانلىقنىڭ سول تەرىپىگە شاخلاپ دۈپدۈگىلەك بولۇپ كەتكەن بىر توپ رېدە كۆلەڭگە تاشلىغانىدى. ئۇنىڭ سايىسى چۈشكەن كارۋان يولى ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلۇپ قۇم بارخانلىرىغا تۇتىشاتتى. كىشىلەر «جىنىنىڭ ئۇۋىسى» دەپ ئاتىۋالغان بۇ ۋەھىمىلىك رېدىنىڭ تۇۋىگە كېلىشتىن قورقۇشاتتى.

ئاپتاپ چىقىپ ئالىتاغىل كۆرۈنگەن ئاشۇ ساماۋى قۇم بارخانلىرىنىڭ يېنىدا بىر توپ قاپاق تېرەك كۆككە بوي تارتقانىدى. ئۇنىڭ باراقسان شاخلىرى قۇشلارغا قىشلاق بولسا، تۇۋىدىكى خېلى كەڭ يېيىلغان سايىسى يولۇچىلارغا ئارامگاھ ئىدى.

يېقىندىن بېرى بۇ يەردە جەندە كۆلاھ كىيگەن دەردمەن بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ سەدىقە تىلىمەيتتى، سايىدا ئولتۇرۇپ ساتار چالاتتى. كىشىلەر ئولىشىپ مۇڭلۇق نەغمىسىنى تىڭشايتتى. ناماز ۋاقتى بولغاندا ئەزان ئاۋازىنى ئىشىتىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرغان بوۋاي ساتارىنى كۆتۈرۈپ ئېتىكاپخانىغا كىرىپ كېتەتتى. نام ـ نەسەبىنى بىلگەچكىمۇ، كىشىلەر ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. بۈگۈنمۇ بوۋاي كۈندىكى ئادىتى بويىچە تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ساتار چالدى. ئۇ كامانچىنى ساتارنىڭ تارلىرىغا ھەر قېتىم سۈركىگىنىدە، چاڭ ـ توزان قونۇپ كىرلىشىپ توپا رەڭ بولۇپ قالغان ئاق ساقاللىرى تىترەپ، ئۆسكىلەڭ قويۇق قاشلىرى ئارىسىدىكى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ قالغان كۆز چاناقلىرى يۇلتىيىپ چىقاتتى.

يۇمشاق ۋە سىلىق ئۇرۇلغان كامانچىدىن چىققان ئاۋاز تەڭكەش قىلغان مۇڭلۇق غەزەل بىلەن قوشۇلۇپ كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكەتتى. مۇقام باشلىنىش بىلەن تەڭ بىردىن ـ ئىككىدىن كېلىپ بوۋاينىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان نامرات دېھقانلار، چار بازارچىلار، ئۆتكۈنچىلەر بوۋايدىن كۆز ئۈزۈشمەي سېھىرلىك مۇقامنىڭ دولقۇنلىرىغا غەرق بولۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرى بايان قىلىنىۋاتقاندەك ئېغىر ئۇھ تارتىشاتتى. بوۋاينىڭ پىغانى تۈگىمەيتتى. ئۇ «ناۋا» مۇقامىنىڭ داستان مەرغۇللىرىنى شۇنداق لەرزان ئاھاڭدا ئوقۇيدىكى، ھەتتا تېرەك ئۈستىگە قونۇپ تۇرغان قۇشلارمۇ سايراشتىن توختاپ قالدى. كىشىلەرگە قەبرىلەر سىلكىنىپ، يۇلغۇن ـ توغراقلار كۆمتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك، زەڭگەر بۇلۇتلار ئىچىدە چاقناپ تۇرغان قۇياشمۇ ئېرىپ ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

ۋەفانى قىلدى كۆپ ئازۇردە① ئول ئاي، كۆپ جەفا ئەيلەپ،

① ئازۇردە ــ رەنجىگەن، كۆڭلى ئاغرىغان.

ئەدەم[1] دەشتىدە كۆڭلۈمنى ۋەتەن قىلمىش جىلا[2] ئەيلەپ.
ۋەفا ئانداقكى قاچتى ئول جەفاگەردىن، ئەگەر مەن ھەم
قاچا ئالسام، يانا ئىشقىن ھەۋەس قىلمام خەتا ئەيلەپ.
دېمەن دەۋران ئارا يوقتۇر ۋەفا ئەيلەپ ۋەفا كۆرگەن،
كى يوقتۇر جەفا تارتىپ قوتۇلغان يوق دەۋا ئەيلەپ.
يىقىلغان ئىشق ئارا سىھەت تەمەئ قىلما مەسىھادىن،
كى بۇ بىمارلىغىدىن كىمسە قوپقان يوق دەۋا ئەيلەپ.

غەزەل تېخى ئاياغلاشمىغانىدى، بوۋاينىڭ ياش سىرغىپ تۇرغان كۆزلىرى چەتتە قاراپ تۇرغان بىر بالىغا چۈشتى. ئۇ ئون ئىككى ياشلارغا كىرگەن بۇ بالىنىڭ ئۇچىسىدا چىغ يوللۇق قارا كىمخاب تون، بېلىدە يېشىل قارا چەكمە گۈللۈك بەلباغ، بېشىدا قاردەك ئاق يىپەك سەللە بار ئىدى. ئۇنىڭ مەغرۇر تۇرقى، ئويچان نەزىرى، نۇرلۇق چىرايى، بېجىرىم قەددى - قامىتىدىن ئالىي نەسەبلىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. قارا كۆزلىرى ئۆتكۈرلۈكتە توشقانغا قادالغان قارچىغىنىڭ كۆزلىرىدەك چاقنايتتى، قولتۇقىغا كىتابلار سېلىنغان مەخمەل جىلتا قىستۇرۇلغانىدى. ئېھتىمال خانلىق مەدرىسەنىڭ تالىپلىرىدىن بولسا كېرەك، مۇقامنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تىڭشاۋاتاتتى. بوۋاي تەئەججۇپ ئىلكىدە بالىغا قارىغىنىچە مۇقامنى ئەۋجىگە كۆتۈردى.

سەفالى فەقر ئال جانۇ جاھان نەقدىن بېرىپ، گەرچە
كىشى جەمشىت جامىن ساتقۇن ئالمايدۇ بەھا ئەيلەپ.

كۆڭۈلكىم رۇزگارىمنى قارارتىپ، قىلدى ئەۋۋارە،
تاپىلسا كەزدۇرەي دەۋران ئارا يۈزىن قارا ئەيلەپ.

① ئەدەم — يوقلۇق.
② جىلا — نۇرلىنىش، پارقىراش.

نەۋائىي، كىمسە يوقكىم چەرخ زۇلمىدىن زەبۇن ئەرمەس
نەۋا جاۋىد كىمگە بەردى، بىزنى بىنەۋا ئەيلەپ.

مۇقام ئاخىرلاشتى. بوۋاينىڭ ئىتىكىگە ھەر كۈندىكىدەك قەغەز پۇللار، مىس يارماقلار، كۈمۈش تەڭگىلەر تاشلاندى. ھېلىقى بالا سەل ئېگىلىپ پارقىراپ تۇرغان ئىككى تىللانى بوۋاينىڭ ئىتىكىگە قويدى. بالىنىڭ بۇ مەردلىكىدىن ھەيران ـ ھەس بولغان بوۋاي ئۇنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان كەڭ پېشانىسىغا مېھرى بىلەن سۆيدى ۋە كۆپچىلىككە قاراپ تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— جامائەتنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا ! ئاللا پېقىرنى نەزىر ـ چىراغدىن بىھاجەت قىلغان، ساتار چېلىپ مۇقام ئوقۇپ ئەھلى دەردمەن كۆڭلىنى ئېلىشقا بۇيرۇغان. ئاشىق ئۆز ئىشقى بىلەن نىيازدۇر، پۇل ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەلەم تىغى بىلەن تىلىنىپ ھەسرەت دەرياسىغا غەرق بولغان كۆڭۈلۈمنى خۇرسەن قىلالمايدۇ. ماڭا بىرنەچچە تەڭگە بولسا يېتىدۇ.

بوۋاي جۇل ـ جۇل كىيىملىك، تاپانلىرى قاردىداپ يېرىلىپ كەتكەن غېرىب ـ مىسكىن ساھىللارغا ئىتىكىدىكى قەغەز پۇل ـ تەڭگىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ھېلىقى بالا بەرگەن ئىككى تىللانىڭ بىرسىنى يېرىم يالىڭاچ يەتتە ـ سەككىز ياشلىق بىر ئوغۇل يېتىلىۋالغان ئەما چالغا، بىرسىنى ئىككى پۇتى ناكار، تىزلىنىپ ماڭىدىغان توكۇر يىگىتكە بەردى.

— بارىكاللا، — دېيىشتى كۆپچىلىك ئۇنىڭ ھىممىتىگە.

— خۇدا مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن !

— ئىككىلا دۇنيادا ئەزىز قىلسۇن ! — دېدى غېرىبلار.

بوۋاي كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىپ، ساتارنى كۆتۈرگىنىچە ئىتىكاپخانىغا قاراپ ماڭدى ۋە ھېلىقى بالىنىڭ ئۆزىگە سوڭدىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ، توختىدى:

— مەرھابا، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ ھۆرمەت بىلەن تىكىلگەن

بالىغا ئىللىق نەزەر تاشلاپ، — كەينىمدىن كېلىشىڭدە بائىس نېمىدۇر؟

بالا تەمتىرىمەي، ئىككىلەنمەي جاۋاب بەردى:

— ئاشىقلىق مېھىر - مۇھەببەتلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرىدىن قارا كۆڭلۈمنى يورۇتۇش، خىسلەتلىك مۇقام ناۋالىرىدىن بەھرىلىنىپ مىسكىن روھىمنى ئۇرغۇتۇش.

— ماشائاللا! مۇبارەك ئىسمىڭ نېمىدۇر، ئوغلۇم؟

— ئابدۇرەشىدخان.

— ئابدۇرەشىدخان؟ كىمنىڭ ئوغلىسەن؟

— سۇلتان سەئىدخاننىڭ.

— بارىكاللا، شاھزادەم ئىكەنلىغۇ، نامىشەرىپلىرى خېلىدىن بېرى پېقىرغا تونۇش، مۇغەننىلەر ئىسمىشەرىپلىرىنى، ئاززۇ - ھەۋەسلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تەۋسىپ قىلىشىدۇ. قۇش يەمگە ئىنتىلگەندەك ئىنتىلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىۋېتىپىلا. جەڭبازلىق، چەۋەندازلىقتىمۇ كامالەتكە يېتىش مەقسىتىدە كېچە - كۈندۈز پىداكارلىق بىلەن تىرىشىۋېتىپىلا. بۇنى ئاڭلاپ ئاللادىن مىننەتدار بولغانىدىم. ھالا بۈگۈن دىدار كۆرۈشۈپ، كىشىلەر تەۋسىپ قىلغاندىنمۇ ئارتۇق پەزىلەت - خىسلەتلىرىنى كۆردۈم. ئىنشائاللا، قەلەم ۋە ئەلەم تۇتقان قوللىرىدا جىق ئىشلار نۇسرەت تاپقۇسىدۇر. خۇدا رەھمەت قىلغاي، ئوغلۇم.

— ئىنشائاللا، قۇللۇق، بوۋا ... مەن تېخى مەجلىسلەردە تەۋسىپلىنىشكە، تىللاردا تەرىپلىنىشكە لايىق ئەمەسمەن. ئۆگىنىپ بىلىم تەھسىل قىلىشنى، ۋەتەن - ئەلنى ياۋدىن قوغداش ئۈچۈن جەڭبازلىق، سەربازلىق ئىشلىرىدا زاماننىڭ مەردۇمەردانىلىرىدىن بولۇشنى ئاززۇ قىلغۇچى گۆدەكمەن، مۇغەننىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ مۇقامغا ئىشق باغلىغان تەلۋە ھەۋەسكارمەن. قاچانكى سىلى بۇ يەردە پەيدا بولغاندىن تارتىپ، چالغان ساتارلىرى بۇ دەشتۇچۆللەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدلىرى دولقۇنلىنىپ، ئېيتقان مۇقاملىرى ئالەمنى مەھلىيا

ئەيلەپتۇ. خېلىدىن بېرى ئۆزلىرىنى غايىبانە ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەنىدىم، بۈگۈن يارانقۇچى ئىگىمىز ئۆزلىرى بىلەن تونۇشتۇردى. نامىشەرىپلىرىنى بىلىش مەن ئۈچۈن شەرەپ ۋە پەخىرلىكتۇر.

شاھزادە سۆزدىن توختاپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويدى.

ــ ئىلگىرى خالايىق پەقىرزۇل ھەقىرنى① خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى دېگەن نالايىق ئىسىم بىلەن ئاتىشاتتى، ــ دەپ ئۆزىنى تونۇتۇش ئەمەس، ئۆتمۈشىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن سۆز ئاچتى بوۋاي ئېغىر خورسىنىپ، ــ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مېنى «مۇقامچى، جاھان كېزەر سازەندە» دېيىشىدىغان بولدى. بۇ ماڭا بەك مۇناسىپ نام. ئەگەر: «زالىم بەگ، قانخور ئەمىر» دېگەن نام بىلەن ئاتىسا، يارانقۇچىم ئاللاغا قانداقمۇ جاۋاب بېرەلەيتتىم؟ رەئىيەتكە② قانداقمۇ يۈز كېلەلەيتتىم؟ ئاللادىن مىننەتدارمەنكى، مېنى ئاللا ۋە ئاۋام بىزار ئۇنداقناملاردىن ساقلىدى. ئەمما، بەزىلەر مېنى: «جەدىد»، «ئەيش ـ ئىشرەتچى»، «دىنسىز» دېگەن ناملار بىلەن ئەيىبلەپ، كۆزدىن يوقاتماقچى بولغانلىقى راست. يەنىلا پېقىرنى ئۆزىگە شەك ـ شۈبھىسىز ئىمان كەلتۈرگۈچى قۇللۇق قىلغۇچىلار قاتارىدا ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ كېلىۋاتقان تەڭرىم قوللىرىمنى ساتاردىن، تىلىمنى مۇقامدىن ئايرىماي زاتىمنى نۇرلاندۇردى. شاھزادەم، ئەگەر پېقىردىن بەزى ئىبرەتلىك ساۋاقلارنى ئاڭلاشنى ئىستىسىلە كۆلبەمگە مەرھەمەت.

شاھزادە ئابدۇرەشىدخان باش ئېگىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى، سەل مۈكچەيگەن قامەتلىك بوۋاي خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى كەينىدىن قەدەم تاشلىدى.

ــ شاھزادەم، يالغۇزلۇق مالاللىق ئەكەلمىگەي دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. شەھەر سىرتىغا يالغۇز چىققان بولسىلىرى بۇ

---

① پەقىرزۇل ھەقىر ــ نامرات، خارلانغۇچى.

② رەئىيەت ــ پۇقرا، خەلق.

باتۇرلۇقتىن ئەمەس، — دېدى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى كەينىگە قاراپ.

— يوقسۇ، تەخسىر، مەدرىسەدىكى بىر كۇنلۇك ئوقۇشۇمنى ئاياغلاشتۇرۇپ بۇ يەرگە كېلىشىم. كىشىگە زىيان يەتكۈزمىگەن بەندىسىنى ئاللا ساقلايدۇ. ئەندىشە قىلمىغايلا.

شاھزادىنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولغان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئۇنى ئېتىكاپخانىلارنىڭ كەينىدىكى قۇملۇق دۆڭدە چوقچىيىپ تۇرغان كىچىك گۇمبەز ئىچىگە باشلاپ كىردى.

— بۇ مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق كۆلبەم، شۇنداقلا ئۇ دۇنيالىق ئارامگاھىم، مەرھەمەت قىلسىلا، شاھزادەم، — دېدى پاخال ئۈستىگە سېلىنغان قوي تېرىسىنى كۆرسىتىپ.

ئابدۇرەشىدخان مەدرىسەدىكى ئۇستازىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

— ئاللا سالامەتلىك ئاتا قىلسۇن، ئۇستاز.

— كامال تاپقايلا، شاھزادەم.

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ياغاچ ئاياقتىكى قېتىقتىن ساپال تاۋاققا بىر ئاز تۆكۈپ، قۇم چۆگۈندىكى مۇزدەك سۇدىن قۇيۇپ، دوغ قىلىپ شاھزادىگە تۇتتى.

— بىلىمگە تەشنا كۆڭۈللىرىنى چاڭقاقنى قاندۇرغاندەك قاندۇرۇشقا نېسىپ قىلسۇن، ئاللا.

ئارتۇقچە تەكەللۇپنىڭ ھاجەت ئەمەسلىكىنى سەزگەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى سۆز ئاچتى:

— ئۆز قان ـ تەرىمدىن كەلمىگەن، كىشىلەرگە مەنسۇپ بايلىقنى، ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل ـ مالنى ئۆزۈمگە ھارام سانايمەن، شاھزادەم. مېنىڭ قىممەتلىك بايلىقىم — دىيارىمدىكى ئىلىم ئاشنالىرى، كىشىگە ھوزۇر ـ ئىلھام، غەيرەت ـ كۈچ بەخش ئەتكۈچى مۇقامنى سۆيگۈچىلەر، مۇقامغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشتىياق باغلاپ قەدىرلىگۈچىلەر — ئەنە شۇلار مېنىڭ قولداشلىرىمدۇر، بۇ غېرىب كۆلبەم ئۇلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئاۋاتتۇر. پېقىر مۇشۇ سەۋەبتىن ھايات، — خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى تاۋاقتىكى دۇغدىن بىر ئوتلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەپسۇسكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىباھا مىراسى بولغان مۇقام بىرقانچە مۇغەننىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاۋام ئارىسىدىن سىقىپ چىقىرىلماقتا. تاقەتلىك ئاللادىن ئۆزگە ھەرقانداق بىر ھەقىقىي بىلىم ئەھلى بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايدۇ. مەن يىغلىغىنىمنى بىلەن نېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمەن؟ شاھزادەم، خۇدا ھەققى، بۇ سۆزۈمنى ئەسلىرىدە چىڭ تۇتقايلا! — خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىنىڭ ئاچچىق ياش بىلەن نەملەنگەن ئاپپاق ساقىلى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە كۆچلۈك خىتاب ۋە سەممىمىي دەۋەت بار ئىدى. ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ باش لىڭشىتتى. سەرۋەرى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن ياشىنىپ قالدىم، دۇنيانىڭ ھەممە ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىنى، رەنجى - مېھنەتلىرىنى، راھەت - جاپالىرىنى كۆردۈم. مال - دۇنيا نېمە؟ ۋەج - ئوقەت نېمە؟ باياشاتلىق نېمە؟ يوقسۇزلۇق نېمە؟ ھەممىنى تېتىدىم، بىلدىم. ئازاب - ئوقۇبەتلەر مېنى دۇنيا مەئىشەتلىرىگە ئالدانماسلىقنى، كۆڭۈلنى پاك، تەننى ساغلام تۇتۇشنى ئۆگەتتى.

ئەمما، مەن ئۆگىنىپ بولالمىدىم. شاھزادەم، مەن ئۆز ۋاقتىدا ياركەند (يەكەن) ئەمىرى نەزەر مىرزىنىڭ ئوردا ۋەزىرى بولغانىدىم. ئۇ مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن قەتل قىلىنغاندا، مەن بۇ شېھىت بۇرادىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن دەپنە قىلغانىدىم. مەرھۇم ئەمىر نەزەر مىرزا مېنى ئۆز ئىنىسىدەك ياخشى كۆرەتتى، ماڭا ئىشىنەتتى، ئوردىنىڭ ھەممە ئىمتىيازلىرىدىن بەھرىمەن بولغانىدىم. ۋادەرىخ ... پەلەك تەتۈر چۆرگۈلەپ مىرزا ئابابەكرى تەختكە چىقتى. ئۇ مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلدى، ھەتتا بالىچاقىلىرىمدىنمۇ ئايرىپ سەرسان - سەرگەردان قىلىۋەتتى. مۇشۇ ساتار بىلەن كامانچىدىن باشقا نەرسەم قالمىدى. بۇلار ئازابلىق كۆنلىرىمدىكى خۇشلۇقۇم، ھەرقانداق

بالايىئاپەتلەرگە قارشى چۇقان كۆتۈرىدىغان غەمگۇزارىمدۇر. ئەمدى مەن ئامالسىزلىقىمدىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىشكە رازى بولۇپ ياشاۋاتىمەن. بۇ ساتارىمنى ھەرگىز تاشلىمايمەن ۋە ئۆزگىلەرگە تارتقۇزۇپ قويمايمەن. قەسەمىيادكى، ماڭا ئۇنىڭسىز مال ـ دۇنيا، ھۆرلۈك نېسىپ بولماس ۋە باشقا ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىمۇ سېھرىي كۈچى بىلەن مېنى زىنھار ئالدىيالماس. شاھزادەم، ئەل ـ يۇرتقا ئايان بولسۇنكى، ماڭا ئالتە كۆنلۈك ئۆمرۈمدىكى راھەت ئۆز ئەجرىمدىن كېلىدىغان سەمىمىي ئىخلاس ۋە ساداقەتتۇر. ئاۋازىم ئەل ۋە رەئىيەتنىڭ ساداسىغا تەڭكەش، ساز ـ مۇقاملىرىم دىيارىمنىڭ ھۆسنى ۋە قۇدرىتى بىلەن مەنىداشتۇر.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بالىنىڭ قارا كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىپ، قوشۇمىسى سەل تۈرۈلدى. ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋاتقان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، مەن بۇ دىيارغا كەلگىلى ئانچە ئۇزاق بولمىدى. دادام سۇلتان سەئىدخان بىللە ئەندىجان (ئەنجان)دىن مىرزا ئابابەكرىگە قارشى لەشكەر تارتىپ، بۇ ئانا دىيارغا كېلىپ، ئۇ بەدكار زالىمنى مەغلۇپ قىلدۇق. ئاتام پادىشاھ بولۇپ، ئەل ئەمىن تاپتى. دەسلەپكى قېتىم مۇشۇ تېرەك تۈۋىدە جانابلىرى چالغان كۈينى ئاڭلاپلا مۇقام ئۆگىنىش ئىشتىياقىم ھەسسىلەپ كۈچەيدى. نامىشەرىپلىرىنى بىلگۇم، دانا پىكىرلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلدى. بىراق، ئۇ چاغلاردا پېقىرنىڭ سىلى بىلەن يۈزتۇرا سۆزلىشىشى مۇمكىنچىلىكتىن يىراق، رەقىبلەرنىڭ تەقىبى كۈچلۈك ئىدى. ئەمدىلىكتە ئەل تىنچىپ پۇرسەت تۇغۇلدى. خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم، پۇرسەت بولسىلا تېرەك تۈۋىگە كېلىپ ئۆزلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ مۇقام ئاڭلىدىم. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھازىر بىلىپ تۇرۇۋېتىمەنكى، مەن بىر ئاقىل ۋە خالىس

ئۇستازغا يېتىپتىمەن. شاگىرتلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قوبۇل قىلغايلا. مەن تەربىيىگە موھتاج نۇۋەر كۆچەتمەن، ئۇ تەربىيەتلىرىگە ئالغايلا.

تېخى يېشى كىچىك بولسىمۇ تۇرقىدىن مەردانىلىك چىقىپ تۇرغان، گەپ ـ سۆزلىرى ئورۇنلۇق، مىجەزى ئوچۇق. چىچەن، خۇش پىچىم شاھزادىگە خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ ھەۋىسى كەلدى، ئىچىدە تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئېيتتى، بېشىنى سىلاپ جايىدا ئولتۇرغۇزدى.

— راھەت ـ دۆلەت كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، سەممىي ـ سادىق ئۇلپەتكە يەتكەنلىكىدىن شادلانغان ئىنسان مۇرادىغا يېتەلەيدۇ. شۈكۈر، بالام، خۇدا سىلىدەك بىر شاھ ئوغلىنى ئاجىز ـ پېقىرنى ئۇستاز تۇتۇشقا نېسىپ قىپتۇ. ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق دۆلەت كېرەك ئەمەس، — سەرۋەرى ياغاق قوللىرىنى ياش شاھزادىنىڭ كەڭ يەلكىلىرىگە قويدى، — قەددى ـ قامەتلىرىدىن بوۋىلىرى يۇنۇسخانىنىڭ سىيماسىنى كۆرۈۋاتىمەن. بىلەمدىلىكىن، ئاتىلىرى سۇلتان سەئىدخانىنىڭمۇ ئادالەت ۋە شاپائەت بابىدا مەرھۇم چوڭ بوۋىلىرىدەك رەئىيەتپەرۋەر، كۆكسى ـ قارنى كەڭ شاھ ئىكەنلىكى پۈتۈن موغۇلىستان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە ئايان بولماقتا. ئەل غېمىدە بولۇش ھەممىلا شاھلارنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، شاھلار ئۈچۈن ئادىللىق ۋە دانالىق ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر.

— مەرھۇم چوڭ بوۋام يۇنۇسخانىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولماپتىكەن، — سۆز قاتتى ئابدۇرەشىدخان جايىدىن بىر قوزغىلىپ.

— ئارى، شاھزادەم، — سەرۋەرى ئۇيغا چۆمگىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — باھادىر ئاتىلىرى سۇلتان سەئىدخان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى، بۇنى بىلىلا، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاتىسى ئابايا مۇبارەك نامى تىلىمىدا جارى بولغان پادىشاھ يۇنۇسخاندۇر، يۇنۇسخاننىڭ ئاتىسى ئۇۋەيسخان، ئۇنىڭ ئاتىسى

شېرئەلىخان، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەدخان، ئۇنىڭ ئاتىسى خىزىر خوجا خان، ئۇنىڭ ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئېسان بۇغاخان، ئۇنىڭ ئاتىسى داۋاچىخان، ئۇنىڭ ئاتىسى بەراقخان، ئۇنىڭ ئاتىسى قارا سوبۇخان، ئۇنىڭ ئاتىسى مامقانخان، ئۇنىڭ ئاتىسى چاغاتاي، ئۇنىڭ ئاتىسى چىڭگىزخان بولۇپ، يەتتە ئىقلىمنى سورىغاندۇر. زىنھار ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، نەسەبنى بىلىش ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىپ ياشاش ئۈچۈن ئالدىنقى شەرتتۇر. نەسەبنى بىلگەن كىشى ئۆزىنى، باشقىلارنى بىلەلەيدۇ. ئۆزىنى بىلگەن كىشى ئەل ـ يۇرتىنى سورىيالايدۇ. شاھزادەم، سىلى شۇنداق ئۇستۇن نەسەبلىككى، ئالىي ھىممەتلىك بولۇشلىرى زۆرۈر.

— ئۇستاز، نەسىھەتلىرىنى ئېسىمدە ساقلايمەن. ھۆرمەتكە سازاۋەر بوۋىلىرىم توغرۇلۇق ئوبدان بىلىدىكەنلا. ئۇلار سەلتەنەت تەختىگە قانداق چىققان؟ قانداق يۇرۇشلەردە بولغان؟ بۇنى بىلگۈم، بار سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا.

— بالام، يەنىلا بالىدە سىلى، ئابايا مۇقام ئۆگىنىشكە كىرىشكەنلىكلىرىنى ئېيتقانىدىلە، ئەمدى شۆھرەتلىك ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تارىخىنى بىلىشكە ئالدىراۋاتىدىلىغۇ؟

— شۇنداق، ئۇستازىم، تاجۇسەلتەنەتكە بولغان ئىنتىلىشىم قىلىچقا مېھرىمنى چۈشۈرگەن بولسا، مۇسىقىغا بولغان ئىنتىلىش ـ ھەۋىسىم مۇقامغا ئىشتىياق باغلاتقۇزغاندۇر. بۇ گۇناھمۇ؟

— ئەسلا، — دېدى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى توغرا جاۋاب كۈتۈپ جىددىيلەشكەن شاھزادىنىڭ مەنتىقىگە قايىل بولۇپ، — قان تۆكۈش ئۈچۈن قىلىچ كۆتۈرۈش، شەھۋانىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇسىقىغا بېرىلىش گۇناھ ... تېخى كىچىك سىلى، بالام، ئارزۇلىرىنى چۈشەندىم، سۆزلەپ بېرەي ... سۇلتان يۇنۇسخان كامالەتكە يەتكەن ئادىل پادىشاھ ئىدى، پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەيتتى. ماۋەرائۇننەھردىكى سۇلتان ـ پادىشاھلار ئىچىدە ئەڭ

ھۆرمەتلىك ئىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ئاق كۆڭۈل، قەيسەر ئىدى. ئۇ نادانلىق دەشتىدە جاپا تارتقان خەلقنىڭ ھەققانىيىتىنى تونۇتۇش يولىدا كۆپ ئەلەم چەككەن، پېقىر بۇ توغرۇلۇق مۇ سۆزلەپ بېرەي. ھەممىدىن بىلىش زۆرۈر بولغىنى باھادىر ئاتىلىرى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قانداق بەرپا قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تارىختۇر.

— ئۇستازىم، بۇ تارىخنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا ... ئۇنى بىلىۋالسام مۇقامنى تېخىمۇ زور ئىشەنچ - ئۇمىد بىلەن ئۆگىنىشكە باشلايمەن، — دېدى شاھزادە تەقەززا بولۇپ.

پېتىمشقا نەيزە بويى قالغان كۈننىڭ نۇرلىرى قۇم بارخانلىرىنى قىزغۇچ رەڭگە كىرگۈزگەنىدى. يازنىڭ سەلكىن شامىلى گۈمبەز ئەتراپىدىكى يۇلغۇنلار ۋە كۆك تىكەنلەرگە ئۇرۇلۇپ، ئىشىك ئورنىدىكى ئېغىز - يوچۇقلاردىن غۇرۇلدە كىرىپ، خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ تېنىگە راھەت بېغىشلىدى. ئۇ دىققەت - نەزىرىنى ئۆزىگە تىكىپ ئولتۇرغان شاھزادىگە قاراپ، گېپىنى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن — مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياركەند دىيارىغا ھۆكۈمران بولغان كۈنلىرىدىن باشلىدى ...

## بىرىنچى باب

# تۆندىكى سۈيىقەست

## 1

تېخى قۇياش پاتمىغانىدى.

زەرەپشان دەرياسى دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا.

بۇلۇت بېسىپ كېلىۋاتقان ئۇپۇقتىن زەردەك چېچىلغان كەچكى شەپەق چايقىلىپ ئېقىۋاتقان سۇغا سۇس جۇلا تاشلاپ، بەجايىكى قان داغلىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. دەريانىڭ باش تەرىپىدىن گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەپ كېلىۋاتقان كېمە قىرغاققا يېقىنلاشتى. بۇلۇت ئۇپۇق يۈزىنى قاپلاپ، ئولتۇرۇشقا ئازلا قالغان قۇياشنى توستى. سۇ ئۈستىدە، قىيالاردا، يېشىل ياپراقلاردا چاقناپ تۇرغان شەپەق بىردىنلا ئۆچۈپ گۇگۇم چۈشتى. كېمە قۇمساز يەرگە تىرىلىپ توختىدى. پالاق ئۇرۇپ كەلگەن كېمىچىلەر ھارغىنىغا قارىماي دەس تۇرۇشۇپ، كېمىنىڭ تۇم ئارقانلىرىنى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۇچلۇق قورام تاشقا باغلاشتى. سۇ چاچراپ ھۆل بولۇپ كەتكەن تونچە كۆڭلەكلىرىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان بەلباغلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى ئېرتىپ، ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇشتى. ئۈچ ئادەم ئاتلارنى يېتىلەپ كېمىدىن چۈشۈشتى. قول باغلاپ تۇرغانلاردىن ئۈچەيلەن ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى بەزى شاخلىرى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن توغراققا باغلاپ قويۇشتى. ئۇلار ئارىسىدىكى ئاقارغان ساقىلى ئۆزىگە سالاپەت بەرگەن، بۇغداي ئۆڭ، بويلۇقراق كەلگىنى ئەمىر نەزەر مىرزا ئىدى. ئۇ ئادىتى

بويىچە بۇ نۆۋەتمۇ شىكارغا ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ چىققانىدى.

— نامازنى قازا قىلىش ئەسلا ياخشى ئەمەس، شامنى دەريا بويىدا ئوقۇۋېلىپ ئاندىن يانايلى؟ — دېدى ئەمىر بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا قوللىرىنى كېرىپ. دۇبۇلغىسىنىڭ پېشانە تەرىپىگە قويۇلغان گۆھەر گويا يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى.

— خوپ، ئەمىر، — دېدى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى قېنىق قارا قاشلىق ئەلى سەردار تەمبەل بەستىنى سەل ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، باشقا سۆز قىلماي كۆپكۆك ئاسمانغا قارىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ چىرايى سەل تۇتۇق ئىدى. ئەمدىلا يىگىرمىنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوردا شائىرى ئايازى ئىككى مىسرا بېيىت ئوقۇدى:

ئەجەب خوش جايكەن شاھىم، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇدەك،
كېچە ـ كۈندۈز دېمەي سەگەك بولۇپ تىلاۋەت قىلغۇدەك.

ئەمىر نەزەر مىرزا باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، نېرىدىكى توغراقلىق دالدىسىغا بېرىپ ھاجەتكە ئولتۇردى.

ئوردىغا تېزرەك قايتىش كويىدا ئالدىراۋاتقان ئەلى سەردار ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، دەريا بويىغا تاھارەت ئېلىشقا كەتتى. شائىر ئايازى گۈزەل ئاخشام مەنزىرىسىگە سايە تاشلىغان سۆز بۇلۇتلارغا نارازى بولغاندەك كۆز يۈگۈرتتى ـ دە، ئوت باسقان يانتۇ قىرغاقتىن پەسكە چۈشۈپ تاھارەت ئېلىشقا تۇتۇندى. ئەمىر نەزەر مىرزا تاھارەت ئېلىپ قاشقا چىققاندا، زەر چۈچىلىق يېپەك جايناماز تاقىر يەرگە سېلىپ قويۇلغانىدى.

— ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر ...

ئەلى سەردار لەرزان ئاۋازدا ئەزان ئېيتىپ بولۇپ، تەكبىر ئوقۇدى. ئەمىر نەزەر مىرزا ئىمام بولۇپ نامازغا تۇردى. شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريانى سىيپاپ ئۆتكەن سەلكىن شامال ئاتلارنىڭ يايلىرىنى ئۈچۈرۈپ، كىيىمىنىڭ يەلكىنىنى

يەلپۈتەتتى، ئەتراپتىكى توغراقلارنى ئىرغاڭشىتىپ، يۇلغۇنلارنىڭ قىزغۇچ شاخلىرىنى شىلدىرلىتاتتى. يىراقتىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى.

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نامازغا بېرىلگەن ئەمىرنىڭ قۇلىقىغا سەھرا كېچىسىنى كۈيلەۋاتقان پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرىمۇ كىرمىدى.

ئەمىر نەزەر مىرزا دۇئادىن كېيىن تۇرۇپ گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئاتقا مىندى ۋە قامچا ئۇرۇپ چاپقىنىچە تېز يورۇپ كەتتى. ئالدىراپ قالغان ئەلى سەردار ئېگەرنىڭ ئىككى يېنىغا غانجۇغىلانغان بىر جۈپ قىرغاۋۇلغا پۇتلىرىنى تەگكۈزمەي مىنمەكچى بولۇپ، ئايغىنى ئۈزەڭگىگە قويۇشى بىلەن شاش جەدە يۈگۈرۈپ كېتىپ، يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئايازىمۇ كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە قاتارلىق ئوۋ غەنىيمەتلىرى غانجۇغىلانغان تورۇققا چەبدەسلىك بىلەن مىنىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن چېپىپ كەتتى.

ئەمىر نەزەر مىرزا ھەرقاچان شىكاردىن يانغاندا توختاپ ئارام ئېلىپ ياركەند شەھىرىگە نەزەر سالىدىغان تۆپىلىككە چىقىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ گۇگۇم قوينىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان شەھەردىكى مەسچىت ـ مەدرىسەلەرنىڭ ھەل بېرىلگەن كاھىشلىق گۈمبەز ـ مۇنارلىرىغا، قەندىل ـ چىراغلار يېقىلىپ كەتكەن ئوردا ـ قەسىرلەرگە، چارۋاغدىكى دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلىغان كۆركەم راۋاقلارغا قاراپ ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇدى:

سەۋرە كۆڭۈل رەنجىگە نەپ بەرمىسە،
ئۇندىن ئۆزگە ھېچ دەرمان يوقتۇر ماڭا.

— مۇبارەك، مۇبارەك، ھۆرمەتلىك ئەمىر، — دېدى ئايازى ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى ئاڭلىغان مىسرالارنىڭ مەنىسىگە يېتىپ ۋە ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە، — بۇ بىباھا مىسرالار

چاڭقىغان چاغدا سۇنۇلغان مەيدەك پېقىرغا ئىلھامبەخش ئەتتى، — دېدى.

— تېزرەك قايتىش خىيالىدا بىئارام بولۇپ تۇرغان ئەلى سەردار ئېغىز ئاچمىدى ـ يۇ، قاپىقىنى تۈردى.

— مەن شائىر ئەمەس، — دېدى ئەمىر تۇز كۆڭۈل ۋە غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئاۋازىغا، — ئەمما شېئىر ـ نەزمىگە ئىشتىياقىم بار. سىز دەك شائىرلارنىڭ كۆڭلۈمگە ياققان شېئىرلىرىنى يادلىۋالىمەن. قېنى ئەمدى سىزدىن ئاڭلايلى.

ھېس ـ تۇيغۇلىرى بۇلاقتەك ئۇقچۇپ تۇرغان ئايازى بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

پۇتەر تەدبىر بىرلە ئىشلار سەراسەر،
قىلالماس ئۇ ئىشنى بىھىساب لەشكەر.
بىرەر شەمشەر ئەسلىي ئۇچ باشقا بەرھەم،
لېكىن يەم بىرلە قولغا كەلگەي ئالەم.

ئەمىرگە بۇ نەزم ياقتى، ئايازىغا بارىكاللا ئېيتتى. نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى ئېغىپ تۇرغان ئەلى سەردار تاقەتتى تاق بولۇپ:

— كەرەملىك ئەمىر، كەچ بولۇپ كەتتى. خۇپتەن نامىزىغىچە ئوردىغا بېرىۋالساق خاتىرجەم بولاتتۇق، — دەپلا سۆزدىن توختىدى. ئېھتىمال شىكار قىلىپ كۆڭلى ئېچىلغان ئەمىرنىڭ ئارامىنى بۇزماي دېدىمۇ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمايلا خورسىنغىنىچە ئېغىر تىن ئالدى.

ئەمىر نەزەر مىرزا قىش ـ ياز دېمەستىن شىكارغا كۆپ چىقاتتى. ھەر قېتىم ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بىرنەچچە كىشىنىلا ھەمراھ قىلىۋالاتتى. بۇ قېتىممۇ كۆپرەك مۇلازىم ئېلىۋېلىشقا رايى بارماي، مۇشۇ ئىككىيلەننى ئاچىققانىدى.

— ئەي، باتۇر سەردار، قورققانىغا قوش كۆرۈنەر دېگەندەك، بۇ

جىمجىت تۇن قاراڭغۇلۇقىدىن ۋەھىمە قىلىۋاتامسىز نىمە؟ — ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلغان ئەمىر ئۇنىڭ سۆزىنى چاقچاققا ئايلاندۇردى.

— يوقسۇ، ھەزرەتلىرى، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — جىددىي تۇستە جاۋاب بەردى ئەلى سەردار، — شىكارغا چىققىلى بەش كۈن بولدى. بىز كۆرمىگەن جاڭگال، دەريا بويى، چۆل - دەشتلەر قالمىدى. خۇدا نۇسرەت بېرىپ ئوۋلىغان قۇش، جەرەنلەرنى يىل بويى گۆش دىدارى كۆرمەيدىغان غېرىب - غۇرۋالارغا بېرىپ، ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئىگە بولۇپ قايتتۇق. دېمەكچىمەنكى، شەھەر خەلقى ئۆزلىرىگە زىيان - زەخمەت يېتىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئوردىدىكى ئەمىر - ئەركانلار يولىمىزغا مۈنتەزىردۇر. ھەرەمخانىدىكىلەر دىدارلىرىغا ھەر نەپەس مۇشتاقتۇر. بىردەم بولسىمۇ بۇرۇنراق بارساق، ئۇلار مۇبارەك جامالىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاي، ۋاھالەنكى بەزى ھاللاردا بىر مىنۇت تەخىر قىلىش كىشىنى كۈتمىگەن زىيانلارغا ئۇچرىتىدۇ.

ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ ئېيىسگە، ياركەندكە ئەمىر بولغاندىن بېرى ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ سىناقلاردىن ئۆتكەن ئوردا مۇھاپىزىتىگە مەسئۇل سەردار قۇددۇس ياركەندىي چۇشۇپ، كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولۇپ، چىرايلىق ياسالغان بىر تۇتام ساقىلىنى سىيپاپ قويدى. يولىغا مۈنتەزىر بولۇپ تۇرغان ئون توققۇز ياشلىق ساھىبجامال رەيىقىسى ۋە يېڭى تۇغۇلغان ئوغلى كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرىكى زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولۇپ:

— سەردار، ئېيتقان بۇ سۆزىڭىزدە ياخشى مەسلىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بار، بۇنى قوبۇل قىلىمەن. بىراق، بىھۇدە گۇمان، ئارتۇقچە ۋەھىمە كىشىنى كىشىدىن، شاھ - ئەمىرلەرنى سادىق سىپاھلاردىن يىراقلاشتۇرىدۇ. خاۋاتىرلەنمەڭ، — ئۇ قاراڭغۇلۇققا چۆككەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ سۆزىنى

www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇردى، — ھۆرمەتلىك باشپاناھ كاشغەر (قەشقەر) ھۆكۈمدارى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يازغان مەكتۇپ يادىڭىزدىمۇ؟ ئۇ مەكتۇپىدا، بۇرادىرىم ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ ئەمىر پەرمانىدىن چىقماي، ياركەند دىيارىنى ئەدلىي - ئادالەت بىلەن ئاۋات قىلىشقا ھىدايەت پېشۋالىرىدىن. ئەمىر - ئەركانلاردىن ناھايىتى رازىمەن. پات ئارىدا ياركەندكە قەدەم تەشرىپ قىلغايمەن، دەپتىكەن. بىز ئۇ ئەل ئاتىسىنى مىننەتدار بولغۇدەك كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىپ قويدۇق. سىز بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىسىز، يەنە قانداق قىلىشىمىز كېرەك، بۇ ھەقتىكى مەسلىھەتىڭىزنى ئاڭلىغۇم بار، — ئەمىر ئېتىنى ئوت - چۆپلۈك ئېگىز تۆپىلىك ئۈستىدە توختاتتى، — ئەل ئاتىسىنىڭ كۈتكىنىدىن چىقىۋاتامدىمەن دەپ ئۆزۈمگە سوئال قويىمەن، ئەمما ئادا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنى تېخى قىلالمىدىم.

ئەمىر سۆزىدىن توختاپ، ئەپسۇسلانغان تەرزدە مۇشتۇمىنى تۈگۈپ سەردارغا قارىدى. سەردار نېمە ئۈچۈندۇر زۇۋان سۈرمىدى. ئەمىرنىڭ كۆزىگە يەنە باش باھاردا تۇغۇلغان ئوغلى كۆرۈندى. قىرغاندا دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ پەرزەنتىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. تولغاق ئازابىنى بىر كېچە - كۈندۈز تارتقان رەپىقىسىنىڭ سارغىيىپ سەبدەردەك بولۇپ كەتكەن چىرايى خىيالىدىن كېچىپ ئاتقا قامچا ئۇردى. بۇلار تۆپىلىكتىن پەسكە چۈشكەندە، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن ئۆرلىگەن چاڭ ھاۋادا لەيلەپ قالدى.

## 2

ئاي قاراڭغۇسى ئىدى.

ئوردا بېغىدىكى تۇرلۇك - تۈمەن گۈل - گىياھلارغا ئورالغان سالاسۇنلۇق شاھانە راۋاقنى كېچىنىڭ جىمجىت قاراڭغۇلۇقى

يوشۇرغانىدى. كۈمۈش ھالقىلىق دەرۋازىلارنىڭ ئالدى ۋە قەسىر تۈۋرۈكلىرىگە ئېسىلغان پانۇسلار غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ ئوردا مۇھاپىزىتىگە مەسئۇل سەردارى قۇددۇس ياركەندىي ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە ئۆز مۇلازىملىرى بىلەن راۋاق ئەتراپىنى ئىككى رەت ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ ئەمىرنىڭ شىكاردىن تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئەندىشە ئىلكىدە قالغانىدى. مۇلازىملىرى بىلەن گاھ دەرۋازا ئالدىغا، گاھ ئوردا ئىچىگە يۈگۈرەيتتى. سەردارنىڭ كۆڭلى بىئارام، مۇلازىملىرى پاراكەندە ئىدى. تۇيۇقسىز راۋاق تەرەپتىن گۈرسۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. سەردار قۇددۇس ياركەندىي مۇلازىملىرىغا بۇ ئەتراپنى ياخشى كۆزىتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى يەڭگىل قەدەم بىلەن يەنە راۋاق تەرەپكە ماڭدى. راۋاق ئوردا ھەرەم① بېغىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇستىگە چىقسا يىراق - يېقىننى، بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرگىلى بولاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر راۋاق تۈۋرۈكلىرىگە ئېسىلغان پانۇسلار ياندۇرۇلمىغان، قاتتىق چىقىۋاتقان شامال دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئېگەتتى.

ئىتتىك كېتىۋاتقان سەردارنىڭ يۈرىكى گۈپپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، بىر ئەنسىزلىك ۋۇجۇدىنى چولغىۋالغانىدى. راۋاقنىڭ ئالدىنقى گۈلدار ئىشىكىگە ئاچىقىدىغان پايىگە② قەدەم قويغاندا، كۆڭلىدىكى تەشۋىش كۈچىيىپ، ئالاقزەدىلىك ئىچىدە قالدى. كۆزىگە دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىن بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك بولدى، «ئۆز ئادەملىرىمىزدىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، يەنە قەدەم يۆتكەشكە پېتىنالماي شىپپىدە توختاپ قالدى. ياركەند شەھىرىدە چوڭ بولۇپ تونۇلۇپ، ئۇن يىلدىن بېرى ئوردا مۇھاپىزىتىنى ئادا قىلىۋاتقان بۇ ئادەم ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى مۇشۇ تۇندىكىدەك ئەنسىزچىلىكتە

① ھەرەم — پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ خانىش - توقاللىرى تۇرىدىغان خاس خانا.
② پايە — پەلەمپەي، پەشتاق، باسقۇچ.

قالمىغانىدى.

ھېلىقى كۆلەڭگە راۋاقنىڭ ئۇدۇلىدىكى قىبرى ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. سەردارنىڭ ئەندىشىسى كۈچىيىپ كېيىنكە ياندى. شۇ ئەسنادا بىر ئادەمنىڭ خىرقىراپ كۈلگەن غەلىتە ئاۋازى ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدىنلا ئاڭلاندى.

— ھى - ھى - ھى ... قۇددۇس جانابلىرى، مەن بىلەن زۇلمەتكە چۆمگەن راۋاق ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقلىرى چۈشلىرىگىمۇ كىرمىگەن بولسا كېرەك. ھا - ھا - ھا... تەقدىر شۇنداق رەھىمسىز، بىزنى باشقا يەردە كۆندۈزى ئۇچراشتۇرماي، قاراڭغۇ كېچىدە ئۇچراشتۇرغىنىنى مۆجىزە دېسە بولىدۇ. سەردار، ئۆزلىرىگە ئاگاھ بولسىلىكى، ئەجەللىرى توشتى. ئەرزائىل جانابلىرىنى قەبزە روھ قىلغۇسىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىن ئوردا ياساۋۇللىرىغا باشچىلىق قىلىمەن دەپ خىيال ئەيلىمىسىلە. ھا - ھا - ھا ... بۇ چاغقا قەدەر ھېچقانداق بىر مەخلۇقات جانابلىرى كەبى ئۆز ئۆلۈمىنى مۇنداق ئاسانلىق بىلەن كۈتۈۋالغان ئەمەس. سەزگۈر ۋە دانالىقلىرى تۇپەيلىدىن ئەجەل شارابى بۇ يەرگە سىلىنى سۆرەپ كەلگەندۇر، ئەمدى ئۇنى تەخىرسىز ئىچمەكتىن باشقا ئامال يوقتۇر ... — گەپ ئۈزۈلدى.

قۇددۇس ياركەندىي غىلاپتىن چىقىپ تۇرغان قىلىچ سېپىنى تۇتقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ۋەھىمىلىك شىلدىرلاپ تۇرغان ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدە يۈزىگە نىقاب تارتقان بىر ئادەم پەيدا بولدى، قىلىچىنىڭ ۋال - ۋۇل قىلغان شولىسى يەرگە چۈشتى. قۇددۇس ياركەندىي ھېچ كۈتمىگەن بىر چاغدا تاپىنىنىڭ ئاستىدا پەيدا بولغان بۇ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قىلىچنى غىلاپتىن شۇنداق تېز سۇغۇردىكى، قاراڭغۇلۇق كېسىلىپ قىلدىن ئىنچىكە نۇر سىزىقى پەيدا بولدى، بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇلغان قىلىچلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازى ئەنسىز كېچىنىڭ شۈبھىلىك جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

يۈزىگە نىقاب تارتقان يەنە بىر ئادەم ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ يوشۇرۇنۇپ، جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىككى ئادەمدىن كۆز ئۈزمەي تۇردى. قىلىچلار بىر ـ بىرىگە تەگكەندە خۇددى چاقماق چاققاندەك ئوت چاقنايتتى. بىر چاغدا نىقابلانغان ئابايىقى ئادەمنىڭ بېشىغا قىلىچ تەگدى. ئۇ جان قايغۇسىدا ئىڭراپ ـ ئىڭراپ يىقىلدى، ئۆز قېنىغا غەرق بولغىنىچە يەر قاساپ، پۇت ئېتىپ تىپىرلاشقا باشلىدى. ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىگە يوشۇرۇنغان نىقابلىق ئادەم كەينىدىن تۈيدۇرماي كېلىپ قۇددۇس ياركەندىينىڭ بوينىغا كۈچەپ قىلىچ ئۇردى. تەندىن ئايرىلغان باش يەرگە چۈشۈپ سەكرەپ ـ سەكرەپ توختىدى، باشسىز تەن سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ جىم بولۇپ قالدى.

ھېلىقى نىقابلىق ئادەم قۇددۇس ياركەندىينىڭ قانغا بويالغان تېنىنى سۆرەپ كېلىپ ياڭاق دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى ئازگالغا تاشلىدى، كۆزى ئوچۇق ھالدا توپىغا مىلىنىپ ياتقان باشنىمۇ تېپىپ ئازگالغا چۈشۈردى.

— قوچقاربەگ① ئاغا، جېنىم قىينىلىپ كەتتى. خۇدا ھەققى، مېنى ئۆيۈمگە ئېلىپ بېرىپ قۇتقۇزۇۋالغىن، تېز بولغىن، — يىلىنىپ خىرقىرىدى ئابايا قۇددۇس ياركەندىينىڭ قىلىچى تېگىپ يىقىلغان ئادەم.

— خەپشۇك، ئەلى بەردار! دۈشمەندىن زەخىم يېگەن يارىماسنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كەلسۇن؟ سېنى كۆتۈرۈپ ئەكېتەمدىمەن؟ بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلما، جېنىڭ قىينالغان بولسا مانا بۇ قىلىچىم سېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، — قوچقار ياساۋۇل ھىجىيىپ قان يۇقى قىلىچنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئەگەر كۈندۈز بولغان بولسا، ئۇنىڭ چوقۇر سوقىچاق يۈزىنىڭ تارتىشىپ، پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنىڭ بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرگىلى بولاتتى.

---

① قوچقاربەگ ـــ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوردا جاللاتلىرىدىن بولۇپ، قەبرىسى يەكەن كونىشەھەردە ھازىرمۇ ساقلانماقتا.

— خۇدادىن قورقىمەن، قوچقاربەگ ئاغا، ئەمىر مىرزا ئابابەكرىگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىسەن؟

— ئەمىر مىرزا ئابابەكرى: «ئەلى بەردار قۇددۇس ياركەندىينى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى سەن ئۇجۇقتۇرۇۋەت» دەپ بۇيرۇغان، ئۇقتۇڭمۇ؟ يەنە قانداق گېپىڭ بار؟ — قوچقار ياساۋۇل «سەن ئۆلۈمگە مەھكۇم» دېگەن مەنىدە ئالايدى.

— ئۆزۈڭگە تۇۋا قىلدىم، ئاللا، بۇ بەدكارلارغا ئالدىنىپتىمەن، — ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن قىلىچ كۆكسىگە سانجىلدى. ئەلى بەردار بوغۇزلانغان كالىدەك پۇت ئېتىپ تىپىرلاپ - تىپىرلاپ جان بەردى. قوچقار ياساۋۇل جەسەتنى تېپىپ ئازگالغا يۇمۇلىتىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

بۇ پاجىئە ھىجرىيە 878 - يىلى① ياز ئېيىنىڭ شەنبە كېچىسى يۈز بەرگەنىدى. شامال كۈچىيىپ ئىرغاڭلاپ تۇرغان ياڭاق دەرىخىنىڭ بىر ئال شېخى قاراسلاپ سۇنۇپ چۈشتى. چاقماق چېقىپ تاراسلاپ چۈشكەن يامغۇر بىرپەس شارقىراپ قۇيۇلدى - دە، توختاپ قالدى. قاراڭغۇ كېچە تىمتاس، كىشىنى ئەيمەندۈرگۈدەك سىرلىق تۇس ئالغانىدى. ئۇردا تەرەپتىن مەشئەل كۆتۈرۈپ كەلگەن بىرقانچە ياساۋۇل، نۆكەرلەر راۋاققا چىقىپ تۈۋرۈككە ئېسىقلىق چوڭ پانۇسنى ياندۇردى. ئۇلار راۋاقتىن چۈشۈپ گويا يىغا - زار قىلىۋاتقاندەك مۇڭلۇق شىلدىرلاپ تۇرغان ياڭاق تۈۋىدە چۆچۈپ تۇرۇپ قېلىشتى. پانۇس يورۇقىدا ئورىدىكى تەندىن جۇدا قىلىنغان قورقۇنچلۇق باشنى كۆرۈشكەنىدى. ئۇ تەرەپتە ئېرىق بويىدا ياتقان جەسەتكىمۇ كۆز سېلىشتى:

— قۇددۇس ياركەندىي! ئەلى بەردار! — دېگەن تىترەك ئاۋاز ھەممە ئېغىزدىن تەڭلا چىقتى. شۇ چاغدا:

① ھىجرىيە 878 - يىلى — مىلادىيە 1473 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

— ئۇنۇڭنى چىقىرىشما ! بۇ يەردىن دەرھال كېتىش ! — دېگەن بۇيرۇق ئاڭلاندى.

ياساۋۇل - نۆكەرلەر قىلىچ يالىڭاچلاپ چىقىپ كەلگەن تۆت نەپەر نىقابلىق ئادەمنى كۆرگەندە قورققانلىرىدىن جىم تۇرۇپ قېلىشتى ۋە قوللىرىدىكى مەشئەلنى تاشلاپ قېچىشتى.

## 3

ئەمىر نەزەر مىرزا، ئەلى سەردار، شائىر ئايازبىلار ئاخشام شىكاردىن يانغاندا شەھەرگە يېقىنلاپ كېلىپ شۇ يەردىكى جاھانباغ ھەرەمخانىسىدا قونۇپ قېلىشقانىدى. ئۇلار بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، ئەتىگەنلىك تاماقنى ئوردىدا يېمەكچى بولۇپ، كۈن قىزىرىشقا باشلىغاندا يېتىپ كەلگەنىدى. ئوردا ئەتراپىدا ئاتلىق، پىيادە ياساۋۇل - نۆكەرلەر ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئوردىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى ئالدىدا چىرايلىرى ئۆڭگەن بىر توپ ئەسكەرلەر تۇراتتى. ئۇلارغا سەپسېلىپ ئەجەبلەنگەن ئەمىر خاۋاتىرلانغىنىچە ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىشىگە، بىر ياساۋۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ باش ئەگدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەمىر جانابلىرى، خۇدا ئۆمۈرلىرىگە بەرىكەت، دۆلەتلىرىگە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھە نېمە گەپ؟ — ئەمىر نەزەر مىرزا كىمنىڭدۇر ئىزدىگەندەك ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ سورىدى:

— قۇددۇس ياركەندىي قېنى؟

— ئەمىر جانابلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا.

— كەچتىم، سۆزلەۋەر...

— ھۆرمەتلىك ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارى بۈگۈن كېچە ئوردا بېغىدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئەلى بەردارمۇ ھەم، — ياساۋۇل ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلارغا بوغۇنۇقۇپ سۆزلەپ بەردى.

— ھە؟ ! — ئەمىر نەزەر مىرزا چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ

تىزگىنىنى بىر تارتقانىدى، ئات ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇشقۇرۇپ توختىدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەلى سەردارنىڭ ساقاللىرى تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. ئاخشاملا ئوردىغا يېنىپ كىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىپ ئەمىرگە قەتئىي تۇردە مەسلىھەت بېرىشكە پېتىنالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى. شائىر ئايازنىڭ شىكاردىن ئالغان ئىلھاملىرى، شېئىرىي تۇيغۇلىرى، ھاياجانلىق پىكىرلىرى گاراڭ بولغان كاللىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

— ۋادەرىخ، ۋادەرىخ ... ساداقەتمەن بۇرادىرىم ئىدىڭ. قانداق ياۋۇز نامەرد ئەزىز بېشىڭنى جاسارەتلىك تېنىڭدىن جۇدا قىلغاندۇ؟ — دېدى ئەمىر نەزەر مىرزا ئالاقزەدە بولۇپ، — ئاللادىن قورقمىغان ئۇ باغرى تاش مەلئۇن زادى كىم؟

ئەمىر نەزەر مىرزا ئاتتىن چۈشۈپ بېشى قېيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەلى سەردار بىلەن ئايازى ئىككى تەرىپىدىن يۆلىۋالدى. كۆزلىرىگە ياش تولغان ئەمىر بېشىنى كۆتۈردى، چىرايى سارغايغانىدى. ياشانغان چېغىدا بۇ پاجىئە ناھايىتى ئېغىر كەلدى.

— بىر كۈچلۈك دۈشمەن ئۆز سايىسىنى كۆرسەتمەي ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ، ئەمىر، پەخەس بولۇشىمىز لازىم، — دېدى ئەلى سەردار ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

— غەپلەتتە قاپتىمەن، سەردار، بىر ياۋۇز دۈشمەن ياركەند ئەھلىگە تەھلىكە سېلىۋېتىپتۇ. بۇنى ئەمدى بىلدىم، — دېدى ئەمىر نەزەر مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ، — قۇددۇس ياركەندىنىڭ جەسىتى قەيەردە؟ ئۇنىڭ ئازابلانغان چىرايىنى بىر كۆرگۈم بار.

ئەلى سەردار ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، توستى:

— جانابلىرى، غەپلەت قوينىدا سەپەردە ئالدىرىماي چوڭ زىيان تارتتۇق. ئەمدى ئىتتىكلىك قىلماق ئاپەتنىڭ بولمىقىدىن بېشارەتتۇر. قازاغا سەۋر قىلماق ئاللاغا يېقىن بەندىنىڭ شاراپىتىدۇر. ھەزرەتلىرىنىڭ پاجىئە يۈز بەرگەن يەرگە بېرىشى،

ياۋۇز دۈشمەننى خۇشال قىلىدۇكى، قايغۇمىزنى ئاشۇرىدۇ. ھەرەمخانىغا كىرىپ ئارام ئالسۇنلار. بىز بېرىپ بۇ قازايىقەدەرنىڭ بائىسىنى[1] تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى.

## 4

تاڭ شەپىقى ئەۋرىشىم چۈچىلىق پەردە تارتىلغان دېرىزىگە جۇلا تاشلىدى. ئايدەك چىرايىنى غەم - تەشۋىش مۇڭلاندۇرۇۋەتكەن ئايسىما خېنىم خاس مېھمانخانىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزىسى يېنىدا ماموق كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇراتتى. قۇچىقىدا تېخى ئالتە ئايغا توشمىغان ئوغلى قاپقارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ياتاتتى. ئايسىما خېنىمنىڭ بولۇق ئۇزۇن چاچلىرىنى ئىككى كېنىزىكى تاراۋاتاتتى. بوۋاق ھەدەپ ئانىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە ئۈمتۈلۈپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتاتتى، ئويماقتەك لەۋلىرىنى شورايتتى.

ئايسىما خېنىم ياركەندتىكى باي سودىگەر ئوبۇلقاسىم تۆگىچىنىڭ قىزى ئىدى. ئاتمىش ياشتىن ھالقىغان نەزەر مىرزا بۇ قىزنىڭ تەرىپىنى دەللالدىن ئاڭلاپ ئۇنى ئەمرىگە ئېلىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئوبۇلقاسىم تۆگىچى يەتمىش - سەكسەن تۆگىسى بىلەن بىر يىلى ھىندىستانغا قاتنىسا، يەنە بىر يىلى سەمەرقەنت، بۇخاراغا قاتنايتتى. ئۇ نەزەر مىرزا ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە رازىلىق بىلدۈرۈپ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن لەۋەن دىلرەبا قىزىنى ياركەند ئەمىرىگە ياتلىق قىلدى. ئىككى يىل ئۆتمەستىن ئايسىما خېنىم بىر ئوغۇل تۇغدى ...

قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلەك ئۈستىدىن زەر بىلەن كەشتىلەنگەن جىلىتكە كىيگەن لەۋەن چوكان سىلىق تارالغان چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، كېنىزىكى تۇتۇپ تۇرغان ئەينەككە قارىدى، لېكىن نەزىرى ئىختىيارسىز ئىشىك تەرەپكە ئاغدى: «ئەمىر نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ پۈتۈن ئوردىنى ئەنسىزلىك قاپلاپ

---

[1] بائىس — سەۋەب.

كەتتى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەسكەرلىرى ھەممىلا يەردە تىمىسقىلاپ يۈرەرىمىش، چاپسانراق كەلسە بولاتتى».

— گۈلسۈم !

— لەببەي، ئاغىچا خېنىم، — چىرايىدىن رەسىدە بولغان قىز ئىككەنلىكى چىقىپ تۇرغان كېنىزەك كىرىپ باش ئېگىپ تۇردى.

— ئوردىغا چىقىپ يەنە بىر قېتىم قاراپ باققىنا، ئەمىر كەلدىمىكىن؟

— ماقۇل، ئاغىچا خېنىم.

گۈلسۈم مۈشۈكنىڭ بىلەن يەتتە قېتىم ئوردىغا چىقىپ دېرەك ئالالماي يېنىپ كىردى.

— ئەمىر ھەزرەتلىرى تېخى كەلمەپتۇ، ئاغىچا خېنىم، — دېدى ئۇ ئېگىلىپ ۋە تەشۋىش ئىلكىدە قوشۇپ قويدى، — ئوردىدا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق گەپلەر بولۇۋاتىدۇ، — ئۇ بىر ئىشنى يوشۇرغاندەك قىلىپ يۈزىنى ئىران گىلىمى تارتىلغان تام تەرەپكە قىلىۋالدى.

— قانداق گەپلەر ئىكەن، ئېيتقىنا؟

كېنىزەك يىغلامسىراپ گەپ باشلاي دەپ تۇرۇشىغا خاس مۇلازىم، ياساۋۇللىرىنى تاشقىرىدا قالدۇرغان ئېرى كىرىپ كەلدى.

— قەدەملىرىگە مۇبارەك، دادىسى، — ئېمىتمۇۋاتقان بالىنى كۆرپە ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرغان خوتۇنى نازاكەت بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى.

— خۇدا كۆپنىڭ قاتارىدا ھەممىمىزنى ئامان قىلغاي. ئوغلىمىز ئوبدانمۇ؟

— شۈكۈر، مانا، دىدارلىرىغا تەشنا بولۇپ تۇرۇپتىمىز، — دېدى خوتۇنى ئالدىغا چۈشۈۋالغان قاپقارا ئۆرۈم چاچلىرىنى سۇلكەت بىلەن كەينىگە تاشلىغىنىچە. ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن كېنىزەكلەر چىقىپ كەتتى. ئەمىر ئۆزىگە تەلپۈنگەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ قويدى ۋە ھەرقاچان ئۆزىلا ئولتۇرىدىغان

كىمخاب يېكەندازدا ئولتۇردى. ئايىسىما خېنىم ئېرىگە قاراپ ھارغىنلىق ئەمەس، قانداقتۇر بىر غەم ـ ئەندىشىنىڭ چىرايىغا كۆلەڭگە تاشلىغانلىقىنى سېزىپ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى ـ يۇ، يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇڭلۇق چىرايىغا شۇئانلا كۈلكە يۈگۈرتۈپ سورىدى:

— دادىسى، ئەتىگەنلىك تاماقنى مۇشۇ يەرگە ئەكىرسۇنمۇ؟ ئاخشام ئۆزلىرى كىرگۈزگەن قىرغاۋۇل، بۆدۈنە گۆشلىرىنى ئاشپەزلەر كاۋاپ قىلىپ قويدى ئەتىمالىم.

— ھازىر كاۋاپقا زوقۇم يوق، بەش كۈندىن بېرى شىكاردا كاۋاپ بىلەنلا تاماقلاندۇق. ئوردىغا چىقىمەن، زۆرۈر ئىشلار بار. سىز بالا ۋە كېنىزەكلەر بىلەن ئاللانىڭ بۇ نېمىتىدىن بەھرىمەن بولغايسىز، — دېدى ئېرى خوتۇنى ئۇزارتقان چاينى ئوتلاپ.

ئەمىر نەزەر مىرزا قاپقارا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ياتقان ئوماق ئوغلىنىڭ پېشانىسىغا يېنىشلاپ سۆيۈپ قويۇپ ماڭدى.

— ئاللاغا ئامانەت، دادىسى!

— سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، ئانىسى.

ئايىسىما ئاغىچا خېنىم ئېرىگە خوش ئېيتىپ ئىشىكنى ياپتى. كېتىۋاتقان ئېرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سېلىپ كۆزىگە ياش ئالدى ۋە قىرقىراپ يىغلاپ كەتكەن ئوغلىغا ئەمچەك سالدى...

«ئەي، ئاللا، ياش بولساممۇ، ياشانغان مۆمىن بەندەڭگە مېنى ھەمراھ قىپسەن. بۇنىڭدىن مىننەتدارمەنكى، زىنھار نارازى ئەمەسمەن. ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، مۆمىن بەندەڭگە ئۆمۈرلۈك رەپىقە بولغىنىم ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر قىلىمەن. ئېرىمنى پىتنە ـ پاساتتىن، دۈشمەنلەرنىڭ قەستىدىن، تاسادىپىي ھادىسە، كېلىشمەسلىكلەردىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، ئوغلىنىڭ تويىنى كۆرۈشكە، غەيرەت ـ جاسارىتىدىن مەمنۇن بولۇشقا نېسىپ قىلغىن ...» دەپ ئىلتىجا قىلغاچ، قارا چاچلىرى پېتىلە ـ پېتىلە، بۇدرۇق ئوماق بالىسىنى باغرىغا باستى. نېمە ئۈچۈندۇر بىر ئەنسىزلىك كۆڭلىنى يېرىم قىلماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# ئەمىرنىڭ نادامىتى

### 1

ئەمىر نەزەر مىرزا ۋەھىمە ـ تەشۋىش ئىلكىدە كۈننى ئاران چۈش قىلدى. ئۇنىڭ سەل تاتارغان چىرايى ناھايىتى خاپا كۆرۈنەتتى. گەرچە مۇشۇ تاپتا ئەمىرلىك كۇرسىدا ئولتۇرسىمۇ، كۆڭۈل شەھىرىنى غەم لەشكىرى باسقانىدى. تاجۇسەلتەنەتكە، ئادالەتكە تەشنا رەئىيەتكە ئەتىلا يېغا كېلىدىغاندەك، ئادەملەر قىرىلىپ تۈگەيدىغاندەك، شەھەر، يېزا ـ بازارلار ۋەيران بولىدىغاندەك تىنچسىزلىنىپ، ئۆزىنى بەكمۇ خامۇش سېزەتتى. ئەتىگەندىن بېرى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەن ئەلەمدار، قەلەمدارلار خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن مەدھىيە سۆزلىرىنى گويا يامغۇردەك ياغدۇرۇپ، ھېچقانداق مەسلىھەت ياكى تەسەللى بېرىشەلمەي ئۇنى تولىمۇ بىزار قىلىۋەتكەنىدى. ئۇزاقتىن بېرى ئوردىنىڭ تۈزىنى يەپ كەلگەن ئەمىر، سەردار، بەگ ـ سىپاھلاردىن ھېچقانداق ئاقىلانە مەسلىھەت چىقمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قورقۇنچ ئىلكىدە قالغانىدى. ھەرقانداق ۋەقە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەنسەپلىرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان بۇ بىر قىسىم ئالىيجانابلارنىڭ بەزىلىرى دىۋانخانىدا مۆگدەپ ئولتۇرۇشقان، بەزىلىرى ئۆيلىرىگە كېتىشكەن، بەزىلىرى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يوشۇرۇنۇۋېلىشقانىدى. ئۆز كۆڭلىدە بۇنى سېزىپ تۇرغان ئەمىر قانداقمۇ ئاچچىقلانماي تۇرالىسۇن؟ ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر سائەتتىن بېرى ھېچكىمنى قوبۇل قىلماي

قويدى.

ۋەھىمە ئىچىدە دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىشىكئاغىسى ھەسەن قەللاپ پۈتىنىڭ ئۆچىدا دەسسەپ كىرىپ، سەرمۇنشى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ كىرىشكە ئىجازەت سوراۋاتقانلىقىنى گەپلىرى قولاشمىغان ھالدا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا كۆز يۈگۈرتكەن ئەمىر چەكچىيىپ ۋارقىرىدى:

— ئۇ كىرسۇن، ئۆزۈڭ يوقال!

— باش ئۈستىگە، ئەمىر، — لاغ - لاغ تىترىگەن ئىشىكئاغىسى ئۆزۈن ساقىلىنى سىيپىغىنىچە كەينىچە مېڭىپ دىۋانخانىغا چىقتى، تەقەززا بولۇپ تۇرغان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئەمىر ئالدىغا كىردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەمىر كەرەملىرى.

— ھە، كىرسىلە، ئولتۇرسىلا.

ئەمىر ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تىكىلىپ تۇرغان سەرمۇنشىغا سەپسالدى: غەزەپ ئوتى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن، گويا ھازىرلا جەڭگە ئاتلىنىدىغاندەك كىمخاب تون ئىچىگە ساۋۇت كىيىپ، قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. بېشىغا چىڭ ئورالغان ئاپپاق سەللە ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— بارىكاللا! تەخسىرىم، سىلى بار ئىكەنلا؟ ...

ئەمىرنىڭ بۇ سۆزىدىكى كىنايىنى چۈشەنگەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ۋەقەنى بايان قىلىپ دېدى:

— ئاللاغا سادىق بەندە رەئىيەتكە قارا سانىمايدۇ، ئادالەتلىك پادىشاھتىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ. تۈنۈگۈن كەچ جانابلىرىنىڭ يولىغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغان چېغىمدا مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرىنىڭ ياركەند شەھىرىنى قامال قىلىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. قارىسام ئوردىدا ئۇ يەردە كۇسۇر - كۇسۇر، بۇ يەردە پىچىر - پىچىر ... سالقىن نەزەرلەر مېنى تەقىب قىلىشقا باشلىدى. مەن دىۋانخانىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ،

دېرىزىدىن يوللىرىغا كۆز تىكىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپنى كۆزەتتىم. دىۋانبېگى شاھدانە كوكۇلداش، ئەمىرلەشكەر مۇھەممەدبېگلار بىر قىسىم سەردار، سەرۋاز، ياساۋۇللار بىلەن ئوردىدىن پەش قېقىپ چىقىپ كېتىشتى. ئوردا ياساۋۇللار بېگى سەردار قۇددۇس ياركەندىي ئۆز مۇلازىملىرى بىلەن ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئايلىنىپلا يۈردى، ئوردىدىن ھېچ يەرگە بارمىدى. ئاللا ئۇنىڭ ھەزرەتلىرىگە بولغان ساداقىتىدىن مېنى تەسىرلەندۈردى، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇش ئويىنى كۆڭلۈمگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن تېخى كەتمىگەن سادىق بەگلەردىن بىرنەچچىنى چاقىرىپ ئوردىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشقا، بىرەر ئىش ـ ۋەقە سادىر بولسا، كەلگەنلىرىدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم يەنە كۆزىتىش بىلەن بولدۇم. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بىر چاغدا راۋاقتا غۇۋا يېنىپ تۇرغان پانۇسلار ئۆچۈپ قالدى. قانچە دىققەت بىلەن كۆزەتكەن بولسامmu ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدىم، لېكىن ۋۇجۇدۇمنى تەشۋىش ئورىۋالدى. «بۇ نېمە ئالامەتتۇر؟» دەپ تۇرۇشۇمغا، قۇددۇس ياركەندىي راۋاق تەرەپكە ماڭدى. مەن چىقىپ ئۇنىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇپ تۇرغىنىمدا ھەرەمخانىنى بىر يوقلاپ ئۆتۈش ئويى كۆڭلۈمگە چۈشتى ۋە كەينىمگە يېنىپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىغىنىمچە ھەرەمخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. باش دەرۋازىۋەن ۋە ئىككى نۆكەر قوغۇن يەپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپ قوغۇن يېيىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە جانابلىرىنىڭ ئاخشام جاھانباغ قەسرىگە كېلىپ چۈشكەنلىرىنى ئېيتتى. تىنچ ـ ئامانلىقلىرىنى بىلىپ، ئەندىشەم پەسىيىپ، قوغۇن يەپ ئولتۇرۇپتىمەن. ھاۋا ۋەھىملىك گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىپ كەتتى. يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ بۇ يەردە يەنە بىردەم ئولتۇرۇۋېدىم، دېگەندەك يامغۇر توختىدى. توخۇنىڭ دەسلەپكى چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوردا سەيناسىغا چىقتىم. پانۇس كۆتۈرگەن نۆكەرلەر

ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپتۇ. مېنى كۆرگەن خاس نۆكىرىم ئالدىمغا كېلىپ قۇددۇس ياركەندىنىڭ راۋاق يېنىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتتى، مەن راۋاق تەرەپكە ئېتىلدىم، «سەرمۇنشى، ئۇياققا بارغىلى بولمايدۇ» دەپ نۆكىرىم ئالدىمنى توستى. «كەينىمدىن ماڭ!» دەپ كېتىۋەردىم، راۋاقنى ئايلىنىپ ئۈجمە دەرىخى ئالدىغا كەلگىنىمدە ئازگالدا تېنىدىن جۇدا قىلىنغان قۇددۇس ياركەندىنىڭ بېشىنى كۆردۈم. نۆكىرىم ئابايا بۇ يەرگە كەلگەندە نىقابلىق ئادەملەرنىڭ قىلىچ يالىڭاچلاپ تېز كېتىشىنى بۇيرۇغانلىقىنى قورقۇمسىراپ سۆزلەپ بەردى. مەن قەدىردان بۇرادىرىمنىڭ جەسىتى دۈشمەن قولىدا قالماسلىقىنى، ئەكېتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم ۋە نۆكەرلىرىمگە جەسەتنى كۆتۈرگۈزۈپ، تونۇمنى ئۈستىگە ياپتىم، ئوردىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىنى ئاچقۇزۇپ ئۆيۈمگە ئەكەتتىم. ئارقىدىن مەرھۇمنىڭ بالىچاقىلىرىنى چاقىرتىپ كەلدىم، ئۇلار ئۈنسىز يىغلاشتى. سۇبھى يورۇقىغىچە شېھىت بولغان قۇددۇس ياركەندىينى يەرلىكىدە قويۇۋەتتۇق، — سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى يېشىنى توختىتالماي قالدى، — قەبرىستانلىقتا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ قايتتۇق، ئاخشام خەۋەر تاپقاچقا جانابلىرىنى بار دەپ ئويلاپ جاھانباغقا كەلسەم، نۆكەرلەر: «ھازىر بۇ يەردە ئەمىر مىرزا ئابابەكرى ئارام ئېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىجازەت بولمىغۇچە ھېچ كىشىنىڭ كىرىشىگە بولمايدۇ» دەپ ئىشىك يېنىغا كەلتۈرمىدى. قوي تېرىسىگە ئورالغان بۆرىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىغانلىقىنى، قۇددۇس ياركەندىينى قەتل قىلىش جانابلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئوردىنى بوشات دېمەكچى ئىكەنلىكىنى، جانابلىرىنىڭ كېتىشلىرى بىلەنلا جاھانباغقا ئورۇنلاشقانلىقىنى بىلدىم. بۇ قېتىم غەپلەتتە قالغانلىقىمىز ئۈچۈن پۇشايمان بىلەن ھەسرەت چېكىپ، ئۆيۈمگىمۇ بارماي، شەھەرنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقتىم. يولدا يېقىن بۇرادىرىم ھەسەن مىرزا بىلەن

ئۆچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا: «پۈتۈن ئەتراپنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى قارا قاغىدەك بېسىپ كېتىپتۇ، ئەنسىرەۋاتىمەن» دېدى. ئىككىمىز ئوردىغا كەلسەك، ئەلى سەردار ۋە ئايانلار بار ئىكەن، — گېپى تۈگىمىگەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى بارغانسېرى غەمگە چۆشۈپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتكەن ئەمىرگە قاراپ توختاپ قالدى. مۇنداق جىملىقتا غەزەپنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئۇ بىلگەنىدى.

— ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — ئەمىر نەزەر مىرزا سەل تۇرۇۋېلىپ سورىدى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قوشۇمىسى مىژىدە تۈرۈلدى، يۈرەك سوقۇشى تېزلەپ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى، — ئەپسۇس، جەڭ دۇمبىقى چېلىپ يىراقتىن باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەننى تونۇش ئاسان بولغان بىلەن، ئالدىڭدا «خوش!» دەپ كۈچۈكلىتىپ، كەينىدىن چىشلىمەكچى بولغان مەككار دۈشمەننى، قارا نىيەتلەرنى ئىلغا قىلىش بەندە ئۈچۈن مۈشكۈل ئىكەن. «ئەمىرىم، پۇشتى پاناھىم ئۆزلىرى» دەپ كەلگەن چېقىمچى ئەمەلدارلارغا ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالا نىيىتى توغرۇلۇق بېشارەت بەرگەنلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغىنىمغا ئەپسۇسلىنىمەن. بولۇپمۇ قۇددۇس ياركەندىي مېنى كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغانىدى، بۇ قېتىم ئۇۋغا چىقىشتىن مېنى توسۇپ: «ئۆزىمىزگە ھېزى بولايلى، شىكارغا چىققاندىن كۆرە ئوردىدا ـ ئەلدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، مۇتالىئە قىلىپ تەكشۈرۈپ باقايلى» دېگەندە، پىسەنتىمگە ئالماي شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىم ئاللاغا ئايان. مەن غەپلەتتە قالدىم. خوجا مۇھەممەد، ئەمدى نېمە قىلماق كېرەك؟ — ئۇ بۇ سۆزنى ئىككىنچى قېتىم قايتىلىدى.

سوئال نەزىرى بىلەن ئەندىشىلىك قارىغان ئەمىرگە خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ ئىچى ئاغرىدى.

— ئەمىر، بۇ خوسۇستا ئۆزلىرىنىلا ئەيىبلىك ساناش ھەقىقەتكە كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ. بۇ دەمگىچە مىرزا ئابابەكرىنى

چىرايلىق كۆرسىتىپ، پەردازلاپ كېلىۋاتقان ئەمىر - ئەركانلارمۇ تېگىشلىك ھەسسىسىنى ئېلىشى كېرەك، — خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى يەنە گەپتىن توختاپ نەزەر مىرزىغا قارىدى. ئەمىر باش لىڭشىتىپ «سۆزلەۋەر» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن سەل تۇرۇۋېلىپ داۋاملاشتۇردى، — قۇددۇس ياركەندىي ئاللا ئۆزلىرىگە ھەمدەم قىلغان قەيسەر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىش بۇگۈنكى كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئالغانلىق بولاتتى. خەيرىيەت، ۋاقىت ئۆتتى، ئەمدى تەخىر قىلىشقا بولمايدۇ. راستىنى دېسەم، ئەمىر مىرزا ئابابەكرى سەرخىل لەشكىرىي كۈچ بىلەن شەھىرىمىزنى توردەك ئورىۋالدى. بىزنىڭ بىرقانچە مىڭ لەشكىرىمىز بولغان بىلەن ئۇلار ھەرقايسى بەگ ۋە ئەمىرلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا، ئۇلارنىڭ قورسىقىدا قانداق جىن بارلىقىنى خۇدا بىلىدۇ. شۇ تاپتا ئوردىدا ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئەمىر جانابلىرى، سىلى ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بولغاچقا، مۇناپىقلار، سۇيىقەستچىلەر ئوردىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. مۇنداق ئەھۋالدا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش دانالىقتىن ئەمەس. ھازىرچە ئوردىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىمىزنى پىنھانغا ئېلىش ئۇنۇملۇكرەك چارە بولارمىكىن دەيمەن.

— قۇددۇس ياركەندىيمۇ شۇنداق مەسلىھەت بەرگەن. بۇنىڭغا شائىر ئايازىمۇ قوشۇلغانىدى. مۇنداق قىلىشقا رايىم بارماي تۇرغاندا سىزمۇ مۇشۇنداق مەسلىھەت بېرىۋاتىسىز. راست، ئېشەك چېغىدا مۇدۇرۇپ كەتكەن كۆۋرۈكتىن ئىككىنچى ئۆتمەيدۇ، — دېدى ئەمىر نەزەر مىرزا كۈمۈش غىلاپتىن چىقىپ تۇرغان قىلىچىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ، ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرغان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىگە، — مەن ئەمدى پۇقرالار ئاسايىش تاپار، پىتنە - پاسات تېرىلماس، ئۇرۇش بولماس، بولۇپمۇ دوست سانالغان ھەمراھلىرىمدىن ئاسىيلار چىقماس، دەپ خام خىيال قىلغانىكەنمەن. مېنى ئاگاھلاندۇرغانلارنى ھەسەت

قىلىۋاتىدۇ، كۆرەلمەيۋاتىدۇ، دەپ خاتا ئويلىغانىكەنمەن. پەلەك رەھىمسىزلىك بىلەن ماڭا بۇ ھەقىقەتنى تونۇتتى. بۇرادىرىم، مەن تولىمۇ كېچىكىپ ھوشۇمغا كەلدىم، بۇ ھەقتە ئەمىرۇل كەبىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى خەۋەردار قىلىشىمىز ئاقىلانىلىكتۇر. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلغاي، ئاللا! ...

ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى مۇلاھىزە قىلغان خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى دېدى:

— ئارى، جانابلىرى، ئېغىر مۇشكۇللۇك ئالدىدا سادىقلار بىلەن ساداقەتسىزلەر ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. ۋاھالەنكى، ھەزرەتلىرىگە ساداقىتىنى بىلدۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشەنچلىك دېگىلىمۇ بولمايدۇ. تۈلكە ھجىيىپ تۇرۇپ توشقان ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمدىلىكتە ھەرقاچان سەگەك تۇرۇش لازىمكى، مىنۇتمۇ غەپلەتتە قېلىشقا بولمايدۇ. دۈشمەننىڭ جاسۇسلىرى ۋە سۇيىقەستچى سېتىلمىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىمىزنىلا كۆرۈش كۇپايە قىلمايدۇ. ئارقىغىمۇ، يىراققىمۇ نەزەر تاشلاش زۆرۈر، — سەرۋەرى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان ئەمىردىن سۆز كۈتۈپ جىم بولدى.

— ياخشى مەسلىھەت، بۇنىڭ ئەل ئۈچۈن بېشارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن، بۇرادىرىم.

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ سوئال نەزىرى چېقىپ تۇرغان قىياپىتىدىن بىرنەرسىنى چۈشەندى بولغاي، قول قوۋۇشتۇرۇپ دېدى:

— ئەمىرۇل كەبىرنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ تالاپىتىدىن خەۋەردار قىلىش تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى ياركەنت دىيارى كاشغەرگە قاراشلىقتۇر. كاشغەر ھۆكۈمدارى مىرزا ئابابەكرىنىڭ بەدكارلىقىنى ئۇقسا چارە قوللىنىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. ئەمما، ئەمىر كەبىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بولسا مىرزا ئابابەكرىنىڭ تاغىسى، ئويلىنىپ ئىش تۇتۇشىمىز دانالىقتۇر.

سەرمۇنشىنىڭ ئۆينى باشتىلا پەملىگەن ئەمىر نەزەر مىرزا

خىيال سۈرۈپ قالدى. «قانداقلا بولمىسۇن ئەمىر كەبىرنى ۋاقىتىنى پلانىدۇرماق لازىم. ئۆزى ياركەندكە كەلسە ئىشلار ئوڭشىلار ...»

— خەيرىيەت، — دېدى ئۇ، — ھەر جايدا ئاللا ئىگەم ئۆزى ساقلىسۇن، سىلىنى بۇرادىرىم سۈپىتىدە كۆرىمەن. مۇبادا ئۆزلىرىدىن ئايرىلساممۇ، بەرگەن مەسلىھەت، ياخشى تىلەك ۋە روھىي مەدەتلىرىدىن زىنھار ئايرىلغۇم يوق.

— زاھىرلىرىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، باتىنلىرىنى قەلبىمدە ئېلىپ كەتتىم، بۇرادىرىم، مەن ياركەند دىيارىدىن ئايرىلمايمەن.

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى دوستى — ئەمىرى نەزەر مىرزا بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

## 2

ئەمىر نەزەر مىرزا دېرىزىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ تاشقىرىغا كۆز سالدى. دەرەخلەر ۋەھىمىلىك شىلدىرلاپ تۇراتتى، تىمتاسلىق ئىچىدىكى ئوردىنى سىر باسقانىدى. ئۇ خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولۇپ ئويغا چۆمدى: «مەن كۆپ جەڭلەرنى باشتىن كەچۈردۈم، بۇ ۋاقىتقىچە مۇنداق ئالاقزادە بولۇپ، قېچىش كويىدا بولۇپ باقمىغانىدىم. ئەجەبا، قۇددۇس ياركەندىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ۋە خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىنىڭ مەسلىھەتى مېنى ئىرادەمگە قارشى ئىش قىلىشقا ئۈندەۋاتامدۇ ياكى قورقۇنچاقلىق قىلىۋاتامدىمەن؟ ...»

قوشۇمىسى قاتتىق تۈرۈلگەن ئەمىر دېرىزە يېنىدىن قايتىپ بېرىپ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن كۇرسىدا ئولتۇردى ۋە: «ياق، — دېدى ئۆز - ئۆزىگە، — مېنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان غەپلەت، دۈشمەننى دوست بىلگىنىم، دوستلارنىڭ سەممىي مەسلىھەتىنى قوبۇل تۇتماي، ئەمىرلىك مەغرۇرلۇقىمغا

بىرىلگەنلىكىم ...»

— مەرھەمەتلىك ئاللا جانابلىرىغا سالامەتلىك، كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، — دېدى كىرىپ كەلگەن ھەسەن مىرزا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ.

ئەمىر نەزەر مىرزا خىيالدىن باش كۆتۈردى. ئۇزاققىچە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان ئوردىنىڭ يەنە بىر ئەمىرى ھەسەن مىرزىغا مەيۈس قاراپ، يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى ۋە توغرىدىن - توغرىلا سورىدى:

— مەملىكەتنى بىر مەككار زالىمغا تاپشۇرۇپ بەرگىنىمىز توۋۇكمۇ، ۋەزىر؟ يوقرالارنى ئازابلىق كۈنلەرگە قالدۇرۇش ھېسابىغا ئۆز جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرساق، ئاللا راۋا كۆرەرمۇ؟

ھەسەن مىرزا ئۇزۇن ساقىلىنى سىيپاپ ئولتۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ھۆكۈمدارلارغا ئاللا راۋا كۆرمەيدىغان ئۈچ ئىش بار، جانابلىرى، ئۇنىڭ بىرسى زالىملىق، بىرسى خۇنخورلۇق، يەنە بىرسى ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىش. جانابلىرى ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ بۇ ئۈچ پاسىق ئىشتىن يىراق بولۇپ رەئىيەت كۆڭلىدىن ئورۇن ئالدىلا، بىلىم تەھسىل قىلىپ ھەم ئۆلىما، ھەم ھۆكۈمدار بولۇپ تونۇلدىلا، ئاۋام ئۆزلىرىنى دوست تۇتتى. ھۆكۈمدارلارغا ئاللا راۋا كۆرىدىغان يەنە ئۈچ ئىش بار: بىرىنچى، ھەرقانداق شارائىتتا ئادالەتنى قولدىن بەرمەسلىك؛ ئىككىنچى، رەھىمسىز دۈشمەن ئالدىدا ئامانلىقنى قولدىن بەرمەسلىك؛ ئۈچىنچى، غەلىبە قىلغاندا مەغرۇرلانماسلىق، مەغلۇپ بولغاندا ئۈمىدسىزلەنمەسلىك. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۆزلىرىنى پىنھانغا ئېلىشلىرى ياكى كاشغەرگە كېتىپ تۇرۇشلىرى خوپتۇر. مىرزا ئابابەكرى ياركەندكە بىكار كەلمىدى. ئۇ قارا نىيىتىنى قانخورلۇق بىلەن ئاشكارىلىدى. يوقرالارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئامانلىق بولمىسا دۈشمەندىن قۇتۇلغىلى، قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ.

ئەمىر نەزەر مىرزا يىللاردىن بېرى قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كەلگەن بۇ ئاقىل دوستىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەزىز بۇرادىرىم، — دېدى ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، — مەن ئەمىر بولغاندىن بۇيان غەپلەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغىنىمنى تونۇغۇندىن بېرى ئاللا بىلدۇردى. بۇرۇن مەسىلىھەتىڭىزنى قوبۇل كۆرمەي، ئۈمىدلىرىڭىزنى يەردە قويغانلىقىمدىن مۇشۇ كۈنگە قالدىم.

— يوقسۇ، جانابلىرى، — ھەسەن مىرزا نەزەر مىرزىنىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىگە قاراپ دېدى، — كاشغەر ۋە ياركەند دىيارىدا ئۆزلىرىدەك تەڭداشسىز مەردانە پەزىلەت ئىگىسى بولغان ساداقەتمەن ئەمىرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاقماسلىقى كېرەك. يىغلاش — قورقۇنچاقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. تەدبىر — قىيان كەلگەن دەرياغا سېلىنغان كۆۋرۈكتۇر. ئالىيلىرىنىڭ كاشغەرگە بېرىپ تورۇشلىرى تەدبىردىندۇر. بۇنى نېمىشقا ئاللا راۋا كۆرمىسۇن؟ رەئىيەت نېمە ئۈچۈن خالىمىسۇن؟ ۋاقىت زىچ، شاھىم، بۈگۈن كەچتىن قالماي يولغا چىققايلا.

— دېمەك، ئامال يوق ئىكەن - دە، — ياركەندتىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمىگەن ئەمىر نەزەر مىرزا ئورنىدىن بىر تۇرۇپ، يەنە لاسىدە ئولتۇردى.

— مىرزا ئاتابەكرىنىڭ مۇنداق ۋەھىمە پەيدا قىلىشى جانابلىرىنىڭ ئورنىغا تۇسالغۇسىز چىقىش ئۈچۈندۇر. تەييارلىقسىز تۇرغان چېغىمىزدا تەييارلىق بىلەن ئۆزىنى ئاشكارا قىلغان دۈشمەندىن مەككار ۋە رەھىمسىز كۈچ يوقتۇر. ئۇنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنى پىنھانغا ئېلىپ تەييارلىق قىلىشىمىز زۆرۈرىيەتتىندۇر.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئەمىر نەزەر مىرزا، — سادىق بەگ - سىپاھلار بىلەن بۈگۈن كېچىدىن قالماي يولغا چىقايلى. باشقا كۈن چۈشكەندە تاشلىمىغان كىشى ساڭا ھەقىقىي دوست، دەپتىكەن ئاقىللار. قارىغاندا ئەمىر - سەردارلاردىن، بەگ -

سىپاھلاردىن ئوردىنى تاشلاپ كەتكەنلىرى بار ئوخشايدۇ. ئىشىكئاغىسى ئەمىر ۋەلى تاغاينى ئۆزۈم قوغلىۋەتتىم. ئۆزىنى شۇنچە باتۇر، دانا ھېسابلايدىغان بۇ ئادەم بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى لاغ ـ لاغ تىترەپ تۇرىدىغان قورقۇنچاققا ئايلىنىپ قالدى. بەزى ئادەملەرنىڭ مۇنچە تېز ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. ياش بولسىمۇ شائىر ئايازىدىن رازى بولدۇم. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ مەن بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەمياد قىلدى. سىزدىنمۇ رازىمەن، بۇرادىرىم، ئاللا سىلەردەك مەردانە، ئاقىللاردىن پېقىرنى ئايرىمىسۇن.

ئەمىر نەزەر مىرزا ئۇچىنچى قېتىم ئورنىدىن تۇردى، ھاياجانلانغان ھەسەن مىرزىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىدىن ئاغرىنمىغايلا، ئەمىر.

— زىنھار، چۈنكى ئۇ ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلماي، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ پىداكار روھتۇر.

— شۇنداق، بۇ دانانىڭ ياركەندتە قېلىشى جانابلىرىنىڭ ئانا يۇرتلىرىغا بالدۇرراق قايتىپ كېلىشلىرى ئۈچۈندۇر. ئۇ قىيما ـ چىيما بولۇپ كەتسىمۇ ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ.

— ئىشىنىمەن.

— ئەلى سەردارمۇ قالماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئەمىر.

— نېمىشقا؟

— خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىگە ئوخشاش ئارزۇدا.

— ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشىنەمسىز؟

— ئارى.

— خوش، ئۇ نېمىشقا خوشلىشىشقا كىرمىدى؟

— دىدار كۆرۈشۈپ بولۇپ ئايرىلغاندىن، دىدار كۆرۈشمەي تۇرۇپ ئاللا پاناھىغا تاپشۇرۇش، ئارتۇقچە روھىي بېسىم بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، قالغىنى ئىگەمگە مەلۇم.

— ۋاللاھۇ ئەلەم، — دېدى ئەمىر نەزەر مىرزا كاشغەرگە كېتىش قارارىغا قەتئىي كېلىپ، — ئايازى بىلەن بىللە

كىشىلەرگە تويدۇرماي تەييارلىق قىلىۋېرىڭلار.

— خاتىرجەم بولسۇنلار، مېڭىشقا تەييار بولغاندا ئۆزلىرىگە خەۋەر بېرىمىز.

ھەسەن مىرزا ئېگىلگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئەمىر نەزەر مىرزا ئورنىدىن قوپتى. كۆزى قىيىمىغان ھالدا ئوردا سارايىنىڭ چاقناپ تۇرغان قۇببە، دېرىزىلىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ نەچچە يىللاردىن بۇ سارايدا ئولتۇرۇپ ياركەنت خەلقىنىڭ ئەرز - ھالىغا يەتكەن، ئادالەت بىلەن يۇرت سورىغانىدى. ھىجرىيە 878 - يىلى ياز ئېيىنىڭ تىنچىق ئاخشىمىدا سەپەرگە ئاتلانغان ئەمىر نەزەر مىرزا ياركەنت شەھىرىنىڭ جىمجىت، ئەنسىز كوچىلىرى بىلەن يۇرۇپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئاستا يېقىنلاشتى...

www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

# مىرزا ئابابەكرىنىڭ يارلىقى

### 1

قارا بۇلۇتلار ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ھىلال ئاي جاھانباغ ھەۋزىسىدىمۇ[1] بەئەينى شۇنداق ئەكس ئەتكەنىدى. بۇ كۆلنىڭ سۈيى رىۋايەتلەردىكى تىلسىملىق ھەۋزىدەك گۈزەل ۋە تىنىق بولۇپ، قارىغان كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى غەمنى گويا خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك تارتىپ ئالاتتى.

مىرزا ئابابەكرى مەجنۇنتاللار ئېگىلىپ تۇرغان ئاشۇ ھەۋزە بويىغا قويۇلغان شاھانە تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇ كاشغەر، ياركەند دىيارىنىڭ ھۆكۈمرانى سانىز مىرزىنىڭ ئوغلى ئىدى. سانىز مىرزا «سەييىدئەلى ئالىپ» دەپ نام قازانغان ئەمىرنىڭ ئوغلى ئىدى. ئەمىر بولسا سەئىد ئەخمەتنىڭ ئوغلى ئىدى. سەييىد ئەھمەد شىجائىتى، سېخىيلىقى، مەردانىلىكى بىلەن تونۇلغان، كاشغەر، ياركەند، خوتەن دىيارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئوغلى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىرزا ئابابەكرى ئۆز نەسەبىدىن پەخىرلىنەتتى. ئاتا ـ بوۋىلىرى ئېرىشەلمىگەن شاھلىق تەختىگە چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ يولدا ھەرقانداق قەبىھ ئىشنى قىلىشتىن يانمايتتى. ئۇ بۇ قېتىم ئەمىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا نامىدىن ياركەند ھاكىمى ئەمىر نەزەر مىرزىغا بىر پارچە مەكتۇپنى ئۆزى پۈتۈپ ئەكەلگەنىدى. بۇ

① ھەۋزە ــ كۆل مەنىسىدە.

مەكتۇپىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:
بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم:
جانابىي ھۆرمەتلىك يۈرت بېشى ھاكىم نەزەر مىرزا ۋە بارلىق ئىتائەتمەن مۇلكىي، لەشكىرىي ئەمەلدارلارغا مەلۇم بولسۇنكى، ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەمىر خۇدايدادنىڭ نەۋرىسى، سانىز مىرزىنىڭ ئوغلى، پېقىرنىڭ كۆچ - مادارى بولغان قېرىندىشىم مىرزا ئابابەكرىنى ھۇزۇرلىرىغا ئەۋەتتىم. كەڭ كۆڭۈللۈك ۋە خۇشنۇدلۇق بىلەن ئىستىقبالىغا چىقىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغۇزغايلا. مۇبارەك سائەتتە تامغىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، كاشغەرگە كەلگەيلا. يۇقىرى مەرتىۋە، ئىززەت - ئىكرام جانابلىرىنى كۈتۈپ تۇرغۇسى.
كاشغەر، ياركەند، خوتەن دىيارلىرىنىڭ ئالىي ھاكىمى ئەمىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا.

ئۇ بۇ مەكتۇپنىڭ مۇلكىي، لەشكىرىي ئەمەلدارلاردا، نەزەر مىرزىدا قالدۇرىدىغان تەسىراتىنى ئويلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئاقۇچ سوزۇنچاق يۈزىدە بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يوغان كۆلەڭگىسى ھەۋزىنىڭ تىنىق يۈزىنى قارامتۇل رەڭگە كىرگۈزگەندى. جىمىرلاپ تۇرغان سۇ يۈزىدە گويا بەتبەشىرە دىۋە چۆمۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ شېرىن خىيالغا غەرق بولدى.
«تېخى تۇنۇگۇن مۇشۇ ھەۋزە بويىدا نەزەر مىرزا ئولتۇرغان بولغىيدى. بەختكە يارىشا، ئۇ ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي ئورۇننى بوشاتتى. مانا، ئاللا نېسىپ قىلسا مەن پادىشاھلىق دەبدەبەم، سەلتەنەتىم بىلەن ئولتۇردۇم. مېنى ئەمدى رۇستەم گۆردىن تىرىلىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ بۇ تەختتىن چۈشۈرەلمەيدۇ. كاشغەر، ئاقسۇ، پۈتۈن موغۇلىستان، ھەتتا خۇراساننى ئىگىدارچىلىقىمغا ئالىمەن ...»
— ھۆرمەتلىك سەردار، بىر تەخسىر ئۆزلىرى بىلەن دىدار

مۆلاقاتتا بولسام دەيدۇ، — دېدى دەرەخ ئارىسىدىن چىقىپ كەلگەن خاس نۆكىرى قوچقار ياساۋۇل قىلىچىنى قايرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— مەن ھازىردىن باشلاپ سەردار ئەمەس، بەلكى پادىشاھ، — دېدى مىرزا ئابابەكرى قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ.

قوچقار ياساۋۇلنىڭ توغاچتەك پۇلتىيىپ چىققان مەڭزىدە يۆگىلىپ تۇرغان سارغۇچ بۇرۇتلىرى قىمىرلاپ، چېھرىدە مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدى ـ يۇ، شۇ ھامان چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالدى.

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، شاھىم، بىلمەپتىمەن.

مىرزا ئابابەكرى تۇنجى قېتىم «شاھىم» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى. بۇ سۆزنى مەسخىرە قىلىپ دېدىمۇ ياكى سەمىمىي ئېيتتىمۇ، تەكەببۇر ئەقىل ئىگىسىنىڭ شۇ تاپتا بۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشقا ھەپسىلىسى يوق ئىدى.

— ھازىردىن باشلاپ سەن خاس نۆكىرىملا ئەمەس، پادىشاھ جاللاتلىرىنىڭ باشلىقى، ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارىسەن.

— قۇللۇق، شاھىم، — قوچقار ياساۋۇل يەنە بىر قېتىم تىزلىنىپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇيرۇقىغا قۇلاق تۇتتى:

— خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئوردىدا بولىمەن. ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىنىشى كېرەك. ئەگەر بىرەر پېشكەللىك يۈز بېرىدىكەن، كاللاڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن.

— خوپ، شاھىم.

— ئەتە بامدات نامىزىنى پايتەخت جامەسىدە ئوقۇيمەن.

— خوپ، شاھىم.

— ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئوردا سارىيىدا بارلىق ئەمىر ـ ئەركانلارغا ۋەزىپە تاپشۇرىمەن. بۇ يارلىقىمنى ئۇلارغا يەتكۈز.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك قارا قاشلىرى



www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈپ، تۈرۈلگەن قوشۇمىسى پۈلتىيىپ چىقتى. خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە چاشقان كۆرگەن مۈشۈكنىڭكىدەك كۆز چاناقلىرى كېڭىيىپ، هال رەڭگە كىرگەن قارىچۇقلىرىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولدى. ئۇ ھەرقاچان مۇشۇ ھالەتكە كەلگەندە يالتىرىغان قىلىچىدىن قان تاماتتى. ئۇنى كۆرگەن ئادەمزاتنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، ئىختىيارسىز دىر ـ دىر تىترەپ تىزلىنىپ قالاتتى.

مىرزا ئابابەكرى ئورنىدىن تۇردى. قىلىچىنىڭ بىسىدىن تولا قان يالاپ قورقماس بولۇپ كەتكەن قوچقار ياساۋۇلمۇ دەرھال تىزلىنىپ پەرمان كۈتتى.

— نەزەر مىرزا يولغا سېلىنىدىمۇ؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ.

باش كۆتۈرۈپ قاراشقا پېتىنالمىغان قوچقار ياساۋۇل:

— ئالىيلىرى دېگەندەك ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىندى، — دەپ بوغۇلۇپ جاۋاب بەردى.

— كىشى كۆرمىگەندۇ؟

— ئارى، شاھىم، ياركەند شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئالدىدا مۇلازىملىرى بىللە تۇتۇلۇپ، خالىي جايدا ئۇجۇقتۇرۇلدى.

قوچقار ياساۋۇل يالغان سۆزلىدى. ئاشۇ مۇدھىش كېچە ئۇ جەسەتكە قارىتىپ قويغان نۆكەرلەر ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالغاندا، نەزەر مىرزىنىڭ جەسىتى غايىب بولغانلىقىنى ۋە نۆكەرلەرنىمۇ قىلىچ بىسىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى شۇ دەم ئاغزىدىن چىقارسا ئۆزىمۇ بېشىدىن ئايرىلاتتى.

— قۇددۇس ياركەندىي ئۆلتۈرۈلدىمۇ؟

قوچقار ياساۋۇل بىردىن جانلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئالدىدا دىۋىدەك تۇرغان مىرزا ئابابەكرىگە كۆزى چۈشۈپ يەنە لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى قەددى ـ قامەتتە كاشغەر ۋە ياركەند

دىيارلىرىدا يەككە ـ يېگانە سانىلاتتى. تەلەي دوقا ماڭلايىنىڭ قېشىدا دېگەندەك، خۇدا ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېگىز بويىغا شۇنداق بىر باشنى ئورۇنلاشتۇرغانكى، بوغان بېشى بۆرتۈپ چىقىپ كەڭ يەلكىسى ئۈستىدە سوقىچاق خادا تاشتەك چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ غەلىتە بېشىنى سەل سورۇنچاق ئاقۇچ قىزىل كەلگەن چىرايلىق يۈزى، قىڭراق بىسىدەك قاڭشىرى، بۇركۈتنىڭكىدەك چاقناپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزى، ناھايىتى ماس كەلگەن دەلدەڭ قۇلىقى ۋە قويۇق ساقال ـ بۇرۇتى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان يوغان ئاغزى زىننەتلىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەم جازىبىدار، ھەم سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ھەر كۈنى نەچچە نۆۋەت بۇ غوجىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان جاللات قوچقار ياساۋۇل ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئەركىن سۆزلەشكە زادىلا ئادەتلىنەلمەي كەلدى. دائىم ئالدىغا كىرگەندە ئۇنى سۈر باساتتى. ھازىرمۇ مىرزا ئابابەكرىگە تىك قارىيالماي، يەر تېگىدىن بېقىپ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— ئالىيلىرى، ئاشۇ ئاخشام قۇددۇس ياركەندىينى ئاۋۋال ئۇجۇقتۇرغانىدىم. كېيىن يارىلانغان ئەلى بەردارنىمۇ جەھەننەمگە يولغا سالدىم. ئېسىم قۇرۇسۇن، بۇنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن.

— سەن مېنىڭ سايەم. لەۋزىڭدىن شېكەر، قىلىچىڭدىن قان تېمىپ تۇرۇشى لازىمكى، سېنى كۆرگەنلەر دىر ـ دىر تىترىسۇن. تۈنۈگۈن كېچە قۇددۇس ياركەندىينىڭ بېشى كېسىلمىگەن ۋە ئەلى بەردار ئۆلتۈرۈلمىگەن بولسا، ئەمىر نەزەر مىرزا ئالمان ـ تالمان بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ ئاقسۇغا قاچمىغان ۋە مەن ئۇ ئولتۇرالمىغان تەختتە شاھلىق پەيزىنى سۈرەلمىگەن بولاتتىم. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، شاھىم.

— ئەمدى بارغىن.

قوچقار ياساۋۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىچە مېڭىپ دەرەخلەر ئارىسىدا غايىب بولدى.

مىرزا ئابابەكرى شۇ تاپتا ئۆزىنى ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈۋاتقان

خانىشى ھۆسنىنىڭ ئاغىچا بېگىمگە بولغان كېچىنى ئوردىدا ئۆتكۈزىدىغانلىقىدىن خوش خەۋەر بەرمەكچى بولۇپ، رەڭگارەڭ شامدانلارنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن جاھانباغدىكى خاس قەسرىگە ماڭدى.

## 2

ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن قوياش كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئۈزمەكتە ئىدى. ھېلىلا ئاقىرىپ ئاپتاپ چۈشكەن يەر بىردەمدە قارىيىپ ئاپتاپتىن خالىي بولۇپ قالاتتى.

تەختىنىڭ ئالتۇن يالىتىلغان قۇببىسىگە دېرىزىلەردىن چۈشۈپ تۇرغان ئاپتاپ ئۆچۈپ، گىمدىيىپ ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى بىر غۇلاچ يەردە سارغۇچ ئاق شولا پەيدا بولدى. تەختىنىڭ ئىككى تەرىپىنى بويلاپ سەپراس تۇرغان ئەمىر - ئەركانلار قورقۇنچ قارا كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەرگە سېلىنغان خوتەن گىلىمىدىن ئالماي قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى، ئىچىگە تىترەك ئولاشقانىدى. تەخت پايىسىگە «توك» قىلىپ شاھلىق ھاسىسى تېگىشى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن چۆچۈشۈپ باش كۆتۈرۈشتى.

— ساداقەتمەن ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئەركانلار، مېنىڭ ياركەند شەھىرىگە كېلىپ تەخت ئىگىلىشىم ھەرگىز ئۆزلۈكۈمدىن بولغان ئىش ئەمەس، — دېدى مىرزا ئابابەكرى بوم ئاۋازدا، — بىر بۇزرۇكۋار خوجا ئەھرار ھەزرىتىمنىڭ ئەمرى بىلەن بولغان ئىشتۇر. ئەگەر مېنىڭ قارا نىيىتىم، ھارام تىلىكىم بولىدىغان بولسا، ئەمىر نەزەر مىرزىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېتىشكە زىنھار يول قويماس ئىدىم.

— ئارى، ئارى ... — ئەمىر - ئەركانلار ئىچىدىن گۈرۈلدىگەن ئاۋاز كۆككە كۆتۈرۈلدى.

— ئەمىر ـ ئەركانلار، پېقىر ھېلىھەم خوجا مۇھەممەد قىزالىدىن ھەزرىتىمگە مۇرىت، ھېلىھەم ئەمىر تاغام مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا يۇقرامەن. مېنى توغرا چۈشەنمەي قاچقان نەزەر مىرزىنى قايتۇرۇپ كېلىمەن، — ئۇ توختاپ مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ نامىدىن ئۆزى پۈتكەن مەكتۇپنى ئوقۇدى. مۇلكىي، لەشكىرىي ئەمەلدارلار قۇللۇق قىلغاندىن كېيىن دېدى، — ئاللا خالىسا ياركەند شەھىرىمىزنى ئىسمى-جىسمىغا، پايتەختلىك دەبدەبىسىگە لايىق قۇرۇپ چىقىش پېقىرنىڭ زىممىسىدىكى. جۇملىدىن ھەربىرلىرىنىڭ پات ئارىدا ئادا قىلمىقى لازىم بولغان مۇبارەك ئىشتۇر. ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ بىچارە دېھقانلارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن يەرلىرىنى سۇ بىلەن تەمىن ئېتىشنى، يول ياساپ، كۆۋرۈك سېلىپ خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشنى، غەللە ـ پاراق، باج ـ سېلىقنى ئازايتىپ پۇقرالارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى، پېقىردەك ياخشى نىيەتلىك ھۆكۈمرانغا ھەق سۇبھانە ۋەتەئالا بۇيرۇغان...

ئۇ سۆزىدىن توختىدى. قويۇق قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. بۇ كۈرۈنۈش جامالىغا شۇنداق يېقىملىق تۈس بەردىكى، ئۇ ئۆزىنى «ھۆكۈمدار» دەپ ئاتىغاندا خۇشخۇي چىرايىدىن نۇر جۇلا قىلدى. كۆپچىلىككە شاھانە نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن چىرايى يەنە سۈرلۈك تۈس ئېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاللا بۇيرۇغان ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش پادىشاھنىڭ بۇرچىدۇر. بۇنىڭغا ھېچقانداق كۈچ قارشى تۇرالمايدۇ. توسقۇنلۇق، قارشىلىق يىمىرىپ تاشلىنىدۇ. مەن ئەلنىڭ ھۆكۈمدارى بولغانىكەنمەن، مەملىكەتنى باشقۇرۇشتا ئىشەنچلىك، ئىقتىدارلىق، قابىل دۆلەت ئەركانلىرىغا تايىنىشىم لازىم، ئەلۋەتتە.

— بىز ھۆكۈمدارىمىزغا تايىنىمىز، — دېدى مىرزا ئابابەكرىنىڭ كەينىدە بۇيرۇق كۈتۈپ قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغان

جالالات بېشى قوچقار ياساۋۇل.

— بىز ھۆكۈمدارىمىزغا تايىنىمىز، — ئەمىر - ئەركانلارمۇ قوشۇلدى.

— ئاللادىن مىننەتدارمەن، قولداشلىرىم، — مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى، — ھەربىرلىرى دىيارىمىزنىڭ دانىشمەنلىرى. سائادەت كۆكىدىكى يۇلتۇزلار، ھەربىرلىرى مېنى بەجانىدىل ھۆرمەتلەپ سۇلتان قىلىپ تىكلىگەن يەردە، كىم ماڭا كۆز ئالايتالايدۇ؟ يىراق - يېقىندىن كىم ماڭا قارا قولىنى سۇنالايدۇ؟ ھېچكىم! ...

مىرزا ئابابەكرى بۇ سۆزى بىلەن سۇلتان - ئەمىرلەرنى ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئابايا: «مەن ئۇنىڭ پۇقراسى» دېگىنى، رەئىيەتنىڭ رايىنى سىناش ئۈچۈنلا قىلىپ قويغان بىر سۆز ئىكەنلىكىنى ھازىر ئاشكارىلىغاندى.

ئوردا ئىچى شامالسىز كېچىدەك جىمجىتلىقتا چۆكتى، كىشىلەرنىڭ تىنىقلىرىمۇ توختاپ قالغاندەك بولدى. سۆزىنىڭ كۆپچىلىككە قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى بۇ تىمتاسلىقتىن بىلىپ يەتكەن مىرزا ئابابەكرى تەخت ئۈستىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— شاھدانە كوكۇلداش باش ۋەزىرىم بولىدۇ.

كەكە ساقاللىق كىمخاب تون كىيگەن بويلۇق بىر كىشى ئەركانلار ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ يەرگە باش قويدى.

— ئادالەتلىك مىرزام، ئاللا تاجۇتەختلىرىگە رەھمەت ئاتا قىلسۇن.

— شاھدانە كوكۇلداش ئىستىبداتلىق ئەرباب. ئۇ نەزەر مىرزىنىڭ باش دىۋانبېگى بولغاندا، ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالماي سىقىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدى كارامەت كۆرسىتىپ تاجۇتەختىمىزگە زىننەت بەرگۈسى.

— باش ئۈستىگە، مىرزام.

— جاي ئالسۇنلار !

شاھدانە كوكۇلداش قۇللۇق قىلغانچە ئېگىلىپ بېرىپ باش ۋەزىرلىك كۇرسىدا ئولتۇردى.

— سەردار مۇھەممەدبېكنىڭ نەزەر مىرزىنىڭ ئەمىر ـ لەشكىرى ئىكەنلىكى ئاۋامغا مەلۇم. نەزەر مىرزا ھېچقاچان ئۇز ئىلىنى كېڭەيتىش، قۇدرەت تاپتۇرۇش كويىدا بولمىغاچ، سەردار مۇھەممەدبېك ئوردىغا قامىلىپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ خىزمەت كۆرسىتىدىغان، تاجۇتەختىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغان پەيتى كەلدى. ئۇ بۇگۇندىن باشلاپ مېنىڭ ئەمىرلەشكىرىم ھەم ۋەزىرىم بولىدۇ.

سەردار، ئەمىر ـ ئەركانلار ئىچىدىن يەتتە تەزىم بىلەن پۇكۇلۇپ چىققان مۇھەممەدبېك تەخت ئالدىغا كېلىپ باش قويدى.

— قۇللۇق، مىرزام، پېقىرنىڭ جان پىدالىقى ئالىيلىرىنى رازى قىلسا ئۇلسەممۇ ئارماندا كەتمىگەيمەن.

— جاي ئالسۇنلار!

ئۇمۇ تەزىمدە ئېگىلىپ بارغىنىچە ۋەزىرلىك كۇرسىدىن جاي ئالدى. ئەركانلار «يەنە كىمنى چاقىراركىن؟» دەپ ھەرقايسىلىرى كاتتا تەمە بىلەن يەرگە قاراپ تۇرۇشاتتى. مىرزا ئاتابەكىرى ئۆزىگە سادىق دەپ بىلگەن ئەمىر ـ سەردارلاردىن يەنە يەتتە كىشىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. مۆھۇردار، سەرمۇنشى، دىۋانبېگى، ئوردابېگى، ياساۋۇللار بېگىدىن تارتىپ پادىشاھ كەپتەرخانىسىنىڭ باشلىقىغىچە بولغان ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىققا ئاتمىش يەتتە كىشىنى بەلگىلىدى. يىگىرمە يەتتە كىشىگە ئەمىر ـ سەردار، بەگ نامىنى بەردى. ئىككى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرغان ھاتەمشاھنى قازىكالان، گاھ سارغىيىپ، گاھ ئاقىرىپ ئالا ـ بۇلا بولۇپ تۇرغان ئەمىر ۋەلى تاغايىنى ئىشىكئاغىسى دەپ ئېلان قىلدى. ئۈچ كۇندىن بېرى توختىماي داۋام قىلغان قورقۇنچ تىترىكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەمدى

كۆتۈرۈلۈپ، يادىڭغۇ چىرايىدا خۇشامەت كۈلكىسى پەيدا بولدى. مىرزا ئابابەكرى شاھلىق ھاسىسىنى تۇتۇپ ئولتۇردى. ئۇ قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرماستىن، ھەيۋە بىلەن پادىشاھلىقنى تارتىۋالغان غالىب سەركەردە ئىدى. يۈرەكلىرى ئەمدىگىلا ئورنىغا چۈشكەن ئەمىر - ئەركانلار «يەنە قانداق يارلىق چۈشۈرىدىكىن؟» دېگەن ئويدا ئۇنىڭغا قاراشتىن ئەيمىنىپ ئولتۇراتتى. نېمىندۇر ئويلاپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئاپتاپ ئۆچكەندەك چىرايىدىن تەبەسسۇم يوقالدى.

— سەردار ئارسلانبەگ، مەخمۇتبەگ، مەنسۇربەگ، ئابدۇلمۇلىك بارلاس، غىياسىدىن كاشغەرىي، ئابدۇلۋاھاببەگ... ئالدىمغا كېلىش ! — ئىسمى ئاتالغانلار بىر - بىرلەپ تەخت ئالدىغا كېلىپ باش قويدى. ئۇلارنىڭ چىرايى سارغىيىپ، ۋۇجۇدى تىترەكتىن لاغىلداپ تۇراتتى.

— سەنلەر ! — دەپ ئۇنلۇك خىتاب قىلدى مىرزا ئابابەكرى، — ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ سادىق ئەمەلدارلىرى تۇرۇقلۇق، نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن كەتمەي بۇ يەردە قېلىشتىڭ؟

— ئالىيلىرىنىڭ تەخت پايىلىرى ئاستىدا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، — دېدى مەنسۇربەگ، ئۇنىڭ ساقالسىز سىيدام ئېڭىكى جاقىلداپ كەتتى. شۇ تاپتا باشقىلارنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ئۆز ئەمىرىڭگە ساداقەت كۆرسىتەلمىگەن يەردە ماڭا قانداق ساداقەت كۆرسىتىسەن؟

— سايىلىرى ئاستىدا ...

مىرزا ئابابەكرى ئاچچىق كۈلدى.

— ئېيتقىنا، سېنىڭ كوچىدىكى سەگدىن[1] قانداق پەرقىڭ بار؟ سەگ كىم بىر پارچە ئۇستىخان بەرسە ئۇنىڭغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ جېنىنى باقىدۇ. سەنمۇ شۇنداق جان بېقىش

[1] سەگ — ئىت.

كويىدا ئىكەنسەن ـ دە، مەن بۇنىڭغا يول قويمايمەن. چۈنكى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ بىرسى مەندىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالسا، شۇبھىسىز سەن يەنە ئۇنىڭ ئالدىدا قۇيرۇق شىپپاڭشىتىسەن، ماڭا قىلىچ تەڭلەيسەن. سەندىن نە شاھقا، نە پۇقراغا ھېچقانداق پايدا يەتمەيدۇ. ئاللا ھايۋانلارنى ئاڭسىز ياراتقان بولسا، ئىنسانلارنى پىكىر قىلىپ ياشاش ئۈچۈن ئاڭلىق ياراتقان. ئىپلاس قەدىمىڭنىڭ ئوردامنى مەينەت قىلىشىغا يول قويسام ئاللا مېنى كەچۈرمەيدۇ، جاللات!

— پادىشاھىم، گۇناھىمدىن كەچسىلە، — دېدى بېشىنى يەردىن كۆتۈرگەن مەنسۇربەگ تىزلىنىپ ئالدىغا مېڭىپ.

— راست ئېيتتىلا، سەردار، — دېدى ئارسلانبەگ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنىڭ قىزغۇچ بوم ساقىلى تىترەپ كەتتى، — بىزنىڭ سەگدىن پەرقىمىز يوق. ئۆز ئەمىرىمىزگە خىيانەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدۇق، مەنسەپ ـ ئەمەلنى دەپ ئالدىلىرىدا باش ئەگدۇق. بىزگە ئۆلۈم ھەق.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈزى چىملىداپ، قاشلىرى لىك ـ لىك سەكرەپ كەتتى. ئۇ ھاسىسىنى تەخت پايىسىگە قاتتىق ئۇرغاندا، ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىت مىجەز ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىكىر قىلغۇچى ئاقىللارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدى. ئەسلىدە ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىت مىجەزگە چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پىكىر قىلغۇچىلار، بولۇپمۇ قارشى پىكىر قىلغۇچىلار ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەملەر ھېسابلىناتتى. ئۇلارنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ئادىل، مەردانىلىكىنى كۆرسىتىشتە خەتەرلىك بولمىغان بىر قىسىم ئىت مىجەزلەرنىڭ باشلىرىنى كېسىش، ئاۋامغا كۈچ كۆرسىتىش بىسىم ئىشلىتىپ چۆچۈتۈش ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، مىرزا ئابابەكرى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، ئالدىدا ئىككى جاللات بىلەن ھازىر بولغان

قوچقار ياساۋۇلغا بۇيرۇدى:
— بۇلارنىڭ بېشى كېسىلىپ سازايى قىلىنسۇن !
— باش ئۈستىگە، شاھىم !
سەردار ئارسلانبەگ باشلىق يەتتە كىشىنىڭ يەلكىلىرىدىن قاماپ تۇتقان جاللاتلار ئۇلارنى سۆزلەشكە قويماي سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى. باش ۋەزىرلىك ئورنىدا ئولتۇرغان شاھدانە كوكۇلداشنىڭ چىرايى ساماندەك سارغايدى، ئەمىر مۇھەممەدبېك گەز باغلاپ كەتكەن قېلىن كالپۇكىنى قاتتىق چىشلىدى. ئەمىر ۋەلى تاغاي يەنە تىترەشكە چۈشتى. باش ئېگىپ كەلگەنلەردىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار بۇلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى.
مىرزا ئابابەكرى سەپسىلىپ بۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بىسەرەمجانلىقنى بايقاپ، كۆلۈمسىرەپ سورىدى:
— ئەمىر نەزەر مىرزىدىن ئايرىلىپ ياركەندتە قالغان ئەمىر سەردارلاردىن ھۇزۇرۇمغا كەلمىگەن ئىككى ئادەم بار. ئەلى سەردار بىلەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى، ئۇلاردىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟
قىزغۇچ نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئورنىغا مىخلىنىپ قالغاندەك ئولتۇرۇشقان شاھدانە كوكۇلداش، ئەمىر مۇھەممەدبېك، ئەمىر ئەلى تاغايلار نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇشتى.
— خۇدا دۆلەت ئۈستىگە دۆلەت ئاتا قىلغاي، شاھىم. — دەپ ئورنىدىن قوپتى ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن ئابدۇللا دانىش ئىككى قولىنى ساقىلى يېپىپ تۇرغان كۆكسىگە قويۇپ، — ئەل ئارىسىدىكى گەپكە قارىغاندا، ئەلى سەردار كاشغەرگە كەتكەنمىش، تۇنۇگۇندىن بېرى قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئۆيىدە بولسا كېرەك.
بۇ گەپكە قۇلاق تۇتمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرى:

— ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئەركانلارغا تون تارتىلسۇن، — دەپ يارلىق چۈشۈردى. يېڭى تەيىنلەنگەن خەزىنەبېگى سۇلايمان دەۋرانى بۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ قويغان بولسا كېرەك، كەينىچە مېڭىپ پەتنۇس ـ پەتنۇسقا قويۇلغان رەڭگارەڭ كىمخاب تونلارنى مۇلازىملارغا كۆتۈرتۈپ ئەكىردى. ئەڭ ئاۋۋال باش ۋەزىر شاھدانە كوكۇلداشقا زەر قىياقلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان يىپەك تونني كىيدۈردى، ئاندىن باشقىلارغا ئۆز ئەمىلىگە يارىشا تون ياپتى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھۆكۈمدارىنىڭ بۇ مەرھەممەتىگە مەدھىيە ئوقۇۋاتقاندا، ئوردا دەرۋازىۋەنى كىرىپ تىزلاندى:

— شاھىم، خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى كەلگەنىكەن، ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشمەن، دەيدۇ.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىللىق چىرايى كەچ كۈز ھاۋاسىدەك سۆرۈن تۈس ئالدى. قارلىغاچ قانىتىدەك قاشلىرى ئارىسىدىن قوشۇمىسى پۈلتىيىپ چىقتى.

— كىرسۇن! — دەپ شاھدانە كوكۇلداشقا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ئىتتىك ئورنىدىن تۇرغان باش ۋەزىر ئىشىكئاغىسى ئەمىر ۋەلى تاغاينىڭ ھەمراھلىقىدا دىۋانخانىغا چىقتى. بىرپەستىن كېيىن ئوردا دەرۋازىۋەنى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنى باشلاپ كىردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — خوجا مۇھەممەد سەرۋەرنىڭ چىرايىدىن تەمكىنلىك ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى شاھدانە كوكۇلداش ئۇنىڭ مەردانە نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ. ئەمىر ۋەلى تاغاينىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى:

— مىرزا ئوردىدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ مەنىستىمىگەندەك قىلىپ. «مىرزا كىم؟» بۇ سوئال كۆڭلىگە چۈشكەن شاھدانە كوكۇلداش ئويلاپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي ئۆزىدەكلا تېخىرقاپ قالغان ئەمىر ۋەلى تاغايدىن سۆز كۈتۈپ ساقاللىرىنى سىقىملاپ قويدى.

— مەن مىرزا ئاباكرىنى دەۋاتىمەن، — دەپ قەيت قىلدى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى، — قىنى ئېيتىشسىلا.

— شاھىمىز جانابلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — جاۋاب بەردى شاھدانە كوكۇلداش تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك بۇت كەبى زۇۋان سۇرمەي تۇرغان ئەمىر ۋەلى تاغايغا ھومىيىپ قويۇپ.

— مىرزا مىنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا ئالدىغا كىرەي، — خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى تەئەددى قىلىپ دىمىقىنى قىقىپ قويدى ـ دە، قەسرى ئالىيغا قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى...

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

# قۇرۇق تىكەن شېخى

سېغىز توپىلىق ياركەند دىيارىنىڭ قىشچە سوغۇقتىن قاتقان تۇپرىقى كۈن نۇرىدا ئېرىلىپ، يۇمشاپ، ئەمدىلەتىن ئۈنۈپ چىققان كۈزگى بۇغداي مايسىلىرىنى كۆكلەم شامىلى يەلپۈمەكتە. ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى بىلەن ئۇلغايغان زەرەپشان دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا. مۇخ، كۆكتىكەن، يانتاق، يۇلغۇن باسقان دەريانىڭ بويلىرىدا سۆگەت، تېرەك، رېدە، قارىياغاچ، چىنار دەرەخلىرى ئىرغاڭشىپ تۇرغان ئىككى قىرغاقتا گاھ قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، يەر ئوغۇتلاۋاتقان دېھقانلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە قۇم، شېغىل - تاشلار ئۇرۇلسا، گاھ ئاسماندىن توپا يېغىپ، پۈتۈن جاھان قىزغۇچ چاڭ ۋە تۇمانغا غەرق بولاتتى، گاھ شارىلداپ ياغقان يامغۇردا دەل - دەرەخ، ئۇچار قۇشلارمۇ، ئادەم ۋە ھايۋاناتلارمۇ يۇيۇنۇپ، زەرەپشان دىيارى باشقىچە گۈزەللىشىپ كېتەتتى. لېكىن، ئادەملىرى كۆچۈپ كەتكەن كونا ياركەند شەھىرى زەيلىشىپ، ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ خارابىلىككە ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. يەنە بىرنەچچە قېتىم يامغۇر ياغىدىغان بولسا، ساق ئۆيلەرمۇ قالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئادەم ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىكەن، يېڭىدىن بىنا قىلىنغان شەھەرگە كۆچۈپ بېرىپ تېزلا ئاۋات قىلىۋەتكەنىدى. بۇ يىل كەلگەن ھۆپۈپمۇ كونىشەھەرنىڭ دەرەخلىرىگە قونماي، يېڭى شەھەرنىڭ تال - جىرىملىرىغا، يېڭىدىن ياسالغان مەسچىت - مەدرىسەلەرنىڭ مۇنارلىرىغا قونۇپ سايراشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ قايسى چاغدا كەلگىنىنى كىشىلەر

كۆرمىگەن بولسىمۇ، تېرەك، سۆگەت شاخلىرىغا قونۇپ سايراۋاتقىنىنى بالىلارمۇ، چوڭلارمۇ كۆرۈشتى. دېھقانلار: «ھۆپۈپ كەپتۇ، يېڭى بىنا قىلىنىغان شەھىرىمىزنى مۇبارەكلەپ سايراۋاتىدۇ، بۇ يىل بۇرۇنىراق ئىسسىق بولغۇدەك» دېيىشتى، قارلىغاچ كەلگەندىمۇ شۇنداق دېيىشكەنىدى. قارلىغاچ ھاۋا تۇتۇلغاندا، ھۆپۈپ ھاۋا ئېچىلغاندا كېلەمدىكىن؟ بۈگۈن ئاسماندا بۇلۇتنىڭ قارىسى يوق، ھەممە ياقتىن «ھۆپۈپ» دېگەن ياڭراق ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

ئوردىدا تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرى ھۆپۈپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا كىچىك ۋاقتىدا بېشىنى قوماق بېسىپ كېتىپ تەستە ساقايغان ئەمىر ۋەلى تاغايغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتكەن بۇ ئىشىكئاغىسى پۈشۈلداپ تىنىپ يەرگىچە ئېگىلدى:

— قۇللۇق، شاھىم، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.

مىرزا ئابابەكرى قاقاھلاپ غەمزە قىلدى:

— ھەي، ئىشىكئاغىسى، دەرھال چىقىپ ئەنە شۇ سايراۋاتقان ھۆپۈپ قونۇپ تۇرغان شاخنى ئەكېلىڭ...

— باش ئۈستىگە، شاھىم.

ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - ئەركانلار بىر - بىرى بىلەن كۆز يېقىشتۇرۇپ ئەجەبلىنىپ قالدى. مىرزا ئابابەكرى تەختتىن چۈشۈپ شاھانە تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن كەشمىر قەغىزىگە يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئالدى.

— ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر، قازى - قۇززات، مۇنەججىم - ھۆكۈمالار، ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ۋە ھەربىرلىرىنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى بىلەن ياركەند تەختىدە ئولتۇرغىنىمغا تېخى يىل توشمىدى. بۇرادىرىم نەزەر مىرزا سايىسىدىن چۆچۈپ قېچىپ كەتمىگەن بولسا، شۇنداق، ئۇ ئىز - دېرەكسىز ئەرۋاھتەك يوقالمىغان بولسا، بۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشقا ھەددىم يوق ئىدى. بوش قالغان تەختتە ئاخىر بىر كىشى ئولتۇرۇشى كېرەك -

دە. ئاللا پېقىرغا نېسىپ قىلغانىكەن، ئولتۇردۇم. بۇنىڭدىن بارچە خالايىق خۇرسەن ۋە رازى. ھالبۇكى، كاشغەر ئەمىرى بولمىش ئۆگەي ئاتام مۇھەممەدھەيدەر مىرزا پېقىردىن خەۋپسىرەپ قالغان چېغى. ئاڭلىشىمچە تەختىمنى تارتىۋالارمىكىن دېگەن گۇمان بىلەن خاتىرجەم بولالمايۋېتىپتۇ. ئۇستۇمگە لەشكەر تارتىپ كەلگەن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ يېڭىلىشى ئۇنىڭ ھۆرمەتلىك ئاتىسى بولغان موغۇلىستان شاھى يۇنۇسخاننىمۇ بىئارام قىلغاندەك تۇرىدۇ. خۇراسان، خارەزىم شاھلىرىمۇ دىققەت - نەزىرىنى پېقىرغا قاراتقاندەك قىلىدۇ. ۋاللاھۇئەلەم، پېقىرنىڭ ھېچقانداق يامان غەرىزى يوقلۇقى پەرۋەردىگارى ئالەمگە ئايان، ئەگەر باشقىچە نىيەت، ئارزۇدا بولىدىغان بولسام، بۇ چاغقىچە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش قىلىپ كاشغەر ۋە ئاقسۇنى ئۆز تەسەررۇپۇمغا ئالغان بولاتتىم. ياركەند شەھىرىنى قايتا بىنا قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، قاغىلىق ۋە خوتەننى ئېلىپ كەشمىر، ئافغانىستان تەرەپكە يۈرۈش قىلغان بولاتتىم. چۈنكى، مەنمۇ ئەل سورىغان سانىز مىرزىنىڭ ئوغلىمەن. مۇنداق قىلىشقا نېمىشقا ھەققىم بولمىسۇن؟ ۋاھالەنكى، مەقسىتىم ئۇ ئەمەس، ياركەند دىيارىنى ئاۋات قىلىش، يەتتە ئىقلىمدىكى نامدار شەھەرگە ئايلاندۇرۇش، مانا مۇشۇ مۇددىئادا ئەمىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاتامغا بۇ مەكتۇپنى ئەۋەتمەكچىمەن. ئوقۇپ بېرەي، ۋاقىپ بولۇپ قېلىشقايلا، — مىرزا ئابابەكرى خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى، — «جانابىي ئاللا كاشغەر تەختىدە بەرقارار قىلغان ھۆرمەتلىك ئەمىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا پەدەر بۇزرۇكۋارىمغا: ئاللانىڭ ئىنايىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەكتۇپىنىڭ شاراپىتى بىلەن مېنى سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزغان ياركەند جامەسى، شاھدانە كوكۇلداش باشچىلىقىدىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمىر مۇھەممەدبېك قاتارلىق سەردارلار ئۆزلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. پەرۋەردىگارىمىز ئاللا ئۆزلىرىنى پاناھىدا

ساقلاپ بەختىمىزگە تاجۇسەلتەنەتلىرىنى ئۆمۈرلۈك قىلغاي، پىقىرنى قۇلۇم دېسىلە قۇللىرى، پەرزەنتىم دېسىلە پەرزەنتلىرىمەن. ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ئاۋام خەلققە، ئاجىز يېتىم ـ يېسىرلارغا خەزىنىدىن ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ياراملىق زاتلارنى ئىش بېشىغا قويۇپ، نەزەر مىرزىنىڭ دەۋرىدە ئارىسى بۇزۇلغان ئەلدە ئاسايىشلىق، ئەمىنلىك ئاتا قىلىش يولىدا كۈچۈمنى ئايىماۋاتىمەن، ھەزرەتلىرىنى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىمەن. پىتنە ـ پاسات، يالغان خەۋەرلەرگە ئىشەنمىگەيلا، تاجۇتەختىمىنىڭ زىنهار كامال تېپىشى ئۈچۈن ئۆزلىرى ياركەندكە قەدەم رەنجى قىلىپ خىزمەتلىرىمنى كۆزدىن كەچۈرگەيلا ۋە دۇئا بەرگەيلا. ئاللادىن مىننەتدار بولغۇچى نامۇناسىپ پەرزەنتلىرى مىرزا ئابابەكرىدىن.» مانا بۇ مەكتۇپنى ئەۋەتكىنىمگە ئالاھازەل ئىككى ئايدىن ئاشتى، پەدەر بۇزرۇكۋاردىن خەۋەر يوق. بۇ خەتنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىشىم، غەيرىي تىلەك، ئارزۇيۇمنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر، جانابلار.

ئۇ خەتنى شاھدانە كوكۇلداشقا بەردى.

— ساقلاپ قويۇلسۇن، ۋەزىرىم.

— قۇللۇق، شاھىم، — شاھدانە كوكۇلداش يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىككى قوللاپ خەتنى ئالدى. ئۇ گەۋدىلىك، تەمبەل بولسىمۇ، مۈشۈ تاپتا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىدا قېچىرنىڭ يېنىدا تەخەي تورغاندەك كىچىكلەپ قالدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ بويى شۇنچىلىك ئېگىز ئىدىكى، ھەرقانچە قامەتلىك سانالغان ئەرمۇ ئۇنىڭ يەلكىسىگە كېلەتتى. ئەگەر ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئۆرە تۇرسا قوي پادىسىغا قوتاز كىرىپ قالغاندەك بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. قارلىغاچ قانىتىدەك شاپ بۇرۇتى دۈگىلەك قىلىپ چىرايلىق ياسالغان قاپقارا ساقىلى ئۇنىڭ كېلىشكەن تەمبەل بەستىگە باشقىچە سالاپەت بەرگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

پۈلتىيىپ چىققان قوشۇمىسى ئاستىدىكى چوڭقۇر قورۇقلار بىر قاراپلا كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان يوغان كۆزلىرىگە دالىدا بولغانىدى. شۇ دەم نەشتەردەك سانجىلىپ قارىشىدا، ئۆلتۈرغان ھەممەيلەننىڭ نەزىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىغانىدى. شۇڭا، تىللىرى تۇتۇلۇپ قالغاندەك ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. ئاخىرىدا جۇرئەتلىكرەك سانالغان ئەمىر لەشكەر مۇھەممەدبېك ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ تىزلاندى:

— ئەي، ئادالەتلىك شاھىم، بۇ نامىدىكى مەزمۇن بىز ۋەزىر - ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلىمىزدىكىنى ئىزھار قىپتۇ. بۇنىڭغا ئەمىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزىلا ئەمەس، بەلكى پادىشاھ يۇنۇسخانمۇ قايىل بولغۇسى، چۈنكى ئالىيلىرى شاھ چىڭگىزخان زامانىدىن بېرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ دانا ھەم ئەلاسىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىلا. چوڭ بوۋىلىرى ئەمىر خۇدايداد سەلتەنەتتە دوغلات قەبىلىسىنىڭ باش ئەمىرى بولغانىكەن. ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان بوۋىلىرى ئەمىر سەييىدئەلىمۇ كاشغەردە يىگىرمە تۆت يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ۋاپات بولغاندا، دانا ئاتىلىرى سانىز مىرزا كاشغەر، يېڭىسارنى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىپ، ئۆزى ياركەندنى پايتەخت قىلغان، بۇ دىيارغا ئالىي ھىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. ھالبۇكى، ياش جەھەتتە كىچىك بولسىلىرىمۇ ئەمىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئۆزلىرىگە بەيئەت قىلىشى لازىمدۇر، شاھىم.

— ئارى، — شاھدانە كوكۇلداش ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ يېنىدا تىزلاندى، — شاھىم! بۇ مەكتۇپ ئالىي ھىممەتلىك نەسەبلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئەلۋەتتە تېخىمۇ يۈكسەك قىلغاي، چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئالىيلىرىنىڭ قەلەم ۋە ئەلەمدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغۇچى ھۆججەت بولۇپ قالغاي.

— ئارى! — ھەممە بەگ، ۋەزىر، ئەمىر - سەردارلار بىردەك

تىزلاتتى.

— ئورنۇقلاردا ئولتۇرۇقلار، ئەركانلىرىم، — مىرزا ئابابەكرى سۆزىنى داۋام قىلدى، — كۆپچىلىك، سىلەر خانلىقىمنىڭ تىرىكى، كۈچى، قۇدرىتى. پېقىر قولۇمغا قىلىچ ئېلىپ چەۋەندازلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندىن بېرى ھەربىرلىرى بىلەن ئەسرا بولۇپ كېلىۋاتىمەن. ئاتام مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يېنىدىكى ۋاقتىمدىمۇ، سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالدىدا خىزمەتتە بولغان چاغلىرىمدىمۇ، ھەربىرلىرى پېقىرنىڭ ھۆرمەت - ئىززىتىمنى قىلىشىپ يۈقىرى ئابرۇيغا ئىگە قىلىشتىلا، بۇ نۆۋەت ياركەندتە تەختكە چىققان قۇتلۇق دەمدىمۇ پەرمانبەردار بولۇپ، ياۋۇز دۈشمەنلەردىن قوغدىنىش، ئاۋام خەلقنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش، يېڭى شەھەر بەرپا قىلىش، يول ياساش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىدا جان پىدا قىلىشتىلا، ئاللا بۇنىڭدىن رازى، تەختتە ئولتۇرۇشۇمنى بۇيرۇغان خوجا ئەھرار ھەزرىتىم رازى. ئاۋام خەلق رازى، ھەربىرلىرىگە جانابىي ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

— بىز قۇللىرى ياركەند شەھىرىنى قايتا قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن ئالىيلىرىدىن رازىمىز، — ۋەزىر - ئەمىرلەرنىڭ ساداسىدىن ئوردا يەنە لەرزىگە كەلدى.

— جانابىي ئاللادىن مىننەتدارمەنكى، ھەربىرلىرىنىڭ پىداكارانە باشلامچىلىقلىرى ئارقىسىدا بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا مانا بۇ يېڭى ياركەند شەھىرى بىنا قىلىنىپلا قالماستىن، شەھەر ئەتراپىدا ئون ئىككى مىڭ يېڭى باغ ئەھيا قىلىندى. كاتتا سەيلىگاھ نورۇزدۆڭدە ياسالغان راۋاق ئاشىيان ھېچقايسى شەھەردە يوقتۇر. بىر تەرەپتە جاھانباغ، چىنىباغ، بىر تەرەپتە شامالباغ، گۈلباغ ... كەبى، — مىرزا ئابابەكرى بىردىنلا سۆزدىن توختاپ ۋە كەينىگە يېنىپ، تەختكە چىقىپ ئولتۇردى، — لېكىن بۇ مۇبارەك يېڭى شەھىرىمىزنىڭ سېپىلى تېخى پۈتمىدى. تېز ئارىدا سېپىل ياساش تاماملانسا، بۇ شەھەر بىر

مۆجىزە بولۇپ قالىدۇ.

— ئارى، — قازاندەك چوڭ سەللە ئورىغان قارىكالان ھاتەمشاھ مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى، — زېمىنۇئاسماننىڭ ياراتقۇچىسى ئاللا ئىگەم بۇ ئىشنى ئالىيلىرىغا ئىرادە قىلغانىكەن. باشقا ھېچقانداق شاھ - سۇلتانلارنىڭ قولىدىن كەلمەس. جانابىي ئاللانىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى شۇنداق جايىغا كەلتۈردىلەركى، خوجا مۇھەممەد قىزالىدىن ھەرقانچە قارغىسىمۇ، پىرىمىز خوجا ئەھرار ھەزرىتىمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئالىيلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئېشىۋېرىدۇ. نامىشەرىپلىرى تارىخلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ھارۇن رەشىد، سۇلتان سۇتۇق بوغراخانلاردەك زىكىر قىلىنىپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالغۇسى، پەرۋەردىگار ئالەم ئالىيلىرىغا ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىنى، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تەنتەنە - دەبدەبىسىنى بەرسۇن، ئامىن!

— ئامىن! — ئوردا ئىچى كۆتۈرۈلگەن قوللاردىن قاراڭغۇلاشتى. «شۈكۈر، ئەي، ئاسمان - زېمىننىڭ ئىگىسى ئۇلۇغ ئاللا، غالىب بەندىلەرىنىڭ قاتارىدا قىلغىنىڭغا شۈكۈر، لەۋزىمنىڭ ئۆتكۈر قىلىچتەك بولۇشىغا، قىلىچىمنىڭ قىيا تاشنىمۇ بىسى يانماي پارە قىلىشىغا نېسىپ قىلغىن، پېقىر قۇلۇڭ ساڭىلا باش ئېگىدۇ.»

مىرزا ئابابەكرى كۆڭلىدە شۈكۈر ۋە ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن، ئاستا دېدى:

— ۋەزىرلىرىم، ئەمىرلىرىم، ئەلەم - قەلەمدە ئۆمۈرۋايەت مەن بىلەن بىللە بولۇشقا ئەھدە قىلغان قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرگە ئىشىنىمەن. كىمكى بۇ ئىشەنچكە داغ چۈشۈرىدىكەن، ياكى ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، دەرھال بېشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ياكى خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىدەك تىرىك تۇرۇپ بالىچاقىسى بىلەن دىدارلىشالمايدىغان ھىجران ئازابىغا

قالدۇرۇلىدۇ. بۇ ئۆلتۈرۈلگەندىنىمۇ ئازابلىق، — ئۇ سۆزدىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ كۈنى مۇھەممەد سەرۋەرى كىرگەن چاغدىكى ئاجايىپ ھالەت كەلدى. مىرزا ئابابەكرى «ئۇ ئايىغىمغا يىقىلىپ بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى:

— ئەي مىرزا، ئاللا دۇنيادا بۆرىنىمۇ، قوينىمۇ ياراتقىنىغا ئوخشاش، زالىمنىمۇ، مۆمىنىنىمۇ ياراتقان، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قىلمىشىغا لايىق جازاغا ئۇچرايدۇ. سىزمۇ شۇنداق، تەختكە چىقتىم دەپ ئۇنىچۇۋالا كۆرەڭلەپ كەتمەڭ، تەختتىن چۈشىدىغان نادامەتلىك كۈنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن شۇنى دەپ قويغىلى كەلدىم. ئەمدى قوچقار ياساۋۇلنى چاقىرىپ مېنى چېپىشقا بۇيرۇڭ، — دېدى كۆكرەك كەرگەن ھالدا تىك تۇرۇپ.

مىرزا ئابابەكرى قوچقار ياساۋۇلنى چاقىرمىدى، ئۇنى ئۆلۈمگىمۇ بۇيرۇمىدى. لېكىن، مۇنداق دېدى:

— ئاللا سىنىڭ ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلغان ئوخشايدۇ. مەن سىنى ئۆلتۈرمەيمەن، ئەمما بۈگۈندىن باشلاپ خوتۇن - بالىلىرىڭنىڭ يېنىغا قەدەم باسمايسەن. ئەگەر ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشىدىكەنسەن، شۇ كۈنى ئۇرۇق - ئەۋلادىڭ تامام قەتلىئام قىلىنىدۇ. ماڭ، يوقال ! ...

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئاچچىق بىر كۈلدى - دە، گۈرس - گۈرس دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى خىيالدىن ئۆزىگە كېلىپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بېشىنى سېلىپ تۇرغان ئەمىر ۋەلى تاغايغا تىكىلدى.

— ئىشىكئاغىسى، ھۆپۈپ نېمىگە قونغانىكەن؟

— ئالىيلىرى، ھۆپۈپ ... — ئۇ دۇدۇقلاپ سۆز قىلالماي جايىدىلا تىزلاندى.

— ھۆپۈپ نېمىگە قونغانىكەن؟ قونغان نەرسىنى ئەكەلدىڭىزمۇ؟

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، شاھىم، ئەكەلدىم.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ باياتىن قىزىرىپ ئىسسىلىپ كەتكەن يۈزى سۇرلۇك تۇس ئالدى.

— قېنى كۆرسىتىڭ!

ئەمىر ۋەلى تاغاي كىمخاب تونىنىڭ يېڭىغا يوشۇرۇپ قويغان قۇرۇپ قالغان تىكەن شېخىنى چىقاردى ۋە ئىككى قوللاپ سۇندى.

— ئوردىنىڭ يان تېمى ئۇستىگە ئورنىتىلغان تىكەنلەر ئۇستىگە قونغانىكەن، تازا كۆرۈۋېلىپ شوتا قويدۇرۇپ ئالدۇردۇم.

— يېڭىلىشمىغانسىز، — سورىدى مىرزا ئابابەكرى قۇرۇق تىكەن شېخىنى ئېلىپ.

— زىنھار، شاھىم.

— يېشىل تال ياكى كۆك تېرەك شېخى ئەكېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. خەيرىيەت، داڭگال ئەكەلمەي، قۇرۇق تىكەن شېخى بولسىمۇ ئەكەپسىز. ئەمدى دەرھال چىقىپ مۇشۇ تىكەن شېخىنى ئالغان تامنى چاقتۇرۇۋېتىڭ. ئورنىدا ئىلگىرىكىدىن كۆركەم ـ ھەيۋەتلىك يېڭى تامنى كۆرەي، ئەمما ئۇستىگە قۇرۇق تىكەن شېخى ئەمەس، چىرايلىق ياسالغان ئۇچلۇق تۆمۈر زىخچە ئورنىتىلغان بولسۇن.

— خوپ، شاھىم.

ئەمىر ۋەلى تاغاي پۈتى بىلەن ئەمەس، بېشى بىلەن دومىلىغاندەك ئارقىسىچە تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— دانا تەدبىر، — دېدى شاھدانە كوكۇلداش ئېڭىلىپ، — ئوردا تېمى ئۇستىگە قۇرۇق تىكەن ئورنىتىش سەلتەنەتلىرىگە داغ تەگكۈزەتتى، ئەمدى دەل جايىدا بولدى.

مىرزا ئابابەكرى ۋەزىرىنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سالماي خىيالغا بەند بولدى: «خۇدايا پەرۋەردىگارا، ئاۋۋال ھەممىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ئاخىرىدا ھەممىدىن قۇرۇق قالارمەنمۇ؟ قۇرۇق تىكەن

شېخى ياخشى بېشارەت ئەمەس، بۇ چۈشۈمنىڭ كاپارىتىگە يۈز تىللانى غېرىب - غۇرۋالارغا بېرىۋېتەي. يېڭى شەھەر سېپىلىنى تېزرەك ياسىتىپ ياۋدىن ئەمىن بولغايمەن. پېقىر قۇلۇڭغا ئۆزۈڭ پاناھ بولغايسەن، ئاللا.»

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مۆھەممەدھەيدەر مىرزا سەردار نىياز مەشقاۋۇلدىن ئالىيلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتكەنىكەن، كىرسۇنمۇ؟ — دېدى يېڭى تەيىنلەنگەن ئوردا دەرۋازىۋەنلەر بېگى ئىبراھىم مەشرەپ دولانىي كىرىپ كەلگىنىچە تىزلىنىپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىيالدىن ئۆزىگە كەلگەن مىرزا ئابابەكرى ئىتتىك كىرىپ كەلگەن ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ سەردارى قوچقار ياساۋۇل بىلەن ئوردا ئەمىرى ئابدۇللا دانىشقا تەڭلا قاراپ:

— يەنە قانداق پالاكەت باستى؟ سېپىل تېخىچە پۈتمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى تايىنىپ ئولتۇرغان كۈمۈش ساپلىق قىلىچىنى تىزى ئۈستىگە ئېلىپ. ھەر ئىككىيلەن تىزلاندى، ئابدۇللا دانىش دېدى:

— شاھىم، كەچۈرگەيلا، سېپىلنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز تەر تۆكۈۋاتىمىز. بۇ ۋاقىتقا قەدەر ھەر ئائىلىدىكى ئۈچ جاندىن بىرسىنى ھاشارغا تۇتقانىدۇق. تاش - توپا، سامان توشۇشقا يەنىلا يېتىشمەي ئىككى جاندىن بىرسىنى ھاشارغا تۇتىمىز دېسەك، بەزىلەر قارشى چىقىپ: «ئەمىر نەزەر مىرزا ۋاقتىدا ئارامخۇدا كۈن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدۇق. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ۋاقتىدا ھاشارغا ئىشلەپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. بىزگە زادى ئاراملىق بارمۇ، يوق؟» دەپ غوۋغا كۆتۈردى. يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى زىندانغا تاشلىدۇق، غوۋغا ھېچ بېسىقمايۋاتىدۇ.

— بىرنەچچە كىشىنىڭ قول - پۇتىنى ئۈزۈپ چېقىۋەتتۇق، شاھىم، يەنىلا بېسىقمايۋاتىدۇ، — سۆز قىستۇردى قوچقار ياساۋۇل.

مىرزا ئابابەكرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بۇرۇتىنىڭ ئىككى

ئۆچىنى بۇراپ ـ بۇراپ قويۇپ، بىردىن ئورنىدىن تۇردى:

— يارلىق ! كىم سېپىل سېلىش پەرمانىمغا قارشى چىقسا، نەسىھەت قىلىسىمۇ پەيلىدىن يانمىسا، سېپىل ئاستىغا بېسىلسۇن، زىندانغا سالغانلارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ پۈتۈنى كىشەنلەپ تويا توشۇشقا سېلىڭلار. ئىش بېشىدىكىلەردىن كىمكى يارلىقىمنى ئىجرا قىلماي بوشاڭلىق قىلسا، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە قىرىق دەررە ئۇرۇپ، ئاندىن سېپىل ئاستىغا بېسىڭلار.

— باش ئۈستىگە، شاھىم، — دېدى قوچقار ياساۋۇل رەڭگى تاتىرىپ تۇرۇپ قالغان ۋەزىر ئابدۇللا دانىشقا مەنىستىمەسلىك بىلەن قاراپ.

مىرزا ئابابەكرى سوغۇق نەزەر بىلەن سورىدى:

— ۋەزىر، نېمە سەۋەبتىن زۇۋانىڭىز تۇتۇلۇپ قالدى؟

ئابدۇللا دانىش ئۇنىڭغا قارىدى:

— شاھىم، جانابىي ئاللا ھەممىلا ئادەمگە ئەقىل بىلەن كۆڭۈلنى ئوخشاش ئاتا قىلغان، قاچانكى ئالىيلىرى ياركەند تەختىگە ئولتۇرغان كۈندىن باشلاپ ئەقىل ئىگىلىرى خارلىنىپ، يۈرەكلەر مۇجۇلماقتا. بولۇپمۇ يېڭى شەھەر بەرپا قىلىش جەريانىدا ئوردا خەزىنىسىگە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىلدى، ئەمما خەلقنىڭ ئارامى بۇزۇلدى. قانغۇدەك سۇ، تويغۇدەك ئاش ـ نان بېرىلمەي، ئىشقىلا سېلىنىپ، كىشىلەر قاتتىق ئازابلانماقتا. پېقىر سۇلتانىمغا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرسەم، ئاللانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلىشقا ياردىمىم تېگەر دەپ ۋەزىر بولۇشنى ماقۇل كۆرگەنىدىم، ئەمدىلىكتە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.

— ھە، پۇشايمان قىلىۋاتامسەن تېخى، — مىرزا ئابابەكرىنىڭ قاشلىرى لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلىغان كۆكۈچ نۇر چىرايىنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىۋەتتى. ئۇ تۇتۇپ تۇرغان قۇرۇق تىكەن شېخىنى شىلتىپ دېدى:

— خېلى گېپىڭ بار ئوخشايدۇ، تەخىر قىلىپ تۇر، مەن

كاشغەردىن كەلگەن مېھماننى يولغا سالاي، — ئۇ باش ئېگىپ تۇرغان ئىبراھىم مەشرەپ دولانىيغا كۆز تىكتى، — سەردارنى باشلاپ كىر !

ئابدۇللا دانىش: «ھەرقانداق ئىش چەكتىن ئېشىپ كەتسە نارازىلىق قوزغايدۇ. يېڭى شەھەر بەرپا قىلىش ئەسلىدە ياخشى ئىش. لېكىن، بۇ ئىشتا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنمىسا، سۇلتاننىڭلا گېپى گەپ بولۇپ، ئاۋامنىڭ پايدا ـ زىيىنىغا سەل قارالسا، ئىش مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنماي زورلۇق قىلىنسا، جاندىنمۇ كېچىدۇ كىشى، ھەي ! ... مىرزا ئابابەكرى، سەن كونا شەھەر ئورنىنى كولىتىپ، نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىگە بولۇپ كۆزۈڭ تورلىشىپ قالدى. ئېغىر ئەمگەك ئاستىدا ئارام ئالالماي ئاجىزلاپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرمەي، نام ـ ئابروي قازىنىش كويىدا بولۇپ كېتىۋاتىسەن. خەپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇنىڭ سورىقى بولماي قالمايدۇ» دەپ ئويلىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— كاشغەر ئەمىرى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىدىن نامە ئەكەلدىم، مىرزا، — دېدى سەردار نىياز مەشقاۋۇل لېپاپلىق مەكتۇپنى ئىككى قوللاپ سۇنۇپ.

— مېنىڭ ئىلگىرىكى تاغام، ھازىرقى ئۆگەي ئاتام بولمىش مۇھەممەدھەيدەر مىرزا شۇنداق دېگىن، دېگەنىمىدى؟ — سورىدى كۆزى قىزىرىپ چىرايى تاتارغان مىرزا ئابابەكرى قولىدىكى قۇرۇق تىكەن شېخىنى سىقىملاپ تۇرۇپ.

— ماڭا مەكتۇپنى تېز يەتكۈزۈشۈمنى تاپىلىدى.

— مەكتۇپنى ۋاقتىدا كەلتۈردۈڭ، يىگىت، ساڭا ئۆزۈڭ كۈتمىگەن ئىنئام بېرىلىدۇ، — دېدى مىرزا ئابابەكرى مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن. ئۇ سەردار قوچقار ياساۋۇلغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاڭلىدىڭمۇ، ياساۋۇل، بۇ يىگىتنى ئېلىپ بېرىپ سېپىل قۇرۇلۇشىدا ئىشلەت، كۈچ ـ غەيرىتى ئارتۇقتەك قىلىدۇ. ئەگەر خىزمىتى كۆرۈنەرلىك بولسا، تەخىر قىلماي

ئابدۇللا دانىشنىڭ كەينىدىنلا باغى ئېرەمگە يولغا سېلىپ قويغىن. ئۇقتۇڭمۇ؟

ۋەزىر ـ ئەمىرلەر چۆچۈشۈپ يەرگە تۆۋەن قاراپ قېلىشتى. قوچقار ياساۋۇل ئالدىغا بىر قەدەم بېسىپ يۈكۈندى:

— ئۇقتۇم، شاھىم!

— ئەمدى بۇلارنىڭ تېتىقسىز سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ۋاقتىمنى زايا قىلغۇم يوق. بۇلارنى ئەكەت. ھە، توختا، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن قورۇلۇشقا سەن مەسئۇل، سېپىل بىر ھەپتىدە پۈتۈشى كېرەك!

— ئورۇنلايمەن، شاھىم!

— يۈرۈڭ، يىگىت! — ئابدۇللا دانىش مىرزا ئابابەكرىنىڭ گېپىنى تازا ئاڭقىرالماي تۇرغان نىياز مەشقاۋۇلنىڭ يېڭىدىن تارتىپ كەينىدىن مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى، — بىزگە بۇ دۇنيادا خوۋلۇق يوق. ئاللانىڭ دەرگاھىغا بىللە بارىدىغان بولدۇق، ئىنىم.

— مېڭىش! — كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغان قوچقار ياساۋۇل ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى لىپاپىنى ئېچىپ خەتنى ئالدى. ئۇنىڭغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئۈنلۈك ئوقۇدى:

بەخت قۇشىنى بېشىغا قوندۇرغان باھادىر بالام مىرزا
ئابابەكرىگە، ياركەند ئەھلىگە ...
كەمىنە كاشغەردە دۇئالىرىدا بولۇپ تۇرغۇچى
ۋالىدەلىرىدىن، ئەمىر ئاتىلىرىدىن، ئەمىر سەردارلاردىن،
كاشغەر ئەھلىدىن دۇئايىسالام.
ئاللا پاناھىدا ئامان ـ ئېسەن تۇرۇۋاتقانلا؟
ئەزىز بالام، ئاڭلىشىمچە ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ ئورنىغا
چىققانلىرىدىن كېيىن زور غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن
ياركەند شەھىرىنىڭ ئورنىنى يۆتكەپ قايتا بەرپا

www.uyghurkitap.com

قىلىۋېتىپلا. بۇنىڭدىكى غەرەز ـ مۇددىئالىرىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئەمەسلىكى پېقىرنىمۇ ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. نەزەر مىرزىنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بولسا مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئەمما، كىچىكلىرىدىن تارتىپ ئاتا ئورنىدا تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەنلىكىم تۈپەيلى كۆڭلۈم ھېلىمۇ تىوق. شۇڭا، ۋالىدەلىرى بىلەن بىللە ياركەندكە بېرىپ سىلى بىلەن دىدار كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدۇق. ئاللا خالىسا ئەتە سەھەر يولغا چىقىمىز.

نامۇناسىپ ئاتىلىرى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا.

ھىجرىيە 879 ـ يىلى ① رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 9 ـ كۈنى.

مىرزا ئاتابەكرى خەتنى ئوقۇپ بولۇپ تەختتىن چۈشتى. دۇررىدە ئورنىدىن قوپقان ۋەزىر ـ ئەمىرلەر قول باغلاپ تۇرۇشتى.

ــ جانابلار، ــ دېدى ئۇ بوك ئاۋاز بىلەن، ــ كاشغەر ئەمىرى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يەتتە ـ سەككىز كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ. بۈگۈن دۈشەنبە، كېچىكسە كېلەر شەنبە كۈنى بىز بىلەن دىدار كۆرۈشىدۇ. مۇشۇ يەتتە كۈن ئىچىدە سېپىل پۈتۈپ، شەھەر ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ بولۇشى كېرەك. بۇ چاغقىچە ئابدۇللا دانىش ۋەزىرلىك سۈپىتى بىلەن بۇ ئىشقا باشچىلىق قىلىپ كەلگەنىدى، ئەمدى قوچقار ياساۋۇل باشچىلىق قىلىدۇ. بارلىق ۋەزىر ـ ئەمىر، ئوردا سەردارلىرى بۇ ئىشقا نازارەتچى بولۇپ ھەيدەكچىلىك قىلىشلىرى كېرەك. ئەگەر سېپىل پۈتمىسە، بۇ شەھەر تېمى يوق ھويلىغا ئوخشاپ قالىدۇ. تېمى يوق ھويلىغا ئوغرى ـ قاراقچىمۇ، دوست ـ دۈشمەنمۇ ئۇسۇپ كىرىۋېرىدۇ. بۇ ھالدا مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى قانداقمۇ شەھەرگە تەكلىپ قىلغىلى بولسۇن؟ يارلىق: كىمكى بۇ ئىشقا

① ھىجرىيە 879 ـ يىلى ــ مىلادىيە 1475 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بويۇنتاۋلىق قىلىدىكەن، بېشى ئېلىنىپ سازايى قىلىنسۇن، بۇ زور ئىشقا شاھدانە كوكۇلداش ۋە ئەمىر مۇھەممەد بېك باش نازارەتچى بولىدۇ. مەن دۈشەنبە چۈشتىن كېيىن پۈتۈن شەھەرنى ئارىلاپ سېپىلنى كۆرگىلى بارىمەن. ھازىردىن باشلاپ شاھدانە كوكۇلداش ۋە ئەمىر مۇھەممەدبېكلارنىڭ باشچىلىقىدا بۇ زور ئىشىمىزنىڭ ۋاقتىدا ئورۇنلىنىپ بولۇشى ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ، بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىشقا ئاتلانغايسىلەر.

— باش ئۈستىگە، ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈرگەيمىز، — دېيىشتى ۋەزىر - ۋۇزرالار يۈرەكلىرى ئاغزىغا كەپلەشكەن ھالدا، ئۇلار شۇ ئالاقزەدىلىك ئىچىدە قورۇق تىكەن شېخىنى تۇتقىنىچە مەغرۇر قەدەم تاشلاپ ھەرەمگە چىقىپ كېتىۋاتقان مىرزا ئابابەكرىنى تەزىم بىلەن ئۇزىتىپ قېلىشتى.

## بەشىنچى باب

# قارا پەرەنجىلىك ئايال

يېڭى پاركەند شەھىرى قارىسا تۈزلەڭلىكتەك كۆرۈنىدىغان قىيپاش قۇرۇق دۆڭلۈك ئۈستىگە بەرپا قىلىنغانىدى. ئۇزۇن ـ قىسقا، خالتا ـ ئەگىم كوچىلار كونا شەھەر كوچىلىرىغا قارىغاندا كەڭرەك بولۇپ، يولۇچىلارغا ئازادىلىك بېغىشلايتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېرىقلاردا شىرىلداپ ئاققان سۇدا بالىخانا دېرىزىسىدىن قىيا باققان چوكان ـ جۇۋانلارنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يول ياقىسىغا تىكىلگەن كۆچەتلەر شاخ ئايرىپ ئايىنىشقا باشلىغانىدى.

شەھەرنىڭ سېھىرلىك كۆچى ئادەم، زىبۇ ـ زىننىتى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھتۇر. ئەمدىلەتىن ياشناۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ ھەرقايسى كوچا ـ مەھەللىلىرىگە يەتتە مىڭ تۇتۇنلۇك ئائىلە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تۆت كوچا ئاغزى بولغان گۇزەرلەردىكى ئوقەتچىلەر، لاتىپۇرۇش، دورىپۇرۇشلارنىڭ دۇكان يايمىلىرى بۇ يېڭى شەھەرنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا يۈزلەنگىنىدىن دېرەك بېرەتتى. يېڭى سېلىنغان مەسچىت گۈمبەزلىرىنىڭ قۇببىلىرى، پەشتاق ـ مۇنارلارنىڭ رەڭدار كاھىشلىرى كۈن نۇرىدا پارىلدايتتى. ئۇيما، قاپارتما نەقىش چۈشۈرۈلگەن تۈۋرۈك ۋە راۋاقلار ئادەمنىڭ كۆز يېغىنى يەيتتى.

بۈگۈن مىرزا ئابابەكرى ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناماز بامداتنى ئوقۇپ، ئارقىدىن غىزالاندى ـ دە، ئالاھىدە زىننەتلەپ سۈپۈرۈپ كۆك مۇز قىلىۋەتكەن يېڭى

www.uyghurkitap.com

شەھەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىقتى. دەبدەبىسىمۇ، ھەيۋىسىمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك بۇ سۇلتاننى كۆرگىلى چىققان خالايىق يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تەزىم بىلەن ئۆن ـ تىنسىز تۇرۇشاتتى.

مىرزا ئابابەكرى سەيلە ـ ساياھەت ئورنى بولغان نورۇزدۇڭدىن تارتىپ، شامالباغ، گۈلباغ، جاھانباغ، چىنىباغ، ھەيرانباغ قاتارلىق ئارامگاھلارنى ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن سۇرلۇك چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ ئېتىنى توختىتىپ، دېدى:

— ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر، ياركەند خەلقى ھەقىقەتەن قابىل ئىكەن، قايىل بولدۇم. دۇنيادا ھېچقانداق شەھەر بۇ كەبى تېز پۈتمىگەن بولسا كېرەك، بۇنى قۇتلۇقلاش لازىم، — ئۇ خەزىنە ۋەزىرى سۇلايمان دەۋرانىيغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— ھەربىر شەھەر پۇقراسىغا بەش سەردىن كۈمۈش تارتۇق قىلىنسۇن.

— بارىكاللا، شاھىمىز، ساخاۋەت بابىدا ھاتەم ئىكەنلا، ئۆزلىرىدەك جۇرئىتى بار ئىستىبداتلىق سۇلتاننى جانابىي ئاللا بۇ دىيارغا سۇلتان قىلمىغان بولسا، يېڭى ياركەند شەھىرى بەرپا قىلىنمىغان بولاتتى. جانابىي ئاللا ئۆزلىرىگە رەھمەت قىلسۇن، مەرتىۋىلىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مەرتىۋىسىدەك ئۈستۈن بولسۇن.

ۋەزىر ـ ئەمىرلەر باش ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ مەدھىيە سۆزلىرىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇۋەتتى. ئۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ كونا شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. ۋەزىرلەر مىرزىنىڭ نېمە ئۈچۈن خارابىلىككە ئايلىنىپ قالغان كونا شەھەرگە بارماقچى بولغىنىنى بىلەلمەي، خاۋاتىرلەنگىنىچە ئارقىسىدىن ئىتتەك سوكۇلداپ يۈرۈپ كېتىشتى.

كونا شەھەرنىڭ زەي باسقان مەينەت كوچىلىرىدا كىشى كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپتىن غېرىبلىق، مىسكىنلىك چىقىپ،

ئۇستى ئېچىلغان ئۆيلەردىن ھەسرەت چاقچاقلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى، ئەلى سەردار كەبى ئەمىرلەر، نەزەر مىرزىغا سادىق بىر قىسىم ئەمەلدارلار، شەھەر قورۇلۇشىدا نارازىلىق بىلدۈرگەن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىلا يېڭى شەھەرگە كۆچۈشكە رۇخسەت قىلىنماي قالدۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى. مىرزا ئابابەكرى بەلكىم بۇ كونا شەھەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ يەردە قالغانلارغا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندۇ؟ لېكىن، ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەت بىلدۈرمىدى ياكى ھال ئېيتمىدى.

— ئەي، شاھىم، بۇ يەردە قالغان بەختسىز، كۆڭلى قاربىلارنى جازالامدۇق؟ — سورىدى شاھدانە كوكۇلداش سۇلتاننىڭ مەقسىتى شۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ.

— جانابىي ئاللا پېقىرنى ياركەندكە شەپقەت قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمدار قىلغان، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ، ۋەزىر، ئەتە نورۇزدۆگىدە ۋە ھەرقايسى مەسچىت - مەدرىسىلەردە قازان ئېسىلىپ، خەلققە مېنىڭ نامىمدىن زاراخەتمە بېرىلسۇن! غېرىب - غۇرۋالارغا ئون سەردىن بىر سەرگىنچە كۈمۈش ئىنئام قىلىنسۇن!

— خوپ، شاھىم.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاستىدىكى تورۇق ئات تۇيىقى ئاستىدىن چاڭ چىقىرىپ چاپچىپ تۇراتتى. ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇستى ئېچىلىپ ئوت قويۇۋېتىلگەن، ئاستى قىزىلغان، ئۆيلەر كۆپرەك بولغان بىر خارابە كوچىغا كىردى. ئات تۇيۇقسىز ئۇركۈپ مىرزا ئابابەكرىنى يەرگە تاشلىۋەتكىلى قىل قالدى. ئۇ چېۋەر چەۋەنداز بولمىغان بولسا ئۇچۇپ چۈشۈپ زەي پاتقاققا مىلەنگەن بولاتتى. مىرزا ئابابەكرى غەزەپ بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ تارتتى. ئات ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كىشنەپ توختىدى. ئۇ

قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئېتىنىڭ ئالدىدا قارا پەرەنجە ئارتقان بىر ئايالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. قاراپ قېلىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە سورىدى:

— ھەي، بەتبەخت خوتۇن، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ، نېمىشقا ماڭا يول بەرمەيسەن؟

خوتۇن بارماقلىرىغا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان بىر قولى بىلەن چۈمبىلىنى قايرىپ شۇنداق قارىۋىدى، مىرزا ئابابەكرى گويا كىتابلاردا تەسۋىرلەنگەن ھۆرنى كۆرگەندەك ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ بۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇنداق چىرايلىق ئايالنى ئاز كۆرگەنىدى.

— پېقىر بىر ئاجىزە ئىكەنلىكىمگە قارىماي، سېنىڭ ياۋۇز تەلەتىڭنى كۆرگىلى ئۆيۈمدىن چىقتىم، قانخور! — دېدى ئايال بولاقتەك كۆزلىرىنى مىت قىلماي تىكىلىپ، — ئاللانىڭ ساڭا شۇنداق زور قەددى - قامەت، ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغىنىغا مىڭ ئەپسۇس، چۈنكى سەن مۆمىن ئېرىمنى ئۆلتۈرگەن قاتىلسەن، قانخور قاتىلنىڭ بەشىرىسى مۇنداق بەھەيۋەت بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— ئېرىڭ كىم؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى ئايالنىڭ جامالىدىن كۆز ئۈزمەي.

— نەزەر مىرزا ئاتىنىڭ ياساۋۇلى تۆمۈربەگ ئىدى. ئۇنى سېنىڭ ۋەھشىي ياساۋۇللىرىڭ بەش بالامنىڭ نالىسىگە قارىماي سۆرەپ چىقىپ يېڭى سوققان سېپىل ئاستىغا باستۇرۇۋەتتى. مانا كۆردۈم، سەنمۇ ئادەمگە ئوخشايدىكەنسەنغۇ، بەلكى قاۋۇل ئەبلەخ ئىكەنسەن.

مىرزا ئابابەكرى قىلىچنى شارت قىلىپ سۇغۇردى - يۇ، بۇ چىرايلىق چوكاننىڭ پەرەنجە ئېچىدىكى نازۇك بويىنىغا ئۇرۇشقا تىترەپ تۇرغان قوللىرى يارىمىدى. ئايال گەرچە قارا پەرەنجىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ساھىبجامالى، سەرۋىدەك قەددى - قامىتى، تولغان بەدىنى ئاشۇ پۈركەنجىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ

تۇراتتى. بۇ لەۋەنىنىڭ مىرزا ئابابەكرىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈزەل چېھرى بۇلۇت يېرىپ چىققان تولۇن ئاينىڭ ئۆزى ئىدى. «ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ خوتۇنىمۇ مانا شۇنداق قەيسەر، نازاكەتلىك، چىرايلىق بولغىيمىدى؟ ھەي، ئىست، قولۇمدىن بىكار چىقىرىۋېتىپتىمەن. نەزەر مىرزىنى ئۆلتۈرۈش ئالدىدا خوتۇنىنى تالاق قىلدۇرۇپ، دېدەك قىلىپ ئىشلىتىشكە ياساۋۇللاردىن بىرسىگە بېرىۋەتسەم، چىدالماي سارالڭ بولۇپ تۈگىشىپ كېتەتتى، خەير، بوپتۇ ... خۇدانىڭ بۇ لەۋەن نازىنىنىنى ماڭا يولۇقتۇرۇشىدا قانداق ھېكمەت باردۇ؟ تىلى زەھەر ئىكەن، ئىچىمۇ زەھەرمىدۇ؟ ياكى ...» ئۇ خىيالدىن توختاپ:

— ئاغزىڭنى يۇم، — دەپ ۋارقىرىدى، ئەمما ئۇنى بوش خىرقىراپ چىقتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ كۆڭلى ئىرادىسىگە بويسۇنمايۋاتاتتى. بۇ نادىر ئايالنىڭ جاسارىتىمۇ ئۇنى ھەيرەتتە قويغانىدى. بۇ دەمگىچە ئايال زاتى ئەمەس، ھەرقانداق باھادىر سەركەردىلەرمۇ يۈزتۇرا تۇرۇپ ئۇنى مۇنداق ئەيىبلىمىگەنىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇلۇتتەك تۈتۈلگەن چىرايى بارا - بارا ئېچىلدى. بىر ئارسلان چىشى يولۋاسقا ئۇچراپ قالغانىدى.

— ھەي، ئاللانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەن سائادەتلىك مەزلۇمە، مەن سېنى كەچۈردۈم. شۇ شەرت بىلەنكى، بۈگۈن كەچ خۇدا خالىسا ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن نىكاھىمغا ئۆتۈپ ماڭا خوتۇن بولغايسەن! — دېدى مىرزا ئابابەكرى جىددىي ھالدا.

چوكان شۇنداق قاقاھلاپ كۈلدىكى، ئات ئىرغىپ غەپلەتتە قالغان مىرزا ئابابەكرىنى تاشلىۋەتتى. ئۇ كىچىككىدىن ئات مىنىشتە ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن چەۋەنداز بولغاچقا، چاققانلىق بىلەن يەرگە دەسسىۋالدى - دە، تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ ئاتنى تىنچلاندۇردى. ئون قەدەم نېرىدا توختاپ تۇرۇشقان ۋەزىر - ئەمىر، سەركەردىلەر ھۆكۈمدارىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈشۈۋاتاتتى:

— خۇدا بۇ سۆزۈڭگە مېنى يىغلاتماي كۈلدۈردى، — دېدى ئايال، — مەن يىراقتىن قىيقاس - سۈرەننى ئاڭلاپ يەنە ئىبلىس

ياساۋۇللار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، قاراپ باقاي دەپ چىقىپ سېنى كۆرگىنىم، تەقدىر ـ پېشانەم ئىكەن. ھېچكىمنى كەچۈرمەيدىغان سەندەك بىر زالىمغا خۇدا مېنى ئەپىر قىلدۇردى، بولمىسا بەش بالام ئۈچۈن جېنىمنى سەدىقە قىلماقچىدىم. ھالبۇكى، سېنىڭ بۇ تەلىپىڭگە ماقۇل بولماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتىمەن. ئەمما، بۇ شەرتلىرىمنى بەجا كەلتۈرۈشۈڭ لازىمكى، ئۇنى رەت قىلماقچى بولساڭ، جاۋاب بەرمەيلا بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىل! باللىرىمغا ئاللا بار.

— قېنى شەرتلىرىڭنى ئېيتقىن، — مىرزا ئابابەكرى ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان جاسارەتلىك بەرنا ئايالغا قاراپ تۇرۇپ قىلىچىنى غىلاپقا سالدى.

— جانابىي ئاللا كۆڭلۈمگە سالغان بىرىنچى شەرتىم شۇكى، بۇگۈن قان تۆكمەسلىككە ۋەدە بەر.

— ۋەدە بەردىم، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — ئىككىنچى شەرتىڭنى ئېيت!

— مەن ئابدۇلئەزىز ياركەندىي ئاتلىق خالىۋاپىنىڭ قىزى ئۇممەگۇلسۇم بولىمەن، ئون تۆت يېشىمدا مەھەللىمىزدىكى سادىق كۇلالچىنىڭ ئوغلى تۆمۈربەگكە ياتلىق بولغانىدىم. ئون ئىككى يىلدا بەش باللىق بولدۇم، ئائىلىمىز ئاۋاتلىشىپ روناق تېپىۋاتقان ۋاقىتتا، سەن يۇرتىمىزنىڭ غەمگۇزار ھاكىمى نەزەر مىرزىنى كۆزدىن يوقىتىپ ئارامىمىزنى بۇزدۇڭ. ئېرىمنى ئۆلتۈرۈپ مېنى تۇل قىلىپ قويدۇڭ. مېنى ئەمرىڭگە ئالماقچى بولساڭ، نارەسىدە بەش بالامنى قاتارغا قوشۇش تەلىپىمگە ماقۇل بولۇشۇڭ شەرت.

— خەير، جانابىي ئاللانىڭ سېنى پېقىرغا ئۇچراشتۇرۇشىدا بىر ھېكمەت بار ئوخشايدۇ. بۇ شەرتىڭگە ھەم ماقۇل، قېنى ئۈچىنچى شەرتىڭنى ئېيت! — دېدى مىرزا ئابابەكرى بارغانسېرى ئايالغا مەھلىيا بولۇپ، «تۇۋا، نېمە ئىشتۇ بۇ، ئاللادىن باشقا ھېچكىمگە بويي ئەگمەس ھۆكۈمدار تۇرۇپ بۇ

مەزلۇمەنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلالمايۋاتىمەن! ... ئەجەب ...»

— ئۇچىنچى شەرتىم شۇكى، — دېدى ئايال، — پادىشاھ - سۇلتانلاردا ئىنساب بولمايدۇ، ئىنساب قىلدى دېيىلگەندىمۇ، ساھىبجامال ئاياللارغا كۆزى چۈشكەندە ئىنسابتىن چىقىدۇ، خۇددى سەن خۇنخوردەك. تەلىپىم: باشقا خوتۇن، كېنىزەكلىرىڭ بىلەن ئوردىدا تۇرغۇم يوق. ماڭا ئايرىم قورۇ - جاي بېرىشىڭ كېرەك. كۆزۈم شەھۋانىي ھەۋىسىڭنىڭ قۇربانلىرىنى كۆرمىسۇن، ئىلاھىم.

مىرزا ئابابەكرى بۇ نۆۋەت خىرىلداپ ئەمەس، قاقاھلاپ كۈلدى. يەر پۇراپ تۇرغان ئېتى پۇشقۇرۇپ باش كۆتۈردى - دە، تىزگىن سىيرىپ قاچتى.

— ئاجايىپ خوتۇن ئىكەنسەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ ئاتنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى، سۇلكەت - نازاكىتىگە قايىل بولغان ھالدا، — ئۈچ شەرتىڭ ئورۇنلىنىدۇ. خۇدا خالىسا بۈگۈن كەچ سېنى ساڭا ماقۇل كەلگەن قورۇ - جايغا يۆتكەپ ئەمرىمگە ئالىمەن، رازىمۇ سەن؟

— سەندەك زالىمغا شەرتلىرىمنى قوبۇل قىلدۇرغان ئاللا پېقىرنىمۇ خوتۇن بولۇشقا رازىلىق بەرگۈزدى. ئەمدى ئۆيۈمگە كىرىپ كېتەي، بالىلىرىم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. يولدىن قالمىغىن، — چوكان قايرىلغان چۈمبىلىنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ، نېرىراقتىكى قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى. سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ سېپىلنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا زادىلا غەزەپلەنمىدى. ئۇ سېپىلنىڭ ۋاقتى - قەرەلىدە پۈتكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كىشەنلەپ ئىشلەتكەن مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى قويدۇرۇۋەتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇممەگۇلسۇمنى بەش بالىسى بىلەن ئوردا ئارقىسىدىكى تەكىيىخانىغا يانداش سېلىنغان باغباراڭلىق قورۇغا يۆتكەپ كېلىپ، نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەمرىگە ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب

# ئەندۇۋا سىپىدىكى سىرلىق نەزمە

### 1

بۇ يىل زەرەپشانغا ئون كۈن بۇرۇن كەلكۈن كەلدى. دەريا قىنىغا پاتمىغان سۇ شىددەتلىك دولقۇنلاپ قىرغاقلارنى يالاپ، دەل ـ دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېقىتىپ كەتتى. ئادەمسىز قالغان سال، كېمە، قېيىقلارنى شارقىراپ ئاق كۆپۈكلەنگەن ئۆركەشلەر قورام تاشلارغا ئۇرۇپ پاچاق ـ پاچاق قىلىۋەتتى.

كەلكۈن تاغ باغرىدىن ئېقىتىپ كەلگەن ئېشەك، ئات، هاروۋا، ئۆي سەرەمجانلىرى، بۆشۈك ... قاتارلىق نەرسىلەرنى دولقۇنلار گاھ يۇتۇپ كەتسە، گاھ پۇرقۇپ قىرغاق ئۈستىگە تاشلايتتى. بۇ كەلكۈننى ئاسمان دېڭىزىنىڭ چېكى سۆكۈلۈپ كەتكەندەك كېچىچە چېلەكلەپ قۇيۇلغان يامغۇر باشلاپ كەلگەنىدى.

ناماز بامداتتىن كېيىن يامغۇر توختاپ هاۋا بىر ئاز ئېچىلغان بولسىمۇ، دەريا سۈيى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، گۈمۈرۈلگەن، پەسلەپ كەتكەن يەرلەردىن يا ئېلىپ ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەرنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى. سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئون چاقىرىمچە يەرگە ئاڭلىناتتى.

مىرزا ئابابەكرى هۇنەرۋەن ـ كاسىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ بىر قىسمىنى مۇهەممەدهەيدەر مىرزىنى قارشى ئېلىشقا چىقىرىپ، يەنە بىر قىسىم شەهەر ئاهالىسىنى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە ئاتلاندۇردى. كاشغەر دەرۋازىسىدىن تارتىپ يولنىڭ بىر قاسنى ـ

قىدا تۇغ ـ ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ تۇرغان لەشكەرلەر سېپى، يە ـ نە بىر قاسىنىقىدا ئاغرا ـ سۇناي، سازلىرىنى سازلاپ تۇرغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ سېپى تاكى زىنىنەتلەنگەن ياركەند دەرۋازى ـ سىدىن ئوردىغىچە سوزۇلغانىدى. ئون يەتتە نەپەر نۆكەر بۇرغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇشاتتى.

قۇياش ساما يولىدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي غەربكە قىيسايغاندا، كاشغەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۆرۈندى. دەل شۇ چاغدا مىرزا ئابابەكرى ۋەزىر ـ ئەمىر، سىپاھىلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ كەلدى. كاناي چېلىندى. لەشكەرلەر ۋە ئاۋام سەپراس بولدى، داقا ـ دۇمباقلارنىڭ شادىيانە ساداسى دالانى لەرزىگە كەلتۈردى.

ـــ خۇدا مىرزا ئابابەكرىنى سالامەت قىلسۇن!

ـــ ئەمىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ھەزرەتلىرىگە سالامەتلىك تىلەيمىز! ـــ دېگەن ئاۋازلار ھەرياندىن ئاڭلاندى.

دېلىغۇل بولۇپ كېلىۋاتقان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى كۆرگەن مىرزا ئابابەكرى ئاق قاشقىلىق ئارغىماقتىن ئىرغىپ چۈشتى ـ دە، ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى ۋە كاشغەرچە زەر قىياق تونىنىڭ پەشلىرىنى يۈزىگە سۈرتۈپ، كۆكۈچ نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ياش ئالدى:

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەمىر ئاتا، مېھىر ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ئوغۇللىرىنى يوقلاپ قەدەم رەنجى قىلغانلىرىدىن مىسكىن بېشىم كۆككە يەتتى. ياق ـ ياق، ئاتتىن چۈشمىسۇنلار.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا قارا تورۇقتىن پاياندازغا ئۇستىگە قەدەم قويۇپ، مۇنچىۋالا شاھانە دەبدەبىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان ھالدا:

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، ھۆكۈمدارنىڭ ئەمىر ئالدىدا تىزلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك

ئەمەسمۇ. پېقىرنى خىجىل قىلماي ھۆرمەتلىك ۋالىدەلىرى بىلەن كۆرۈشسىلە، — دېدى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا تەشۋىشلىك خىيال بىلەن قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇشىنى كۈتۈۋاتقان مىرزا ئابابەكرىگە. مىرزا ئابابەكرى مەغرۇرانە كۆز سىلىپ، زەر چۇچىلىق يوپۇق بىلەن پۈتۈنلەي چۈمكەلگەن مەپىنىڭ قارا مەخمەل دەرپەردىسىنى ئېچىپ ئۆزىگە قاراۋاتقان ئانىسىنى كۆردى ۋە چاپسان بېرىپ تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك دۇئاگۇيۇم خان ئانا! مۇبارەك دىدارلىرىنىڭ نۇر جۇلاسى ياركەند دىيارىنى روشەن قىلغۇسى، دىدارلىرىغا تەشنا بولۇپ چۆلدەرەپ قالغان كۆڭۈل دەشتىم ئۇسسۇزلۇقتا قانغۇسى. ئەي مېھرىبان ئانا، قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرى ئۈچۈن قانچىلىك خۇشال بولغىنىم جانابىي ئاللاغا ئايان. ئۇرغۇغان روھىم سائادەت كۆكىدە پەرۋاز قىلماقتا.

جامال ئاغىچىنىڭ كالۋۇتۇن دوپپا ئۈستىدىن ئارتىلغان ئاق ھىلھىلە رومىلىنى پۈتۈن قامىتىنى پىنھان ئەيلىگەن قارا پەرەنجىسى يوشۇرۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ جامالىنى بولۇتلار ئارىسىدىن مارىغان قۇياشمۇ كۆرەلمەيتتى. بىراق، مىرزا ئابابەكرى ئانىسىنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھاياجانلاندى.

— ئەي، جاھاندىكى ئانىلارنىڭ داناسى! پېقىر ئۈچۈن تۆككەن بىر قەترە يېشىڭىزنىڭ قىممىتى پۈتۈن ھاياتىمدىن ئارتۇق، بۇ قەرزنى قانداقمۇ تۆگىتىپ بولالايمەن؟ دۇئا بەرسىلە، مېھرىبانىم.

— ئەي باھادىر ئوغلۇم! ھۆكۈمدار بولۇپ، خۇددى قەددى ـ قامىتىڭدەك ئورنۇڭمۇ، ھۆرمىتىڭمۇ كۆتۈرۈلۈپتۇ. سەن قەرزىڭنى تۆلىدىڭ، سەندىن رازىمەن، بالام، — جامال ئاغىچا خېنىم قارا چۈمبەل ئىچىدىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ تەمبەل بەستىگە تىكىلدى، — ئەمما مەن ئىنىڭ ئۆمەر مىرزىدىن خاتىرجەم بولالماي كېلىۋاتىمەن. ئۇ ياۋاش، مۆكرەك، سەندەك



www.uyghurkitap.com

قەيسەر ئەمەس، ئاقسۇدا خوجا فىزالىدىننىڭ تەربىيەسىدە بويسۇنغۇچى بولۇپلا ئۆتىدىغان نامەرد ئەمەلدارلاردىن بولۇپ قالمىسىدى دەپ ئەنسىرەيمەن، بالام.

— ياق، خان ئانا، ئىنىم ئۆمەر مىرزا ئاقسۇدا تىنچ ياتقىنى يوق، ئۇ ئاقسۇنى بويسۇندۇرۇشۇمغا ياردەملەشمەكچى.

— مىرزا ئابابەكرى، — دېدى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالغان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يېقىنراق كېلىپ، — مېنى ئەندىشىگە سالغان دەل مۇشۇ ئىش. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ كاشغەردىن ئۆزۈم كەلدىم. بىز موغۇلىستان خانلىقىغا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز سادىقلىق بىلەن قوغداپ كەلگەن چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ تاجۇتەختىگە ئاسىيلىق قىلساق بولمايدۇ.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆزى كاشغەر ھۆكۈمرانى بولغان دادىسى — سانىز مىرزىنىڭ ئىنىسى بولمىش ھازىرقى ئۆگەي دادىسىغا قادالدى. قامەتلىك سانالغان مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ بويىمۇ ئۇنىڭ يەلكىسىگە كېلەتتى. دوغىلاق، سېمىز بۇ ئادەم ئۆگەي بالىسىنىڭ شۇنچىۋالا ھاكاۋۇرلىشىپ، يوغىناپ كەتكىنىدىن خاۋاتىرلىنىپ خىيالغا چۆككەنىدى: «گەپ يېمەيدىغاندەك تۇرىدۇ ...»

— قۇللىرىنى ئاسىيلىقتا ئەيىبلىسىلە ھەق بولمايدۇ، ئاتا، — دېدى مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ خىيالىنى بىلىپ ۋە جىددىي تۇستە قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، — بۇ تۆھمەت بىلەن پېقىرنى قارىلىغانلارنى قاتتىق جازالاشلىرىنى تەلەپ قىلىمەنكى، خۇدا بەرگەن بۇ ئۆمرۈمدە سىلىگە بويۇن تولغاش نىيىتىم زىنھار يوق، ماڭا ئىشەنسۇنلار.

— ھەزرىتىم، ئوغلۇم سىلىگە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. ئۆزىنى ياركەند سۇلتانى دەپ ئېلان قىلىشى، ئۇنىڭ دانالىقتا كامالەتكە يەتكەنلىكىدىندۇركى، ئاخىر سىلىمۇ ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىلا ئەمەسمۇ. پەرزەنتلىرى ئىچىدە ھېچقايسىسى ئەقىل - پاراسەت، ئەلەم ھەم قەلەمدە ئۇنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ. ئەگەر

باشقا نىيىتى بولسا سىلىگە ھەرگىزمۇ بويسۇنمىغان، مۇنداق دەبدەبە بىلەن كۈتۈۋېلىشىنىڭ ئورنىغا قىلىچ كۆتۈرگەن بولاتتى.

— ئانىسى، ئوغلىمىزنىڭ ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلىشى ئاسىيلىق بولىدۇ، بۇۋىسى خۇدايداد مىرزىمۇ، ئاتىسى سانىز مىرزىمۇ سۇلتانلىق دەۋاسىنى قىلمىغان. مىرزا ئابابەكرى قىلسىمۇ بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ ئېھتىياتەن ئاگاھلاندۇرغىنىم، ئەمما ئوغلىمىزنىڭ ئاسىيلىق قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بولمىسا پېقىر ئاتىسىنى مۇنچىۋالا ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالمىغان، ئالدىمغا چىقمىغان بولاتتى، مەن ئوغلىمىزدىن رازى، ئانىسى، — دېدى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن باش لىڭشىتىپ.

## 2

مىرزا ئابابەكرى تەبەسسۇم قىلدى.

— ھۆرمەتلىك ئاتا، ئاتقا سۇۋار بولسۇنلار.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاتقا مىنىپ ئۆگەي ئوغلى بىلەن قاتارلىشىپ ماڭغاچ، سەپراس تۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن لەشكەرلەرگە كۆز سېلىپ: «نۆكەرلىرى خىل ئىكەن» دېدى كۆڭلىدە. ئۇ «ئەمىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاتىمىزغا ئامانلىق تىلەيمىز»، «مىرزا ئابابەكرىنى ئاللا پاناھىدا ساقلىغاي» دەپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقان خالايىققا قارىدى. «ئەجەبا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۇنەرۋەنلەرمىدۇ؟ قوللاردا ئەسۋاب، بۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاۋامنى ياخشى يولغا باشلىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىمىدۇ؟ ياكى ئالدامچىلىقىمىدۇ؟» شۇ خىيالدا كۆزى يەتمىش ياشلاردىن ئاشقان چار ساقال بىر بوۋايغا چۈشتى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا تىزگىننى تارتىپ ئاتتىن چۈشتى. بوۋاينىڭ ئالدىدا مىرزا ئابابەكرى باشلىق بارلىق ئەمىر ـ ۋەزىر، ياساۋۇللار توختىدى.

— ئەي، مويسىپىت ئۇستا، قوللىرىڭىزدىكى ئەندۈۋانى كۆرۈپ باقسام.

بوۋاي ئاۋۋال تەزىم بەجا كەلتۈردى، ئاندىن ئەندۈۋانى سۇندى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا يالتىراپ تۇرغان ئەندۈۋانى قولىغا ئالدى ۋە قىزىقسىنىپ نەزەر سالدى. يۈزى ناھايىتى ياخشى سىلىقلانغان، خۇددى ئەينەكتەك كىشىنىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنى قىزىقتۇرغان ئەندۈۋانىڭ يۈزى بولماستىن، ئاجايىپ گۈلدار نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن سىپى ئىدى. گۈلدار نەقىش ئىچىگە مۇنۇ ئىككى مىسرا نەزم ئويۇلغانىدى:

مىرزا ئابابەكرى سالدى بىر شەھەر، گويا بېھىش،
تىرىكلەرگە ئالۋان قويدى، ئۆلۈكلەرگە خىش ...

مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ قويۇق قاشلىق قاپىقى شۇ ئان تۈتۈلدى.

— ئەي، تاغا، بۇ ئەندۈۋانى بۇ يەرگە كۆتۈرۈپ چىقىشلىرىڭىزدا بائىس نېمىدۇر؟ ئەندۈۋا سىپىدىكى ئويۇلغان نەزمىنىڭ مەنىسى نېمە؟ جاۋاب بەرسىلە، تاغا ...

بوۋاينىڭ كۆكسىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاپپاق ساقىلى تىترەپ كەتتى:

— بېشىمدىن قورقىمەن، ئالىيلىرى، گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا.
— تاغا، ئاللانىڭ قەھرىدىن قورقسىلا راستىنى ئېيتسىلا.
— مەن ... مەن ... — دەپ بوۋاي يەنە توختاپ قالدى.
— مۆمىن كىشىلەر ئالالادىنلا قورقىدۇ ھەم يالغان سۆزلىمەيدۇ، قېنى كۆڭۈللىرىدىكىنى ئېيتسىلا، — مۇھەممەدھەيدەر مىرزا چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مىرزا ئابابەكرىگە قاراپمۇ قويماي، بوۋايدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇردى.

— پېقىر راستىنى ئېيتسام، ئېتىم تاھىر، ئابدۇراخمان نەققاشنىڭ ئوغلىمەن، ئەمىر نەزەر مىرزا ۋاقتىدا ئىش - ئوقىتىمىز ئوبدان، تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم ئىدى. ئۇ ئاۋامغا غەمخور، سۇلتانغا سادىق ئىدى. قاچانكى مىرزا ئابابەكرى ياركەندتە پەيدا بولدى، خاتىرجەملىكىمىز بۇزۇلدى. ئەمىر نەزەر مىرزا ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتتى. ئۇنى چوقۇم بالىچاقىلىرى بىلەن مىرزا ئابابەكرى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلاپ، يېڭى شەھەر بەرپا قىلىش يارلىقىنى چۈشۈرگەندىن بۇيان بىزگە ئارامچىلىق بولمىدى. كىمكى نارازى بولسا ئۆلتۈرۈلدى. بايلارنىڭلا ئەمەس، تۇل - يېتىم، غېرىب - مىسكىنلەرنىڭ كەپە ئۆيلىرىنىمۇ بۇزدۇردى. بۇ بۇزۇشنى «قازىق» (قېزىش) دەپ ئاتىدى. بۇ كۆلپەتلىك ئىشقا مەنمۇ سېلىنغانىدىم. قېزىۋېرىپ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن كونا شەھەردىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش يىغىۋېلىپ خەزىنىگە ئالدى. بۇ ئارىدا قانچە - قانچە ئەزىمەتلەر سېپىل ئاستىغا بېسىلدى. ئالىيلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلىغان سۇلتانىمىز بىر ھەپتە ئىچىدە سېپىلنى پۈتكۈزۈپ، بازار - كوچىلارنى رەتلەپ، شەھەرنى زىننەتلەشكە پەرمان چۈشۈردى. يەنە ۋەزىر ئابدۇللا دانىش قاتارلىق كىشىلەرمۇ سېپىل ئاستىغا تىرىك بېسىلدى. سېپىلغا توپا يەتمەي قەبرىلەرمۇ بۇزۇۋېتىلدى. يېڭى شەھەر ۋە كۆز ئالدىلىرىدىكى ھەيۋەتلىك سېپىل ئەنە شۇنداق بەرپا بولغان، ئەمىرىم. بۇ ئەندۇۋانى سۇلتانىنىڭ ئەمرى بىلەن كۆتۈرۈپ چىققىنىم راست. ئۇنىڭ سېپىگە نېمە ئۈچۈن بۇ نەزم ئويۇلۇپ قالغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەنلا؟ بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا تۇرغان جايىدا زۇۋان سۈرمەي داڭ قېتىپ قالدى. كىمگە ئىشىنىش كېرەك؟ كەمبەغەل كاسىپ بوۋايغىمۇ ياكى مىرزا ئابابەكرىگىمۇ؟

توققۇز ـ ئون كۈنلۈك بولغان ئاينىڭ يورۇقى دەرپەردىسى بىر يانغا قايرىلغان دېرىزىدىن ئۈممەگۈلسۈم ياتقان كىمخاب تۆشەككە چۈشۈپ تۇراتتى. «تەقدىر ـ قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ، يېتىم بالىلىرىم بىلەن خارابىلىكتە ئازابلىنىۋاتاتتىم. ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسى ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ھېچ كۈتمىگەندە سۇلتاننىڭ خوتۇنى بولۇپ قالدىم، بالىلىرىمۇ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتى. ھەرقاچان ھوشيار بولۇپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ قەھرىدىن ساقلىنىشىم، ئۇنى شەيدا قىلىپ، ساھىبجامالىمدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرمىكىم لازىم ...»

ئۈممەگۈلسۈم ئابدۇلئەزىز خالۋاپ دەپ نام چىقارغان سودىگەرنىڭ ئەركە قىزى ئىدى. ئاتىسى كەشمىرگە كېتىۋاتقانىدا لاداخ يولىدا تۇتەك ئېلىپ قازا قىلغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئۆستى. ئۇ مەھەللىنىڭ بۈۋىمى بولغان ئانىسىدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغانىدى. سۆزى چاقماقتەك، خوش ئاۋاز بۇ قىز ھەممىشە بىر شاھزادىگە ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، دائىم شاھزادىگە تېگىش چۈشەيتتى. بىراق، كاج تەقدىر ـ قىسمەت بۇ يېتىمەنى شاھزادىلەرنىڭ كۆزىدىن پىنھاندا يېتىلدۈردى. شاھزادە ئەمەس، بايلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالمىدى. ئاقىۋەت ياركەند ھاكىمى ئەمىر نەزەر مىرزىنىڭ نۆكىرى تۆمۈربەگ ئون بەش ياشلىق بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ ئەمرىگە ئالدى.

ئۈممەگۈلسۈم ئىككى كۈندىن بېرى يۈز بەرگەن تەقدىر ـ قىسمەتتىن ھەم ھەيران، ھەم پەرىشان ئىدى. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ئويلىغانسېرى ھاياجانلىناتتى. «بەزى ھالدا دۈشمەن شىلتىغان كۈچلۈك قىلىچنى قورقماستىن سۇندۇرۇپ تاشلاشقا ئىرادە قىلىش كىشىنى كۈتمىگەن سائادەت ۋە ئىمكانىيەتكە

ئېرىشتۈرىدىكەن. شاھزادىگە ياتلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئەجەبكى سۇلتاننىڭ خوتۇنى بولۇپ قالدىم. بېشىمغا تاسادىپىي قونۇپ قالغان بۇ ھۇما قۇشنى ئۇچۇرۇپ قويماسلىقىم لازىم. ئى قۇدرەتلىك ئاللا، ناۋادا ماڭا ئەقىل ۋە جۈرئەت بەرگىنىڭ بىلەن گۈزەل ھۆسن بەرمىگەن بولساڭ، سۇلتاننى قەھرىدىن يالدۇرالمىغان بولاتتىم. كارامىتىڭگە مىڭ شۈكۈر. ساڭا سىغىنىپ تىلەيمەنكى، پېقىر ئاجىزە قۇلۇڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، ئۇ بەدكار زالىم پادىشاھنى گۈزەل رۇخسارىمغا ئەسىر قىلىپ بەرگەيسەن ...»

ئۇممەگۈلسۈم ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن قارىدى، تەكىيىخانا تەرەپتە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. تۈننىڭ مەيىن شامىلى كۆكسىگە ئۇرۇلدى. بۇلۇت يېرىپ چىققان ئاينىڭ نۇرى ئەتراپنى گۆڭگا يورۇتقانىدى. مۇبادا مىرزا ئابابەكرى ھازىر كىرىپ كەلگەن بولسا، ئايال زاتىدىن بولغان ئادەمزاتنى ئەمەس، تىلسىم دۇنيادىن كەلگەن پەرىزاتنى كۆرگەن بولاتتى. ئۇنىڭ قارا چاچلىرى گۈللۈك يىپەك رومال ئىچىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس دولقۇنلىنىپ تۇراتتى، ئاق سۇزۇك يۈزى تولۇن ئاينىڭ ئۆزى ئىدى. ئەمدىلا يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن بۇ دىلرەبانى ھېچكىم بەش بالىنىڭ ئانىسى دېمەيتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياشلىق جىلۋىسى سېھىرلىك جادۇ كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان قوي كۆزلىرىدىن چاقناپ، ھەرقانداق ئەرنى بىر قاراشتا ئەسىر قىلىۋالاتتى. قوي كۆز ئوتلۇق، قارا كۆز مۇڭلۇق بولىدۇ. ئېغىر مۇسىبەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەي تولغان جامدەك لىغىلداپ تۇرغان كۆزلىرى ھامان كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مېھرى ئىسسىق ئىدى. ئۇ دېرىزە ئالدىدىن قايتىپ كەلدى ـ دە، جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ «ئايەتۇل كۇرسى» سۈرىسىنى ئىخلاسى بىلەن ئوقۇدى. مەرھۇم ئانىسى بۇ ئايەتنى ئوقۇغان ئادەم ھەرقانداق بالا ـ قازادىن ساقلىنىپلا قالماي، بەلكى ئامەتلىك بولىدۇ، دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.

شۇڭا، ئۇ دائىم بۇ ئايەتنى ئوقۇيتتى. ئۇ بېرىلىپ ئوقۇۋاتقاندا ئىشىك تاراقىلدە ئېچىلىپ سۇلتان مىرزا ئابابەكرى كىرىپ كەلدى. شاھانە تونىنى سېلىپ كۆمۈش ئاسقۇچقا ئاستى. گۆھەر قويۇلغان سۇلتانلىق تاجىنى ئېلىپ گۇلدار تەكچىگە قويدى. ئەمدى ئۇ ئادەتتىكى ئادەمگە ئوخشاپ قالغان، بىتاقەت بولغانىدى. ئۇممەگۇلسۇم دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىنى چۈشۈرمەي، ئاللاغا ئىلتىجا قىلماقتا ئىدى.

— بەس، دۇئا بەك ئۇزاق بولۇپ كەتسە ئىجابەت بولماي قالىدۇ، پەرىشتەم، بۇ ئۆيگە كىرگىنىمگە خېلى بولدى، — دېدى مىرزا ئابابەكرى سەل ئاچچىقلىنىپ. ئۇ قات - قات يېكەنداز ئۈستىدە قوش پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى.

دۇئادىن پارىغ بولغان ئۇممەگۇلسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىگە يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— شاھىم، ئاللا مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ ئۈستۈن قىلسۇن. تازىمۇ سېغىندۇردىلا، يوللىرىغا قاراپ ئاخىر بولالماي ئۆزلىرىگە دۇئا قىلغىلى ئولتۇرغانىدىم، تىلىكىمگە يارىشا كەپتىلا.

مىرزا ئابابەكرى ئاق كۆڭلەك، ئاق رومال ئىچىدە ئاق قاناتلىق پەرىشتىدەك تۇرغان ئۇممەگۇلسۇمنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا شەرىپىگە ئۈتكۈزۈلگەن زىياپەتنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ۋاق قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى.

— بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، شاھىم، ئەل - يۇرت ئىشى بىلەن بولۇپ پېقىر ئاجىزەلىرىنى ئۇنتۇماي يوقلاپ كىرگەنلىرى ئۈچۈن ئالىيلىرىدىن مىننەتدارمەن. ھۆرمەتلىك ئاتىمىز مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئالىيلىرى ياركەندتە خېلى تۇرامدىكەن؟ — دېدى ئۇ بارماقلىرىغا سېلىنغان ئالتۇن ئۈزۈكلەر پارىلداپ تۇرغان قولىنى ئېرىنىڭ تىزىغا قويۇپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۇزاق يىللىق خوتۇنىدەك سۆز - ھەرىكەتلىرى تەبىئىي، ئىللىق ئىدى. ئۇنىڭدىكى غەزەپ - نەپرەت

نەگىمۇ كەتكەندۇ؟

— كۆپ تۈرمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ بوۋاينىڭ كىشىنى ئاۋارە قىلماي كەتكىنى تۈزۈك ئىدى. ھەدەپ سۇلتان ئەھمەدخانغا بەيئەت قىلىشىم توغرۇلۇق ۋەز - نەسىھەت ئوقۇپ مېڭەمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى.

مىرزا ئابابەكرى گېپىنى توختىتىپ خىيالىغا بېرىلدى: «مەن ئەھمەدخانغا ئەمەس، ئەھمەدخان ماڭا بەيئەت قىلىشى كېرەك. سۇلتان ئەھمەدخاننى ئوغلى سەئىدخان بىلەن بىللە دارغا ئاسىدىغان كۈنلەرگە ئۇزاق قالمىدى».

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا، مۇرەببىم، سالامغا بارارمەن تېخى، — راھەتلەنگەن قىياپەتتە ناز بىلەن قىيا باققان ئۈممەگۈلسۈم ئېرىنىڭ ئويچان چىرايىنى كۆزىتىپ جىم بولدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ناز - كەرەشمىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان خوتۇنلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بىلەن مۇنداق ئەركىن پاراڭ سېلىشالمايتتى. مىرزا ئابابەكرى بۇ ئايالنىڭ پاساھەتلىك، ھېسسىياتلىق خوتۇن ئىكەنلىكىنى دەسلەپ كۆرگەندىلا بىلگەنىدى. «خوتۇن كۆڭۈل ئاچىدىغان جانلىق ئويۇنچۇق» دەپ قاراپ كەلگەن مىرزا ئابابەكرى ئۈممەگۈلسۈمنى ئەمرىگە ئالغاندىن بېرى بۇ ئويىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى، ئەقىللىك ياخشى ئايالنىڭ ئەر ئۈچۈن خوتۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىرداش دوست، سەممىي مەسلىھەتچى، ۋاپادار جورا بولالايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. ھالبۇكى، ئۈممەگۈلسۈمنىڭ توغرىدىن - توغرا قويىغان سوئاللىرى ئاچچىقلاندۇرمايلا قالماستىن، بەلكى مۇزدەك قېتىپ كەتكەن كۆڭلىنى ئېرىتىپ، ئۇنى مۇلايىملاشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. بەلكى بۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان مۇھەببەت بولسا كېرەك.

— ئەي ئەقىللىك مەھبۇبەم، ئەل - يۇرت ئىشى تۈگىمەس ئىش، قىلغانسېرى كۆپىيىدۇ، چوڭىيىدۇ. مۇھەممەدھەيدەر

مىرزا مېنىڭ تاغام. ئۇ ئۆگەي ئاتام بولسىمۇ، ئىش بېشىدا تۇرۇشۇمدىن، تاجۇتەختىنىڭ ماڭا ئۆتۈپ كېتىشىدىن خاۋاتىرلىنىدۇ، شۇڭا سۇلتان ئەھمەدخانغا بەيئەت قىلدۇرماقچى، ياركەندتە ئۆزۈمنى سۇلتان دەپ جاكار قىلىشىم ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن ئوخشايدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئانامنى ئېلىپ مۇددىئايىمنى بىلىش ئۈچۈن ياركەندكە كەلگەنلىكى ماڭا ئايان بولغاچقا، ئۇنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدىم. گۇماندىن خالىي قىلىش ئۈچۈن تونۇگۇن يېڭى شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىدا ياساتقان مەسچىت ۋە ئەھيا قىلغان باغلارنى كۆرسەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا مۇئامىلىسىدىكى سوغۇقلۇق دوستانىلىككە ئايلاندى.

مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى قارشى ئېلىشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن تارتىپ، سىپىغا ئىككى مىسرا نەزم ئويۇلغان ئەندۇۋانىڭ ئۆزىنى قانداق ئالاقزەدە قىلىۋەتكىنىنىمۇ يوشۇرماي دېدى:

— پەرىشتەم، ئاشۇ ئابرۇيۇمنى تۆكمىدىغان ئەندۇۋانى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىدىن ئابايا زىياپەت ئۈستىدە ئېلىۋالدىم.

— قانداق ئېلىۋالدىلا، شاھىم؟ — قىزىقىپ سورىدى ئۈمەگۈلسۈم.

— مېنىڭ ئۇ تاغام زىياپەتتە شارابنى كۆپ ئىچىپ بىرئاز كەيپ بولۇپ قالدى. مەن: «دۈشمەنلىرىم بۇ ئەندۇۋانى كاسىپ بوۋاي ئارقىلىق ئالىيلىرىغا كۆرسىتىش بىلەن مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكمەكچى. ئاتا، بۇنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغاندىلا؟» دېدىم. ئۇ: «شۇنداقمۇ، بالام؟ ئەگەر ئېيتقىنىڭدەك بولسا ھوشيار تۇرسام بولىدىكەن» دېدى. مەن: «ئەندۇۋانى ماڭا بەرسىلە، ئاتا، ئۇ ئارقىلىق دۈشمەنلىرىمنى تېپىپ جازاسىنى بېرەي» دېدىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ، ساقلىغىلى بەرگەن خاس مۇلازىمىدىن ئېلىپ ماڭا بەردى. مەن قوچقار ياساۋۇلغا بېرىپ: «بۈگۈن بۇ ئەندۇۋانى بوۋاي بىلەن تاغارغا سېلىپ، كونا شەھەردىكى خارابە ئۆيلەرنىڭ بىرىگە

كۆمۈۋەت» دەپ بۇيرۇدۇم.

— ئاھ، پەرۋەردىگار، — توۋلىۋەتتى ئۇممەگۈلسۇم، ئۇنىڭ لەۋەن چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى، — زالىم پادىشاھ ھەججاجمۇ مۇنداق رەھىمسىزلىك قىلمىغان بولغىيدى، مۇرەببىيىم؟

— رەھىمدىل پادىشاھ يۇرت سورىيالمايدۇ، پەرىشتەم، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن مېنى رەھىمسىزلىكتە ئەيىبلەش نادانلىق بولىدۇ، — دېدى مىرزا ئابابەكرى يېقىنىراق سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇممەگۈلسۇمگە قىسىلغان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدى.

— سىزنى ئۆز چېھرى بىلەنلا ئەمەس، سەممىي - ساداقىتى بىلەنمۇ مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالايدۇ دەپ ئەمىرىمگە ئالغانمەن، ئېيتىڭا، ئابرۇيۇمنى تۆكمەكچى بولغان، تەختىمنى تەھدىت ئاستىدا قالدۇرغان كىشىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟

ئۇممەگۈلسۇم چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى.

— مۇرەببىيىم، ئالىيلىرىغا بولغان ساداقىتىم ئۆمۈرلۈكتۇر. مېنى ئەمىرلىرىگە ئالغاندا ئاللا ئىگەم كۆڭۈللىرىگە ياخشى نىيەتنى سالغان. بىھۇدە قان تۆكۈش تاجۇتەختلىرىگە ئورا كولايدۇ. بۇنىڭدىن پەخەس بولسىلا، مۇرەببىيىم، — دېدى ئۇممەگۈلسۇم چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— دۇرۇس گەپ قىلدىڭىز، پەرىشتەم، — مىرزا ئابابەكرى ئۇممەگۈلسۇمنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنى «پەرىشتەم» دەپ ئاتىشى تۇنجى قېتىم ئىدى، — مەن كاشغەر ۋە ياركەندكىلا ئەمەس، پۈتۈن موغۇلىستانغا، خوراسانغا، ماۋەرائۇننەھرگە پادىشاھ بولۇشۇم كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن قان تۆكمەسلىككە ۋەدە بېرىمەن، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ سەل ئويلىنىۋېلىپ دېدى، — سىزگە ئىشىنىمەن، سىز ماڭا ئىشىنىڭ، ئەگەر بەش ئوغلىڭىزنى ماڭا سادىق قىلىپ تەربىيەلىسىڭىز ھەربىرى بىردىن شەھەرگە ھاكىم ياكى ئەمىر بولىدۇ، قايسىسى



www.uyghurkitap.com

مېنى دورىسا ۋارىسىم بولىدۇ، ئەكسىچە ساداقەتسىزلىك قىلسا، ئاتىسىغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ.

— دېگەنلىرىڭگە ئىشىنىمەن، شاھىم، بۇ سۆزلىرىنى زىنھار ئۇنتۇپ قالمايمەن، — دېدى ئۇممەگۇلسۇم ۋە كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىنى سوئال بىلەن ئىپادىلىدى، — ئالىيلىرى، ئەزىز مۆكەررەم ۋالىدەلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، قۇللۇق قىلسام بولارمۇ؟

— ۋاقتى ئەمەس، — دەرھال جاۋاب بەردى مىرزا ئابابەكرى، — ۋالىدەم سىزنى ئەمىرىمگە ئالغىنىمنى ئاڭلىسا ھەم سىزنى كۆرسە بۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ھازىر ئۇ مېنىڭ ياركەندتە ئۆزۈمنى سۇلتان دەپ جاكارلىغىنىمدىن بەك خۇشال، ئۇمۇ مېنىڭ ئالمالىقتا، سەمەرقەنتتە تەختكە چىقىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى ئېرى بولمىش تاغام مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى ھەرقانداق شارائىتتا ماڭا قارشى تىغ كۆتۈرگۈزمەيدۇ. مەن يۇرۇش قىلىپ خوتەننى بويسۇندۇرغىنىمدىن كېيىن كاشغەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالىمەن. شۇ چاغدا دانىشمەن ئانامنىڭ ئالدىغا سىزنى سالامغا ئەكىرىمەن. ۋاقتى - سائىتى كەلگۈچە سەۋر قىلغايسىز.

ئۇممەگۇلسۇم مىرزا ئابابەكرىنى چىڭ قۇچاقلاپ ئاستا پىچىرلىدى:

— ئاللا ئىگەم ئادىل، ئۇ سىلىنى مۇرادلىرىغا يەتكۈزىدۇ. شەپقەتلىك بولسىلا، شاھىم.

دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇق غايىب بولدى. چۈنكى، ئاي يەنە بىر توپ قارا بۇلۇتلار كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# جامال ئاغىچىنىڭ قەستى

باھار. شاپتۇل، ئۈرۈك، ئالما، ئامۇت دەرەخلىرى چېچەكلەپ، سۇلتان سانىز مىرزىدىن قالغان چارۋاغنى ئاجايىپ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ شولىسى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلگە چۈشكەنىدى. كۆل بويىدىكى گۈمبەز شەكلىدە سېلىنغان خاس راۋاقتا جامال ئاغىچا خېنىم، گۈلئايىم ئاغىچا خېنىم مۇلازىم، كېنىزەكلىرى بىلەن پىستە چېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار تۈنۈگۈن چۈشتە چېچەك سەيلىسىگە چىققانىدى.

جامال ئاغىچىنىڭ ئاقۇچ يۈزى يوغان قارا كۆزلىرى بىلەن نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇزۇن قارا چاچلىرىنى ئالتۇن ئۇقا قادالغان كەمچەت تۇمىقىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلغان گۈلدار ھىلھىلە رومىلى يوشۇرغانىدى. خۇش پىچىم ئۈچىسىدىكى زەر چۈچىلىق نىمچىسىنىڭ تىللا تۈگمىلىرى ئېتىلمىگەچكە، كۆكرەك پۇرمە بىنەپشە رەڭ يىپەك كۆڭلىكى تولغان بەدىنىنى نامايان قىلىپ يان ـ يېنىغا يېيىلغانىدى. كاشغەر دىيارىدا بۇنىڭدىن شەرەنداز ئاغىچا يوق ئىدى. ئۇشتۇمتۇت قازا قىلغان ئەمىر سانىز مىرزىنىڭ بۇ ساھىبجامال ئايالىنى ياركەندكە باستۇرۇپ كەلگەن دوستمۇھەممەدخان جەڭ قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئاقسۇغا ئەكېتىپ ئەمرىگە ئالغانىدى. بۇ شەھۋەتپەرەس سۇلتان مەرھۇم ئاتىسى ئىسان بۇغاخاننىڭ كەنجى خوتۇنىنىمۇ ئەمرىگە ئېلىپ، لەنەتگەردى بولۇپ بىداۋا كېسەل بىلەن

ئازابلىنىپ ئۆلگەندىن كېيىن جامال ئاغىچا كاشغەر خانى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا تەگكەندى. ئۇنىڭدىن ھەم ئىككى باللىق بولدى. چوڭى مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزا، كىچىكى سەيىدمۇھەممەد مىرزا ئىدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا موغۇلىستان خانى يۇنۇسخاننىڭ قېشىغا سالامغا بارغاندا، مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىنى بىللە ئېلىپ بارغانىدى. خان ئەمدىلەتىن ئون ئالتىنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ كېلىشكەن يىگىتكە ئارزۇلۇق قىزى خۇبنىگار سۇلتان بېگىمنى بەردى. شۇ چاغدىن باشلاپ مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان ئاتىلىپ قېيىنئاتىسىنىڭ يېنىدا قالغانىدى. سەيىدمۇھەممەد مىرزا جامال ئاغىچىنىڭ يېنىدا چوڭ بولۇۋاتاتتى. جامال ئاغىچىنىڭ ئېرى گۈلئايىم ئاغىچىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغاندىن بېرى بۇ ئوغۇلنى ئۇنىڭ تەربىيەت قىلىشىغا تاپشۇرغانىدى. ئۆزى قىرىق بەش ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، ۋۇجۇدىدا گۈزەل ياشلىق بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈلئايىم بىلەن يۇرۇش - تۇرۇش، ھەتتا كىيىم كىيىشتىمۇ بەسلىشەتتى.

گۈلئايىم تېخى يىگىرمە ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى. شۇڭا، جامال ئاغىچا گۈلئايىمدىن ئېرىنى بەكرەك قاچۇراتتى. نەگە بارسا گۈلئايىمنى ئۆزى بىللە بىللە ئېلىپ باراتتى. ئۇ بۇگۈن گۈلئايىمنى باغقا بىللە ئاچىققانىدى.

— جىگەر پارەم كۆرۈنمەيدۇغۇ، — ئەتەي سورىدى جامال ئاغىچا بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك كۆز يۈگۈرتۈپ.

— ئاغىچا خېنىم، سەيىدمۇھەممەد مىرزىنى دەۋاتامدىلا؟ ئۇ نەۋقىران ئاتىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن شىكار ئۈچۈن ئاتۇشقا كەتكەنىدى، بۈگۈن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

— نېمە؟ ماڭا دەپمۇ قويماي شىكارغا چىقىپ كەتكەنمۇ؟ — جامال ئاغىچىنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئاق يۈزى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتتى.

— غوجام يانلىرىغا كىرگەندە سىلى ئۇخلاپ قالغانىكەنلا،

ئۆيغىتىشقا پېتىنالماي ماڭا دەپ قويۇپ، ساقلاپ تۇرغان بەگزادىلەر بىلەن كەتكەنىدى. ئۆزلىرىگە ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم.

بوستان چاچلىق بېشىغا قىزىل ھىلھىلە رومال سالغان جامال ئاغىچا ياش كۆندىشىغا بىر نەزەر تاشلاپ قويۇپ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. پات - پات ئۇنى بىرەر ئېغىز گەپ بىلەن ئۇچۇقلاپ تۇراتتى.

— ئاغىچا خېنىم، ئەمىرىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلئايىم ۋە ئورنىدىن تېز تۇرۇپ يەرگە قاراپ ئېگىلدى. مۇلازىم ۋە كېنىزەكلەرنىڭ ھەممىسى قول باغلاپ تەزىمدە تۇردى.

نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن كۈن نۇرىنى راۋاقنىڭ گۈلدار پەنجىرىلىرى توسۇپ تۇراتتى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا پايىدىن گۈرسۈلدەپ مېڭىپ راۋاققا چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاغىچىلىرىم.

— دومسىيىۋالغان جامال ئاغىچا خېنىم ھېچكىمگە قارىماي ئالدىغا كېلىپ توختىغان ئېرىگە ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى:

— كېلىشلىرى بىر خەۋەرنى ئېيتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەمىرىم، ئىلاھىم، ئاڭلايدىغىنىم خۇش خەۋەر بولغاي.

— ئەي، ئانىلارنىڭ ئەلاچىسى، خۇدا ياخشى خەۋەر ئېيتىشقا نېسىپ قىلسۇن، — ئۇ ئۆزىدىن ئىككى ياش چوڭ بولغان بۇ خوتۇننى، ئاكىسىنىڭ يۈز - خاتىرى ئۈچۈنمۇ ياكى ئەقىللىك دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئەنە شۇنداق ھۆرمەت بىلەن ئاتايتتى.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا قاتمۇقات سېلىنغان ئەتلەس كۆرپىدە ئولتۇرۇپ يەر ئاستىدىن تىكىلگەن گۈلئايىمغا ئوغرىلىقچە قارىۋالدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ چىرايى سۆرۈن ئىدى. بىر كىشىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى چىرايلىق ياسالغان كەكە ساقىلىنى سىيپاپ - سىيپاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىر ئاغزىنى ئاچماي قاراپ ئولتۇرغان جامال ئاغىچىغا كۆز سېلىپ دېدى:

— بۈگۈن ئەتىگەن خوتەن دىيارىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن مەكتۇپ كەلدى. پەرىشان ھالىتىمنىڭ بائىسى شۇ، ئاغىچا خېنىم.

— مۇنداق دېسىلە، ئەمىرىم، ئۇ مەكتۇپ ئۆزلىرىگە مالاللىق ئەكەلگەن بولسا، ئوغلىمىز مىرزا ئابابەكرىدىن تۇنۇگۈن كېچە كەلگەن بىر مەكتۇپ بار، بۇ مەكتۇپنىڭ مۇبارەك باشلىرىغا سايە تاشلىغان غەم بۇلۇتلىرىنى تارقىتىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ شايى تونىنى سېلىپ گۈلئايىمغا بەردى، جامال ئاغىچىنىڭ شۇ ئان خۇيى تۇتتى.

— خوتەندىن كەلگەن خەتمۇ ئوغلىمىز توغرۇلۇق يېزىلغانىكەن، ئاغىچا، مانا شۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنىپ قالدىم، — دېدى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا جامال ئاغىچىنىڭ تەقىيىگە پەرۋا قىلماي، ئۇ گۈلئايىم قويۇپ بەرگەن قوش ياستۇققا يۆلەندى.

— مەزمۇنىدىن ۋاقىپلىنىشقا بولامدىكىن؟ — جامال ئاغىچا ئۆزىنى ئوڭلاپ، ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقتەك سىلىق تەلەپپۇزدا سورىدى.

— مانا، ئۆزلىرى ئوقۇپ كۆرسىلە، — ئۇ خەتنى بەردى. ساۋاتى يوق جامال ئاغىچا مەكتۇپنى نائىلاج گۈلئايىمغا سۇندى.

— ۋىتۇۋالاقتەك ۋاتىلداماي ئاستا ئوقۇپ بېرەرلا.

گۈلئايىم قولۇلۇق قىلىپ مەكتۇپنى ئالدى ـ دە، ئېچىپ ئوقۇدى:

بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەل ـ يۇرتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى ئەمىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كىرامىلىرى. تەلەي ـ بەختىمىزگە ئۇلۇغ ئاللا ئۆزلىرىنى سالامەت، دۇشمەنلىرىنى مالامەت قىلغاي، ئامىن!

يىقىندىن بىرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىرىپ مەكتۇپ يۈزىدە ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلايلى دېسەك، تىلىمىزنىڭ كۆيۈشىدىن، يازمايلى دېسەك، ئەلنىڭ ئاققان قان — ياشلىرىنىڭ، تارتقان ئازاب — ئوقۇبەتلىرىنىڭ ئۇۋالىغا ۋە بالاغا قېلىشتىن قورقۇپ، بىر مەزگىللىنى ھەسرەت — نادامەتلىك سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. ئاخىر يازمىساق ئۇستىمىزدە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان ئىگىمىز جانابىي ئاللاغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىپ يېتىپ بۇ مەكتۇپنى يازدۇق. خەۋەرلىرى بولمىسا كېرەك، ئۆتكەن يىلى لەشكەر تارتىپ خوتەن دىيارىغا كەلگەن مىرزا ئابابەكرىنى بىزنىڭ ئاكا — ئۇكا ئىككى خانىمىز، قۇلنەزەر مىرزا بىلەن خاننەزەر مىرزا تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى. لېكىن، ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولمىغاچقا، شەھەر سىرتىدا بارگاھ قۇردى ۋە قوچقار ياساۋۇل باشلىق بەگ — سىپاھلارنى قۇرئان بىلەن ئەۋەتتى. بۇلار ئۆزلىرىنى يالغاندىن قۇرئان شېرىپنى ئەكەلگەنلەر قىلىپ كۆرسەتكەچكە، خاننەزەر قۇرئاننى ئېلىش ئۈچۈن قول ئۇزارتىشىغا ئۇنى باسماقداپ تۇتۇپتۇ. ئارقىدىن قولنەزەرنىمۇ تۇتۇپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. مىرزا ئابابەكرى ئۆز بوۋىسىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغۇللىرى بولغان خاننەزەر مىرزا بىلەن قولنەزەر مىرزىنى قوچقار ياساۋۇلغا بوغۇزلىتىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلدۇرۇپتۇ. ئاشۇ كۈنى پۈتۈن خوتەن ئەھلى ھازا تۇتۇپ زار — زار يىغلاشتى. مىرزا ئابابەكرى بولسا لەشكەرلىرى بۇلاپ كەلگەن چىرايلىق قىز — جۇۋانلار بىلەن ئەيش — ئىشرەت قىلىپ كۆڭۈل ئاچتى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇ خانلىرىمىزنىڭ ئەزىز باشلىرىنى ئاتقا غانجۇغىلاپ بازار ئارىلاپ سازايى قىلدى. بۇ خورلۇق، ئاھانەتكە چىدىيالمىغان ئۇنلىغان ياشلىرىمىز ئىتىلىپ بېرىپ قارشىلىق قىلغاندا، ئۇلارنىمۇ ئۆز قانلىرىغا غەرق قىلدى.

كىشىنى ئېغىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ستەمكار سۇلتان مىرزا ئابابەكرى نەچچە كۈنگىچە خوتەن دىيارىنى لەشكەرلىرىگە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇردى. ئاندىن ئابدۇلۋارىس دوغلاتنى خوتەنگە ھاكىم قىلىپ قالدۇرۇپ، ئۇوردا خەزىنىسىدىكى بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىرلارنى ئېلىپ ياركەندكە كەتتى. ئۇ ياركەندكە بارغاندىن كېيىن يارلىق چۈشۈرۈپ قايتىدىن بەرپا قىلىش نامى بىلەن خوتەن شەھىرىنى بۇزدۇردى. ئۇ قويغان بەتنىيەت ھاكىم ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئاستىنى كولىتىپ ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش تاپتى ۋە ئۇنى يۈزدىن ئارتۇق تۆگىگە ئارتىپ سۇلتان مىرزا ئابابەكرىگە ئەۋەتىپ بەردى. ئۆز قېرىنداشلىرىنى شۇنداقمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن تالان ـ تاراج قىلغان بارمۇ؟ بۇ بەدكار قانخور ھاكىمنىڭ زۇلمى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ بىلەزۈك، ئۈزۈكلىرىنىمۇ تارتىۋالدى. بىگۇناھ تۇتقۇن قىلىنغانلار زىندانلارغا سىغماي قالدى. بويسۇنمىغان يۇقرىلارنى ئالتۇن كانلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، بىر ـ بىرىنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن چېتىپ دەريادىن قاشتاش سۈزۈشكە، ئالتۇن چايقاشقا مەجبۇرلىدى. ھەر كۈنى ئۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ...

ھۆرمەتلىك ئەمىرىمىز، بىز خوتەنلىكلەر بۇ ۋاقتا قەدەر ھېچكىمگە بوزەك بولۇپ باقمىغانىدۇق. ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بوزەك قىلىشىغا، خورلىشىغا ئۇچرىغاندا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمىز، ئاخىرىدا ھەزرەتلىرىگە داد ئېيتىپ ئەرز قىلىشنى توغرا تاپتۇق. ئەگەر ئالالائالا كاشغەردىنمۇ ئادالەتنى كۆتۈرۈۋەتمىگەن بولسا، خوتەن دىيارىدا ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتقان بىگۇناھ يۇقرىلارغا خەيرخاھلىق قىلىشلىرىنى ئىگىمىز ئاللا نامىدىن سورايمىز.

كامالىي ئېھتىرام بىلەن خىزمەتلىرىگە پەرمانبەردار خوتەن دىيارىدىكى بەش يۈز ئوتتۇز يەتتە مەسچىت جامائىتىدىن.

— بۇ ئەزىز پەرزەنتىمىز مىرزا ئابابەكرىگە قىلىنغان تۆھمەت، — دېدى جامال ئاغىچا مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغۇچە ئاناردەك چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتكەن گۈلئايىمنىڭ قولىدىن ئۇنى تارتىۋېلىپ، ئاچچىقى بىلەن يىرتىپ پارچە ـ پارچە قىلىپ يەرگە ئاتتى، — دادىسى، كاززاپلارنىڭ بۇ مەكتۇپىغا ئىشەنمىسىلە. كۆنىدىن ـ كۆنگە زورىيىپ روناق تېپىۋاتقان سانىز مىرزىنىڭ پەرزەنت ـ نەۋرىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كىشىلەر يىراقتىن ئېيتقاندا خۇراسان، خارەزىمدىمۇ، پەرغانە، ئالمالىقتىمۇ، تۇرپان، ئاقسۇدىمۇ، يېقىندىن ئېيتقاندا خوتەن ـ ياركەندتىمۇ، ھەتتا ئوردىمىزدىمۇ بار. ئۇلار ئاشكارا ھالدا ئوغلىمىز مىرزا ئابابەكرىگە قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، ھەزرەتلىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش كويىدا بولۇۋاتىدۇ، ھوشيار بولسىلا، دادىسى، ۋاپادار ئوغلىمىزنىڭ بۇ مۇبارەك مەكتۇپىنى كۆرۈپ باقسۇنلار.

ئۇ سۆلكەت بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ كەشمىرنىڭ پاتلىق قەغىزىگە يېزىلغان مەكتۇپنى ئۇزارتتى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزا مەكتۇپنى ئېلىپ ئاچتى ـ يۇ، ئوقۇماي گۈلئايىمغا بەردى، گۈلئايىم تىترەك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم!

ياراتقۇچىمىز ئاللا رەھىملىك، كەرەملىكتۇر. ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللادۇر. ماختاش، ماختىنىش بىر ئاللاغا خاستۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بەرھەق پەيغەمبىرىمىزدۇر. تۆت چاھار يارلار بىزنىڭ ئۇلگىمىز، دىلرەبا دوستلىرىمىزدۇر. كاشغەر، ياركەند، خوتەن

دىيارلىرىنىڭ ساھىبى ۋە غەمخورى، ھۆرمەتلىك پەدەر بۇزرۇكۋارىم مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كىراملىرىغا، جاھان ئانلىرىنىڭ شاھى قەدىردان ۋالىدەم جامال ئاغىچا خېنىم ھەزرەتلىرىگە ئۇلۇغ ئىگەم ئاللادىن تىنچ – ئامانلىق تىلەيمەن ھەم پېقىرنىڭ پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ پاناھىدا ياركەند، خوتەن دىيارلىرىغا ئاۋاتلىق، ئەمىنلىك، خۇرسەنلىك بېغىشلاپ ئۆتۈۋاتقانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ھۆرمەتلىك پەدەر بۇزرۇكۋارىم، قەدىردان، دۇئاگۇي ۋالىدەم، ياراتقۇچى مېھرىبان ئاللادىن شۇنىڭ ئۈچۈن مىننەتدارمەنكى، كەنت – بازارلارنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ يۈز چاقىرىم يول ياساشقا پېقىرنى مالىك قىلدى. ئون يەتتە ئېرىق – ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ دېھقانلارنى ۋە يەرنى تەشنالىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا نېسىپ قىلدى. يۈزلىگەن باغلارنى ئەھيا قىلىپ، ئاۋامغا راھەت – پاراغەت، مەملىكەتكە ئاۋاتلىق ئاتا قىلدۇردى. ئىككى مىڭ بەش يۈز سەر ئالتۇن – كۈمۈشنى غېرىب – مىسكىن، يېتىم – يېسىر، كاسىپ – ھۈنەرۋەنلەرگە تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ھال – كۈنىنى ياخشىلاشقا سەرپ قىلدۇردى. پېقىر ئاللادىن، ئاۋام – رەئىيەت پېقىردىن رازى، زىنھار ئەندىشە قىلمىسۇنلار. بىھۇدە ئۆسەك سۆز، پىتنە – ئىغۋالارغا ئىشىنىپ خاۋاتىرلانمىسۇنلار. چۈنكى، تاجۇتەختتىن تەمەسى بار، قول – ئىلكىدە مېلى كۆپ يۈزلۈك كىشىلەر ھەسەت يۈزىسىدىن پېقىرغا دۈشمەنلىك قىلماقتا. ئۇلار خوتەن ۋە ياركەند دىيارىدا باش كۆتۈرۈشكە پەيت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، ئاللا غالىب قىلغان بەندىسىگە ھېچنېمە زىيان – زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. خۇدا بۇيرۇسا دۈشمەنلىرىم ئاياغ ئاستىمدا ھالاك بولغۇسى، ئامىن! مالاللىق ۋە چوڭقۇر ئىشىنىش بىلەن يەنە شۇنى مەلۇم قىلىمەنكى، ئاقسۇدىن كېلىپ ھەربىرلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا تۇرماي يېنىمغا كەلگەن ئەزىز دانىشمەن ئىنىم ئۆمەر مىرزىنى

دۈشمەنلەر قەستلەپ كور قىلىپ قويدى. بۇ جىنايەتنى ماڭا ئارتىپ تەختىمنى تارتىۋالماقچى بولغان كىشىلەرنى دارغا ئېسىپ جازالىدىم. بىچارە ئىنىمنى ياخشى كۈتۈۋاتىمەن.

ئەمىر دادا، خان ئانا، پېقىر قۇللىرىنى دۇئالىرىدا ياد ئېتىپ تۇرسۇنلار. قۇللىرىم ھەر زامان كۆكسۇمدە. بۇيرۇغان خىزمەتلىرىگە پەرمانبەردارمەن. تۇمەنمىڭ ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن نالايىق پەرزەنتلىرى:

مىرزا ئابابەكرى.

جامال ئاغىچا مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئېرىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، دېدى:

ــ ئاتىسى، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن يېزىلغان مانا بۇ مەكتۇپ بىزگە ھەقىقەتنى ئاشكارىلىدى. پەرزەنتىمىز مىرزا ئابابەكرى توغرا قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنسىلە، مەدەتكار بولسىلا، ئۇ ھەرگىز سىلىگە تەتۈر قارىمايدۇ. ئۆمەر مىرزىنى مىرزا ئابابەكرى قەستلەپ كور قىلدى دېگۈچىلەرنىڭ ئاغزىغا تاش ـ تۇپراق تولسۇن.

ــ بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ــ دېدى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئوردىدىكى مويسىپىت سەركەردە، ئەمىرلەرنىڭ: «ھەزرەتلىرى، مىرزا ئابابەكرىدىن پەخەس بولسىلا، ئۇ قارا نىيەت، ئىنىسى ئۆمەر مىرزىنى قەستلەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇ يېقىندا خوتەننى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. ھالا ئەمدى كاشغەرگە كۆز تىكىۋاتىدۇ، بۇ يالغان ئەمەس» دېگەن سۆزلىرى چۈشكەندى. ئېرىنىڭ دېلىغۇل بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيغان جامال ئاغىچا ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ دېدى:

ــ ئوغلۇمغا ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، ئاتىسى. چۈنكى، ئۇ ئاكىلىرىنىڭ ئوغلى، بوۋىقىنى كۆندە بولسا ئۆزلىرىنىڭ بالىسى، يات بىلەن بىر داستىخاندا ئۆمۈر بويى

بىللە بولغان بىلەنمۇ، يات يەنىلا ياتلىقتى قىلىدۇ، ئۆز دېگەن ئۆز، لازىم تېپىلغاندا جان تىكەلەيدۇ. سىلى ئوردىدىكى تىلى شېكەر، دىلى زەھەر بەزى ۋەزىر ـ ئەمىرلەرگە ئالدانمىسىلا، ئۇلار سىلىنى ئوغلۇمدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ئوغلۇمدىن يىراقلاشمىسىلا، بولمىسا ئۇلار قازغان ئورىغا موللاق ئاتىلا. پېقىرە مانا شۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىمەن. ئىلاج بار ئۇنداق بەتنىيەتلەرنى ۋاقتىدا ئوردىدىن ھەيدەش لازىم. مۇبادا ئۇنداق قىلمىسىلا ئوغلۇمنىڭ يېنىغا كېتىمەن.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا چۆچۈپ خوتۇنىغا قارىدى، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئاق ئارىلىغان چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

* * *

جامال ئاغىچا تولىمۇ پاراسەتلىك، ھىيلىگەر خوتۇن ئىدى. ئۇ دېگىنىنى قىلاتتى ياكى باشقىلارغا قىلدۇراتتى. ئۇ خوراسان، خارەزىم پادىشاھلىرىغا، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز خانلىرىغا ئۆزىنىڭ يېنىدا تەربىيەت تاپقان چۆرە، كېنىزەك، سادىق خىزمەتچىلىرىنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىپ كېلىۋاتاتتى. يۇنۇسخاننىڭ يېنىدىمۇ ئۇ ئەۋەتكەن ساھىبجامال كېنىزەك ئايسۇلتان ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشىپ توقال بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىتى، پادىشاھ ـ سۇلتانلار بىلەن ئالاقىسىنى ساقلاپ، ئۇلارنىڭ مەقسەت ـ نىشانلىرىنى بىلىپ تۇرۇش ئىدى، ھەتتا ئوغلى مىرزا ئابابەكرى يېنىدىمۇ ئابروي تاپقان ئادەملىرى بار ئىدى. ئۇ ئۆمرى ئاخىرلاشقۇچە ئوغلى مىرزا ئابابەكرىنىڭ موغۇلىستان، ماۋەرائۇننەھردىكى شاھ ـ سۇلتانلارنىڭ ئۈستىگە چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جامال ئاغىچىغا ھەر تەرەپتىن ئۇچۇر كېلىپ تۇراتتى. ئۇ يۇنۇسخاننىڭ ئوغۇللىرى سۇلتان ئەھمەدخان، سۇلتان

www.uyghurkitap.com

مەھمۇدخانلار بىلەن ئالمالىقتا مىرزا ئابابەكرىگە قارشى قىلىنچىنى بىلەۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى.

جامال ئاغىچا شۇ ئان ئېرى بىلەن يالغۇز سۆزلىشىۋېلىش ئۈچۈن بىر باھانە تاپماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، گۈلئايىمغا:

— نازىنىن خېنىم، سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولارمۇ؟ ئەگەر كەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ كەينىدىن بەگلەرنىڭ بىرسىنى نۆكەرلەر بىلەن ئەۋەتىپ باقساق، ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى. گۈلئايىم ئۇن چىقارماي ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ سەرۋىدەك زىبا قامىتى كۆلدە ئەكس ئەتتى.

— ئوغلۇم تېخى كەلمەپتۇمۇ؟ — سورىدى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ياش خوتۇنىغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويۇپ.

— ھەزرىتىم، مەن ھەرەمگە قايتىپ غوجامنىڭ دېرىكىنى ئالاي.

گۈلئايىم شۇنى دەپ تەزىم قىلىپ خوشلىشىپ ئىككى كېنىزەكى بىلەن باغنىڭ بېدىشقا ئېلىنغان تاللىق يولىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ياش خوتۇنىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا نەزىرىنى تاتىرىپ كەتكەن جامال ئاغىچىغا يۆتكىدى:

— جۇمە نامىزىغا ئۇلگۈرۈپ شەھەرگە كىرىپ كەتمىسەم بولمايدۇ. ئاغىچا، باشقا گەپ - سۆزلىرى يوقتۇ؟

— ئەمىرىم، سىلى كىرىپ كېتىمەن دېگەن گەپنى قويۇپ تۇرسىلا، ئەمدى چىقتىلىغۇ. بۇ يەردە مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار.

— قانداق مۇھىم ئىش، ئاغىچا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىشىمۇ؟ — خۇشياقمىغان قىياپەتتە سورىدى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا خوتۇنىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ. ئۇ ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا «ئاغىچا» دەپ «خېنىم»نى چۈشۈرۈپ قوياتتى، «ئانىسى»

دەپ يېقىنلىق قىلمايتتى.
— ياق، بەگزادەم، — دېدى جامال ئاغىچىمۇ بوش كەلمەي. ئۇ ئېرىنى گېپىگە كىرگۈزمەكچى بولغاندا ئەركىلىتىپ شۇنداق ئاتايتتى، — ئوغلىمىز مىرزا ئابابەكرى ئاللا پاناھىدا قۇدرەت تېپىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغايلا. لېكىن، بۇ يەردە تاجۇتەختىمىز خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ خەۋپتىن مىرزا ئابابەكرىلا ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بىزنى قۇتقۇزۇۋالالايدۇ.
— نېمە؟ ! بۇ قانداق گەپ ئۆزى، — چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا، — ئاللا تۆپىمىزدە تۇرۇپتۇكى، بۇ سائەتكە قەدەر مەن ئۇنداق خەۋپتىن بىرەر نىشان كۆرگىنىم يوققۇ، ئاغىچا.
— ئەمدى ئۆزلىرىگە ئېيتمىسام بولمايدىغان يەرگە يەتتى. بۇ چاغقىچە مۇنداق ئەمەستۇ دەپ كېلىۋىدىم، — جامال ئاغىچا ئېرىنىڭ ئالتۇن توقىلىق كەمىرىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى: بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئۆزلىرى ئەڭ ئىشىنىپ كەلگەن دوغلات ۋە بارلىق قەبىلىلەرنىڭ پېشقەدەم ئەمىرلىرى مەسلىھەتلىشىپ خارەزىم، كابۇل تەرەپلەرگە كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇلاردا چوقۇم يامان غەرەز بار. ئۇ تۇزكور ئەمىرلەرنى كەتكۈزۈۋەتسىلە. ئۇلارغا كۆپ ياخشىلىق قىلغانىدىلە، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ...
— ئۇلار ماڭا ئاسىيلىق قىلامدىكەن؟ — جامال ئاغىچىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا، — ئەگەر شۇنداق بولسا ھەممىسىنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىمەن، ھۇ تۇزكورلار ! ...
— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، بەگزادەم، ئۇلارنىڭ شۇنداق يامان نىيەتكە كەلگەنلىكىنى ئىشەنچلىك خىزمەتكارىمدىن ئاڭلىدىم، — دېدى جامال ئاغىچا توپتەك ئۆرلەپ تۇرغان ئېرىنىڭ بىلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ. ئۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ غەزىپىنى ئۆرلىتىشكىمۇ، خۇش قىلىپ

كۆلدۈرۈۋېتىشكىمۇ ئۇستا ئىدى. شۇڭا، ئۇت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك قىلىپ دېدى:

— بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزگەن كىشىنى سورىمايلىغۇ! ئۇ بۇۋى نىياز دەللە. ئۇنىڭغا ئەمىر ئەلى مىرزىنىڭ خوتۇنى پىيات يېقىندا خۇراسانغا كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز، دەپ بېرىپتىكەن، ئۇ ماڭا يەتكۈزدى. مەن ئىچكىرىلەپ سوراپ بېقىشنى جېكىلىگەنىدىم، كېتىدىغانلار بىر توپ كىشى بولۇپ چىقتى. بۇ نىياز دەللە ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئاتىسى. ئۇلار بۇ يەردىن كېتىپ سىلىنىڭ ئابرۇيلىرىنى چۇشۇرمەكچى، يۇنۇسخان ۋە خۇراسان شاھى سۇلتان ئەھمەد مىرزىلاردىن پاناھلىق تىلەپ ئۇستىلىرىگە لەشكەر تارتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۇلار مىرزا ئابابەكرىنى سىلىگە قارشى كۆرسىتىپ، سىلىگە ياردەم قىلىشنى باھانە قىلىپ، كاشغەر ۋە خوتەن دىيارىدا يېڭى خانلىق تىكلەپ ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى.

— ئۇلارغا ئەجەب ئىشىنىپ كېتىپتىمىنا! مېنى پاناھ تارتىپ بەدەخشاندىن كېلىشكەگە قارا نىيەتنىڭ سەۋەب بولغانىكەن - دە! ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. بۇ ئاسىيلارنىڭ ھەممىسىنى ئوردىدىن ھەيدىمىسەم بولمىغۇدەك. خەپ، خەپ! ...

— ھەيدەپلا قالماي، زىندانغا تاشلاش كېرەك، ئەمىرىم.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ لايدەك لىغىلداپ تۇرغان تىزىنى بېسىپ سۆزدىن توختاتتى.

— ئاغىچا، بۇ ئاسىيلىقنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىپ ۋاقتىدا يۇنۇسخانغا مەلۇم قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلىمىز مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان ئۇنىڭ يېنىدا، خۇدا بۇيرۇسا خان ئۇنى خۇراسان، خارەزىم تەرەپلەرگە ئەۋەتىپ بىلىم تەھسىل قىلدۇرۇشى مۇمكىن. ئوردا ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋالنى مەكتۇپ ئارقىلىق سۇلتان ئەھمەدخانغىمۇ بىلدۈرىمەن. بۇ خۇسۇستا مېنى تەڭلىكتە قويمىسۇنلار. ئاغىچا، تاماق تەييار بولغان بولسا ئاچىقسۇن، جۈمە نامىزىغا ئازنا

مەسچىتكە بارمىسام بولمايدۇ.

جامال ئاغىچا ئېرىنىڭ جەھلىنى قاتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، راۋاقنىڭ ئالدىدىكى گۈلزاردا خىزمەتكە تەييار تۇرغان كېنىزەكلەرگە تاماق ئاچىقىشنى بۇيرۇدى ھەم ئاغزىنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن قىلىپ پىچىرلىدى:

— قۇللۇق، ئەمىرىم، مەن سىلىدىن بەك خوش، لېكىن ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ باغقا تونۇگۈن كەچ چىقماي بەكمۇ ئىنتىزار قىلىپ قويدىلا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق بولمىسۇن.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ كۆلكىسى راۋاقنىڭ نەقىشلىك ئەگمىسىگە قونۇپ تۇمشۇق يالىشىۋاتقان ئىككى ئەندىجان پاختىكىنى ئۈچۈرۈۋەتتى.

— تونۇگۈن كەچ سەمەرقەنتتىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن زىياپەتتە ئىدىم. بۇنىڭياقى ئۇنداق بولمايدۇ، ئاغىچا خېنىم.

ئۇلار گۆشى بېسىلغان پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى باغ ئىچىنى قاپلىدى. داستىخان ئۈستىگە قويۇلغان جانان لېگەندىكى ئاشقا ئاۋۋال بارماقلىرىنىڭ ئۈستىنى قويۇق تۈك باسقان ئۇزۇن - ياغاق قول، ئاندىن بىلەكلىرى بوغۇم - بوغۇم ئاق دىقماق قول ئۇزارتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورىسى

سەككىزىنچى باب

# خەتنە تويى ۋە كۆك بۆرە

## 1

ئاسمانغا بويى سوزغان قارىغاي ۋە ئارچا دەرەخلىرى گۈل ــ گىياھلار بىلەن قاپلانغان قىيا، تۆپىلىكلەرگە ئۆرۈلۈپ داۋالغۇپ تۇرغان سايرام كۆلىگە بەكمۇ چىرايلىق كۆلەڭگە تاشلىغانىدى. مەجنۇنتاللار، زۇمرەت شاخلار كۆمۈش دولقۇنلار مەۋجىدە ئىرغاڭلاپ ــ شىلدىرلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپ گويا باغۇ ــ ئېرەمنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ قويغاندەك ئۆزگىچە جەلپكار ئىدى. چاڭىلداپ سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئۈنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ــ يۇ، ئۆزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. گۈل ــ گىياھلار بىلەن چۈمكەلگەن تەلكە داۋىنىدىن ئاق قاشقا تۇلپارنى دېۋىتىپ چىققىپ كەلگەن سۇلتان ئەھمەدخان كۆل بويىدىكى قىيا دۆڭ ئۈستىدە توختاپ سايرامغا كۆز سالدى، بېشىدىكى نېپىز ئالتۇن يالىتىلغان دۇبۇلغا گويا شەپەق شولىسىدەك تىنىق دولقۇنلار يۈزىدە ئەكس ئەتتى. بولۇپمۇ خاننىڭ قىڭراق بىسىدەك قىرلىق قاڭشىرى ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرغان دۇبۇلغىنىڭ پېشانە تەرىپىگە ئورنىتىلغان گۆھەر خۇددى چولپاندەك چاقناپ، سۇ يۈزىنى سېرىق ھەل بەرگەن ئەينەكتەك پارىلدىتىۋەتتى. ئارقا ــ ئارقىدىن كېلىپ خاننىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇرۇشقان سۇلتانلار، شاھزادىلەر، ئەمىر، بەگ، سىپاھلارنىڭ كۆلەڭگىسى كۆل يۈزىنى قاپلىدى.

ــ ھۆرمەتلىك خان ئاتا، ــ دېدى ئۇنىڭ كەينىدە ئېتىنىڭ

تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ تۇرغان چوڭ ئوغلى خۇش چىراي مەنسۇرخان ئاتتىن چۈشۈپ، — ئەتىگەندىن بېرى شىكار قىلىپ چارچاپ كەتتىلە. بىر ئاز ئارام ئېلىۋالامدىلا؟

بۇ دۆڭلۈك ئۈستىگە ئورنىغان ئاقئۆي تىكىلگەنىدى. بۇ يەردە شاھانە بارگاھنى بەرپا قىلغان سۇلتان ئەھمەدخان قاپقارا قويۇق ئۆسكىلەڭ ساقىلىنى بىر قولى بىلەن سىيپاپ قويۇپ، پۈتىنى ئۈزەڭگىدىن يەرگە ئېلىپ خاس نۆكىرىگە ئاتنىڭ تىزگىنىنى بەردى.

— جانابىي ئاللا، — دېدى ئۇ بىردىن سۆز باشلاپ، — بىزگە مانا شۇنداق گۈزەل زېمىندىن ئورۇن ئاتا قىپتۇ، ئەمما تويماس نەپسىمىز ئىنساب سارايىدىن چىقىپ كەتمەكتە. ھەر قېتىم سايرام بويىغا كەلگىنىمدە ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئاللىدىكى تۇز - كورلۇقىمىزنى ئويلاپ غەمگە چۆمىمەن. ئوغلۇم، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، يەرۇئاسمان، پۈتۈن ئالەم ئاللانىڭ، ھەرگىزمۇ ئىنسابى يوق بەندىلەرنىڭ ئەمەس، ۋاھالەنكى ئاللا بىزگە ئاسماندىكى قۇش، زېمىندىكى ھايۋانلارنىلا ئەمەس، بەلكى سۇدىكى بېلىق، دۇنيادىكى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنىمۇ خالىغىنىڭلارچە تەسەررۇپ قىلىڭلار دەپ بېرىۋەتكەن. ئەمما، بىز ھەر كۈنى زېمىن ۋە بايلىق تالىشىپ قان ئاقتۇرىمىز. بۇ گۇناھ ئەمەسمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزىگە سامى[1] بولۇپ تورغان مەنسۇرخان ئۈن چىقارمىدى. ئۇنىڭ يېنىدا سەئىدخان بىلەن بىللە خەتنە تويىنى قىلغان يەنە بىر ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتانمۇ بار ئىدى. ئەھمەدخان بىر ئايدىن بېرى سوۋغا - سالاملار بىلەن ھەر ياقتىن تويغا كەلگەن پادىشاھ، ئەمىرلەرنى، يۇرت كاتتىلىرىنى يەنە سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇزىتىۋاتقان بولسىمۇ، تېخى مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى.

خان ئاخىرىدا ئۆز ئەللىرىگە قايتىش ئالدىدا تۇرغان پادىشاھ - سۇلتانلارنى شىكارغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن

---

[1] سامى — تىڭشاپ.

ئۈچ كۈندىن بېرى تەلكە تاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ، بۈگۈن سايرام بويىغا يېتىپ كەلگەنىدى.

بۇ سۇلتان يۇنۇسخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئالمالىقتا ئۆتكۈزۈلگەن ئەڭ چوڭ توي ئىدى. بۇ تويغا پەرغانە، خۇراسان ۋە خارەزىمنىڭ مەرھۇم پادىشاھى ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئىككى ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ۋە سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ ئالىيچاقىلىرى بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىماسقا سالدىمۇ، چاپچىپ تۇرغان ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ مەغرۇر تۇرۇشاتتى.

بۇ ئىككى سۇلتان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئىككى ئېگىچىسى — مېھرىنىگار ئاغىچا بىلەن قۇتلۇقنىگار ئاغىچىنىڭ ئەرلىرى ئىدى. بۇلار دائىم بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئەپ ئەمەس ئىدى. قېيىنئاتىسى بولمىش يۇنۇسخان ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى نەچچە قېتىم ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش ئازابىنى كۆپ تارتقان موغۇلىستان، خۇراسان، خارەزىم، پەرغانە قوۋمىغا ئەمىنلىك، ئاسايىشلىق بەخش ئەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، خەتنە توينىڭ ئاخىرىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخان ئاتىسىنى يەنە ياد ئېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ ئەزىز مېھمانلىرى بولغان پادىشاھ، سۇلتانلارنى ئىتتىپاق، ئادىل، سەمىمىي، ياخشى نىيەتلىك بولۇشقا، ئەلنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە يول قويۇپ، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەشكە ئۈندەپ ئاچچىقلىنىپ قىلغان سۆزلىرى ئۆز ئوغۇللىرىنىلا ئەمەس، كۈيئو ئوغۇللارنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇلار خاننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ جىم تۇرۇۋالدى.

— ئەلۋەتتە گۇناھ، خان ئاتا، — دېدى بەستلىك، چىرايىدىن تەمكىن، سەمىمىيلىكى چىقىپ تۇرغان مەنسۇرخان ئاتتىن

چۈشۈپ دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللىغان ھالدا، — دۇئا بەرسىلە، ئاللاتائالا گۇناھىمىزنى كەچۈرۈپ چاغاتاي خان ۋە ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنى ئىناق ـ ئىجىل ئۆتكىلى نېسىپ قىلغاي.

— مېنىڭ مەرتىۋە دۇئا قىلىمەن، ئوغلۇم. ھەر نە ئىش ئادەمنىڭ نىيىتىگە يارىشا بولىدۇ. نىيىتىمىزنى توغرا قىلمىساق، تەكەببۇرانە ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ مەغرۇرلانساق، ئاللا بىر ـ بىرىمىزگە قىلىچ كۆتۈرگۈزۈپ جازالايدۇ. سەككىز يىل مۇقەددەم بىزگە سادىق دوست بولۇپ قۇللۇق قىلىپ كەلگەن كاشغەر دىيارىنىڭ ھاكىم ئەمىرى — مەرھۇم سانىز مىرزىنىڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇپ يامان نىيەت بىلەن ياركەند دىيارىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىۋالغانىدى، ئۇزاق ئۆتمەي خوتەن دىيارىنىمۇ زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى. ئاڭلىسام ئۇ جايلاردىكى ئاۋام خەلقنى قاقشىتىپ تۇغۇلغىنىغا مىڭبىر نادامەت قىلدۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بىئارام بولۇۋاتىمەن، ئوغلۇم. ئىنىلىرىڭنىڭ خەتنە تويىنى مۇنداق داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈشۈممۇ، موغۇلىستان، خۇراسان، خارەزىم، پەرغانە، كاشغەر دىيارىدىكى قان قېرىنداش، شاھ ـ سۇلتان، ئەمىرلەرنى ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈشكە ئۈندەش ئۈچۈن ئىدى. ئىناق ـ ئىجىل بولمىغاندا، ئۆز قوۋمى، مىللىتىنىڭ غېمىنى قىلماي، كېمىنى تولۇقلىماي، تەر تۆكمەي قان تۆكۈشكە بېرىلگەندە، سۇلتانلىق، پادىشاھلىق بۇرچىنى ئادا قىلالمايدۇ. ئاقىۋەت شۇ بولىدۇكى، تاجۇتەختىنى، مۇنبەت زېمىنىنى ياتلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، خەلقنى كۆلپەت دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ. ئاڭلا، ئوغلۇم، دۈشمەننى سەل چاغلاپ ئۆزىنى كۈچلۈك ساناشمۇ مەغلۇبىيەتكە سەۋەبچى بولىدۇ. ھۆرمەتلىك ئاتام يۇنۇسخان كاشغەر ھاكىمى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ تەلەپ قىلىشى بىلەن مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە جازا يۈرۈشى

قىلغانىدى، مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدى. ئىككىنچى قېتىم يەنە لەشكەر تارتقانىدى، يەنە مەغلۇپ بولدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئاتام مىرزا ئابابەكرىنى سەل چاغلاپ، ئۆز كۈچىنى تولىمۇ ئۈستۈن بىلگەنلىكتىن مانا شۇنداق ئاقىۋەتكە قالغان. ئوغلۇم، سەن پەرزەنتلىرىمنىڭ چوڭى، ئەمما تېخى كىچىكسەن، ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى، دۈشمەننى زىنھار ئاجىز، ئەقىلسىز چاغلىما، — سۇلتان ئەھمەدخان سۆزدىن توختىدى. داۋالغۇپ تۇرغان سايرامغا باققاندا خىيال قۇشى يىراق ئۆتمۈشكە پەرۋاز قىلىپ، ئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ مىرزا ئابابەكرىگە جازا يۈرۈشى قىلغان چاغلاردىكى ۋەقەلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتتى.

## 2

كاشغەر دىيارىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان يۇنۇسخان ئون بەش مىڭ ئەسكەر توپلاپ، ئەھمەدخان بىلەن بىللە يولغا چىققتى. ئۇلار تاغ ـ داۋانلاردىن ئۆتتى. بۇ لەشكەر ئىچىدە ئەلەم شەيخ باھادىر قاتارلىق سەركەردىلەر، چەۋەنداز ۋە مەرگەنلەر بار ئىدى.

يۇنۇسخان ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ئاتتا تىك ئولتۇراتتى، چارچىدىم، ھاردىم دېمەيتتى. ئۇ كاشغەرگە بارغۇچە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئوغلى ئەھمەدخان ۋە ئۆزىگە يېقىن ئەمىر، بەگ، سەردارلارغا يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى:

— جانابىي ئاللا شاھ ـ سۇلتان، ئەمىرلەرگە يەپ ـ ئىچىش، باش كىيىش، ئەيش ـ ئىشرەت ئۈچۈنلا تەختتە ئولتۇرۇش ۋە تاج كىيىپ ھۆكۈمدار بولۇشنىلا نېسىپ قىلغان ئەمەس، بەلكى ئاۋامنىڭ تىنچ ـ ئامان ھايات كەچۈرۈشىگە دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ، ماجىرالارنى توغرا ھەل قىلىپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ،

ئاسايىشلىق، ئەمىنلىكنى قوغداش، ئۆز ئېلىنىڭ پۇقرالىرىغا نەپ يەتكۈزۈپلا قالماي، قوشنا ئەللەر خەلقلىرىگىمۇ نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن تەختنى نېسىپ قىلغاندۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئىسەن بۇغاخاندىن تەختنى تارتىۋالغاندەك، ھەرقانداق مەككار، بەدكاردىن تەختنى تارتىۋالىدۇ. بۇ ساۋاقنى زىنھار كۆڭۈلدىن چىقارماسلىق لازىم.

يۇنۇسخان كاشغەرگە كېلىپ لەشكەرلىرىنى بىر ھەپتە دەم ئالدۇردى.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئەسلىدە ئاتمىش مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەكتۇپىغا ئالدىنىپ بىخۇدلاشقاندىن باشلاپ سەمىمىي ـ سادىق بولۇپ كەلگەن ۋەزىر ـ ئەمىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئوردىدىن ھەيدەپ، بىر قىسمىنى نەزەربەند قىلىپ قويغانىدى. مىرزا ئابابەكرى بۇ مەكتۇپىدا، مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ قېشىدىكى پېشقەدەم قابىل ئەمىر، سەردارلارنى قارىلاپ، ئۇلارنى جازالىمىسا بەيئەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئۆزىگە سادىق ئەلى مىرزىنىمۇ زىندانغا تاشلىغانىدى. ھېلىگەر مىرزا ئابابەكرى يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىنلا مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئۇلارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، ئالدىن بېشارەت بېرىپ قىلغان سۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدى. بىراق، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالدى. ئەلى مىرزىنى زىنداندىن چىقىرىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى.

— رەھمەت، جانابلىرىغا، ياشىنىپ قالدىم، ۋەزىر بولغۇدەك قۇربۇم يوق. ئەگەر زىنداندىن چىقىرىپ ئەركىنلىكىمنى بەرگەنلىرى راست بولسا ئىجازەت قىلسۇنلار، يالغۇز بېشىمنى ئېلىپ خالىغان يەرگە كېتەي، — دېدى ئەلى مىرزا ئۆسۈپ گەدىنىگە چۈشكەن چاچلىرىنى ياغاق قولى بىلەن سىيىپاپ تۇرۇپ. ئەلى مىرزا سۇلتاننىڭ سۆزىنى پەسەنتىگە ئالمىدى ۋە پەش قېقىپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. ئوردىدىن كەتكەن يالغۇز

www.uyghurkitap.com

ئەلى سەردار بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنلىخان بەگ ـ ئەمىر، سەردارلارمۇ مىرزا ئابابەكرىنى پاناھ تارتىپ كەتتى. قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرمۇ بىللە كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئوتتۇز مىڭغا يېقىن يارامسىز ئەسكىرى قالدى. ئۇ مانا شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغاندا يۇنۇسخان كەلدى. خان ئالدىدا توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ تەزىم قىلغان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئەھمەدخانغىمۇ يەتتە قېتىم يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى. ئوغلى مۇھەممەدھۈسەيىن كۆرەگان بىلەن قۇچاقلاشتى.

— مىرزا، ئوغلىڭىز سىزگە يۈت ئېتىپ، بىزگە كۆز ئالايتىۋېتىپتۇ. ئۇنى جازالاش ئۈچۈن ئوغلۇم ئەھمەدخان بىلەن كەلدىم.

يۇنۇسخان زامانىسىنىڭ ئالىمى بولسىمۇ، ھەربىي سەركەردە ئەمەس ئىدى. ھەممە ئىشنى ئادالەت ۋە ئىنساب بىلەن قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. ئۇ مىرزا ئابابەكرىنى بىر يولىلا مەغلۇپ قىلماقچى بولۇپ ئەھمەدخاننى ئۆزىنىڭ ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ قوشۇنىغا ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇن ئىككى ياشلىق مۇھەممەدھۈسەيىن مىرزىنىمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، يۇرتىنى كۆرسۇن دەپ ئەكەلگەنىدى. ياركەند شەھىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە مۇھەممەدھەيدەر مىرزا، كۈنچىقىش تەرىپىگە يۇنۇسخان چۈشكۈن ياساپ بارگاھ قۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇلار ھىجرىيەنىڭ 885 ـ يىلى①، جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 14 ـ كۈنى ياركەندكە يېتىپ باردى ۋە بۇ قەلئەنى ئىككى تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم باشلىدى. مىرزا ئابابەكرى بۇۋىسى ئەمىر سەيىد ئەلىدىن قالغان تاللانغان باتۇرلىرىنى يۇنۇسخاننىڭ لەشكىرىگە سالدى، ئارقىدىنلا ئاتلىق ۋە پىيادە مەرگەنلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. ئەمىرلەشكەر

---

① ھىجرىيە 885 ـ يىلى — مىلادىيە 1481 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

سۇلتان ئەھمەدخان ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ سەپنى بۇزۇپ قېچىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئەلەمدىن يېرىلاي دېدى ـ دە، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇردى. ئەتراپتىكى بەگ ـ ئەمىر، ياساۋۇللارغا يۇنۇسخاننى قوغداشنى تاپشۇرۇپ، ئۆز سىپاھلىرى بىلەن جەڭگە ئېتىلىپ كىردى. لېكىن، خېلى كۆپ سىپاھلىرى بىردەمدىلا يەر چىشلىدى، ياركەندنى پەتھى قىلىش ئارزۇسى سۇغا چىلاشتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ قېچىۋاتقان ئەسكەرلىرىنى توسۇيالمىدى. ئۇ ئاتىسى يۇنۇسخاننى مۇھاپىزەت قىلغىنىچە تېز چېكىندى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ جەڭ قىلمايلا قاچتى. مىرزا ئابابەكرى بۇلارنى تاكى يېڭىسارغىچە قوغلاپ كېلىپ، ئاندىن ياركەندكە قايتتى. سۇلتان يۇنۇسخان كاشغەر ۋە ئاقسۇدىمۇ تۇرماي، ئالمالىققا باردى. بىر يىل تەييارلىق قىلىپ ئاتمىش مىڭ ئەسكەر بىلەن كاشغەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلدى. بۇ قېتىممۇ مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىنى بىللە ئەكەلگەنىدى.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاران ئون بەش مىڭ ئەسكەرنى سەپكە تۇرغۇزدى. يەنە ئون بەش مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ھەر تەرەپكە قېچىپ چېچىلىپ، بىر قىسمى مىرزا ئابابەكرىگە ئەل بولغانىدى.

* * *

جامال ئاغىچا ئوغلى مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئوغلۇم، سەن ئەجەب ئۆزگىرىپ موغۇلنىڭ ئۆزى بولۇپ كېتىپسەن. سەن تېخى بەك كىچىك، ئانا مېھرىگە قانمىغان گۆدەكسەن، بۇ يەردە قېلىشىڭغا بەلكىم يۇنۇسخان ئۇنىمايدىغاندۇ. بەلكىم جانجىگەر بىر قورساقتىن چىققان ئاكاڭنىڭ ئەدىپىنى بەرگىنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يەنە سېنى ئەكەلگەندۇ؟ لېكىن ئاكاڭ يەڭدى. ئەپسۇس، ئىككى ئوغلۇمنىڭ بىر ـ بىرىگە قىلىچ كۆتۈرۈشىنى خىيالىمغا زادى

كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. تۇۋا، مىڭ تۇۋا، تۆل بولۇپ ئولتۇرۇۋەرگەن بولسام سىلەرمۇ تۆرەلمىگەن، مەنمۇ مۇنداق شەپقەتسىزلىكىنى كۆرمىگەن بولار ئىدىم. تۇۋا ... تۇۋا ...

— ئانا، بولدى قىلىسۇنلار، تەقدىر ـ قىسمەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. مەن سۇلتان يۇنۇسخان بوۋام يېنىدا ئوبدان تونۇۋاتىمەن، يانلىرىدا قالالمايمەن، ئەمما سىلىنى ئۇنتۇمايمەن. ئۆزلىرىگە مېھرىم چەكسىز، ھالبۇكى پېقىر ئۆزلىرىگە بىر ئاچچىق ھەقىقەتنى ئېيتىشقا مەجبۇرمەن. ئانا، سىلى بىباھا سوۋغا سۈپىتىدە ئەۋەتكەن ساھىبجامال چۆرە ئايسۇلتان ئاتىمىز يۇنۇسخانغا يەتتە يىل چۆرە بولغان تۇرۇقلۇق، تۇزكورلۇق قىلىپ شاراب قۇيۇلغان جامغا زەھەر سېلىپ قويغانلىقىنى مەن كۆرۈپ قالغانىدىم، خان ئاتام جامنى قولىغا ئالغاندا دەپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن زەھەر سېلىنغان جامنى سۇلتان ئەھمەدخان ئايسۇلتانغا بېرىپ: «ئىچكىن، ئەگەر زەھەر سالمىغان بولساڭ، يالغان ئېيتقان مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىنى يىگىرمە قامچا ئۇرىمەن» دېدى. ئايسۇلتان جامنى قولىغا ئېلىپلا ئىچىۋەتتى. ئۆلىدىغان چېغىدا: «راستىنى دېسەم، جامال ئاغىچىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شۇنداق قىلغانىدىم» دېدى ـ دە، يىقىلىپ جان ئۈزدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان خان بوۋام ئەھمەدخانغا قاتتىق كايىدى. ئايسۇلتاننى دەپنە قىلدۇرۇپ ئۈچ كۈنگىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى، خان بوۋام ئايسۇلتاننى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرىدىكەن. شۇنداق ئادالەتلىك خانغا قەست قىلىشتىن مۇددىئايىڭىز مىرزا ئابابەكرى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇشمىدى، ئانا؟

— بولدى بەس! — جامال ئاغىچا ئوغلىنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — ماڭا قارا سوۋاش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ دۈشمەننىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ماڭا تۆھمەت قىلماقچىمۇ سىلەر؟ ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئاتاڭمۇ ماڭا چىراي ئاچماي كېلىۋاتىدۇ. سەن

دۈشمىنىمىزنىڭ گېپىگە كىرىپ ئەسلىي نەسەبىڭنى ئۇنتۇپسەن. خۇداغا قويدۇم، چىقىپ كەت!

مۇھەممەدھۈسەيىن مىرزا ئانىسىدىن ئازار يەپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بۇ قېتىم پۈتۈن لەشكەرلەر ئىچىدە ئەڭ كىچىك سىپاھ بولۇپ ياركەندكە قاراپ يول ئالدى. ھىجرىيە 885 ـ يىلى رەجەبنىڭ بېشىدا ئۇلار ياركەندكە يېتىپ باردى. ئۇلاردىن ئۈچ كۈن بۇرۇن كېچىسى يولغا چىقىپ ياركەندكە يوشۇرۇن كەلگەن جامال ئاغىچا ئەھۋالنى مىرزا ئابابەكرىگە يەتكۈزۈپ بولغانىدى. ئۆتكەن يىلدىن بېرى تېخىمۇ چوڭ جەڭگە تەييارلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مىرزا ئابابەكرى بەش مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان ئەسكەرلىرىنى سەپراس قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ئانىسىدىن ئاڭلىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئوڭ ۋە سول قانات قىلىپ ئىككى سەپكە ئايرىدى. سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كۈنچىقىش تەرەپتە، مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ كۈنپېتىش تەرەپتە بارگاھ قۇرغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان مەرگەننى كېچىلەپ جەنۇبىي دەرۋازىدىن چىقىرىپ، يۇنۇسخان بارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يوشۇرۇن مۆكتۈرۈپ قويدى. ياركەند شەھىرىنىڭ ھەرقايسى دەرۋازىلىرىدىن جەڭ دۇمبىقى چېلىپ چىققان مىرزا ئابابەكرى قوشۇنلىرى روھلۇق ئىدى. قىلىچ ـ نەيزە تۇتقانلار مىرزا ئابابەكرى بارگاھىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپراس بولغانىدى. بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتلىق ئەسكەر ئىككى ياندا غاز قانىتىدەك سەپ تۈزگەنىدى. بۇنى كۆرگەن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ئىمانى ئۇچۇپ كەتتى، لەشكەرلىرى بولسا قېچىش كويىغا چۈشتى. يۇنۇسخان سەل چۆچۈگەن بولسىمۇ، جەڭ قىلىپ ياركەندنى ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئەھمەدخان دۈشمىنىنىڭ مۇنچىۋالا ھەيۋە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ دۈشمەننى قورشاۋغا ئالدۇق دېگەن بىلەن ئۆزىمۇ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانىدى. جەڭ

باشلىنار ـ باشلانمايلا ئارقا تەرەپتىن ئۇقىقا تۇتۇلغان يۇنۇسخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئالدى تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلگەن ئاتلىقلارنى كۆرۈپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇزۇن يول يۈرۈپ جاپا چەككەن ئەسكەرلەر كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان دۈشمەن قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي قالدى. مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇمغا ئۇچرىماي تۇرۇپلا ۋەھىمە ـ قورقۇنچ بېسىپ پىتىراپ قاچتى. شۇ چاغدا خاننىڭ خاس نۆكەرلىرىدىن بولغان ئىگىز بويلۇق ئەلەمشاھ باتۇر ئۆزىنى بىر كۆرسەتكۈسى كېلىپ قىلىچىنى شارت قىلىپ سۇغۇردى ـ دە، ئات چاپتۇرۇپ دۈشمەن ئىچىگە بېسىپ كىردى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ خاس نۆكىرى جەمشىت قىلىچۋاز ئۇنىڭ ئايىغىغا قالپىقىنى تاشلىدى. ئات ئۈركۈپ ئەلەمشاھنى تاشلىۋەتتى. ئەلەمشاھ ئورنىدىن تۇرغىنىچە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەن بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشقا تۇتۇندى. ئۇ بىر قىلىچ ئۇرۇپ جەمشىتنى يىقىتتى، ئەمما ئارىغا ئېلىۋالغان جەمشىتنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا تەرەپ ـ تەرەپتىن قىلىچ ئۇردى. بۇنى يىراقتىن كۆرگەن ئەھمەدخان يۇنۇسخانغا مەلۇم قىلدى. يۇنۇسخان ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئەھمەدخاننى سىپاھلار بىلەن ئەۋەتتى، ئۆزىمۇ ئاتقا مىنىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن چاپتى. ئەسكەرلەر خاننى قاچقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىپ ئۆزلىرىمۇ قېچىشقا يۈزلەندى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۆكتۈرۈپ قويغان مەرگەنلىرى بۇلارنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. يۇنۇسخاننىڭ نەچچە مىڭ ئەسكىرى ئاتتىن يىقىلدى. يۇنۇسخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئەمدى تاقەت قىلالماي بۆرىدىن قاچقان جەرەندەك تىز قاچتى. سۇلتان ئەھمەدخان دادىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. گاھ قىلىچ چېپىپ، گاھ نەيزە سانجىپ، دۈشمەن پالۋانلىرىنى يۇنۇسخانغا يېقىن كەلتۈرمىدى.

مۇھەممەدھۈسەيىن مىرزا ئاتىسىنىڭ باشتىلا قاچقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ توخۇ يۈرەكلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى.

ئەھمەدخانغا ياندىشىپ يۈنۈسخاننى مۇھاپىزەت قىلىپ دۈشمەن قورشاۋىدىن مىڭ تەسلىكتە ئاچىقتى. ئۇلار كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىنلا جامال ئاغىچىنىڭ سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى ئېلىپ ئوردىنىڭ ساتقۇن بەگلىرى بىلەن ياركەندكە كەتكەنلىكىنى بىلدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭمۇ يېڭىسارغىچە كېلىپ قايتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان يۈنۈسخان:

— خۇدا نۇسرەتنى ئۇنىڭغا بەرگەن يەردە بىزنىڭ كاشغەردە يەنە تۇرۇشىمىزغا ئورۇن يوق، ئاقسۇغا كېتەيلى، — دېدى.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا كىچىك خوتۇنى گۈلئايىمنى ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ يۈنۈسخانغا ھەمراھ بولۇپ ئاقسۇدا قىشنى تىنچ - ئامان ئۆتكۈزدى. كۆك چىقىپ تېرەك پوتلا تاشلىغاندا، يۈنۈسخان موغۇلىستانغا يولغا چىقماقچى بولدى.

«يۈنۈسخان موغۇلىستانغا بارغۇچە ئاقسۇنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇدەك، ھەر كىشى ئۆزىگە ئاگاھ بولسۇن» دېگەن خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئاقسۇ دىيارىغا تارالدى. «يۈنۈسخاننى تۇتۇپ ئۇنىڭ زۇلمىدىن ئاقسۇ خەلقىنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك» دېدى خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن مۇھەممەدھەيدەر مىرزىغا، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇ ئىغۋالارغا ئىشىنىپ ئۆز ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ دەسلەپتە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بارگاھىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى نەزەربەند قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۈنۈسخان ئۆز ئورنىدا ئالمالىقتا قالغان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەككىز كۈن ئىچىدە ئاقسۇغا يېتىپ كېلىشىنى بۇيرۇپ ئالاھىدە چاپارمەن ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان دەل ۋاقتىدا ئوتتۇز مىڭ ئەسكىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئاقسۇ شەھرىگە بېكىنىۋالغان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بىلەن جەڭ باشلىدى. بۇ جەڭ قىرىق كۈن داۋام قىلدى. ئاقسۇ شەھرىدىكى پۇقرالار بىلەن ئەسكەرلەر قەھەتچىلىك ئىچىدە قالدى. ئاخىر مۇھەممەدھەيدەر مىرزا سۇلتان ئەھمەدخاندىن كەچۈرۈم سوراپ، ئاقسۇنى بۆلۈپ ئىدارە قىلماق ئۈچۈن ئۇنى سۇلھى تۈزۈشكە

يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. تۆپىلىكتە بارگاھ قۇرۇپ ئولتۇرغان ئاتىسى سۇلھى قىلىشنى رەت قىلدى.

— سەن ئاسىيىنىڭ ۋەكىلى بولدۇڭمۇ؟ — دېدى قاپقارا ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىرنەچچە يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئىنىسىغا ئالىيىپ قاراپ.

— ياق، گۇناھىنى تونۇغان قېرىندىشىمنىڭ سالىمىنى ئەكەلدىم، ئاكا، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ.

— قىلىچ كۆتۈرگەن دۈشمەنگە قىلىچ بىلەن تاقابىل تۇرۇش لازىم، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئەھمەدخانغا كۆز تىكىپ، — سەن خاقاننىڭ ئوغلى. شاھزادىلىك غۇرۇر، جاسارىتىڭ نەگە كەتتى، ئوغلۇم؟ شەھەرگە ھۇجۇم باشلاڭلار، ئاقسۇنى ئىككىگە بۆلۈشكە بولمايدۇ.

شەھەرگە بىرىنچى بولۇپ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەسكەرلىرى بېسىپ كىردى ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنى باغلاپ، بەگ ـ ئەمىرلىرى بىلەن بىللە ئەكەلدى.

— مىرزا، بىز تۇغقانغۇ، چاغاتاي ئەۋلادىغۇ! ئۆگەي ئوغلۇڭ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ ساڭا قارشى قىلىچ كۆتۈردى، سېنى قۇتقۇزغىلى كەلگەن قېرىنداشلىرىڭغا قىلىچ كۆتۈرسەڭ خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟ قېنى ئېيتقىن! — يۇنۇسخان ئاق كىگىز ئۈستىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — سەن بۇ شەرمەندە ئىغۋاغا قانداق ئىشەندىڭ؟ ئىغۋاچى زادى كىم؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يوكۇنۇپ تىز پۈكتى:

— ئىغۋاچى مېنىڭ سەردارىم مۇقبۇل ئەلا دوغلات بولۇپ چىقتى، شاھىم. ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادىمى ئىكەن.

— ئۇ قېنى؟

— ئابايا ئۇ قاچاقچى بولغاندا چېپىپ تاشلىغانىدىم، ئالىيلىرى.

— بۇنىڭ قولىنى يېشىڭلار، — دېدى يۇنۇسخان ۋە ئۆزى بېرىپ مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ قوللىرىنى يەشتى.

— مۇھەممەدھەيدەر مىرزا، سىپاھلىرىم بىلمەي ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىپتۇ. كەچۈرسۇنلار...

— پېقىرمۇ ئىغۋاچىغا ئىشىنىپ ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلدىم. ئاللادىن گۇناھىمنى تىلەيمەن، شاھىم.

يۇنۇسخان ئۇنىڭ قىلىچ - قالقانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، دېدى:

— نادانلىق ھەممە بالا - قازانىڭ مەنبەسى، ئەمىر، پەقەت ناماز ئوقۇشنى بىلىپ، قانداق ياشاشنى بىلمىگەن كىشىنى ئاللا كۆلپەتتە قالدۇرىدۇ. نادان قېرىنداشلىرىمىزغا ياشاشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ قويمىقىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ئاقسۇدا قېلىشنىمۇ خالىماي، يۇنۇسخان ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن ئالمالىققا كەتتى.

*          *          *

مىرزا ئابابەكرى كاشغەرنى ئېلىپ ئاقسۇغا كەلدى. ئاقسۇ خەلقى بىرنەچچە ئايغىچە ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى. قاتتىق قارشىلىق قىلدى، ئاخىر يېڭىلدى، مىرزا ئابابەكرى ئۆي - ئۆيلەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانلارنى چاپقۇن قىلدى، خوجا مۇھەممەد فىزالىدىننىڭ ئاپپاق ساقاللىرىنى قويماي يۇلدۇرغاندىن كېيىن ئەپۇ سوراپ خانىقاسىغا قايتۇردى، ھايات قالغان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمىنى كاشغەر، خوتەنلەرگە سۈرگۈن قىلدى. ئاقسۇ شەھىرى بىر مەزگىل خارابىلىككە ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان يۇنۇسخان سۇلتان ئەھمەدخاننى لەشكەر يىغىشقا بۇيرۇپ، مىرزا ئابابەكرىگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى. پەرغانە شاھى ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇنى ئەندىجانغا تەكلىپ قىلدى. چۈنكى، ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتماقچى بولغانىدى. يۇنۇسخان ئورنىغا سۇلتان ئەھمەدخاننى قويۇپ، مۇھەممەدھەيدەر مىرزا ۋە

ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئەندىجانغا كەلدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىپ قېيىنئاتىسىغا ئۇش ۋىلايىتىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. يۇنۇسخان ئۆمەر بەگلىرىنى ئەۋەتىپ ئالماتا، توقماق، قاراقول شەھەرلىرىنى بەرپا قىلدۇردى ۋە ئۇ يەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى.

ئاكىسىنىڭ ئۆشتۆمتۆت ھۇجۇم قىلىشىدىن خاۋاتىرلانغان ئۆمەر شەيخ مىرزا:

— ئەي، خان ئالىيلىرى، ئاكامنىڭ نىيىتى يامان، پېقىر ئىنىسىدىن ئەندىجان، پەرغانە، تاشكەنت ۋىلايەتلىرىنى تارتىۋالماقچى. مەنمۇ بۇ دىيارلاردىن كەچتىم. ئۇ يەرلەرنى ئۆز ئىلكىلىرىگە ئېلىپ جاھانگىر ئاكامنىڭ قانخورلۇقىغا خاتىمە بەرگەيلا، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. سۇلتان يۇنۇسخان:

— سىلەر ئاكا ـ ئۇكا سۇلتانلارنىڭ غەلۋەڭلەر تۈگىمەي كەتتىغۇ ! ماڭا قاراشلىق زېمىن ناھايىتى كۆپ، ئارتۇقچە يەر بىھاجەت، مەن سىلەرنىڭ يارىشىپ قېلىشىڭلارنى خالايمەن، — دېدى.

ئۇ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا تۇغۇلغان ئوغلىغا مۇھەممەد زەھىرىدىن بابۇر دەپ ئات قويۇپ بەردى.

يۇنۇسخان خوتۇنى ئىسەن دۆلەت بېگىمنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن ئالمالىققا قايتىپ، چوڭ ئوغلى مەھمۇدخاننى ئوتتۇز مىڭ ئەسكەر بىلەن تاشكەندكە ئەۋەتتى. ئاقسۇدىن قومۇلغىچە ۋە پۈتۈن جۇڭغارىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلەرنى ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخانغا بېرىپ، ئۆزىمۇ تاشكەنتكە كەلدى ۋە خوجا ناسىرىدىن ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپ سەمەرقەنتكە ئادەم ئەۋەتتى. خوجا ئەھرار ھەزرىتىم يۇنۇسخاننىڭ بۇ ئاقىلانە تەشەببۇسىنى توغرا تېپىپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئۇرۇشماي جايىدا توختاپ تۇرۇشى ئۈچۈن پەرمان چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا

ۋە سۇلتان يۇنۇسخان ۋە سۇلتان مەھمۇدخان ئوتتۇرىسىدا سۇلھى تۈزۈلدى.

ئەمما، بىر كىچىسى ھارغىنلىق تۇيەيلى مېڭىسىگە قان چۈشكەن يۇنۇسخان ئوڭ تەرىپى پالەچ بولۇپ يېتىپ قالدى. كېسەل ئازابىنى خېلى يىللار تارتىپ ساقىيالماي، ھىجرىيە 892 ـ يىلى① تاشكەنتتە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا يىراق ـ يېقىندىن پادىشاھ، خان، سۇلتانلارنىڭ كۆپ قىسمى كەلدى، شەيخ خاۋەند تەھۇر قەبرىستانلىقىغا قويۇلۇپ، قەبرىسى چوڭ گۇمبەزلىك مەقبەرە ئىچىگە ئېلىندى. سۇلتان ئەھمەدخانلا ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشالماي، يۈرىكى قان ـ زەرداب بولۇپ چوڭ نەزىر بەردى.

يىللار ئۆتتى. سۇلتان ئەھمەدخان ئوغلى سەئىدخان يەتتە ياشتىن ئاشقاندا ئالتە ياشلىق ئىسكەندەر سۇلتان بىللە، خەتنە تويىنى ئەنە شۇنداق نىيەتتە دەبدەبە بىلەن قىلمۇۋاتاتتى.

## 3

— بوۋاڭ يۇنۇسخان ۋە مىرزا ئابابەكرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەنلىرىم ئېسىڭدە بارمۇ، ئوغلۇم؟ — سورىدى مىنۇت ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ چىققان ئەھمەدخان ياداڭغۇ چىرايىنى غەم بۇلۇتى باسقان چوڭ ئوغلى مەنسۇرخانغا قايرىلىپ قاراپ.

— ئېسىمدە، خان ئاتا، نەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەنىدىلە، — مەنسۇرخان ئېگىز قامىتىنى يۈكۈپ جاۋاب بەردى. سۇلتان ئەھمەدخان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەلۋەتتە ئېسىڭدىن چىقماسلىقى كېرەك، چۈنكى مىرزا ئابابەكرىنىڭ قانلىق قىلىچى ياۋغا ئەمەس، ئۇنى دوست بىلگەن بوۋاڭغا تەڭلەنگەنىدى. بوۋاڭ يۇنۇسخان ئادىل، دانا پادىشاھ ئىدى. مىرزا ئابابەكرى پاسىق، زالىم ئىدى. ئۇ نىيىتى قارا،

① ھىجرىيە 892 ـ يىلى — مىلادىيە 1487 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

كۆڭلى ئالا ئىنسابسىز بولغىنى ئۈچۈن بوۋاقكەن، مەندىن خانلىق تالاشتى. جان ـ جەھلى بىلەن بىزگە قارشى تىغ كۆتۈرگەن بۇ بەدكارنىڭ جاسارەتلىك دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغدا بىلەلمەي يېڭىلىپ قالغانىدۇق. كېيىن بوۋاقنىڭ تاشكەنتتە ۋاپات بولدى، يۈزىنى كۆرەلمىدىم. بالام. بوۋاقكەدەك ئارماندا قالماسلىق ئۈچۈن مەن يەنە مىرزا ئابابەكرىگە جازا يۈرۈشى قىلىمەن. بۇ ئېسىڭدە بولسۇن.

— ئەستە تۇتىمەن، خان ئاتا، ئۇ بەختسىز كۆنلەرنى ساۋاق قىلىمەن، — دېدى مەنسۇرخان يېنىدىكى ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ مۈرىسىگە: «ئاڭلىدىڭمۇ؟» دېگەندەك نوقۇپ. بېلىگە كىچىك قىلىچ، يەلكىسىگە ساداق ئاسقان خانزادە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ دېدى:

— مەن ھەرگىز ياۋغا تەختىمنى تارتقۇزۇپ قويمايمەن!

— ئوغۇل بالا! — دەپ تولۇقلىدى ئۇنىڭ كېيىن ياققان سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا، — زېرەكلىكىنى بۇ گۆدەكنىڭ. ئەھمەدخاننىڭ بالىلىرى ئىچىدە بۇ ئاتىسىنى يەرگە قاراتمىغۇدەك.

سۇۋادان تېرەكتەك بويلۇق سۇلتان ئەھمەد مىرزا پاكار بولسىمۇ دوغىلاق، تەمبەل كەلگەن ئىنىسىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ باش لىڭشىتىپ قويدى. ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن شەيخ زەيىدبەگ، ئەلى مەزىدبەگ، قەۋچىنبەگ، جانىبەگ دولداي، ئەھمەدھاجىبەگ، سەئىد يۇسۇپ ئوغلاقچى، ئەھمەد تەنبەل قاتارلىق بەگ ـ ئەمىرلەر سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشتى. سۇلتان ئەھمەدخان ئوغلى مەنسۇرخانغا قاراپ دېدى:

— مەرھۇم پەدەرى بۇزرۇكۋارىم تاشكەنتتىكى ئاكام سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىغا كەتتى. مەن قېلىپ باشباشتاق موغۇللارنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇردۇم. «ئادىلخان» دېگەن نام بىلەن ئەمەس، «ئالاچەخان»① دېگەن نام بىلەن تونۇلدۇم، ئوغلۇم.

① ئالاچەخان — چاپقۇن قىلغۇچى خان. «قانخور» دېگەن مەنىدە.

ھەر نامازدىن كېيىن گۇناھىمنى تىلەپ توۋا قىلىمەن، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە مىرزا ئابابەكرى كاشغەرنى بېسىۋېلىپلا قالماي، ئاقسۇنىمۇ ۋەيران قىلدى. پەدەرى بۇزرۇكۋارىم مەرھۇم ئاتامنىڭ كۆزى شۇنىڭ ئۈچۈن يۇمۇلماي كەتتى.

— خان ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزى قېيىنئاتام يۇنۇسخاننىڭ «بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ» دېگەن ھېكمىتىنى ماڭا ئەسلەتتى، — دېدى شاھ - سۇلتانلار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مىرزا ئابابەكرى زىددىيىتىمىزدىن پايدىلىنىپ ئۇش ۋە ئۆزگەنچىنىمۇ بېسىۋالدى. ئۇ بەدەخشان دىيارىغا لەشكەر تارتىپ ۋاخاننىمۇ قولغا كىرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلماي، ھازار دىيارىنىڭ كۆپ قىسمىنى تارتىۋالدى. ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ قاراپ تۇردۇق. بوسۇغىمىزغا كەلگەن دۈشمەننى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا ئۆينى بوشىتىپ بېرىش كېرەكمۇ ياكى بىر - بىرىمىزنى ئەپۇ قىلىپ ئىتتىپاق بولۇپ، دۈشمەن قەيەردىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە كەتكۈزۈۋېتىش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭغا دەرھال چارە قىلمىساق، ئىككى پۇتىمىز بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قالىدۇ.

باياتىن بېرى ئۇندىمەي ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ئولتۇرغان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە دارىتمىلاپ قىلغان سۆزىدىن قاتتىق ئاچچىقلاندى. قىمىز ئىچىۋاتقان كۈمۈش جامنى داستىخان ئۈستىگە ئاتتى.

— ئالاچەخان توغرا ئېيتتى. ئاكامۇ توغرا ئېيتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ بوشاڭلىقىمىزدىن يەرلىرىمىزنى بېسىۋالغىنى راست، مەن ئۇ ياۋۇز ستەمكارنىڭ زۇلمىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتىمەن. باشقىلار پۇتلىكاشاڭ بولمىسىلا، ئۇ ئەبلەخنى كاشغەر دىيارىغىچە سۈر - توقاي قىلىشقا كۈچ - قۇدرىتىم يېتىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى سۇلتان ئەھمەدخاندىن كۆرە، دائىم ئۆزى بىلەن

قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا قارىتىلغانىدى. بۇنى سەزگەن ئەھمەدخان بۇ يەردە ئاكا - ئۇكا سۇلتانلارنىڭ ئارازلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالماي دەپ، مىجەزى ئىتتىك سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قوپاللىقىنىمۇ كەچۈرۈۋەتتى.

— مەن ھەربىرلىرىنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي مەرھۇم ئاتام يۇنۇسخاننىڭ يۈزىنى قىلىپ تويغا كېلىشكەنلىرى ئۈچۈن ئاللادىن مىننەتدارمەن. ئەسلىدە بۇ بوستانلىقتا شىكار پەيزىنى سۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى، نېمە ئۈچۈنكى پېقىر ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قېلىپ، ھەربىرلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى چىگىپ قويدۇم، ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. يەنە شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن جاھان غەملىرىدىن خالاس بولۇپ، بۇ نېمەتلەردىن ھۇزۇرلىنايلى، قېنى ئاۋۋال ئەللىرىمىزنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن شاراب ئىچەيلى!

— شاراب ئىچەيلى !

— غەلبىمىز ئۈچۈن شاراب ئىچەيلى ! — سۇلتان، ئەمىر، سىپاھلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىدىن دەل - دەرەخ، تاغلار لەرزىگە كېلىپ، تەلكە تاغلىرى ئۈستىدە ئەكس سادا پەيدا قىلدى. سايراۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازى پەسلەپ، ئاتلارنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ بولدى. بۇ چۇقانغا ئاۋاز قوشمىغان ئىككى كىشى قالدى. بۇلار كاشغەرنىڭ سابىق ھۆكۈمرانى مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بىلەن ئوغلى مۇھەممەدھۈسەيىن ئىدى. باياتىن بولۇنغان ئەگىتىپ قىلىنغان گەپ - سۆزلەر ھەممىدىن ئۇلارغا قاتتىق تەگكەنىدى. بولۇپمۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياركەنت دىيارىنى ئىگىلىۋېلىپ مۇنداق ياۋۇزلىشىپ كېتىشىگە ئۇنىڭغا ئالدانغان، يول قويغان مۇھەممەدھەيدەر مىرزا سەۋەبكار ئىدى. ئۇ ئارقا - ئارقىدىن جامىنى بوشىتىپ، غەم - ئەلەملىرىنى، دەردىنى شارابتىن چىقارماقتا ئىدى. نەچچە يىلدىن بېرى سەئىدخانغا يېقىن ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان مۇھەممەدھۈسەيىن مىرزىمۇ

زوۋان سۇرمەي، ئۇنىڭ يېنىدا خاموش هالدا باش سىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى مانا بۇ سورۇندا تونۇپ يەتكەنىدى.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بۇ ئاتا ـ بالىغا كۆزى چۈشكەندە، ئۇنىڭ ئېسىگە ئۇچىنچى ئوغلى سەئىدخان كەلدى. ئۇنىڭ بۇ سورۇندا يوقلۇقىغا ئەجەبلىنىپ سورىدى:

ــ سەئىدخان قېنى؟

ــ مۇلازىملىرى بىلەن شىكار قىلغىلى كەڭسايغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. مىجەزى يوق ئاتامغا قاراش بىلەن بولۇپ كېتىپ خەۋەر ئالالماي قاپتىمەن، خان ئالىيلىرى، ــ دېدى مۇھەممەدھۈسەيىن مىرزا غەرق مەست بولۇپ كەتكەن ئاتىسىنى تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ تەزىم قىلىپ.

ــ بەڭباش گۆدەكلەر، ئۆز بېشىمچىلىقىغا قويۇپ بېرىلسە قانداق بولىدۇ؟ ئىزدەڭلار!

بىردىن خاۋاتىرلىنىپ قالغان سۇلتان ئەھمەدخان ئوغۇللىرى بىلەن بەگ ـ نۆكەرلەرنى سەئىدخاننى دەرهال تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

## 4

تىلى بىــــر غېرىچ ساڭگىلاپ قالغان بۆرە يانغا بۇرىلىپلا بۇك ـ باراقسان قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن يەتتە ياش چامىسىدىكى قارا كۆز بالا جايىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە ساداق كىرىچىنى تارتىپ ئوق ئۈزدى. «ئاپلا! يەنە تەگمىدى» ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىملىق نەم يەردىن تىزىغا يېپىشقان لايىنى قولى بىلەن ئۇۋۇلىدى. ئالتۇن قۇببىلىق دۇبۇلغىنى سىيلاك قويۇلغان بېشىغا ئوڭلاپ كىيىپ، توپا بولۇپ كەتكەن زەر قۇياقلىق موغۇلچە تونىنىڭ پەشلىرىنى قاقتى. ئارقىسىغا قاراپ دەل ـ دەرەختىن باشقا هېچ نەرسىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرەلمىدى. ھەمراھلىرىنىڭ يىراقتا قالغانلىقىدىن خاۋاتىرلانغان ھالدا ئالدىغا مېڭىشىنىمۇ، ئارقىسىغا يېنىشىنىمۇ بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

خاس نۆكەرلىرى ۋە ئەمىر، سەردارلارنىڭ بالىلىرى بىلەن، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ئېتىنى ئۇلارنىڭ يېنىدا قويۇپ، بىر چاتقاللىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، باراقسان قېيىن دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانىدى، تۇيۇقسىز ئالدىدىن بىر بۆرە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوۋ خۇمارى تۇتتى ــ دە، ئولتۇرالماي قالدى. ئورنىدىن تۇرۇپ يوپۇرماق تۇتۇپ تەرىتىنى تازىلىدى ۋە مورىسىگە ئېسىقلىق ساداقنى قولىغا ئالدى. «سەن مېنى ئاتالامسەن؟» دېگەندەك قىلىپ كۆز يېتىم يەردە قۇيرۇق شىپىپاڭشىتىپ تۇرغان بۆرىنى كۆرگەندە، ھەمراھلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ يۈگۈردى. بۆرە ئۇنىڭ كېلىشىنى قانداقمۇ كۈتۈپ تۇرسۇن؟ قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە بەدەر تىكىۋەتتى ...

ئارقىسىغا قايتسا بولاتتى، ئەمما بۇ گۆدەك بالا بۆرىنى يالغۇز ئوۋلاشقا قىزىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، پىكىلداپ، ئىز قوغلاپ كېتىۋەردى. بىر چاغدا بۆرە كۆرۈنمەي قالدى. «ئاپلا، قاچۇرۇپ قويدۇم»، ئۇنىڭ كىچىككىنە كاللىسىدىن بۇ خىيال ئۆتكەندە ئاتالماي قالغىنى ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىپ كەتتى. چېتى كۆرۈنمەس چاتقاللىقتىن قانداق قىلىپ چىقىپ كېتىش ئۇنىڭ ئېسىگە كەلمىگەنىدى. ئۇ كەينىگە قاراپ قويۇپ ساداقنى مورىسىگە ئاستى ــ دە، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋەردى.

* * *

سايرام كۆلىنىڭ غەربىدىكى دۆڭلۈك ئۈستىگە تىكىلگەن ھەيۋەتلىك ئاقئۆي ئالدىدا تۇرغان ئەھمەدخان يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن توزانغا ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلدى. توزان سۈرۈلۈپ

كۆردىكى، كونا ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە كەتكەن مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزا كونا غەربكە قىيسايغان چاغدا نۆكەر، ياساۋۇللىرى بىلەن قايتىپ كەلگەندى.

— سەئىدخان قېنى؟ — ئەھمەدخان مەيۇسانە تۇرغان مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىغا قارىدى.

— قاراقچىلار باغلاپ ئېلىپ ماڭغان ئەمىر، سەردارلارنىڭ باللىرى بىلەن ياساۋۇل، نۆكەرلىرىنى تاپتىم، بىراق ...

ئەھمەدخاننىڭ كۆز قارىچۇقى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك يوغىناپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى. ئۇ ئامراق ئوغلى سەئىدخاننى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭغان ياساۋۇل، نۆكەرلەرنىڭ باشلىقى شەيخ مەزىدبەگنى تىز پۈكۈپ ئولتۇرغان جايىدىن تارتىپ تۇرغۇزغىنىچە بىرنەچچە قامچا ئۇردۇ ئەتتى.

— پېقىر قۇللىرىغا ئۆلۈم ھەق، بىخەستەلىك قىپتىمەن. مۇنداق بولارىنى پەقەت بىلمەي قالدۇق، تەرەتكە كېتىپلا غايىب بولۇپ كەتتى. ئاھ، خۇدا ... ساقلاپ تۇرساق تۆت تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن قاراقچىلار ھەممىمىزنى ئەسىر قىلىپ باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغدا ئالدىمىزدىن بىزنىڭ ياساۋۇل، نۆكەرلەر چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ بىزنى قاراقچىلاردىن قۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن قاراقچىلارنى ئەسىر قىلىپ ئەكەلدۇق. ئەمما، شاھزادىمىزنىڭ ھازىر زادى نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئەقىلدىن ئادىشاي دەپ قالدىم، — دېدى شەيخ مەزىدبەگ دۇدۇقلاپ.

بىردىن ئەتراپتىكى نۆكەر، ياساۋۇللار پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى.

ئەھمەدخان ئېگىز كۆتۈرگەن قىل قامچىسىنى چۇشۇرۇپ قارىدى. چاتقاللىقتىن چىقىپلا توختاپ قالغان بىر بۆرە ھەيران بولغان ھالدا قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ تۇراتتى. يۇزلىگەن ساداق ئۇنىڭغا بەتلىنىپ، يۇزلىگەن قىلىچ ـ نەيزە كۆتۈرۈلدى. ئەھمەدخانمۇ ئات ئېگىرىنىڭ بېشىغا ئېسىقلىق ساداقنى ئېلىپ

بەتلىدى. مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىمۇ ساداقنى بەتلەپ بۆرىنىڭ قاڭشىرىنى قارىغا ئالدى.

— ئاتماڭلار! — ئىنچىكە، ياڭراق ئاۋاز چاتقاللىق ئىچىدىن ئاڭلاندى، — ئاتماڭلار! ئاتماڭلار! ...

— بۇ سەئىدخاننىڭ ئۈنىغۇ، — دېدى مەنسۇرخان ۋە ساداقنى كۆتۈرگىنىچە ئوقتەك ئېتىلدى ... سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ قولىدىكى ساداق چۈشۈپ كەتتى.

— بالام، ئوغلۇم! ...

مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىمۇ ساداقنى تۆۋەن قىلدى.

— سەئىدخان! ...

بۆرە قانداق پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولغاندى. چاتقاللىق ئىچىدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەلگەن بالا ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەن ئاكىسى مەنسۇرخاننى قۇچاقلىدى، ئاندىن يۈگۈرۈپ بارغىنىچە دادىسى ئۇدۇلىدا تىزلاندى:

— خان ئاتا! ئۆزلىرىنى ئەنسىرىتىپ قويغان ئەقىلسىز بالىلىرىنى كەچۈرگەيلا.

— ئاھ! مېنىڭ كۆز نۇرۇم، كۈچ - قۇۋۋىتىم، ئورنۇڭدىن تۇرغىن. بالام، خۇدا سېنى ئۆزى ئەكېلىپ بەردى.

— سۇلتان ئاتا، مەن نۆكەرلىرىم بىلەن سىلەردىن ئايرىلىپ كەڭسايغا چۈشكەنىدىم. ئۆزۈمچە تولكە يا بۆرە ئېتىۋېلىپ ئالىيلىرىغا سوۋغا قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېتىۋاتاتتىم. تەرىتىم قىستىدى. نۆكەرلىرىمنى دوست - ئاداشلىرىم بىلەن توختىتىپ قويۇپ، خىلۋەترەك جايدا ھاجەتكە ئولتۇردۇم. شۇ چاغدا ئالدىمدىن بىر بۆرە ئۆتتى. بۇ بۆرە يا ماڭا يېقىنلاشماي، يا يىراقلاشماي كۆز يېتىم يەردە كۆرۈنۈپ قويۇپ كېتىۋەردى. ئۇنى ئۇۋلاش ھەۋىسىدە ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا بۆرە كۆرۈنمىدى، مەنمۇ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي كېتىۋەردىم. بۆرە يەنە كۆرۈندى، ساداقنى قولۇمغا ئېلىشىمغا يەنە غايىب بولدى. ئاخىر چاتقاللىقنىڭ چېتىگە چىقسام بۆرە

تۇرۇپتۇ. ئەھۋالنى كۆرۈپ «ئاتماڭلار !» دەپ ۋارقىرىدىم. شۇ ئان بۆرە چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوق ئاتقۇم كەلمىدى، بەكمۇ ئارماندا قالدىم.

— بارىكاللا ! — دېدى ئەھمەدخان. «بارىكاللا !» دېگەن سادا ئەتراپنى چاڭ كەلتۇردى.

— بالام، ئەگەر ساڭا بۆرە ئۇچرىمىغان بولسا قاراقچىلارغا ئەسىر بولۇپ قالاتتىڭ. قەيسەرلىك، باش ئەگمەسلىك بىلەن ئۇلارنىڭ ئازابلىشىغا ئۇچرىشىڭ مۇمكىن ئىدى. سېنى ئىگىمىز ئاللا ساقلاپ، ئاشۇ كۆك بۆرىنى خۇددى ئۇلۇغ بوۋىمىز ئوغۇزخانغا ئۇچراشتۇرغاندەك ئۇچراشتۇرۇپتۇ. ئۇ سېنى توپتوغرا بىزنىڭ ئالدىمىزغا باشلاپ كەلدى. بۇ بىر مۆجىزە، بۇ كەلگۈسىدە پادىشاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۇلۇغ خان بولۇشۇڭدىن بېشارەت. بوۋاڭنىڭ ئورنىنى سەنلا باسقۇدەكسەن، كەل، بالام، ساڭا دۇئا بېرەي.

— ھۆرمەتلىك خان ئاتا، ئاللا ئىگەم كۆڭلۈمگە سېلىۋاتىدۇكى، ئالىيلىرىدىن تەختنى تارتىۋالماقچى بولغان مىرزا ئابابەكرىنى ياركەند دىيارىدىن قوغلاپ چىقارمىغۇچە ئېتىمنى توختاتمايمەن. ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىمەن.

— بارىكاللا، ئوغلۇم، سەن كۆتۈرگەن قىلىچ زالىم بەدكاردىن ئەلنى خالاس قىلسۇن. سەن ئاياغ باسقان يەر باياشات - ئاۋات بولسۇن. كۈندىن - كۈنگە دۈشمىنىڭ ئازىيىپ، دوستلىرىڭ كۆپەيسۇن. ياخشى نىيەت پادىشاھ ئۈچۈن ئوق ئۆتمەس قالقاندۇر. ئاللا ئىگەم بۇ قالقاننى چىڭ تۇتقۇزۇپ ھەممە جەڭلەردە سېنى زەپەر تاپتۇرسۇن، ئامىن !

— ئامىن ! — گۈرۈلدىگەن سادا لەڭ ئۆرۈپ تۇرغان سايرام كۆلىنىڭ شاۋقۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئامبىرى

## توققۇزىنچى باب

# سەئىدخاننىڭ جازا ھۆكۈم قىلىشى

ئەھمەدخان ئۆزىنىڭ شاھانە چېدىرىغا ھەرقايسى ئەل ـ يۇرتلاردىن كەلگەن پادىشاھ، سۇلتان، ئەمىر، بەگلەرنى يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى. بۇ چېدىر ئاقئۆي شەكلىدە تىكىلگەنىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئون يىللار مۇقەددەم ئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ دەۋىتى بىلەن ئەنە شۇنداق ئاقئۆيدە ئەمىر قىزى ساھىب دەۋلەت بېگىم بىلەن ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نىكاھلانغانىدى. مەنسۇرخان، ئىسكەندەر سۇلتان، سەئىدخان ... دەك باللىرىنىڭ ئالدى ئەلھال ئوقيا ئاتقۇدەك، يۇرت سورىغۇدەك بولغانىدى. ئەمما، ئاقسۇدىن تارتىپ ئالمالىققىچە، قومۇلدىن تارتىپ ئىلىغىچە بولغان ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا ياشاۋاتقان خەلق ئۇنىڭدىن ئانچە رازى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە توپىلاڭ، قوزغىلاڭ بولۇپ تۇراتتى.

بۈگۈن ئۇ سەئىدخانغا ئۆزگىچە مېھىر باغلاپ: «ئەگەر ئۇ مۇشۇ پېتى قەيسەر بولۇپ ئۆسىدىغان بولسا، تەخت ۋارىسىمغا ئۇنى تاللايمەن» دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى. تاشكەنت خانى سۇلتان مەھمۇدخان تويىغا كېلەلمىگەنىدى. ئەھمەدخان دۈشمەنلىك بولۇپ قالغان ئاكىسىنىڭ تويغا كېلەلمىگەنلىكىنى توغرا چۈشەندى. توي نېسىۋىسى دەپ بەش يۈز تۇياق قوي، ئىككى يۈز ئات، ئۈچ مىڭ گەز تەتىللا، كىمخاب قاتارلىق ئېسىل رەخت ـ ماتالارنى تاشكەنتكە ئەۋەتىپ بەردى.

بۈگۈن سايرام بويىدا ئۆزىتىش زىياپىتى بېرىلىۋاتاتتى.

ئەھمەدخان پاكلىق، ساداقەت بەلگىسى بولغان ئاق كىگىز ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئولۇغ بېنىدا چوڭ ئاچىسى مېھرىنىگار خېنىمنى ئەمىرىگە ئالغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سول يېنىدا ئىككىنچى ئاچىسى قۇتلۇقنىگار خېنىمغا ئۆيلەنگەن سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئورۇن ئالغانىدى. بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا كۆيۈ ئوغۇللارغا كۆرسىتىلگەن ھۆرمەت ـ ئىكرام بەدەخشان شاھى مىرزا خانغىمۇ كۆرسىتىلدى. ئۇ تاغىلىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

مۇھەممەدھەيدەر مىرزا بولسا سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ يېنىدىن جاي ئالدى. سەئىدخاننى قولدىشى مۇھەممەدھۈسەيىن مىرزا بىلەن ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى. شادىيانە بۇرغا، كانايلارنىڭ ساداسى سايرامنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۇ مەرىكە ئۈچۈن يەتمىش يەتتە قوي، يەتمىش يەتتە ئات، يەتمىش يەتتە كالا، ئوتتۇز ئۈچ تۆگە، ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئۈچ ئوغلاق، يەتتە يۈز يەتمىش يەتتە قوزا، يەتمىش يەتتە موزاي، ئالتمىش ئالتە بوتىلاق سويۇلغانىدى. يا بىلەن ئېتىۋالغان قۇشلاردىن ئۆلار، كەكلىك، بۆدۈنە، قىرغاۋۇللار، ئوۋلانغان ھايۋانلاردىن كېيىك، جەرەن، توشقانلار... كاۋاپ قىلىنىۋاتاتتى. ناماز دىگەر ۋاقتىدا زىياپەت يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئەھمەدخان قوللىرى بىلەن قىمىز تامچىلاپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ساقىلىنى سىيپاپ سۆز باشلىدى:

— سۇلتانلار، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، بەگلەر، سىپاھلار ۋە بارلىق قېرىنداشلىرىم، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بولغان توي ـ مەرىكە ياخشى ئۆتتى. ئايرىلىش ئالدىدا شىكارغا چىقىپ ئاللانىڭ قۇدرەت كامالىدىن بەھرە ئالدۇق. پېقىر ھەممىلىرىنىڭ قەدەم رەنجى قىلىپ غېرىب خانىمىزغا تەشرىپ قىلىشقانلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن. يەنە قاچان، قايسى چاغدا كۆرۈشىمىز، بۇ يارانقۇچىمىز ئاللاغا ئاياندۇر. قايتا دىدار كۆرۈشكۈچە تىنچ ـ ئاسايىشلىق، ئامانلىق بولسۇن، — ئۇ سۆزدىن توختاپ قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، يېنىدا ئولتۇرغان چوڭ ئوغلىغا

ئۇزارتتى، ــ بۇ ئوغلۇم بۇ چاغقىچە بوۋىمىز چاغاتايدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خانلىقىمىزنىڭ بىر شاھزادىسى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلمەكتە. ئۇ تۇرپان ۋە قومۇل دىيارىنىڭ ھۆكۈمدارى. مەن بۇ ئوغلۇمدىن رازى، مەن ئۇنىڭ ئادالەتلىك ۋە باھادىر خانلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سۇلتان مەنسۇرخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئەھمەدخان ئۇزارتقان قىلىچنى قولىغا ئېلىپ باش ئۈستىگە كۆتۈردى، ئاندىن دەستىسىگە سۆيۈپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ــ دە:

ــ ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدىن مىننەتدارمەن. خان ئاتامنىڭ ئىشەنچىگە داغ چۈشۈرمەيمەن، ــ دەپ قەسەمياد قىلدى.

ــ مۇبارەك، مۇبارەك! سۇلتان مەنسۇرخاننى ئاللا ئامان قىلغاي، ــ دېيىشتى ھەممەيلەن.

ئەھمەدخان يەنە بېلىگە ئېسىۋالغان كۈمۈش ساپلىق خەنجىرىنى سەئىدخانغا بەردى.

ــ ئاللا ھەر ۋاقىت دۈشمىنىڭنى تاپىنىڭ ئاستىدا خار قىلسۇن، بالام. شاھزادە مۆمىن مىرزا①نىڭ بېشىغا كەلگەن ئەنە شۇنداق ناھەق مۇدھىش ئۆلۈمدىن ساقلىسۇن.

شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ خەنجەرنى ئۈچ قېتىم بېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، ئالماس كۆزلۈك دەستىسىگە سۆيۈپ بېلىگە ئېسىۋالدى.

ــ ئىگىمىز ئاللا خان ئاتامغا ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي.

زىياپەت كېچىچە داۋام قىلدى. ئىچىلگەن شاراب ئىككى يۈز ئىدىشتىن ئاشتى، بەش مىڭ تۇلۇمدىكى قىمىز تۈگىدى.

*　　*　　*

سايرام كۆلىنىڭ سالقىنى يۈزىگە ئۇرۇلۇپ ئويغانغان سۇلتان ئەھمەدخان بارگاھىدىن چىقتى. ئۇ كۈننىڭ نەيزە بويى

① مۆمىن مىرزا ــ خۇراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ نەۋرىسى. ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن.



www.uyghurkitap.com

ئۆرلىگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئاللا كۆڭلۈمگە يەنە مۇنداق بىر ئىشنى سالدى. ئۇ بولسىمۇ تۇنۇگۈن شەيخ مەزىدبەگ ئەسىر ئەكەلگەن ئون تۆت قاراقچىنىڭ ئىشى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كاشغەرنىڭ ئاتۇش دېگەن يېرىدىن ئىكەن. ئۇلارنى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن مۇنداق قارارغا كەلدىم. ناشتىدا ئۇلارنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈپ سوراق قىلىپ ھۆكۈم چىقارساق. بۇ ھۆكۈم ھېكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك ساۋاق قاتارىدا تارىخ بولۇپ قالسۇن، — دېدى بارگاھلىرىدىن چىقىپ ساپ ھاۋا، گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇشقان پادىشاھ، سۇلتان، ئەمىرلەرگە قاراپ.

— سۇلتاننىڭ قارارى ھەق، ئۇلارنى ئىقرار كەلتۈرۈپ دارغا ئېسىش كېرەك، — دېدى يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن ئۆمەر شەيخ مىرزا.

— سۇلتان ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ. ئۇلارنى سوراق قىلىپ ئاندىن ھۆكۈم چىقىرايلى، چىقارغان ھۆكمىمىز ئادىل بولسۇن، — دېدى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئىنىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىغاندەك قىلىپ، چىرايلىق ياسالغان كەكە ساقىلىنى تۇتاملاپ قويۇپ.

سۇلتان ئەھمەدخان ھەممەيلەننى چېدىرىغا تەكلىپ قىلدى.

— بىر - بىرلەپ ئەكىرىڭلار، — دېدى ئەھمەدخان شەيخ مەزىدبەگكە ئىشارەت قىلىپ، شەيخ كەينىچە مېڭىپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى. دەسلەپ قاراقچىلارنىڭ باشلىقىنى ئەكىردى. ئۇ ئوتتۇرا ياش، ئېگىز بويلۇق، شالاڭ ساقاللىق، چىرايى قارىغا مايىل ئادەم بولۇپ، بېشىغا سىياھلاردەك تۆمۈر دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيىۋالغان، پۇتىدا چورۇق، قوللىرى چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەنىدى.

ئەھمەدخان سۇلتان مەنسۇرخانغا سوراقنى باشلا، دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىسى قىلدى. مەنسۇرخان تىكىلىپ سورىدى:

— ئېتىڭ نېمە؟

— سابىر، كاشغەر ئاتۇشنىڭ كاسىپلىرىدىن تامچى ئارىپ چوڭئامىنىڭ ئوغلىمەن. كىشىلەر مېنى سابىر يەل تاپار دېيىشىدۇ. — مەنستىمىگەندەك جاۋاب بەردى ئۇ.

— سۇلتان سۇتۇق بوغراخان ياتقان ئەزىز يۇرتلۇق كاسىپ ئىكەنسەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئاللانىڭ ئەمرىگە قارشى قاراقچىلىق يولىغا ماڭدىڭ؟

— قانائەتتىن يىراق ئادەممەن. قانائەت قىلمىغان ئادەمدىن قاراقچىمۇ، قانخورمۇ چىقىدۇ.

بۇ جاۋاب ئەھمەدخاننى ئويلاندۇرۇپ قويدى. سەئىدخانغا بۇ قاراقچىنىڭ جاۋابى نېمە ئۈچۈن توغرىدەك بىلىنىپ قىزىقىپ قالدى.

— قاراقچىلىق قىلىشتىن مۇددىئايىڭ نېمە؟ — سورىدى سۇلتان مەنسۇرخان ئاچچىقلىنىپ.

— بايلىق توپلاپ ھەممىنى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن.

— ساڭا ئەگەشكەنلەرنىڭ مۇددىئاسى ھەم شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن بىر يۇرتلۇق.

— ئاچىقىپ كېتىڭلار.

بىرنەچچە ياساۋۇل قاراقچىلار باشلىقىنى دۆشكەلىگىنىچە ئاچىقىپ كەتتى. ئېلىپ كىرىلگەن ئىككىنچى قاراقچى چاچ - ساقىلى ئاقارغان چال ئىدى. سۇلتان مەنسۇرخان سورىدى:

— ئېتىڭ نېمە؟

— ناسىر، جوۋازچى ھەمزىنىڭ ئوغلى بولىمەن.

— قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— يەتمىش سەككىزگە.

— بىر پۈتۈك گۆرگە ساڭگىلىغاندا نېمىشقا قاراقچىلىق يولىغا ماڭدىڭ؟

— بايلىق توپلاش ئۈچۈن.

— بايلىق توپلاپ نېمە قىلىسەن؟

— ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى ھەممىنى باش ئەگدۈرۈپ

ئۆتكۈزمەكچىدىم.

— ئۇنداق بولسا قاراقچىلارنىڭ باشلىقى بولالماپسەنغۇ!

بوۋاي كۈلدى.

— مەن باشلىقنىڭ مەسلىھەتچىسى، يول كۆرسەتمىدىغان ئەقىلدارى.

— بولدى، ئاچىقىپ كېتىڭلار!

ئېلىپ كىرىلگەن ئۈچىنچى قاراقچى ئون ئالتە ـ ئون بەش ياشلارغا كىرگەن بالا ئىدى. پۈتىدا چورۇق، بېشىدا ئاق بادام دوپپا، ئۈچىسىغا تونچە كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، قوي كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇراتتى.

«قاراقچىمۇ شۇنداق ياش بولىدىكەنە!» ئەجەبلەنگىنىچە ئويلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالغان سەئىدخان شۇ ھەيرانلىقتا دادىسىغا كۆز سالدى. ئەھمەدخان ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن ئولتۇراتتى. سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايى قەھرلىك تۈس ئالدى. ئۇ سورىدى:

— ئېتىڭ نېمە؟

— سۇلتان.

— سۇلتان؟!

— ھەئە، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن دادام ئاللادىن تەلەپ قىلىپ مانا شۇنداق ئىسىم قويغانىكەن.

— نېمىشقا قاراقچىلىق يولىغا ماڭدىڭ؟

— بايلىق توپلاپ سۇلتان بولۇش ئۈچۈن.

ئون تۆت قاراقچىنىڭ ھەممىسى بايلىق توپلاش ئۈچۈن قاراقچىلىق يولىغا ماڭغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا جازا ھۆكۈم قىلىش كېرەك ئىدى.

سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ تەلىپى بىلەن ئون تۆت قاراقچىنىڭ ھەممىسى چېدىرغا ئېلىپ كىرىلدى. «بۇلارنىڭ ھەممىسى دارغا ئېسىلىشى ياكى چېپىپ ئۆلتۈرۈلۈشى مۇمكىن» دەپ ئولتۇرغان سۇلتان ۋە ئەمىرلەر چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالغان سۇلتان

ئەھمەدخاننىڭ ئاغزىغا قاراشتى. ئەمما، كۆتمىگەندە ئەھمەدخان دېدى:

— بۇلارغا سۇلتان مەنسۇرخان ئەمەس، تېخى نارەسىدە، گۇناھتىن خالىي شاھزادە سەئىدخان جازا ھۆكۈم قىلسا، ئاللانىڭ ئادالىتى شۇ چاغدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا سۇلتانلار، ئەمىرلەر قانداق قارايدىكىن؟

ئوردىدىكى كۆركەم بېزەلگەن كاتتا چېدىر ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. پەقەت زەر چۇچىلىق دەرپەردە تارتىلغان چېدىر ئىشىكىدىن سايرام كۆلىنىڭ غۇر - غۇر شامىلى كىرىپ ھاۋانى يېڭىلاپ تۇراتتى.

— كۆك بۆرە ئوغۇزخانغا يول باشلاپ، ئۇنى پۈتۈن قەبىلىلىرى بىلەن يورۇقلۇققا چىقارغان، شاھزادە سەئىدخانغا كۆك بۆرە يولۇقۇپ، ئۇنى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن. بۇ گۆدەكتە ھېكمەت بار، ناھايىتى زېرەك ئىكەن. سۇلتان ئەھمەدخان ئېيتقاندەك ھۆكۈمنى سەئىدخان چىقارسۇن، — دېدى سۇلتان ئەھمەد مىرزا.

— ھۆكۈمنى سەئىدخان چىقارسۇن.

— ئاللا سەئىدخاننىڭ كۆڭلىنى ھەققانىيەت قۇياشى بىلەن يورۇتقاي.

— ئادالەت قىلىچى سەئىدخان قولىدا ئۆزىنى كۆرسەتكەي، — بىردەك قوشۇلۇشتى خانلار، ئەمىر - ئەركانلار، پەقەت ئويغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ قالغان سۇلتان مەنسۇرخانلا زۇۋان سۈرمىدى.

— قېنى بالام سەئىدخان، بۇلارغا جازا ھۆكۈم قىلغىن! — بۇيرۇدى ئەھمەدخان.

ھەممە كۆزنىڭ ئۆزىگە قادالغىنىدىن ئوڭايسىزلانغان ياش شاھزادە ئورنىدىن تۇردى.

«ئۇ قانداق ھۆكۈم چىقىرار كىن؟» دەپ دىققەتتە ئولتۇرۇشتى باشقىلار.

— خان ئاتا، راستىلا مەن جازا ھۆكۈم قىلامدىمەن؟ —

سورىدى سەئىدخان جاراڭلىق ئاۋازدا. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.

— راست، ئوغلۇم، ئىككىلەنمەي جازا ھۆكۈم قىلغىن، — ئەھمەدخان ئۇنى رىغبەتلەندۇردى.

سەئىدخان قامىتىنى تىك تۇتۇپ دېدى:

— خان ئاتا، بۇ ئون تۆت قاراقچى باشلىرىنىڭ كېتىشىدىن قورقماي جىنايىتىگە ئىقرار قىلدى، ھەتتا بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىشىنى سوراپ يېلىنىپ - يالۋۇرمىدى ھەم ئەپۇمۇ سورىمىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆلۈمگە تەييار تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھالبۇكى، تويدا ئادەم قېنىنى تۆكۈش گۇناھ، مەن جانابىي ئاللا نامىدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىمەنكى: بۇ ئون تۆت قاراقچى قانۇنىي جازادىن خالاس قىلىنسۇن ۋە بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەرقايسى سۇلتان - ئەمىرلەرگە بىردىن تەقسىم قىلىپ بېرىلسۇن، تەقسىم قىلىنغان ھەربىر كىشىنىڭ ئامانلىقىغا ئىگىدارلىق قىلغۇچى كاپالەتلىك قىلىپ خىزمىتىگە سالسۇن. بۇنىڭ بىلەن يامان نىيەت ياخشى نىيەتكە، يامانلىق ياخشىلىققا ئايلانغۇسى.

— ماشائاللا، ماشائاللا ! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئاتىسى، — ئارزۇ قىلغىنىمدەك ھۆكۈم چىقاردىڭ، خۇدا خالىسا مىرزا ئاتابەكرىنىڭ ياركەند، كاشغەر دىياردىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئاخىرقى ھېسابتا خاتىمە بەرگۈچى سەن بولۇپ قالىدىغان ئوخشايسەن، بالام. قەيسەر بول !

ئەھمەدخان سۆزىدىن توختاپ، ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان ئوغلىنى قۇچاقلاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر ئايلاندۇردى - دە، ئاق كىگىز ئۈستىگە دەسسەتتى.

— سەرمۇنشى ! — ئەھمەدخان پۈتۈكچىنى چاقىرىپ بۇيرۇدى، — سەلتەنەتلىك تاجۇتەختىمىز تارىخىغا، بۇ خاسىيەتلىك ئۆيدە يۈز بەرگەن ئىشلار ئەينى بويىچە يېزىپ قالدۇرۇلسۇن.

— باش ئۇستىگە، — سەرمۇنشى خوجا سۇلايمان چاڭگا ساقاللىرىنى تىترەتكەن پېتى ئالدىغا بىر قەدەم بېسىپ تىزلاندى. ئۇ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان «نامەئى تارىخ — موغۇلىستان»نىڭ ئاق بېتىگە شۇ يەردىلا يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر يازدى. ئالمالىقتىكى ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن مۇنداق خۇلاسە قىلدى:

... خاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان مەنسۇرخانمۇ بۇ ھۆكۈمنى ئۆزىنىڭ چىقارمىغىنىدىن ئەپسۇسلانمىدى. مىرزا ئابابەكرىگە كاشغەر، ياركەندنى تارتقۇزۇپ قويۇپ يەتتە - سەككىز يىلدىن بېرى خامۇش ھالدا چىرايى ئېچىلماي كېلىۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخان ئوغلىغا قايىل بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئون تۆت قاراقچى سۇلتان، ئەمىرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى ۋە ھەرقايسى ئەللەرگە ئەكېتىلدى ...

# ئونىنچى باب

# خوجا مۇھەممەد فىزالىدىننىڭ تەسەللىسى

## 1

پەتنۇس ۋە مىس چۆگۈن كۆتۈرگەن پېتى يېنىك قەدەم تاشلاپ كەلگەن مەستۈرە ئايىم خۇمرىدىكى ئىككى تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت چايغا بىر توقاچ ناننى چىلاپ، ئاقسۇ دىيارىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر تەرىقەت پېشۋاسى خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن ھەزرىتىمنىڭ ئالدىغا قويدى.

— تەخسىرىم، قورساقلىرى ئېچىپ قالغاندۇ، چايغا مەرھەمەت قىلسىلا.

— ۋاقىت قايسى چاغ بولدى، خوتۇن؟ — قويۇق ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قاپىقىنى ئارىدەك قوللىرى بىلەن ئۇۋۇلاپ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرگەن ھەزرىتىم مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ، مەستۈرە ئايىمغا «يۆلە» دېگەندەك كۆز ئىشارىسى قىلدى.

— ۋاقىت چاشگاھ بولدى، تەخسىرىم، ناماز بامداتتىن كىرىپلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدىلە ...

ئىنزىملىرى ئېتىلمىگەن ئۇزۇن تاۋار تىمچىسىدىن لەۋەن قامەتنى كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ گۈزەل چوكان ھەزرىتىمنىڭ تۆتىنچى خوتۇنى ئىدى. ئۇ قوي كۆزلىرىنى ئويناتقىنىچە يۇكۈنۈپ تۇرۇپ ئاۋۋال ھەزرىتىمنىڭ دۈمبىسىگە لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىنى يېقىپ، ئاندىن ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى.

— ھەببەللى، ھەببەللى، خان ئاغىچا، — دېدى خوجا فىزالىدىن كۆيۈنگەن ھالدا. ئۇ ئەمدىلەتىن يىگىرمە بەش ياشلارغا كىرگەن بۇ چىرايلىق خوتۇننى باشقا ئۈچ خوتۇنىغا قارىغاندا ياخشى كۆرۈپ «خان» دەپ ئەتىۋارلايتتى.

— تەخسىرىم، چاي سوۋۇپ قالمىسۇن.

— ئاغىچا دەملەپ كىرگەن چاي سوۋۇپ قالمايدۇ، — دېدى ھەزرىتىم مەنىلىك خىرىلداپ.

— ھەر ئىش ۋاقتىدا بولمىسا قىزىقى قالمايدۇ ... — دەرھال جاۋاب بەردى مەستۇرە ئايىممۇ نېمىگىدۇر ئىما قىلىپ.

ھەزرىتىم كۈلۈپ سېلىپ ئاغزىغا ئالغان ناننى پۇرقۇپ تاشلىدى.

— شەرەنداز، شەرەنداز.

— مانا دېمىدىممۇ، تەخسىرىم، ئېغىزلىرىدا تاماق تۇرماس بولۇپ قاپتۇ. جانابىي ئاللا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي.

مەستۇرە ئايىم بۇ يەتمىش ياشتىن ئاشقان ئېرىگە كىنايە قىلىپ، خۇددى ھەسەلگە قول ئۇزارتقان كىشىگە نەشتەر سانجىغان ھەرىدەك ئۇنى شۇ ئان چېقىۋالدى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن خوجا فىزالىدىن بىر قولىغا خۇمرىنى ئالدى - دە، بىردەمدىلا قۇرۇقداپ قويدى.

— ئەلھەمدۇلىللا ! — خۇمرىنى قويۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، — كۆپىنىڭ قاتارىدا رىزقىمنى زىيادە قىلغايسەن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر.

مەستۇرە ئايىم داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشىغا مېھمانخانا ئىشىكى يەڭگىل چېكىلدى. ھەزرىتىم خوتۇنىغا كۆز ئىشارىسى بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى بۇيرۇپ، ياستۇققا يۆلەندى.

— قېنى مەرھەمەت.

بېشىدا سەللە، تون كىيگەن دۇمچەك بىر ئادەم ئىشىكتىن

كىرىپلا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ۋە تىزلىرى بىلەن ئۆمىلەپ مېڭىپ ھەزرىتىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ خوجا قىزالىدىنىڭ خاس مۇلازىملىرىدىن بىرسى، خوتەن ۋىلايىتىدىن پىرنىڭ خىزمىتىگە بەل باغلاپ كەلگەن روزى سوپى ئىدى.

— ئەي مەرھەمەتلىك پىرىم، خان ھەزرەتلىرى بوسۇغىمىز ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ.

— بالدۇرراق خەۋەر قىلمىغىنىنى، ئەستەغپۇرۇللا ! — ھەزرىتىم ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.

— مەرھەمەتلىك پىرىم، خان خاس نۆكەرنى ئالدىن ئەۋەتكەنىكەن، ئۇ خاننىڭ كېلىۋاتقىنى توغرۇلۇق ئۆزلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇشنى ئېيتىپ ئېتىكاپخانىدا قالدى، — دېدى سوپى، ئۇنىڭ قاپقارا كەكە ساقىلى تىترەپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق دېگىن، ئۇنداق بولسا ئېتىكاپخانىغا چىقاي. ھەزرىتىم «چىقىپ كەت» دېگەن مەنىدە سوپىغا ئىشارەت قىلدى. سوپى ئارقىسىچە تىزلىنىپ مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، «يا نەخشىبەندى پىرىم !» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى.

— ئۆھۆ !

مەستۇرە ئايىم ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقتى.

— جەندە تونۇمنى كىيدۈرۈپ قويسىلا، ئاغىچا، — دېدى ھەزرىتىم قوللىرىنى يېيىپ.

مەستۇرە ئايىم ئىچكىرىكى ئۆيدىن جەندە ۋە ئاق داكا سەللە ئورالغان كۇلاھنى ئاچىقتى. ئۇ ئاۋۋال جەندىنى، ئاندىن كۇلاھنى كىيدۈردى.

«سۇلتان ئەھمەدخان بۇ قېتىم ئاقسۇغا كەلگەندىن بېرى مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنىدى، ھالا بۈگۈن كېلىشىدە بىر سەۋەب بولسا كېرەك. سۇلتاننىڭ مىجەزى چۇس، ئىلاھا ئۆزۈڭ پاناھ بولغىن !» ئۇ كۆڭلىدە ئىلتىجا قىلىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

* * *

زاۋال ۋاقتى، ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغانىدى. كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى سۈيى تارتىلىپ قىرغاقتىن خېلىلا تۆۋەنلەپ ئېقىۋاتقان ئاقسۇ دەرياسىدا سانسىز چىم - چىم پەيدا قىلىپ، يېنىك ئىرغاڭلاپ تۇرغان دەل - دەرەخلەرنىڭ ئاخىرقى ياپراقلىرىنى قويماي تۆكمەكتە ئىدى. شەھەر كوچىسى غازاڭ بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئەمىر - ئەركانلىرى بىلەن كېتىۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چىرايى خۇددى ھاۋادەكلا تۇتۇق ئىدى. «تەقدىر - قىسمەت بىلەن ئاتام يۇنۇسخان ۋاپات بولۇپ، موغۇلىستانغا خان بولغىنىمدىن بېرى قىر - چاپ بىلەن ماڭا ھېچ ئاراملىق بولمىدى. ئون يىلدىن بېرى زورلۇق كۈچ بىلەن موغۇلىستاننى بويسۇندۇردۇم. ئاكام مەھمۇدخاننىڭ بىر كۆزى مەندە، بىر كۆزى ئاشۇ ئۆز تاجۇتەختىگە خەۋپ يەتكۈزۈپ تۇرغان سەمەرقەنت ۋە خۇراسان تەرەپتە. ئەل تىنچ ئەمەس، يامان بولغىنى مىرزا ئابابەكرى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ ئاقسۇنىمۇ يۇتۇۋېلىش كويىدا بولماقتا. ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىپ ئۇنىڭدىن يارىكەندنى ئالالمىدىم. بۇ مەندەك باھادىر خان ئۈچۈن نومۇس. ئۇنى جەزمەن يەر بىلەن يەكسان قىلىشىم كېرەك. بۇ ھەقتە خوجا مۇھەممەد قىزالىدىن ھەزرىتىمدىن مەسلىھەت ئالغۇم بار. ئەي ئاللا، ياخشى مەسلىھەت بەرگۈزگەيسەن. پېقىرنى ئۇنۇملۇك چارە - تەدبىرگە ئىگە قىلغايسەنكى، پەزلى كەرىمىڭ بىلەن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەيسەن ...»

چىلان تورۇقىنىڭ قاتتىق پۇشقۇرۇشى ئۇنى خىيال دەرياسىدىن ئۈمىد قىرغىقىغا چىقاردى. كۆز تىككەن يەردە خوجا مۇھەممەد قىزالىدىن ھەزرىتىم خانىقاسىنىڭ دەرۋازا، پەشتاقلىرى كۆرۈندى. ئۇ قويۇندەك يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ سەل ئاستىلاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھەنشاھىم! مۇبارەك قەدەملىرى پېقىرنىڭ غېرىبخانىسىنى ئاۋات قىلغاي، — ھاسىسىنى تـوكـۇلدىتىپ يىراقتىن پايپاسلاپ كەلگەن خوجا فىزالىدىن ئاتتىن چۈشۈۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخانغا تەزىم بەجا كەلتۈردى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، پىرىم، ھەزرەتلىرىنىڭ دىدارى پېقىرنىڭ ئۆزۈلگەن ئۈمىدىنى ئۇلىغۇچى رىشتە، ئۆچكەن ئارزۇ چىرىغىنى ياندۇرغۇچى خاسىيەتلىك چاقماقتۇر.
— قۇللۇق، شاھىم. غېرىب خانامغا مەرھەمەت قىلغايلا.
خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن ئاق سەللە ئورالغان بېشىنى سەل ئېگىپ ھاسىسىنى تـوكـۇلدىتىپ ئالدىدا ماڭدى. ئۇنىڭ كۈمۈشتەك پارقىراق ساقىلى پۈتۈن تېنىنى ئوراپ تۇرغان مەللە تون ئۈستىدىن كۆكرىكىگە يېيىلىپ تۇراتتى. ئېتىكاپخانىدىن ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققان خاس نۆكىرى بىر ياندا تەزىمدە تۇردى. سۇلتان ئەھمەدخان قاراڭغۇ دالاندىن ئۆتۈپ ئېتىكاپخانىغا كىردى. خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن تۆردىكى ماموق يېكەنداز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قويۇق قاشلىرى ئۈستىدىكى ھۈۋقۇشنىڭكىدەك سىرلىق كۆزىنى ئەھمەدخانغا تىكتى. ئۇ پىر ئۇستازلىق سالاپىتى بىلەن:
— مەرھەمەت، سۇلتان، ئويلىمىغاندىمكى، ئالىيلىرىنىڭ پەقىرۇل ھەقىرنى ئىزدەپ كېلىشىدىكى بائىس نېمىدۇر؟ — دېدى خىرقىراپ. ئەھمەدخاننىڭ قارا قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلۈپ، بۆرتۈپ چىققان مەڭزى ۋىللىدە قىزاردى.
— ھەزرىتى پىرىم، ئەپۇ قىلسۇنلاركى، پېقىر زالىم بەدكار ئابابەكرى ئۈستىدىن دادخالىق ئېيتىپ كەلدىم.
ھەزرىتىم ئاپپاق ساقىلىنى بىر سىيپاپ قويدى:
— ئەي خان ھەزرەتلىرى، گەرچە، سىلى ياش بولسىلىمۇ، سۇلتان دېگەن مۇبارەك ناملىرى بار، ئالىيلىرى ناھايىتى قەيسەر ئىدىلىغۇ؟
— ئارى، ھەزرىتى پىرىم، — ئاستا جاۋاب بەردى ئەھمەدخان

يا ئۆرە تۇرۇشىنى، يا يېكەنداز ئۇستىدە ئولتۇرۇشىنى بىلەلمەي. ھەزرىتىم ئولتۇرۇشقا تەكلىپمۇ قىلماي سوئالىنى داۋاملاشتۇردى:

— سۇلتانىم، ئاتىلىرىنىڭ ئىسمىشەرىپلىرىنى ئەسلىگەيلا.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، تەخسىر؟ ئاتامنىڭ موغۇلىستان پادىشاھى يۇنۇسخان ئىكەنلىكى پۈتۈن دۇنياغا ئايانغۇ.

— ئارى، تېرىكمەي جاۋاب بەرگەيلا. سۇلتان، پېقىرنىڭ پىرلىرى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىسۇنلار.

— خۇدا ساقلىسۇن، پىر - ئۇستاز.

— بوۋىلىرىنىڭ نامى؟

— ئۇۋەيسخان.

— ئۇۋەيسخاننىڭ ئاتىسىنىڭ نامى؟

— شىر ئەلىخان.

— ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ نامى؟

— مۇھەممەدخان.

— ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ نامى؟

— خىزىر خوجاخان.

— ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ نامى؟

— چاغاتاي ئەۋلادىدىن دەسلەپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇغلۇق تۆمۈرخاندۇر، پىرىم.

— بارىكاللا، بارىكاللا، بالام، ئولتۇرغايلا، — ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد قىزالىدىن پىرىم ئەھمەدخانغا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى، — شۆھرەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ نامى ئەسلىرىدە چىراغدەك روشەن تۇرۇپتۇ، سۇلتان.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە قاتتىق تەئەددى بار ئىدى. ئۇ ئېغىر تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئالىيلىرى قان كېچىپ پۈتۈن موغۇلىستاننى ئۆز ئىلكىلىرىگە ئالدىلا. شۇنداق تۇرۇقلۇق دۈشمەنگە قىلىچ كۆتۈرمەي دادخالىق ئېيتىپ ئالدىمغا كېلىشلىرى مېنى

ئەجەبلەندۈردى. غالىب دۈشمەنگە باش ئەگمەي، قەتئىي ئىرادە بىلەن بوشاشماي قارشى تۇرغاندىلا تارتمۇقىلىنغان نۇسرەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

— ئۇستازىم، سۆزلىرى بەرھەق. ئۇ دانا باھادىر بۇقىلىرىمنى ئۇنتۇغىنىم يوق. سەمىمگە سىڭىپ شۇنى بىلدۈردىلەركى: مەن ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيدىكەنمەن. قاچاق سۇلتان بولغان پېقىرنى جانابىي ئاللا قانداق جازاغا تارتسا ھەق بولىدۇ، تەخسىر.

قوشۇمىسىدا ئىككى تۇرۇك پەيدا بولغان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق يوقىلىپ ئاقىرىپ كەتكەندى. ئۇ لېۋىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە ئۆرە تۇرىۋەردى.

— سۇلتانىم، ئولتۇرسۇنلار، — خوجا فىزالىدىن بىر قولىنى يەرگە تىرەپ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ جاي كۆرسەتتى.

ئۇ پىر - ئۇستازلىق مەرتىۋىسىدە پادىشاھتىن ئۇستۇن بولالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر سۇلتاننىڭ غەزىپى تۇتسا ئايىپ قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، تەسەللى بېرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاللانىڭ ئالدىدا پادىشاھمۇ، پۇقرامۇ، بايمۇ، گادايمۇ ئوخشاشلا بەندە، ھالبۇكى بۇنى ئۇنتۇش مەنمەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. چۈشكەن روھلىرىنى كۆتۈرۈش، يېرىم كۆڭۈللىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئابايا قەلبەن سۆزلىرىمنى قىلدىم. ئارتۇقچە ھەسرەت چېكىپ يۈرمىسۇنلار. ئاتىلىرى شاھجاھان يۇنۇسخان گەرچە تۇگەپ كەتكەن بولسىمۇ، تەختلىرىدە بەرقاراردۇرلاركى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ بويۇنتاۋلىقىغا ھەرگىز يول قويمىغايلا. ئالىيلىرىنىڭ قەيسەرلىكى ئالدىدا مىرزا ئابابەكرى بۆرىدىن قورقۇپ قاچقان توشقان مەسەللىكتۇر.

— پىر - ئۇستاز، بەرھەق سۆزلىرىنى ئېغىر ئالغىنىم يوق ۋە كۆڭلۈمدە باشقىچە غۇممۇ يوق. ئەمما، موغۇلىستان خەلقىنىڭ مەندىن كۆڭلى قالارمۇ دېگەن ئەندىشە پېقىرنى پاراكەندە قىلماقتا، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان قول ئىشارىتى بىلەن

ئولتۇرمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ، ــ پېقىر ئاۋامنىڭ كۆتكىنىدىن چىقالمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەپسۇسلىنىمەن، ــ ئۇ سۆزدىن توختاپ ئۆز ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئوقۇدى:

ئەھلى ئالەم بىرلە ئالەمدىن ۋاپا تاپماس كىشى،
ئەي، خوش ئول ئازادەكىم، ئالەم ئىلە يوقتۇر ئىشى.

«ئۆز تەختى، پاراغىتىنىلا ئويلاپ ئالەم بىلەن كارى بولمىغان پادىشاھ قانداقمۇ ئادالەتنى جارى قىلدۇرالىسۇن؟ سەن ئوغلۇم شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، راھەتتىمۇ، جاپادىمۇ ئۆز قوۋمى ۋە ئېلىنىڭ غېمىنى يېمىگەن پادىشاھنىڭ ئىشلىرى ئوڭ كەلمەيدۇ» دېگەن ئاتىسىنىڭ سۆزلىرى سۇلتانىنىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ، ئۇنىڭ خانلىق تەختىگە قانداق چىققانلىقى توغرۇلۇق دەپ بەرگەنلىرى ئېسىگە كەلدى.

## 2

يۇنۇسخان موغۇلىستان خانى ئۇۋەيسخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيە 819 ـ يىلى① ئالمالىقتا تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن تۇغۇلغان ئىسەن بۇغاخان گۆدەكلىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆكتەم، ئازازۇل ئىدى، دېگىنىنى قىلدۇراتتى. ناز ـ كەرەشمىلىك كىچىك خوتۇنىدىن بولغان بۇ ئوغلىغا ئاتىسىمۇ بەك ھېرىس ئىدى.

بويىلۇق بولسىمۇ ياۋاش، كەم سۆز ئاكىسى يۇنۇسخاننىڭ قولىغا نېمە چۈشسە ئىسەن بۇغاخان شۇنى تارتىۋالاتتى. دادىسى ئۇۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن خانلىق تەختىدە يۇنۇسخان ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ۋەدە قىلىپ ھۆرمىتى ئۈستۈن

① ھىجرىيە 819 ـ يىلى ــ مىلادىيە 1417 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

ۋەزىر - ئەمىرلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىسەن بۇغاخان موغۇلىستان تەختىگە چىقتى. ئۆز تەرەپتارلىرىنى يۇقىرى ئورۇنغا قويدى. يۇنۇسخانغا بۇ قاتتىق ئەلەم بولدى. ئۇنىڭ ئېگىچىسىنى ئوغلى ئابدۇلئەزىز مىرزىغا ئېلىپ بەرگەن سەمەرقەنت پادىشاھى ئۇلۇغبەگنى پاناھ تارتىپ، بارىن قەبىلىسىنىڭ تۈمەنبېگى ئىرازان بىلەن جوراس قەبىلىسىنىڭ تۈمەنبېگى مىرەك تۈركمەن ئوتتۇز مىڭ ئۆيلۈك قوۋمى بىلەن يۇنۇسخاننى سەمەرقەنتكە ئېلىپ باردى. لېكىن، ئۇلۇغبەگ ئىسەن بوغاخاننى ياقلايدىغان كېلىنىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، يۇنۇسخانغا ئىلتىپات قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئەسىر قىلدى، قالغان قىسمىنىڭ ئەرلىرىنى قەتلىئام قىلدى. يۇنۇسخاننى بىر بۆلەك مۇلازىملىرى بىلەن خۇراسان پادىشاھى بولغان ئاتىسى شاھرۇخ مىرزا قېشىغا ئەۋەتتى. شاھرۇھ مىرزا ئەمدىلا ئون ئۈچكە كىرگەن بۇ ئەدەپلىك بالىنى ياقتۇرۇپ قالدى. پەزىلەت ۋە ئىلىمدە كامال تاپسۇن دەپ ئۇنى مەۋلانا شەرىپىددىن ئەلى يەزدىگە① شاگىرتلىققا بەردى. ئۇ ئۇنىڭ قولىدا ئون ئىككى يىل ئوقۇدى. ئۇستازىنىڭ تاللانما ئەسەرلەر توپلىمى «مۇئەمما تەرەزى»نى ئوقۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ «ھىلال»، «زەپەرنامە» قاتارلىق بىرقانچە ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. ھەممىدىن بەك سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»نىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئەرەبچە، پارسچىنى پىششىق بىلىشى ئۇنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشىدا فارابىي، ئىبىن سىنا ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، مۇتالىئە قىلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، پارس ۋە ئەرەب دىيارىدا ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەرگەنىدى. يۇنۇسخان شاھرۇخ مىرزىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۇنىڭ شىرازدا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان ئوغلى ئىبراھىم سۇلتان مىرزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاز ۋاقىت ئۇردا خىزمىتىدە بولدى.

① مەۋلانا شەرىپىددىن ئەلى يەزدى — ئەينى زاماندا داڭ چىقارغان ئالىم، ئەدىب.

بەختكە قارشى ئىبراھىم سۇلتان ئۇشتۇمتۇت باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. تەختكە ئوغلى ئابدۇللا مىرزا ئولتۇردى. يۇنۇسخان ئۇنىڭ خاس نۆكىرى بولۇپ شىرازدا ئون سەككىز يىل تۇرۇپ قالدى. ئارىلىقتا ئىراق، شام، مەككە ـ مەدىنە، مىسىر تەرەپلەرگە بېرىپ شىرازغا قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىگە سوغۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگەن سەمەرقەنت پادىشاھى ئۇلۇغبەگنى ئوغلى ئابدۇلتىپ مىرزىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇ پادىشاھ بولۇپ ئالتە ئاي ئۆتمەستىن دۈشمەنلىرى ئۇنىمۇ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدى. «ئەلقىساسۇ مىنەلھەق①، يامانلىق ئۆزىگە قايتىدۇ، ياخشىلىقنى دوست تۇت» دېدى ئۇ ـ ئۆزىگە. ئۇنىڭ زېھنىمۇ، كۆزىمۇ ئېچىلىپ، ئالىم ۋە سىياسىي ئەرباب بولۇپ قالغانىدى. يۇرت ـ ئېلىنى سېغىنغان يۇنۇسخان سۇلتان ئابدۇللا مىرزىنىڭ يۇقىرى مەنسەپ ۋەدە قىلغىنىغا قارىماي سەمەرقەنتكە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىسەن بۇغاخاننى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۇلۇغبەگ مەقبەرىسىگە بېرىپ خەتمىقۇرئان قىلىپ كەلگەندىن كېيىن:

— موغۇلىستاننىڭ خانى بولۇشنى ئاللا سىزگە مەنسۇپ قىلغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئەبۇ سەئىد مىرزا ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، — موغۇلىستان ئىسەن بۇغاخان قولىدا نامراتلىشىپ كەتتى. ئۇ ھەدەپ قوشنىلىرىنىڭ يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلالمايلا قالماستىن، نۇرغۇن نۆكەرلىرىنىڭ قىرىلىشىغا، خەزىنە ـ دەپىنىلىرىنىڭ خورىشىغا، خانلىقنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئاجىزلاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئۆز ھالىغا باقماي زېمىنىمىزغا باستۇرۇپ كەلگەن ئۇ مەلئۇننىڭ ئوبدان جازاسىنى بېرىپ، كىشى يېرىگە ئىككىنچى ئاياغ باسماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم. ئاڭلىسام موغۇلىستان خەلقى ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ يولىڭىزغا كۆز تىكىۋېتىپتۇ. لەشكەر دېسىڭىز قانچىلىك

① ئەلقىساسۇ مىنەلھەق — قىساس ئالماق ھەقتۇر.

كېرەك بولسا شۇنچىلىك بېرەي، موغۇلىستانغا بېرىش، ئاللا سىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغۇسى.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، سۇلتان، پېقىرغا بىرئاز مۆھلەت بەرگەيسىز. ئاللادىن ئىزنى① تەلەپ قىلغۇم بار.

يۇنۇسخاننىڭ سەۋەب كۆرسەتمەي، سۆزىنى ئىلىك ئالغانلىقىدىن خورسەن بولغان ئەبۇ سەييىد مىرزا ئۇنى ئوردا ئىشىكىدىن چىقىپ قونالغۇسىغا ئۇزىتىپ قويدى.

يۇنۇسخان خارەزىم، خۇراساندا يۇقىرى ئابرۇي قازانغان خوجا ناسىرىدىن ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ خانىقاسىغا يالغۇز باردى. ئىككى قاناتلىق كاتتا دەرۋازىنىڭ ئۇستىدىكى چوڭ گۇمبەز كۆرۈنگەندە ۋۇجۇدى ھاياجان تىترىكىدىن لەرزىگە كەلدى. خوجا ناسىرىدىن ئۇبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ئىچكىكاپخانىسىغا كىرىپ يۈكۈندى. ئۇچىسىغا ئاق تون، بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ ئولتۇرغان ھەزرىتى خوجام ئۇنىڭ كۆزىگە كېيىنكە ئورنىدىن قوزغالغاندەك سۈرلۈك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— پېقىر مۇساپىر بىئىلاج مىسكىنمەن. ئاللادىن ئىزنى سوراش ئۈچۈن كەلدىم. پىر - ئۇستاز ياردەم قىلامدىكىن؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— پېشانەڭدىن ئۇلۇغ نەسەبلىك ئىكەنلىكىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ياردەم بېرەي. ئاۋۋال غۇسۇل قىلىپ پاكلان، ئاندىن ھۇجرىغا كىرىپ خۇپتەن بولغۇچە ھەر ناماز ئارىلىقىدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ ئۆزۈڭگە ھۇرگىن. ناماز خۇپتەننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىرىنچى قەدەمدە «ئايەتۇلكۇرسى»نى ئوقۇشنى بىر يۈز ئون بىر قېتىمغا يەتكۈزگىن، ئاندىن بىر يۈز ئون بىر رەكەت ناماز تەھەججۇتنى② ئادا قىلغىن. ئارىلىقتا تاھارەت يەڭگۈشلەشنى ئۇنتۇمىغايسەن. ناماز بامداتتىن پارىغ بولغاندىن

① ئىزنى — پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئىبادەت قىلىپ، ئاللادىن كەلگۈسى ئىشلاردىن بېشارەت بېرىشنى تەلەپ قىلىش.

② ناماز تەھەججۇت — كېچىدە ئوقۇيدىغان ناماز.

كېيىن ئىككىنچى قەدەمدە «ئايەتۇلكۇرسى»نى ئوقۇشنى يەنە بىر يۈز ئون بىر قېتىمغا يەتكۈزگىن. ناماز پېشىننى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن ئۈچىنچى قەدەمدە يەنە «ئايەتۇلكۇرسى»نى ئوقۇشنى بىر يۈز ئون بىر قېتىمغا يەتكۈزگىن. ئاخىرىدا ئىككى رەكەت نەفلە ناماز ئوقۇپ، ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ جايناماز غا باش قويغىن، جانابىي ئاللا ئىزنى بەرگەي. خوپ، بارغىن، يىگىت، ئىمانىڭ ساڭا يار بولغاي.

يۇنۇسخان خوجا ئەھرارنىڭ دېگەنلىرىنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئورۇنلاپ بولۇپ، ئاق جايناماز ئۈستىگە باش قويدى. ئۇ گويا پۈتۈن ئۈستىخان، ئۈگىلىرى بىر - بىرىدىن ئاجراپ كەتكەندەك ھالسىزلىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

... يۇنۇسخان قاردەك ئاق كىگىز ئۈستىگە يۆگۈنگەنىدى. يېنىدا گۈزەل چىرايى تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ كەتكەن بىر قىز ئولتۇراتتى. ئاپپاق ساقىلى كۆكسىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان بىر بوۋاي: «مۇبارەك، ئوغلۇم، سەن خان بولدۇڭ. مەن ساڭا تاج كىيدۈرگىلى كەلدىم» دېدى. «بوۋا، ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟» سورىدى ئۇ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي. «مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ مەن چوڭ بوۋاڭ تۇغلۇق تۆمۈرخان بولىمەن، تۇر ئورنۇڭدىن، ئەلگە قۇللۇق قىل ! ...»

چۆچۈپ ئويغانغان يۇنۇسخان ئورنىدىن دەس تۇردى. گەرچە بىر كېچە - كۈندۈز بىر لوقما نان ياكى بىر يۇتۇم سۇ ئىچمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئۇچتەك يېنىك سەزدى. ئۇ روھلىنىپ كەتكەنىدى. «شۈكۈر ئاللا، پېقىر قۇلۇڭنى قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلمايدىغان بەندىلىرىڭنىڭ قاتارىدا قىلغىن» دېدى - دە، ئۇدۇل قەسىرىگە بېرىپ غىزالاندى. كېيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ تەختگاھىغا كىردى.

— رۇخسەت قىلغايلا، سۇلتان. ماڭا مەرھەمەتلىك ئاللادىن ئىزنى بېرىلدى. پېقىر بۈگۈن كېچە يولغا چىقاي دەيمەن.

مىسىر ماقاسىدىن تىكىلگەن ئەرەبچە تونىنى سىلىۋېتىپ، ئۆچىسىغا موغۇلچە پەرىجە ئارتىپ، سەللە ئورايدىغان بېشىغا زەر پۆپۈكلۈك مالخاي كىيىۋالغان يۇنۇسخاننىڭ مەغرۇر تۇرقىدىن قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكىنى بىلگەن پادىشاھ ئەبۇ سەييىد مىرزا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمايلا ئاقيول تىلىدى.

بۇ كۈنلەردە خان قىرىق بىر ياشتا بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 860 ـ يىلى① ئىدى.

يۇنۇسخاننى ھەرقايسى موغۇل قەبىلىسىنىڭ تۆمەنبەگلىرى، ئىسەن بوغاخاندىن كۆڭلى قالغان بىر قىسىم ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سەردارلار، يۇرت كاتتىلىرى ئالمالىقتىن ئون چاقىرىم يەرگىچە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

شۇ يىلى موغۇل تۆمەن ئەمىرى مىرپىر ھاجى كۆنچىنىڭ ساھىبجامال قىزى ئىسان دۆلەت بېگىمنى يۇنۇسخان ئەمرىگە ئالدى. توي ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن موغۇل تۆمەنبەگلىرى بۇلارنى ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، يۇنۇسخانغا تاج كىيدۈرۈپ موغۇلىستان خانى دەپ ئېلان قىلىشتى. بىر ئايدىن كېيىن ئىسان بۇغاخاننى باغلاپ ئەكەلگەن مىرپىر ھاجى كۆنچىنىڭ ياساۋۇللىرى ئۇنى يۇنۇسخاننىڭ ئاياغ ئاستىغا ياتقۇزۇپ:

— خان ھەزرەتلىرى، دارغا ئاسامدۇق؟ بوغۇزلامدۇق؟ ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرەمدۇق؟ — دەپ سورىدى.

ياداپ كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىسان بۇغاخان ئاكىسىغا توغرا قارىيالماي يەر قاساپ ياتاتتى. يۇنۇسخان ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىنىسىنىڭ يېنىدا زوڭ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى يەشتى.

— سەن ماڭا دۈشمەنلىك قىلغان بولساڭمۇ بىر ئاتىدىن تۆرەلگەن قېرىندىشىمسەن، سېنى كەچۈردۈم، يەنە بېشىمغا

① ھىجرىيە 860 ـ يىلى — مىلادىيە 1456 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قىلىچ چاپامسەن ياكى خانلىقىمىزنى روناق تاپتۇرۇش يولىدا جان پىدا قىلىپ گۇناھىڭنى يۇيامسەن، بۇ ئىختىيارىڭ، كەل، ئىنىم، مەن سېنى بىر قۇچاقلىۋالاي. مەرھۇم ئاتا - ئانامنىڭ روھى خۇشال بولسۇن.

ئىسان بۇغاخان ھۆڭرەپ يىغلاپ ئاكىسىنىڭ ئايىغىغا تاشلاندى.

— قارا نىيەت سۇيىقەستچىنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، ئاكا. پېقىر نالايىق ئىنىڭىزنى ئاتىنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈڭ.

— چاپانمۇ بىر - بىرىنى چاقمايدۇ. لېكىن، ئادەملەر بىۋاپا بولسىمۇ، ھەممىسى نامەرد ئەمەس، سېنى ئەپۇ قىلالمىسام قانداقمۇ ئۇ دۇنيادا ئاللانىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشەلەيمەن، ئىنىم؟ تۇرغىن، خانلىقىمىز ئۈچۈن ھالال خىزمەت قىل.

دانىشمەنلەرنىڭ قاتىل بىلەن زىناخورنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ، دېگىنى راست بولسا كېرەك. يۇقىرانى ئۇنتۇپ ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن، ئەلنىڭ ھالىغا يەتمەي ئۇرۇش قوزغاپ قان تۆككەن ئىسان بۇغاخان ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىدى. ئۇ ساراڭ بولۇپ قېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۆلدى.

يۇنۇسخان تەختكە چىققاندىن كېيىن خەلقتىن ئۈچ يىلغىچە ئالۋان - ياساقنى كۆتۈرۈۋەتتى. بەش يىل ئىچىدە ئىسان دۆلەت بېگىمدىن مېھرىبانگار، قۇتلۇقنىگار، خۇبنىگار ئاتلىق ئۈچ قىز پەرزەنت كۆردى. بۇلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق بولۇپ، ھەممىسى ئاھۇ كۆزلۈك ئىدى. خان بەدەخشان ئېلىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا، بۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھى مۇھەممەدخاننىڭ قىزى شاھ بېگىمنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ نازۇك بەدەن خوتۇنى مەھمۇدخان، ئەھمەدخان ئاتلىق ئىككى ئوغۇل، سۇلتانىنىگار خېنىم، دەۋلەت سۇلتان خېنىم ئاتلىق ئىككى قىز تۇغۇپ بەردى.

مىھرىنىگار خېنىمنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا، سۇلتانىنىگار خېنىمنى ئىككىنچى ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا، قۇتلۇقنىگار خېنىمنى ئۈچىنچى ئوغلى سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىغا، خۇبنىگار خېنىمنى كاشغەر خانى مۇھەممەددەيدەر مىرزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدھۈسەيىن مىرزىغا ياتلىق قىلغانىدى.

يۇنۇسخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خانلار بىلەن ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان خانلارنىڭ قولىدىن تاشكەنت دىيارىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى چوڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ باشقۇرۇشىغا، ئاقسۇنى كىچىك ئوغلى ئەھمەدخاننىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەنىدى.

ئۇستازى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن گەپ باشلىشى بىلەن تەڭ ئەھمەدخاننىڭ خىيال قۇشى ئۆتمۈشكە پەرۋاز قىلىشتىن باش ئۇستىدە توختاپ قالدى.

— يۇنۇسخان ئالىي ھىممەتلىك مەرد پادىشاھ ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئەپۇچانلىقى، كۆڭلى ـ قارنىنىڭ كەڭلىكى بىلەن پۈتۈن موغۇلىستان، خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر شاھلىرى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئالىيلىرىنى جازا يۈرۈشى ئۈچۈن يولغا سالغىنى دەل ئەنە شۇ ئۇز قۇۋۋىتىنى راھەت ـ پاراغەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان ئاتىلىرىدۇر. دۈشمەننى جازالىسىلا بولىدۇكى، ئۆمىدسىزلەنسىلە بولمايدۇ. ئەمدى غەيرەتكە كېلىپ تەييارلىقنى پۇختا قىلىشلىرى زۆرۈر. بۇ ھەقتە بىر مەكتۇپ يوللاپ ئاكىلىرى سۇلتان مەھمۇدخاننى مىرزا ئابابەكرىنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەردار قىلغايلا.

خوجا فىزالىدىن ھەزرىتىم ئولتۇرماي ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرغىنىچە سۆزلەپ كەتتى.

— ئولتۇرسىلا، پىر ـ ئۇستاز، — دېدى خىيالى بۆلۈنگەن سۇلتان ئەھمەدخان خوجا فىزالىدىننى ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، —

رەھمەت، پىر ـ ئۇستاز، سىلى ماڭا ئۈمىد بېغىشلىدىلا. مىرزا ئابابەكرى ئۇستىگە مانا بۇ قېتىملىقى بىلەن ئىككى نۆۋەت جازا يۈرۈشى قىلدىم، بىراق ھەر ئىككى قېتىمدا ئېچىنىشلىق ئەلەملىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدىم. بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى رەھمەتلىك ئاتام سۇلتان يۇنۇسخان مىرزا ئابابەكرى ئۇستىگە ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ مەغلۇپ بولغانىدى. بۇ ئاچچىق ساۋاق ئېسىمدە بولسىمۇ، ئاتام ۋاپاتىدىن ئون ئۈچ يىل كېيىن مەنمۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق شارابىدىن ئىككى خۇمرا ئىچتىم، ئۇستاز. مىرزا ئابابەكرى ھەم كۈچىيىپ، ھەم مەككارلىشىپ، ھەم ياۋۇزلىشىپ كېتىپتۇ. ئاتامنىڭ نەسىھەتىنى ئۇنتۇپ، مۇدھىش دۈشمەننى سەل چاغلاپتىمەن. ھالا ھەزرەتلىرىمۇ بۇنى قاتتىق ئەسكەرتىپ ماڭا ھېكمەتلىك ھەم ئىبرەتلىك تەنبىھ بەردىلە. بۇنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىمەن. دۈشمەن ئۈستىدىن دادخالىق ئېيتىش سۇلتان بولغان پېقىرغا ھەقىقەتەنمۇ مۇناسىپ كەلمەيدىكەن. مەن بۇ نامۇناسىپ لەۋزىمنى ھازىرلا قايتۇرۇۋالىمەن.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سۆزلىرىگە سامى بولۇپ مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرغان خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن دېدى:

— ئالىيلىرى، سىلى مۇناسىپ بولمىغان زەربىگە ئۇچراپ مەغلۇپ بولغان ھىجرىيەنىڭ 905 ـ يىلىنى① زىنھار ئۇنتۇپ قالمىغايلا. ياخشىلىقنى، زەپەر قازانغاننى ئۇنتۇش پادىشاھنى تەكەببۇرلاشتۇرۇپ، بىخۇد قىلىۋېتىدۇ، ھۆرمەت ـ ئىكرامىدىن ئايرىۋېتىدۇ. يامانلىقنى، مەغلۇپ بولغاننى ئۇنتۇش پادىشاھنى تاجۇتەختىدىن ئايرىۋېتىدۇ. خۇلاسە كالام، باشقا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئۇنتۇمىغاندا، ئۈمىد چىرىغى بىلەن ماڭار يولى يورۇپ، جاسارىتى ئۇرغۇپ زەپەر يىلىنى كۈتۈۋالالايدۇ.

سۇلتان ئەھمەدخان ئورنىدىن دەس تۇردى:

---

① ھىجرىيە 905 ـ يىلى — مىلادىيەنىڭ 1500 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

— كۆڭۈل دەپتىرىمگە پۈتۈپ قويغان ھىجرىيەنىڭ 905 - يىلىنى زىنھار ئۇنتۇمايمەن، ئۇستاز. خاسىيەتلىك نەسىھەتلىرىگە ئاللاتائالا رەھمەت ئىشىكىنى ئاچقۇسى، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ ئولتۇردى، — بۇ قېتىم ئالدىلىرىغا كېلىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەب، سۇلتان مەھمۇدخان ئاكام دەرھال لەشكەر بىلەن تاشكەنتكە كېلىپ، شاھىبېكخاننىڭ ھۇجۇمىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلىپ چاپارمەن ئەۋەتكەنىكەن. شاھىبېكخان ياۋۇزلۇقتا مىرزا ئابابەكرىدىن قېلىشمايدۇ. بارمىسام ئاكامنىڭ تاجۇتەختىگە، ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن. قېرىنداشلىق بۇرچۇمنى مانا شۇنداق چاغدا ئادا قىلمىسام ئادەملىك خىسلىتىمنى يوقاتقان بولمامدىمەن، تەخسىر؟ ئاللا بۇيرۇسا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، بۇرنىدىن دۇت چىقىرىۋېتىمەن. دۇئا بەرسۇنلار، پىر - ئۇستاز.

خوجا مۇھەممەد فىرزالىدىن يەنە ۋەز - نەسىھەت قىلىشنى ئارتۇقچە بىلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئامىن! ئەي، ئاسمانۇزېمىننى يارىتىپ، جىمىكى مەخلۇقاتنى ئۆز لايىقىدا ئۆز ئورنى بىلەن خەلق ئەتكەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، كۆپىنىڭ قاتارىدا سۇلتان ئەھمەدخاننى ئاقىوللۇق قىلغايسەن. ئۆزۈڭ ئىنئام قىلغان بەندىلەرنىڭ يولىغا باشلاپ، سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سالامەت دىدار مۇلاقات قىلغايسەن. ئۇلارنى غەلىبە - نۇسرەت بىلەن مۇكاپاتلىغايسەن. ئامىن!

— ئامىن! — دېدى سۇلتان ئەھمەدخانمۇ. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىدىن ئىككى قەترە ياش سىرغىپ ساقىلىغا چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى. خوجا مۇھەممەد فىرزالىدىن خانىقانىڭ ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، سورىدى:

— خەتنە تويىنىڭ شۆھرىتى ئالەمنى بىر ئالغان ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمىشەرىپى نېمە ئىدى، سۇلتانىم؟

— سەئىدخان، — روھلىنىپ جاۋاب بەردى ئەھمەدخان.

— قۇتلۇق ئىسىم ئىكەن، جانابىي ئاللا مۇبارەك قىلسۇن.

مەن ھەر كۈنى كېچىدە تەھەججۇت نامىزىدىن پارىغ بولغىنىمدا شاھزادىگە دۇئا قىلىمەن. ئۆمرۈم يار بەرسە ئۆز تەربىيەتىمگە ئالغايمەن. پەرزەنت ــ ئادەم ھاياتىنىڭ داۋامى، ئۇنى قەدىرلىمەك لازىم. ئەلھال، سەئىدخان ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقاندۇ؟

ــ ئارى، ھەزرىتىم، ئۇ ھىجرىيە 892 ـ يىلى① ئالمالىقتا تۇغۇلغان، ھازىر ئون ئۇچ ياشقا كىردى. قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ھەۋەس باغلىغان، پارس، ئەرەب تىلىنى ياخشى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» دېگەن ئەسىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ. قارىغاندا كاتتا شاھلاردىن بولۇشقا قىزىقىۋاتسا كېرەك. ئوقيا ئېتىشقا، قىلىچۋازلىققا خېلىلا ماھىر بولۇپ قالدى. ئات بەيگىسىدە ھېچكىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزمەيدۇ. پۈتۈن ئۈمىدىم مانا شۇ ئوغلۇمدا، ــ سۇلتان ئەھمەدخان ئېپتىخارلانغىنىچە كۈلۈمسىرىدى.

ــ ئالىيلىرى تاشكەنتكە كەتسىلىرى سەئىدخان موغۇلىستاندا قالامدۇ؟

ــ يوقسۇ، تەخسىر، بىللە ئەكېتىمەن.

خوجا مۇھەممەد فىزالىدىن ھەزرەت خانىقا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا قالدى. تىكلەشكەن كۈننىڭ نۇرى چۈشۈپ تۇرغان توپىلىق يولدا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى.

① ھىجرىيە 892 ـ يىلى ــ مىلادىيەنىڭ 1487 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

# ئون بىرىنچى باب

# ئېتىكى تىللاغا توشمايدىغان قىز

## 1

گۈزەل ئالمالىقتا تۇغۇلۇپ ئوغۇز سۈتىگە قانغان، يۇلتۇز دالاسىدا جەرەندەك تاقلاپ گۆدەكلىك دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن سەئىدخاننىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپىدا بارمىغان يېرى قالمىغانىدى. خەتنە تويىدىن كېيىن سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن تۇرپانغا باردى، ئارقىدىن قومۇلنى بۆلۈۋالماقچى بولغان ئىسيانچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ ماڭغان ئاتىسىغا ھەمراھ بولۇپ بىرىنچى قېتىم جەڭگە قاتناشتى. ئەمدىلا توققۇزغا كىرگەن سەئىدخان ئاتىسىنىڭ ھاي دېگىنىگە قارىماي جەڭ مەيدانىغا ئات ئويناتتىپ كىردى. ئۇنىڭ ئات چېپىشتىكى ماھارىتى، قىلىچ ئۇرۇشتىكى چەبدەسلىكى، ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىكى قورقۇمسىزلىقى ئاتىسىنى ھەيران قالدۇردى.

— يارايسەن، ئوغلۇم، جەڭ قىلىشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ سورىدى ئەھمەدخان ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ.

— سەردارلىرىڭىزدىن.

— كىم مەشىق قىلدۇردى؟

— ئاكام مەنسۇرخان، مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزا، داۋا تاجى ئاغىلىرىم.

— ئۇلار سېنىڭ بەگئەتكەلىرىڭغۇ[1].

— شۇنداق، ئاتا. يەنە بىر بەگئەتكەممۇ بار.

---

[1] بەگئەتكە — تەربىيەلىگۈچىسى، تەربىيەت قىلغۇچى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ كىم؟

— «ئالاچەخان» دەپ نام قازانغان شاھ دادام.

— كۆك بۆرەم، قەيسەر ئوغلۇم، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئوغلىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ. ئۇ ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ ئىككى قەدەم نېرىدا تۇرغان سەئىدخاندىن سەل ئېگىز، غوللۇق كەلگەن قوي كۆز يىگىتكە قارىدى. بۇرۇتى خەت تارتقان، بۇرنى ئېلىپتەك تۈز، بۇغداي ئۆڭ يىگىت ئالىپلاردەك ساۋۇت-دۇبۇلغا كىيىپ تولۇق قوراللانغان، قارا بويۇن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇراتتى.

— مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزا ئاغام ھەر كۈنى كەچتە كىتاب ئوقۇپ، نەزم يازىدۇ، — دېدى سەئىدخان بەگئەتكەسىنى ماختاپ، — بەزىدە ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ.

— مۇنداق دېگىن، ئوغلۇم. سەن قابىل ئۇستازغا ئېرىشىپسەن، — سۇلتان ئەھمەدخان مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىغا كۆز تىكىپ سورىدى:

— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسەن، بالام؟

— فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە»سىنى.

— ئوغلۇمغا قايسى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەردىڭ؟

— شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»دىكى بەزى ھېكايىلەرنى، «شاھنامە»دىكى رۇستەم بىلەن بەرزۇنىڭ يەكمۇيەك ئېلىشىشىنى.

— دۇرۇس قىپسەن، بالام، يازغان نەزملىرىڭ نېمە توغرىسىدا؟

— يازغىنىم نەزم ئەمەس، جايلار ۋە مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىلىرى.

— بارىكاللا، — سۇلتان ئەھمەدخان ھاممىسىنىڭ ئوغلى بولغان مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىغا يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ چىقتى. خۇش پىچىم، كېلىشكەن، قەددى-قامەتلىك بۇ يىگىت سۇلتان ئەھمەدخاندىن تەپ تارتىپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

— ھەر ئىككىڭلار قېرىنداش، يات ئەمەس، ۋاپادار تۇغقان،

سادىق دوستلاردىن بولۇپ قېلىشلار، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان نەسىھەت قىلغان تەرزدە، ئاندىن ئوغلىغا قاراپ دېدى، — بالام، بەگئەتكەڭنى ياخشى تاللاپسەن. قارىغاندا داۋا تاجىدىن سەرۋازلىق ـ مەرگەنلىكنى، مەنسۇرخان، ئىسكەندەر سۇلتان ئاغاڭدىن دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى، مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىدىن تارىخ، ئەدەبىيات ئىلمىنى ئۆگەنسەڭ كامال تاپقۇدەكسەن.

سەئىدخان ئاتىسىنىڭ بۇ نەسىھەتنى ئېسىدىن زادى چىقارمىدى. ئۇ كۈندۈزى چەۋەندازلىق، مەرگەنلىك، قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلسا، كېچىلىرى تارىخ، ئەدەبىيات، ئىلمىنۇجۇم، ھېساب ئۆگەندى، زادى تىنىم تاپمىدى. نەگىلا بارسا كىتاب، قىلىچ، ئوقيادىن ئايرىلمىدى. ئوچ، قاراقول، ئەندىجان ۋە ئوشقىمۇ بېرىپ كەلدى. يىللار ئۆتمەكتە ئىدى، زېرەك شاھزادىنىڭ بالدۇرراق كامال تاپقۇسى، نۇرغۇن لەشكەرلەرگە ئەمىر بولغۇسى كېلەتتى، دېمىسىمۇ خېلىلا بوي تارتىپ يىگىت بولۇپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ خارەزىم تەرەپلەرگە بەكمۇ بارغۇسى كېلەتتى. كۆتكىنىگە يارىشا تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاندىن ئاتىسىغا، تاشكەنتكە كېلىپ ئۆزىگە ياردەملىشىش توغرىسىدا ئاقسۇغا چاپارمەن كەلدى.

سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسىدىن خاپا ئىدى. دادىسى يۇنۇسخان تاشكەنتتە ۋاپات بولغاندا ئۇنى نېمە ئۈچۈندۇر ۋاقتىدا ۋاقىپلاندۇرمىغانىدى. ئاكىسى سەئىدخان ۋە ئابدۇخېلىل سۇلتانىنىڭ سۇنەت تويىغا كەلمەيلا قالماستىن، تويى نېسىۋىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنمۇ جاۋابەن سوۋغا ئەۋەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شاھىبېكخان بىلەن بىرلىشىپ سەمەرقەنت ۋە پەرغانە پادىشاھلىرىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋالماقچى بولغانىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولۇپ، سەمەرقەنت ۋە

پەرغانىنى شاھىبېكخان بېسىۋالدى. بۇ ئىككى سۇلتانىنىڭ ئەھمەد تەمبەل، ئۆزۈن ھەسەندەك ئەمىر - ھاكىملىرىمۇ شاھىبېكخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئون ئىككى ياشلىق پادىشاھ مۇھەممەد زەھىرىدىن بابۇر مىرزا نەچچە يىلغىچە بويۇن ئەگمەي گاھ قېچىپ، گاھ قوغلاپ پەرغانە، خارەزىم، خۇراسان زېمىنلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ شاھىبېكخان بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. ئۇنىڭ تاغىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈمىدىن كېيىن خارەزىم پادىشاھلىقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان خىسراۋ شاھ ئۆز پادىشاھىنىڭ خەزىنىسىنى ئىگىلىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مەسئۇد مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ، بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ كۆزىگە مىل تارتىپ كور قىلىپ قويدى. بۇ ئىش بابۇر مىرزىغا قاتتىق ئەلەم قىلدى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە بۇ ياش پادىشاھ دۈشمەنلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭلەرنى قىلدى. پىيادە، ئاتلىق بولۇپ باشقا پادىشاھلار بېسىپ باقمىغان يوللارنى باستى، تارتىپ باقمىغان جاپالارنى تارتتى. ئاخىرىدا تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننى پاناھ تارتىپ تاشكەنتكە كەلدى. سۇلتان مەھمۇدخان شاھىبېكخاندىن ئۈمىد كۈتكىنىگە پۇشايمان قىلغاچقىمۇ، بابۇر مىرزىنى ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەمما، دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە شاھىبېكخانغا قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى. شۇڭا، ياردەم تەلەپ قىلىپ ئىنىسى ئەھمەدخانغا چاپارمەن ئەۋەتكەنىدى.

ئەھمەدخان ماۋەرائۇننەھردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر قۇر ئويلاپ تاشكەنتكە بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ تۇرپان ھۆكۈمرانى بولغان چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى ئورنىغا خان قىلىپ، جەڭ قىلىشقا ماھىر، تەدبىرلىك ئەمىرلەر بىلەن خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ، نۇرغۇن لەشكەرلەرنى باشلاپ تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. سەئىدخان ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ مەرھۇم بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ تەختىگە ئولتۇرغان تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ياش تۇرۇپلا داڭقى چىقىپ كەتكەن

زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر مىرزا بىلەن بىر ئۇچرىشىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

سۇلتان ئەھمەدخان قوشۇنىنى سالامەت تاشكەنتكە يەتكۈزۈش شاھىبېكخان لەشكەرلىرى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ توقۇنۇشۇپ، زىيان ـ زەخمەت تارتىپ قالماسلىق ئۇچۇن تاغ ـ داۋان، چۆل ـ جەزىرىلەر ئارقىلىق ماڭدى. يۇنۇسخان ھايات چېغىدا ئالاتاۋ باغرىنى بويلاپ بەرپا قىلدۇرغان ئالمائاتا، قاراقول، توقماق شەھەرلىرىنىڭ سىرتىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى. سەئىدخانغا دۇنيانىڭ ھەممە يېرى تاغ ـ داۋان، چۆل ـ باياۋاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ تاشكەنت شەھىرىگە تېزرەك يېتىش ئۇچۇن ئاق قاشقا ئېتىنى چاپتۇرۇپ، گاھ سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتسە، گاھ سەپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ لەشكەرلەرنى تېزرەك مېڭىشقا دەۋەت قىلاتتى. ئەھمەدخان ئوغلىنىڭ بىتاقەت بولغىنىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

بۇلار يىگىرمە كۈندىن ئارتۇقراق يول يۈرۈپ ئۆرەتۆپەگە كەلدى. ئۇلارنى بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى مۇھەممەدھۈسەيىن كۆرەگان ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇنىڭ ئايالى خۇبنىگار خېنىم ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆرمىگەن ئاكىسى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سەئىدخاننى كۆرۈپ بەكمۇ خۇرسەن بولدى. سۇلتان يۇنۇسخان ۋە مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇق كېچىچە مۇڭدىشىپ چىقتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەسلىرىدە بولسا كېرەك، — دەپ سۆز باشلىدى مۇھەممەدھۈسەيىن كۆرەگان، — مەن ئالماليقتا خان ئاتىمىز يۇنۇسخاننىڭ تەربىيەسىدە بولۇۋاتقان چېغىمدا، ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ كۆيۈ ئوغلى، ئۆزى قېيىنئاتىسىغا سوۋغا قىلىپ بەرگەن ئاخسى دىيارىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن كۆپ نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىماي ئۇرۇش قوزغىغانىدى. ئاخىرىدا پەرغانە دىيارىدىكى تېكەسەكرەتكۇ دېگەن ئېقىن بويىدا جەڭ بولدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئەسىرگە چۈشۈپ يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ

كېلىندى. يۈنۈسخان بۇ «ئەدەپسىز» كۆيۈ ئوغۇلنىڭ قولىنى ئۆزى يېشىپ: «سۇلتان، ئالەم پادىشاھىنىڭ ئەمەس، ئاللانىڭ، يەر كېرەك بولسا ماڭا چىرايلىقچە دېسىڭىز بولماسمىزمۇ؟ مەن سىزدىن زىنهار ئاللانىڭ زېمىنىنى تالاشمىغان بولاتتىم» دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى ۋە ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئېتىغا مىندۈرۈپ يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن تارتىپ قېيىنئاتىسىغا ئىخلاس باغلىغان سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئىككىنچى قېتىم يۈنۈسخان ئەندىجانغا كەلگەندە ئوش ۋىلايىتىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئۇ رەھمەت ئېيتىپ بۇ مۇنبەت زېمىننى ئۆزى بىلەن كەلگەن ئاتامىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى. كېيىن ئۆمەر شەيخ مىرزا ئوشنى قايتۇرۇۋېلىش تەلىپىنى قويغاندا، ئاتام بىزنى ئوشتا قويۇپ كاشغەرگە كەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئۆگەي ئاكام مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنى كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان ھەم تاغا، ھەم ئاتىسى بولغان بۇزرۇكۋارىنى زىنداندا بىر يىل ياتقۇزۇپ بەدەخشانغا ھەيدىۋەتتى. ئۇ يەردىن سەمەرقەنتكە بېرىپ، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قېشىدا بىر يىل تۇرۇپ، كېسەل بولۇپ قالغان يۈنۈسخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. سۇلتان يۈنۈسخان ۋاپات بولدى. كېيىن ئاتام مۇھەممەدھەيدەر مىرزىمۇ تۈگەپ كەتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا يار ئۈستىدىكى كەپتەرخانىسىدىن غۇلاپ كېتىپ قازا قىلدى. ئۇنىڭ ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ دۇنيا مانا شۇنداق ھېچكىمگە ۋاپا قىلمايدىكەن. پېقىر ئاتام بىلەن شاھ بوۋىمىز سۇلتان يۈنۈسخانىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىگىنىم ئۈچۈن ھازىرغىچە ھەسرەت چېكىمەن، — مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ سۆزىنى توختاتتى.

سۇلتان ئەھمەدخانمۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدا بولالمىغىنى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ چوڭقۇر سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ قالدى. سۇلتانلارنىڭ تەقدىر - قىسمىتى ياش سەئىدخانغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ

خىيالغا پاتقىنىچە سورىدى:

— مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزا ئاكا، سىلى بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىلا؟

— شاھزادە، ئۆزلىرىنىڭ خەتنە تويلىرىدىن كېيىن پېقىر تاغىلىرى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىدا بولدۇم. ئۇ مېنى نەگە بارسا بىللە ئاپىراتتى. ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە ئۇنىڭ ھىممىتى ئارقىسىدا ھاممىلىرى بىلەن تويۇم بولدى، كېيىن ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغان بۇ دىيارنى ماڭا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. بۇ يەردە تەگرىم ماڭا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى.

— مۇبارەك ئىسمىشەرىپى نېمە ئىكەن؟ — سەئىدخان قىزىقسىنىپ سورىدى.

— مىرزا ھەيدەر، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان ۋە چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن رەڭىقىسى خۇبىنىگار خېنىمغا ئىما قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تاڭ شامىلى ئۇ گۇزەلگە ئېيتقىنا ئاستا:
سەنسەن بىزنى تاغ - چۆللەرگە تاشلىغان رەنا.

ئۇ زوق بىلەن بۇ ئىككى مىسرا بېيىتنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ بەخت - سائادىتىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

— بۇ بېيىت كىمنىڭ؟ — سورىدى سەئىدخان ئادەم ھاياتىنىڭ مېھىر - مۇھەببەت بىلەن روناق تاپىدىغانلىقىنى بىلگەندەك قىزىقىپ.

— زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر مىرزىنىڭ.

— مەن يادلىۋالاي، — سەئىدخان قايتا - قايتا ئوقۇپ يادلىۋالدى.

ئۇلار ئۆرەتۆپەدە بىر ھەپتە تۇردى. ئۆزىدىن بىرقانچە ياش كىچىك بولسىمۇ، ناھايىتى زېرەك، دائىم كىتاب كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان مىرزا ھەيدەر بىلەن يېقىن ئاداشلاردىن بولۇپ قالدى.

ئۇ يولغا چىقىدىغان كۈنى مىرزا ھەيدەر ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىرىنى يوللۇق تۇتتى:

ئادەمىي ئەرسەڭ دېمەگىل ئادىمىي،
ئانىكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى ...

## 2

سەئىدخان ئەندىجان يولىدا كېتىۋاتقاندىمۇ ئەنە شۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى يادلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ خاس مۇلازىملىرى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان شاھزادىگە يېتىشەلمەي ئاتلىرىنى قامچىلايتتى. سەئىدخان دەريانى ياقىلاپ مېڭىپ لەشكەرلەردىن خېلىلا ئۈزاپ كەتتى. ئۇيناپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇ سەئىدخاننىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى.

— ئاغىلار، چۈمۈلۈۋالاي، — دېدى ئۇ ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ.

دەريانىڭ ئىككى قاسنىقى باغباراڭلىق، رەڭگارەڭ ئەتىرگۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— شاھزادەم، ئادەملىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ، — دېدى تەرلەپ - پىشىپ كەتكەن مۇلازىم. ئېغىر جابدۇقلار ئۇنىڭ سېمىز گەۋدىسىنى بېسىپ ھاسىراپ قالغانىدى.

يىللاردىن بېرى سۇلتان مەھمۇدخاندىن ئايرىلماي كېلىۋاتقان مەقسۇد ئەلىنى، يۇنۇسخان ھايات ۋاقتىدىن باشلاپ موغۇل مۆتىۋەرلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئەقىلدار ئەلى مىرەك مىرزىنى سۇلتان ئەھمەدخان ئوغلى سەئىدخانغا بەگئەتكە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇلار دائىم بۇ گۆدەك بىلەن بىللە بولۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمايتتى. بولۇپمۇ يولغا چىققاندا بۇ شوخ، ئۆز بىشىمچى شاھزادىدىن نېرى بولمايتتى.

— سۇغا چۈشسەم يامانمۇ؟ ئۇنداق بولسا ئاتامدىن سوراي.
— بۇ كىچىك ئىشقا خاننى ئاۋارە قىلمىسىلا، شاھزادەم، — دېدى مىرزا، — مەقسۇد ئەلىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق. بۇ ياقا يۇرتتا ئۆزىمىزگە ئاگاھ بولمىساق بولمايدۇ.
— قورققاقلار، — مەسخىرە قىلدى سەئىدخان ئېقىن بويىدا كېيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، — مۇنداق تـوخۇ يۈرەكلىك بىلەن قانداق جەڭ قىلىسىلەر؟
ئۇ ئىككى بەگئەتكەسىنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماي شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تامبال بىلەن سەكرەپ ئۈزۈپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان مىرزا: «چۈشە، بول، شاھزادىنى سۇدىن ئاچىق» دېگەن مەنىدە مەقسۇد ئەلىگە قارىدى.
— شاھزادىنى مەيلىگە قويۇۋەتكەن ئۆزىڭىز، ئاغا، مەيلىگە قويۇۋەتكەچكە بىزنى قېتىغا ئېلىپ قويمىدى، ئەمدى كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوق.
مەقسۇد ئەلى ئۆزلىرىگە باش لىڭشىتىقىنىچە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان سەئىدخانغا قاراپ قولىنى شىلتىپ قويدى. سەئىدخان توختىماي ئۈزۈپ ئۇياققا ئۆتتى. قۇمساز قىرغاققا مەجنۇنتاللار سايە تاشلىغانىدى. سەئىدخان قىزىغان كۆك قۇمغا باغرىنى يېقىپ، ئۇدۇلدىكى قاشالىق باغقا كۆز سېلىپ ياتتى. ئۇنىڭغا ئالما دەرىخى تۈۋىدە بىر قىز كۆرۈنگەندەك بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ زەن سېلىۋىدى، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر قىز غىل - پال كۆرۈندى - يۇ، يوقىلىپ كەتتى. «جىنمۇ نېمە؟» سەئىدخان ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى. بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ قاشاغا يېقىنلاشتى. راستلا تېخى رەسىدە بولمىغان بىر قىز قىزىرىپ پىشقان شاپتۇلنى شېخىدىن ئۈزۈپ قولىدىكى كىچىككىنە سېۋەتكە سېلىۋاتاتتى. سەئىدخاننىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى. بىردىن ئۇنىڭ بالىلىق شوخلۇقى تۇتتى. قاشادىن ئاتلاپ ئۆتۈپ قىزغا شاپتۇل ئۈزۈشۈپ بەرمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزارتىشىغا بارمىقىغا تىكەن سانجىلدى.

www.uyghurkitap.com

— ئوغرى ! ... ئوغرى ! ... — بىر ياش يىگىت ۋارقىرىغىنىچە پىچاق كۆتۈرۈپ كېلىپ، قاشانى ئۆرۈپ سەئىدخان تەرەپكە ئۆتتى. ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ قالغان سەئىدخان يىگىت پىچىقىنى پارىلدىتىپ ئېتىلىپ كەلگەن چاغدىلا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ چىرايى تۇتۇلدى. ئۇ سەل تۇگۇلۇپ ئۆزىنى يانغا ئېلىۋىدى، يىگىت شىلتىغان پىچاق قاشانىڭ بىر ياغىچىنى يېرىم كېسىپ توختاپ قالدى.

— مەقسۇد ئەلى ئىنىم، چاتاق بولدى، بىرسى سەئىدخاننى ئۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇستى كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىغان مىرەك مىرزا.

— كۆردۈم، — مەقسۇد ئەلى باشقا گەپ قىلماستىن كىيىمى بىلەنلا سۇغا سەكرىدى.

قولىدا ھېچنېمە يوق سەئىدخان پىچاق تەڭلەپ تۇرغان يىگىتتىن كۆز ئۈزمىدى.

— سەن ئوغرى خۇدادىن قورقمامسەن؟ — دېدى يىگىت.

— مەن ئوغرى ئەمەس، كالۋا، خۇدادىن قورقمىغان بولسام قولۇڭدىكى پىچاقنى قولتۇقۇڭغا قىستۇرۇپ قويغان بولاتتىم.

— قولۇڭنى تارت ! ئالدىڭدىكى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى! — دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈۋاتقان مىرەك مىرزىنىڭ خىرقىراق ئۈنىنى يىگىت قانداقمۇ ئاڭلىسۇن؟ ئۇ سەئىدخاننىڭ سۆزىنى ئىشىتىپ تېخىمۇ ئاچچىقلاندى.

— سەن سىڭلىمنى ئەپقاچماقچىمۇ؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ، قولۇڭنى بېغىشىڭدىن كېسىۋەتمەيدىغان بولسام، ئوغرى ! — ئۇ قەھرى بىلەن ئېتىلدى. سەئىدخان كاپ قىلىپ ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان بىلىكىنى بىر قولىدا تۇتۇۋالدى، بىر قولىدا مۇرىسىنى قامالىدى. يىگىتنىڭ بىر قولى سەئىدخاننىڭ تېگىدە ئىدى، ئەمدىلا ئون تۆتنىڭ قارىسىنى ئالغان سەئىدخان ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ بولغان يىگىتكە بوي بەرمەيۋاتاتتى. ئۇلار نەچچە قېتىم يۇملاقلىشىپ، نەچچە قېتىم بىر ـ بىرىدىن ئىراقلاشتى. شاپتۇل

ئۆزۈۋاتقان قىز ئاكىسىنىڭ پىچاقنى ئىگىز كۆتۈرۈپ قارا كۆزلۈك يىگىتنىڭ بېشىغا ئۇرماقچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاكا ! ئادەم ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن؟ ياش بالا ئىكەن ئۇ، پىچاقنى تاشلا، بولمىسا بوۋامنى چاقىرىمەن.

يىگىت سىڭلىسىنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي پىچاق ئۇردى، لېكىن ئۇرغان پىچىقى قاڭقىپ يەرگە چۈشتى. چۈنكى، سەئىدخان چاققانلىق قىلىپ ئۇنىڭ پىچاق كۆتۈرگەن قولىغا تەپكەنىدى.

يىگىت پىچاققا قول سوزغۇچە سەئىدخان ئىلىۋالدى.

— سەن ئوتتۇنچى ئوخشايسەن، پىچاق ئۇرۇشنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن. سەئىدخان بىر شىلتىپ قاشانىڭ بىر تال ياغىچىنى شارتتىدە كېسىۋەتتى.

— توختاڭلار، باللىرىم، — قىز ئۆيدىن باشلاپ چىققان ئاقساقال بوۋاي قاشا يېنىغا كېلىپ توۋلىدى، — بالام قاناتبەگ، نېمە گەپ بۇ ؟

سەئىدخان بوۋاينى كۆرۈپ سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاتا.

— بوۋا، بۇ يامان ئوغرى ئىكەن، كىچىككىنە تۇرۇپ پىچىقىمنى تارتىۋالدى. قارىمامسەن، — دېدى قاناتبەگ ئاغزى - بۇرنىنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ.

— توختاڭلار، چۈجە - خورازلار ! — بوۋاي ئاۋۋال يىگىتنى توستى، ئاندىن ئۆزىنىڭ يالىڭاچلىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان سەئىدخانغا قارىدى. ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىقلىق تۇمارنى كۆرگەن بوۋاي چۆچۈپ كېتىپ:

— ئوغلۇم، شاھزادىلەردىن ئوخشىمامدىلا؟ تۇمارلىرىدا گۆھەر پارىلداپ تۇرىدۇغۇ، — دېدى.

دەريادىن ئۆتۈپ كېلىشكەن مىرەك مىرزا بىلەن مەقسۇد ئەلى تەڭلا:

— شاھزادەم ! — دېيىشىپ ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا ئۆتۈپ

www.uyghurkitap.com

سوراشتى، — نېمە ئىش بولدى؟

— ھېچ ئىش يوق، ئاغىلار. مۇنۇ يىگىت مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدى.

بوۋاي سەئىدخاننىڭ ھەقىقەتەن شاھزادە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— شاھزادەم، بالامنى كەچۈرسىلە، تونۇماي ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇپتۇ.

— كېرەك يوق، بوۋا، — دېدى سەئىدخان ئۇنىڭغا ئىللىق نەزەر تاشلاپ، — ئەسلىدە قاشا يېنىغا كەلمىسەم بولاتتى، ئەيىب مەندە.

ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىچە دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ قىرغاققا ئۆتتى ـ دە، چاپىنىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىكى ئاتىسى سېلىپ قويغان ھەميانىنى ئېلىپ، كۆڭلىكىنى كىيىپ دەرياغا يەنە سەكرىدى.

— نېمىدېگەن چېچەن ـ ھە! خۇدا، كۆز تېگىشتىن ئۇنى پاناھىڭدا ساقلا، — دېدى بوۋاي. سەئىدخاننىڭ نېمە ئۈچۈن كېتىپ يەنە كېلىۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەي، ئۆزىگە ياندىشىپ تۇرغان قىزىغا قارىدى:

— بالام، يۈگۈر، ئۆيگە كىرىپ چۆلىدىن① بىر خۇمرا ئاچىق. شاھزادە ئۇسساپ كەتكەندۇ.

بۇ قىزنىڭ قامەت دەرىخىدىن ئېگىلگەن مەجنۇنتاللار سەلگىنە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ساغرىسىنى يېپىپ تۇراتتى. ئەتلەس كۆڭلىكى زىبا تېنىنى يوشۇرغانىدى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى دەريادا ئۈزۈپ كېلىۋاتقان سەئىدخاندا ئىدى. قىز ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سەئىدخان بوۋاي ئالدىغا كەلگەندە قىزمۇ ئۆيدىن بىر كىچىك خۇمرا بىلەن ئۈچ ساپال كومزەكنى كۆتۈرگىنىچە چىقتى. «نېمىدېگەن چىرايلىق قىز ـ ھە! ...» سەئىدخان بىلەن

① چۆلە — شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قايناتقان گۆلە ـ قاق سۈيى.

قىزنىڭ كۆزى بىر ـ بىرىگە چۈشتى. ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن قىز ئۇتلۇق نىگاھىنى يەرگە قاراش بىلەن يوشۇردى. سەئىدخان باياتىن بېرى بوۋايغا دىمەكچى بولۇپ ئويلاپ قويغان سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ، قىزغا قاراپلا قالدى.

— شاھزادەم، قايتايلى، خان ئۇزاپ كەتتى، يېتىشەلمەي قالىمىز، — دېدى مىرەك مىرزا ئالدىرىتىپ. سەئىدخان ئۇندىمەي ھەميانىدىن بىر تىللا ئېلىپ بوۋاينىڭ قاداق بېسىپ كەتكەن ئالقىنىغا قويدى.

— بوۋا، بۇ مېنىڭ بىرۇخسەت بوسۇغىلىرىڭىغا قەدەم قويغىنىمنىڭ ھەققى بولۇپ قالسۇن. نۇسرەت بىلەن قايتىشىمىزغا دۇئا قىلىپ قويسۇنلار.

بوۋاي تىللا قويۇلغان ئالقىنىنى بىر ئېچىپ، بىر تۈگۈپ، نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— شاھزادە، بىز سائىللاردىن ئەمەس، تېخى بوسۇغىلىرى ئالدىغا بارغۇدەك بولمىدۇق. بوسۇغىمىز ئالدىغا سىلى كېلىپىلا، بىز سىلىگە بەرسەك بولىدۇ. تىللايىمىز بولمىغىنى بىلەن كىشىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغۇدەك شەربىتىمىز بار. مەرھەمەت قىلسۇنلار، — ھۆرمەت بىلەن ئېگىلگەن قىز يەردىن كۆز ئالماي چۆلە قۇيۇلغان كومزەكنى سۇندى.

بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدەك چاڭىلداپ چىققان يېقىملىق ئاۋاز سەئىدخاننى ھەيران قالدۇردى. ئەمدىلا ياشلىققا قەدەم قويغان بۇ بالا يىگىت ئىختىيارسىز سۆز ئويۇنى قىلدى:

— ئەي، بوۋا، مەن بۇ جەزىرىدە يانتاق بىلەن ئەمەندىن باشقا گۈل ـ گىياھ يوق، دەپ ئاڭلىغۇدىم. بۇ قىزىلگۈل قايدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمدىلا؟ ئۇنىڭ ئېتىكىنى تىللا بىلەن توشتۇرۇشنى خالايمەن.

— بۇ دىيارغا نادىر بىر يىگىتنى كەلتۈرگەن ھەقتائالا ئۇنىڭغا مۇناسىپ قىزىلگۈلنىمۇ ئاپىرىدە قىلىپ قويغان ـ دە، شاھزادەم، — دېدى مىرەك مىرزا بېشارەت تەرىقىسىدە.

— گۈلنىڭ ئېتىكى تىللا بىلەن ئاسان توشمايدۇ، شاھزادەم، — قىزمۇ ئالمىدەك مەڭزىنى توسۇپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈمە چېچىنى كەينىگە تاشلاپ جاۋاب بەردى، — ھەميانلىرى بەك كىچىك ئىكەن.

— قىز دېگەننىڭ ئېتىكىنى بىر نۆۋەتتىلا توشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ماڭا ئايان، — دېدى سەئىدخانمۇ بوش كەلمەي ۋە ھەميانىدىن بەش تىللانى ئېلىپ قىزنىڭ ئېتىكىگە تاشلىدى، — ئۈمىدسىزلەنمەڭ، سىڭلىم، ئىككىنچى، ئۈچىنچى نۆۋەتتە يەنە تاشلاپ ئېتىكىڭىزنى توشتۇرماي قويمايمەن ...

سەئىدخان تېخىچە گاڭگىراپ تۇرغان بوۋايغا «خوش» ئېيتقان تەرزدە باش ئەگدى ۋە بىر قولى بىلەن رومىلىنى سەل قايرىپ قىيا باققان قىزغا كومزەكنى بەردى. ئاندىن تېز بۇرۇلۇپ دەريا بويىغا كەلگىنىچە كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇغا ئۆزىنى ئاتتى. مىرەك مىرزا بىلەن مەقسۇد ئەلىمۇ چۆلەدىن بىر كومزەكتىن ئىچىپ سەئىدخاننىڭ كەينىدىن دەرياغا سەكرەشتى.

# ئون ئىككىنچى باب

## تاشكەنتتىن ئەندىجانغا كەلگەندە

### 1

سەئىدخان ئېتىنى چاپتۇرۇپ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن خان ئاتىسىنىڭ قوشۇنىغا تېزلا يېتىشىۋالدى. ئۇ خۇش كەيپ ئىدى. ئەندىجانىنىڭ قوغۇن پىۋراپ تۇرغان يېزا ـ قىشلاقلىرىدىن ئۆتكۇچە دەممۇدەم كۇزلۇك قوغۇنلار ۋە تاۋۇزلار ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغان بولسىمۇ، ئاشۇ قىز قولىدىن ئىچكەن چولەدەك باغرىنى سەگىتەلمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پىژىلداپ كۆيۈپ تۇراتتى. مەرغىلانغا كەلگەندە «سۇبھانى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆرۈك پىشىپ ئاخىرلاشقانىدى. ئەندىجاندىن ئېلىۋالغان كۇزلۇك قوغۇننى تاكى ئىسفىرەگە كەلگۈچە يېدى.

ئەسلىدە ئىسفىرەگە بارمايلا ئۇدۇل خوجەند (خۇجەنت)كە كېتىۋەرسە بولاتتى، ئۆزلىرىنى دۇشمەندىن قاچۇرۇپ بىردەم جەنۇبقا، بىردەم ئالدىغا، بىردەم ئارقىغا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، جەنۇبتىكى سەقىرە قورغىنىنى ئايلىنىپ بىر ئېدىرلىققا يېتىپ كېلىشكەندە «سەنگى تاش»① دەپ ئاتىلىدىغان سېپىلىك تاشقا يولۇققۇشتى. سەئىدخان ئاتتىن چۈشۈپ سەنگى تاشقا قاراپ ئۆز جامالىنى كۆردى.

ئايالار قارايدىغان نەرسىگە ئەرلەر قارىسا بولمايدۇ، دېگەن قاراش كاللىسىغا ئورنىشىپ قالغان سەئىدخان دەرھال باشقا ياققا قارىۋالدى. ئەمما، ئۇنىڭ مەشھۇر سەنگى تاشنى ئوبدان

---

① سەنگى تاش ــ ئەينەك تاش (كىرىستال).

كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قايسى بىرىنى قارىسۇن ئۆز جامالى ۋە قىياپىتىنى كۆردى. «ئەجەب ـ هە !» دەپ قىزىقىپ قاراۋەردى. «هېلىقى قارا كۆز، بوستان چاچ قىز كۆرۈنۈپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ هە !» دەپ ئويلاپ، سەنگى تاشنى بىرقانچە قېتىم ئايلاندى. ئاخىر مىرەك مىرزا چاقىرغاندىلا نائىلاج قوزغالدى. ئۇلار خوجەند، ئاخسى شەھەرلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، تاشكەنت دىيارىغا قەدەم قويۇشتى.

سەئىدخان ھەممە نەرسىگە، گۈل ـ گىياھلارغا، تاغۇدەريالارغا قىزىقىپ كۆز تىكەتتى. ياغا يېزىسىغا يېتىپ كېلىشكەندە، ئالدىغا چىققان بىر بۆلەك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى.

سەئىدخان ئوتتۇرا بويلۇق، پېشانىسى كەڭ، غوللۇق كەلگەن بىر يىگىتنىڭ دەسلەپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا جەڭ كىيىمى بولماستىن، پەش ۋە ياقىلىرىغا تەتىللادىن پەۋاز تۇتقان شايى تون، بېشىدا ئالتۇن قۇببىلىك تاج بار ئىدى. يېشىل ئالماس كۆز قويغان كەمىرىگە كۈمۈش غىلاپلىق خەنجەر ئېسىقلىق ئىدى. ئۇنىڭ كىيىنىشى ئۆزلىرىگە پەقەت ئوخشىمايتتى. ئىككى ئۇچى قىرقىلغان بۇرۇتى ئۇنىڭغا سۆلەت بېغىشلىغانىدى. «پادىشاھمىدۇ ياكى شاھزادىمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى سەئىدخان قىزىقىش بىلەن سەپسېلىپ.

— كىچىك خان ئاتامنىڭ قۇتلۇق قەدىمى مۇبارەك بولغاي ! — يىگىت ئات ئۇستىدە خىيالچان ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەدخانغا ئېگىلىپ سالام بەردى. خان بېشىنى سەل ئېگىپ قويۇپ سورىدى:

— كىم بولىسەن، يىگىت؟

— زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر، مەرھۇم سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى بولىمەن. موغۇلىستانغا بېرىپ خىزمەتلىرىدە بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئۆزلىرى كېلىپ قالدىلا.

سۇلتان ئەھمەدخان ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئاتتىن دەرھال

چۈشتى.

— پادىشاھ بابۇر مىرزا ئىكەنلىكىنى، بالام، تونۇماپتىمەن.

بابۇر پادىشاھ موغۇل خانلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە خان ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇققۇز قېتىم تەزىم قىلمىش، ھېچبولمىغاندا ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. ئەمما، يەر تۇپا، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا ئەپسىز بولغاچقا يۈكۈنمىدى. سۇلتان ئەھمەدخانمۇ بۇنى ئېغىر ئالمىدى. بابۇر مىرزا بىلەن چىققان سەييىدمۇھەممەد مىرزا خان ئالدىدا يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى. ئۇ مىرزا ئاباتەكرىدىن يۈز ئۆرۈپ خاننىڭ خىزمىتىگە كەلگىنىگە نەچچە يىل بولغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاغا، — دېدى سەئىدخان بابۇر مىرزىغا سالام بېرىپ ۋە يەرنىڭ تۇپىلىقىغا قارىماي يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىۋىدى، بابۇر مىرزا ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— ئىنىم، تۇرۇڭ، سىز بىلەن بىر دىدارلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، سىزنى كۆرۈپ شىجائىتىڭىزگە قايىل بولدۇم.

يۇتۇنلەي موغۇل يوسۇنىدا جەڭ كىيىمى كىيگەن سەئىدخان بابۇر مىرزىغا موغۇل چەۋەندازلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بىر نەۋرە ئاكىسىنى قىلىچ - قالقان بىلەن قوراللانغان ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان سەئىدخانغا بابۇر مىرزا پادىشاھتىن كۆرە مىرزىلاردەك تۇيۇلدى. جاۋابەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سالام بەرمىگىنى كۆڭلىگە كەلگەندەك قىلىپ، تۇپا بولۇپ كەتكەن تىزىنى قېقىپ ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى.

سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەرلەر يىگىرمە ئىككى مىڭغا يېقىن بولۇپ، ھەممىسى موغۇلچە كىيىنگەنىدى. پادىشاھ بابۇر مىرزا ئۇلار ئۈچۈن ئۆز ئادەملىرىنى قونالغۇ راسلاشقا بۇيرۇپ، سۇلتان ئەھمەدخاننى ئۆز چېدىرىغا باشلىدى. يۈزلىگەن قوي - كالا سويدۇرۇپ، ئىسسىق شورپا بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ھاردۇقىنى چىقاردى. ئەتىسى ئەتىگەن ئەھمەدخان

بابۇر مىرزىغا شاھانە تون ۋە ئۆزىنىڭ ئالماس كۆز قويۇلغان كەمىرى بىلەن جەرەن ئېتىنى سوۋغا قىلدى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن بابۇر مىرزا چۆرىسىگە كالۋۇتون بىلەن قىيىلاق چىقارغان موغۇلچە بۆك، كىمخابتىن تىكىلگەن ئىزمىلىك تونىنى كىيىپ، ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە تۇمارچە ئەنبەردان ئېسىلغان كەمەرنى باغلىدى. ئەمدى سەئىدخانغا ئۇ ھەقىقىي نەۋرە ئاكىسىدەك كۆرۈنۈش بەردى. ئەگەر ئۆزىدەك جەڭ كىيىمى كىيگەن بولسا، تەسەۋۋۇر ئىدىكى قەھرىمان بابۇر مىرزا بولغان بولاتتى. ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئەھمەدخان ئالاھىدە بۇيرۇپ ياسىتىپ بەرگەن ئىككى زۇلپىقارنىڭ بىرسىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى.

— پادىشاھ ئاغا، بۇ قىلىچنى سىزگە تۇتتۇم. ئۇنىڭ بىلەن شاھىبېكخاننىڭ ياۋۇز كاللىسىنى نەس بېشىدىن ئايرىغايسىز. ئاللا سىزگە زەپەر ئاتا قىلسۇن، — دېدى ۋە بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

مەگەر بىر ئوق بىلەن ياۋنى يېڭەر بولساڭ،
كېرىشكە ياسىنى ئۇنىڭ ۋاقتى بەرمە.

— بۇ شېئىرىڭىزنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالغانىدىم، ئاغا. قولۇمغا يانى ئالساملا بۇ شېئىرىڭىز ئېسىمگە چۈشۈپ سىزنى كۆرگۈم كېلىپ كېتەتتى، ئاخىر كۆرۈش نېسىپ بولدى.

ئۆز شېئىرىنى سەئىدخاننىڭ شۇنچە كېلىشتۈرۈپ ئوقۇغىنىدىن زوقلانغان بابۇر مىرزا ئىككى قوللاپ قىلىچنى ئالدى ـ دە، بېلىگە ئېسىۋالدى.

— ئىنىم سەئىدخان، قۇرۇق تەشەككۈر ئېيتسام ئالدىغان بولمەن. ياخشى تىلىكىڭىزنىڭ جاۋابىنى جەڭدە قايتۇرغايمەن.

— جەڭدە سىز بىلەن بىللە بولىمەن، ئاغا، — دېدى سەئىدخان ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ.

بابۇر مىرزا ئۇلارنى باشلاپ، تاشكەنتتىن بەش ـ ئالتە چاقىرىم يىراق يەرگە چىقىپ كۈتۈپ تۇرغان چوڭ خاننىڭ بارگاھىغا ئەكەلدى. كىچىك خان ئاتتىن چۈشۈپ توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخانغا سالام بەردى. چوڭ خان ئۇلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قۇچاقلىدى. بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە ئون يىللاردىن ئاشقانىدى. قارا چاچ، قارا ساقال ۋاقتىدا ئايرىلغان بۇ ئاكا ـ ئۇكا خانلار بۈگۈنكى كۈندە چارباش، چار ساقال بولۇپ قېلىشقانىدى.

— خان ئاتام تۈگەپ كەتتى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ، — ھۆرمەتلىك پېشىۋا ئانىمىز ئىسەن دەۋلەت بېگىم ھەم قازا قىلدى.

— ئاللا ئۇلارنىڭ جايىنى جەننەتتە قىلغاي، خان ئاكا، ئانىمىز شاھ بېگىمنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق؟ — سورىدى ئەھمەدخان مەھمۇدخاننى كىمخاب تۆشەك ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ. ئاكىسى ئۇنىڭغا يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ، دېدى:

— ئانىمىز شاھ بېگىم ئوبدان تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، خان ئاتىمىزغا ھازىرغىچە ئىچ ئاغرىقى تارتىپ جۈدەپ قالدى.

سەئىدخانمۇ توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ تەزىم قىلىپ تاغىسى بىلەن كۆرۈشتى. سۇلتان ئەھمەدخان ئون نەچچە قىز ـ ئوغلىنى ئاكىسىغا تەزىم قىلدۇردى.

— خان ئۇكام، بالىلىق بولۇپ كېتىپتىمىز، چوڭ ئوغلىڭىز مەنسۇرخاننى كۆرگەنىدىم. سەئىدخان، ئەمىن خوجا سۇلتان، خېلىل سۇلتان، باباچاق سۇلتانلارنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى ئىشىتكەن بولسامۇ، بۈگۈن ھەممە پەرزەنتىڭىز بىلەن دىدار كۆرۈشتۇم، بەك خۇرسەن بولدۇم. يۇنۇسخان ئەۋلادى جەمەت، سان، بايلىق جەھەتتە ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەككى، تۆۋەن تۇرسا بولمايدۇ. ئاللا رەھمەت قىلسۇن.

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ نەجمە سۇلتان بېگىم قاتارلىق خانىش ـ توقاللىرى سۇلتان مەھمۇدخانغا سالام بېرىش ئۈچۈن

شاهانە چېدىرغا كىرىشتى.

قوي ـ كالىلار سويۇلۇپ، ئۇلار، قىرغاۋۇللار پۈتۈن ـ سۆرۈك زىخقا ئۆتكۈزۈلدى. تۇغقانلار كېچىچە دېگۈدەك ئىلار كۆرۈشۈشنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتى. سەئىدخان چوڭلار بىلەن ئولتۇرۇپ بىرىنچى قېتىم شاراب ئىچتى، مەست بولغان بابۇر مىرزا بىلەن بىر چېدىردا ياتتى. ئەندىجان يولىدا چۇلە قويۇپ بەرگەن قىزنى كېچىچە چۈشەپ چىقتى. «سىز شاهزادە بولغان بىلەن مەنمۇ جەننەتتىن چىققان هۆر، سىز بىلەن تەڭ تۇرالايمەن» دېگۈدەك. «ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ سورىسا «بۇ قېتىم ئېتىكمگە تىللا تاشلىغاندا ئېيتىپ بېرىمەن» دەپ كۈلگۈدەك. بىر چاغدا سەنگى تاش يۈزىدە ئۇ قىزنىڭ سىيماسى پەيدا بولۇپ كۈلۈمسىرەۋاتقۇدەك ... سەئىدخان ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولۇپ غۇلىچىنى كەڭ كېرىۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتى. ئەتىسى چاشكا ۋاقتىدا تاشكەنتكە يېتىپ كېلىشتى. سۇلتان مەهمۇدخاننىڭ هەيۋەتلىك ئوردىسى ئالدىدا ۋەزىر، ئەمىر، سەرۋازلار سەپ تۈزۈشكەنىدى. يولغا قىپقىزىل پاياندار سېلىنغان، ئەڭ ئاۋۋال مەلىكە شاه بېگىم ئوغلى ئەهمەدخان توققۇز قېتىم يۈكۈنۈپ بولغۇچە تاقەت قىلالماي ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. مەلىكە شاه بېگىمگە مەختۇمە سۇلتان بېگىم ۋە باشقا خانىش، كېنىزەكلەر يۈكۈنۈپ توققۇز قېتىمدىن تەزىم قىلىشتى.

— ئوغلۇم، بالام ... ئاتاڭ يۇنۇسخان ... — ئانا پىچىرلىغىنىچە هوشىدىن كەتتى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئۇنى يۆلەپ قۇچىقىغا بېشىنى ئالدى. سەئىدخان «مومام ئۆلۈپ قالارمۇ؟» دەپ بەك قورقۇپ كەتتى، خان مومىسى هوشىغا كەلگەندىن كېيىنلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. هەرەمخانا قەسىرلىرىگە كىرىپ ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، مومىسىغا ئەكەلگەن ئالمالىقنىڭ شېرىن ئالمىسى قاچىلانغان چىغ سېۋەتنى ئالدىغا قويدى.

— موما، بۇ يۇرتىمىزنىڭ مېۋىسى، يەپ باقسىلا.

— چوڭ خانغا بەرمىدىڭمۇ، بالام؟ — سورىدى شاھ بېگىم قىزىرىپ پىشقان ئالمىدىن بىرنى قولىغا ئېلىپ.
— ياق، بۇنى بۇزرۇكۋارىمىز بولغان ئۆزلىرىگە ئەكەلدىم، موما.
سۇلتان مەھمۇدخان تاغامغا دادام كۆپ نەرسىلەرنى ئەكەلدى.
— ماڭچۇ، بالام؟ — دېدى ھامىمىسى قۇتلۇقنىگار خېنىم.
— ئۆزلىرىگىمۇ ئەكەلدىم، خان ھامما، — سەئىدخان چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان يوغان قارا كۆزلۈك ھامىمىسىغا ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ تۇتتى.
— بالام، ئوغلۇم بابۇر مىرزىغا نېمە ئەكەلدىڭ؟
— زۇلپىقار ئەكەلدىم.
— شاھ بالامنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئەكەلگىنىڭگە رەھمەت، بالام.
— رەھمەت ئۆزلىرىگە، مەلىكە خېنىم، ئوغلۇمنىڭ بۇ ئەرزىمەس سوۋغىسى ئۆزلىرىگە مەزۇر بولغان بولسا، تاشكەنتكە كەلگىنىمىزدىن زادى ئەپسۇسلانمايمىز، — دېدى نەجمە سۇلتان بېگىم قىران چاغدا ئېرىدىن ئايرىلىپ تۇل بولۇپ قالغان قۇتلۇقنىگار خېنىمغا ئىچ ئاغرىتىپ.
كەچكىچە ئۇرۇق - تۇغقان، ۋەزىر - ئەمىرلەر ھەم ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرى پاتىھە ئوقۇشۇپ، ئۇلارنىڭ قەدىمىگە خۇرسەنلىك بىلدۈرۈشتى. ئەتىسى سەھەردە شەيخ خاۋەند تەھۇر قەبرىستانلىقىغا بېرىپ يۇنۇسخان مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشتى. سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزا «سۈرە ياسىن»نى، سەئىدخان «سۈرە مۇلك»نى قىرائەت قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان دۇئا قىلىپ بەردى.
ئۇلار ياپىيېشىل گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان قەبرىستانلىقتىن يېنىپ، مەرھۇم يۇنۇسخان ھايات چېغىدا بىنا قىلدۇرۇپ ئۆزى تۇرغان ئوردىغا بېرىشتى. سۇلتان مەھمۇدخان دادىسى يۇنۇسخاننىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى بايان

قىلىپ، دېدى:

— ئاتام، خارەزىم، خوراسان، ماۋەرائۇننەھر خان - سۇلتانلىرى ئىچىدە ئادالەتلىك ئالىم پادىشاھ ئىدى. ئاتام ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قول قىلىشقا، قول ئېلىپ - قول سېتىشقا يول قويمايتتى. ھەممە ئادەم ئاللانىڭ بەندىسى، بىر - بىرىگە زۇلۇم قىلماسلىقى كېرەك، دەپ تولا دەيتتى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاقسۇ خەلقىنى قىرغىن قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ ھەسرەتلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋەرائۇننەھردىن شاھىبېكخان باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ زۇلمى مىرزا ئابابەكرىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، لەشكەر باشلاپ مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرى شاھىبېكخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئىنىم ئەھمەدخان، سىزنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىشىم زۆرۈر بولۇپ قالدى.

— خان ئاكا، قانداق يارلىق چۈشۈرسىلە بىز پەرمانبەردار، — دېدى ئەھمەدخان قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— شاھىبېكنى تېزرەك يوقىتىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن مەنمۇ جەڭگە قاتنىشاي، خان ئاتا، — دېدى سەئىدخان سۇلتان مەھمۇدخان ئالدىدا تىز چۆكۈپ.

— يارايسەن، بالام، بابۇر مىرزىغا ھەمراھ بولۇپ جەڭ قىلىشنى ئۆگەن!

## 2

شاھىبېكخانغا زەربە بېرىش ئۈچۈن تۈيدۇرماستىن ئالدى بىلەن سۇلتان ئەھمەد تەمبەلگە زەربە بېرىش زۆرۈر ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قازاسىدىن كېيىن پەرغانىنىڭ پادىشاھلىقىنى قولغا كىرگۈزىۋېلىپ، شاھىبېكخان بىلەن بىرلىشىۋالغانىدى. شۇڭا، ئوتتۇز مىڭ ئەسكەرنى باشلىغان ئاكا - ئۇكا خانلار تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ

كەندەرلىك [1] داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئاھاڭگەران [2] دالاسىغا يېتىپ كەلگەندە، كىچىك خان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا بابۇر مىرزا بىلەن سەئىدخاننى ئۈز سىپاھلىرى بىلەن مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئارقىدا سەييىدمۇھەممەد مىرزا ماڭدى. بەكلا خۇش بولغان سەئىدخان بىر قولىدا ئوقيانى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا تىزگىننى سىلكىپ ئاتنى تېزلەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ بۇغداي ئېڭىزلىقىدا دان تېرىپ يەۋاتقان بۆدۈنىنى كۆرۈپ قالدى ۋە يانى بەتلەپ ئاتتى. ئوق بۆدۈنىنىڭ دۈمبىسىگە سانجىلىپ، «ۋىت» دېگىنىچە پالاقشىپ جان بەردى. بۇنى كۆرگەن بابۇر مىرزا:

— سىزنى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن، سەئىدخان، — دېدى — دە، بەتلىگەن ياسىدىن ئوقنى ئۈزدى. پەيلىرى توزۇغان قىرغاۋۇل دەرەخ ئۈستىدىن پالاقىدە يەرگە چۈشتى.

— سىزمۇ قالتىس مەرگەن ئىكەنسىز، — سەئىدخان ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. بابۇر مىرزىنىڭ بۇ «ئەدەپسىز» بالىغا ئاچچىقى كەلدى، ئەمما گەپ قىلماي ياسىدىن ئىككىنچى ئوقنى ئۈزدى.

— مەن شاھىبېكخاننىڭ قارا يۈرىكىگە مانا شۇنداق تەگكۈزىمەن، — دېدى ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا، — يانىڭ ئوقى ئېتىزدا دان تېرىپ يۈرگەن كەكلىكنىڭ يېنىدىكى بىر دۈمبەلگە سانجىلىپ قالدى. چۆچۈگەن كەكلىك قانات قېقىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

— تەگكۈزەلمىدىما؟ بۇ نۆۋەتمۇ شاھىبېكخان بويۇن بەرمەمدۇ نېمە؟ — دېدى بابۇر مىرزا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كەكلىككە نەزەر سېلىپ، بىر چاغدا كەكلىكنىڭ پەيلىرى توزۇپ پىرىلداپ موللاق ئاتقىنىچە يەرگە چۈشتى، ئۇنىڭغا سەئىدخاننىڭ ئوقى تەگكەنىدى.

— مەن مىرزا ئاباپەكرىنىڭ قارام كاللىسىغا ئەنە شۇنداق

---

[1] كەندەرلىك [2] ئاھەڭگەران — يۇرت نامىلىرى.

تەگكۈزىمەن، — دېدى ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قاراپ. بابۇر مىرزا ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى.

ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن بۇيان ئۇ پەرغانىگە كۆز تىككەن پادىشاھ ـ سۇلتانلارنىڭ تەقىبىدىن بىر كۈنىمۇ خاتىرجەم ئۆتكۈزمىگەنىدى. ئانا تەرىپى چاغاتاي، ئاتا تەرىپى ئەمىر تۆمۈر بولغان بۇ شاھزادە ئۆزىنى خوراسان، خارەزىم، ماۋەرائۇننەھرنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ۋارىس پادىشاھى دەپ بىلەتتى. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. نەچچە يىل مابەينىدە تىنىم تاپماي ھۇجۇم قوزغاپ مىلىك تەسلىكتە سەمەرقەنتنى ئالغان بابۇر مىرزا ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ تەختتە ئالتە ئايمۇ ئولتۇرالمىدى. تالاش ـ تارتىشتا قېلىپ نامراتلىشىپ كەتكەن بۇ شەھەرنىڭ بەگ ـ سىپاھلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قاچتى. قاچقۇنلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان ئەھمەد تەمبەل ئەندىجاننى قورشىۋالدى. بۇ يەردە بابۇر مىرزىنىڭ ئانىسى قۇتلۇقنىگار خېنىم، مومىسى ئىسەن دەۋلەت بېگىم ۋە ئېگىچە ـ سىڭىللىرى بار ئىدى. بۇلار ئۇنىڭ دەرھال كېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. كېسەلدىن تېخى ساقىيالمىغان بابۇر مىرزا كۆزى قىيمىغان ھالدا سەمەرقەنتتىن ئايرىلدى. ئۇ يېتىپ بارغۇچە ئەندىجاننى ئەھمەد تەمبەل ئىگىلىۋالدى. بابۇر مىرزىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەنىدى. ئۇ ئازغىنا بەگ ـ سىپاھلىرى بىلەن ئايلىنىپ كېلىپ خوجەندتە تۇرۇپ قالدى. ئانىسى، مومىسى، ئېگىچە ـ سىڭىللىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئانا باشقا، ئاتا بىر ئىنىسى جاھانگىر مىرزا بولسا ئەھمەد تەمبەل تەرەپتە ئىدى. بابۇر مىرزا كۆرمىگەننى كۆرۈپ، دەشت ـ چۆللەردە قېلىپ، تاغ ـ داۋانلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ئاخىر تاشكەنتتىكى تاغىسى بولغان چوڭ خان يېنىغا كەلگەنىدى ...

بابۇر مىرزا ئاشۇلارنى ئويلاپ، ئاق قاشقىسىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان سەئىدخانغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن تىزگىنىنى

قويۇۋەتتى.

سەئىدخان شاھىبېكخان ئەسكەرلىرى بىلەن تېزرەك ئۆچرىشىپ جەڭ قىلىشقا ئالدىرايتتى. ئۇلار كەرنان تەۋەسىگە كەلگەندە ئاكا ـ ئۇكا خانلار مەسلىھەتلىشىپ بابۇر مىرزىنى ئالدىغا چاقىرتتى.

ــ ئەي چىڭگىزخان ۋە ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىنىڭ باتۇر شاھزادىسى، سىزنى ئۇشقا ئەۋەتىپ دۈشمەنىنىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدۇق، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان.

ــ مەن تەييار. خانلارنىڭ ئىشەنچىدىن چىقىمەن، ــ بابۇر مىرزا قولىنى كۆكسىگە ئالدى.

ــ خان ئاتا، سەمەرقەنتنى ئېلىشتا بابۇر مىرزىغا مەن ياردەمگە بارغانىدىم، بۇ نۆۋەتمۇ بابۇر مىرزا بىلەن بىللە بارسام، ــ دېدى شاھزادە سۇلتان مۇھەممەدخان. ئۇ ياشلىقىغا قارىماي سەمرىپ كەتكەنىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولغان بۇ شاھزادە خىزمەت كۆرسىتىپ تەخت ۋارىسلىقىغا پەقەت ئۆزى مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى بۇ جەڭدە بىلدۈرۈپ قويماقچى، شۇنداقلا بابۇر مىرزىنىڭ خەلقئىئالەم ئالدىدا ئابرۇي قازىنىپ كېتىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالماقچىدى.

ــ بابۇر مىرزا ئۆزى بارىدۇ، ــ دېدى ئەھمەدخان ئاكىسى بىلەن كۆز سوقۇشتۇرۇۋېلىپ، ــ سىز بىز بىلەن ئەندىجاننى ئېلىش جېڭىگە قاتنىشىسىز.

ــ مەنچۇ؟ بابۇر مىرزا ئاغام بىلەن بارمامدىمەن؟ ــ سەئىدخان يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن دادىسى سۇلتان ئەھمەدخاندىن جاۋاب كۈتتى.

ــ ئوغلۇم، سەن بىز بىلەن قالىسەن. ئاكاڭ سۇلتان مۇھەممەدخان بىلەن بىللە بولىسەن.

سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسى ئەھمەدخاننىڭ سۆزىنى ماقۇللىغاندىن كېيىن:

ــ مانا بۇنىڭ بىلەن شاھىبېكخاننىڭ پېشانىسىغا

ئېتىڭ! — دەپ يېشىل ئۇچلۇق ئوقنى بابۇر مىرزىغا بەردى. ئۇ ئوقنى ئوقىنىغا سالدى، ئاندىن خوشلىشىپ بىرنەچچە بەگ-سەردارلار بىلەن ئىككى مىڭچە سىپاھنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

سەئىدخان بابۇر مىرزا تاكى چاڭ - توزان ئىچىدە غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى.

## 3

ئىككى ئاي داۋامىدا ئاخسى، خوجەند، مەرغىلان ئەتراپىدا يۈرۈپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئۇچرىتالمىغان سۇلتان مەھمۇدخان ئۈچ مىڭ ئادىمى بىلەن كېلىپ ئەندىجاننى ئۈچ تەرەپتىن قورشىدى. ئۆزى ۋە بەش ئوغلى ئەندىجان قورغىنى يېنىدىكى ئاتىسى ئىسەن دەۋلەت بېگىمنىڭ «قوش تىگىرمەن» ناملىق باغچىسىغا چۈشتى.

سۇلتان ئەھمەدخانمۇ سەئىدخان باشلىق ئوغۇللىرى بىلەن «تەۋەككۇل لەڭگىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بازار قېشىدىكى چوڭ بىر باغقا چۈشتى. سەئىدخان ئەمدى ئەندىجان شەھىرىنى ئېلىش جېڭى باشلىنىدىغان بولدى دەپ، مەقسۇد ئەلى بىلەن بىللە ئاتىسىدىن ئىجازەتمۇ ئالماستىن ئۆز قارىمىقىدىكى ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئەندىجاننىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ، بۇ شەھەرگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىش پىلانىنى تۈزدى. بۇلار يېرىم كېچىدە تۇيدۇرماي چېدىرلىرىدىن چىقىپ ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ ئېھتىيات بىلەن مېڭىشتى. بىر كىچىك ئېقىندىن ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋىدى:

— تاشكەنت! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئەجەبلەنگەن سەئىدخان مەقسۇد ئەلىگە قارىدى.

— ئالدى تەرىپىمىزدە ئادەم باردەك قىلىدۇ. بىزنىڭ بەلگە سۆزىمىزنى دەۋاتىدۇ. جاۋاب بېرەمدۇق؟

ئۇلار ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە دىققەت بىلەن قارىدى. ئاي

يورۇقىدا بىرمۇنچە قورالىلىق كىشىلەرنىڭ دەرەخ قاپتاللىرىغا مۆكۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى:
— مەيلى، جاۋاب بېرىپ باقايلى، ئۆز ئادەملىرىمىز بولۇپ قالسا بىھۇدە قان تۆكۈشتىن ساقلىنىپ قالالايمىز.
— سايرام! — يۇقىرى ئاۋاز بىلەن دېدى سەئىدخان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ.
ئۇياقتىن ئۈچ ئاتلىق چىقىپ كەلدى. سەئىدخان ئۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ ئوتتۇرىسىدىكى نەۋقىران كىشىنى تونۇپ ۋارقىرىۋەتتى.
— بابۇر مىرزا ئاكا!
— سەئىدخان!
ئۇ مەقسۇد ئەلى بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ يۈكۈنۈپ سالام قىلدى. بابۇر مىرزىنىڭ ئىككى يېنىدا مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن مىرزا ھەيدەر بار ئىدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.
سەئىدخان بابۇر مىرزىنىڭ يارىدار بولغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ سورىدى:
— پادىشاھ ئاغا، يارىڭىز ئېغىر ئەمەستۇ؟
— ئەھمەد تەمبەلنىڭ قىلىچى ئوي - پىكىر بىلەن بەند بېشىمغا بىرئاز ئارام بېغىشلىدى. ئۇنىڭ ئوقى ھېرىقىقان پۇتۇمنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ قويدى. بولغان ئىش مۇشۇ، ئىنىم، — ھەزىل قىلدى بابۇر مىرزا.
ئۇ مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن ئەندىجانغا تەۋە ئوش، ئۆزگەنچ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتمىدى.
— سىز بۇ كېچە قەيەرگە كېتىۋاتىسىز، ئىنىم، — سورىدى بابۇر مىرزا.
— ئەندىجان قەلئەسىگە! — جاۋاب بەردى سەئىدخان جىددىي تۇستە.

— تېخى گۇدەكسىز - دە، ئىنىم، بۇ قەلئە مۇستەھكەم، بۆسۈپ كىرىشكە بولمايدۇ. ئۇزۇن ھەسەن مەككار رەھىمسىز ئەبلەخ! قەلئەنى قاتتىق مۇداپىئە قىلماقتا. پۇختا پىلان، كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچ بىلەنلا بۇ قەلئەنى ئالغىلى بولىدۇ. بىز تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم.

سەئىدخان تۇرۇپ قېلىپ مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىغا قارىدى.

— پادىشاھ ئاغىلىرى توغرا ئېيتىدۇ، شاھزادە، سەۋر قىلىپ، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىشىمىز غەلىبىگە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر، — دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ، — ئەھمەد تەمبەل ئۆرەتۆپىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ مېنى ئەل بولۇشقا قىستىدى. يەتتە كۈنگىچە بار كۈچىمىز بىلەن قارشىلىق قىلدۇق. مانا شۇ چاغدا پادىشاھ بابۇر مىرزا يېتىپ كېلىپ بىزنى قۇتقۇزدى.

— ئاغا، ئۆرەتۆپەدە قالماي كەپسىزغۇ؟

— ئۆرەتۆپەدە قېلىپ شاھىبېكخانغا ئەسىر چۈشۈشنى راۋا كۆرمىدىم. شۇڭا، بابۇر شاھ بىلەن بىللە ئۇ بەدكار بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم.

— ھامما ئاغىچا خېنىمچۇ؟

— كەلدى، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى مىرزا ھەيدەر، — كېيىنمىزدە مەيدە كېلىۋاتىدۇ.

سەئىدخان بۇنى ئاڭلاپ ئاتقا مىندى:

— مەن ئالدىغا باراي، — ئۇ ئېتىنى دېۋىتىپ چاپقىنىچە ئىككى ئات قوشۇلغان مەپىگە يانداشىپ توختىدى. «ئۇخلاۋاتقان بولسا ئارامىنى بۇزماي» دەپ ئۈن چىقارمىدى. ئەمما، ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان خۇبىنىگار خېنىم مەپىنىڭ يېنىدا بىر ئاتلىقنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىنى تۇيۇپ، سورىدى:

— كىم ئىكەن ئۇ؟

— بۇ مەن، پېقىر ئوغۇللىرى.

خۆبنىگار خېنىم دەرپەردىنى قايرىپ مەيدىن باش چىقاردى. ئوتقاش كۆتۈرگەن ئىككى نۆكەر ئالدىدا ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن ياش بىر يىگىت ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، هاما ئاغىچا، مۇبارەك دىدارلىرىدىن بەختىيار قىلغان ئاللاغا شۈكۈر. قۇتلۇق قەدەملىرى بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، يىگىت، سىلى شاھزادىلەردىن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى خۆبنىگار خېنىم تونۇيالماي.

— بۇ شاھزادە سەئىدخان بولىدۇ، ئانا، — دېدى سوڭدىشىپ كەلگەن مىرزا ھەيدەر، — يولدا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— ما كارامەتنى، سەئىدخان ئىكەنلا ـ دە، كىچىك چاغلىرىدا كۆرگەنىدىم، چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قاپتىلا، تونۇيالماي قاپتىمەن، — دېدى خۆبنىگار خېنىم.

ئۇلار تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولۇپ بابۇر مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان بارگاھىغا كېلىپ دىدار مۇلاقات بولۇشتى.

— شاھىبېكنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى سۇلتان سوئال نەزىرى بىلەن مۇزدەك شەربەتنى بابۇر مىرزىغا سۇنۇپ.

— بىر قانچە قېتىم جەڭ قىلدۇق، ھازىر شاھىبېكخان سەمەرقەنتتە جىددىي تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ھاكىم، بەگلىرىگە لەشكەر يىغىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئۆزى قوشۇن تارتىپ پەرغانىگە كەلگۈدەك. ئەھمەد تەمبەل ئاخسى قەلئەسىدە ئەسكەر توپلاۋېتىپتۇ. ئەتە ئەمىر ـ ئەركانلار بىلەن يا ئەندىجاننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش، يا سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىشىمىز زۆرۈر، — دەپ باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— خۇدا نېسىپ قىلسا بۇ قېتىم شاھىبېكخانىڭ كاللىسىنى

www.uyghurkitap.com

پىكىر قىلماس قىلىپ قويىمەن، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان. ئۇ ھەممەيلەنگە ياخشى ئارام ئېلىشنى تاپىلاپ، ھەمشىرىسى خۇبنىگار خېنىم ۋە خانىشلىرى بىلەن چىقىپ كەتتى.

... سەئىدخان چۈشىدە قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ شۇنداق چاپتىكى، تېنىدىن جۇدا بولغان كاللا تومپىلىق يەرگە چۈشۈپ سەكرەپ ـ سەكرەپ بىردىنلا سۆزلىدى:

ــ سەئىدخان، سەن مېنىڭ ئەسىرىم. ئۇ قىز بىلەن توي قىلىمەن دەپ خىيال ئەيلىمە.

«ئەجەبا، شاھىبېكخاننىڭ كاللىسىنى كەسكەندىم، مىرزا ئابابەكرىنىڭ بېشىغا ئايلىنىپ قالدىغۇ!» دەپ ئويلىدى سەئىدخان قانغا مىلىنىپ ياتقان كاللىغا قارىغىنىچە ھەيران بولۇپ، ئاندىن دېدى:

ــ ساڭا ھەرگىز ئەسىر بولمايمەن. ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشىمنى توسۇپ قالالمايسەن. ئۆلۈكنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

سەئىدخان سۆزلەۋېتىپ ئۆزىنىڭ باغلىنىپ تۇزاقتا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ھەرقانچە قىلىپمۇ باغلاقتىن قۇتۇلالمىدى. بىر چاغدا بىر پىيالە شەربەت كۆتۈرۈپ كەلگەن ساھىبجامال قىز ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى ...

ھاياجاندىن تىلى سۆزگە كەلمىگەن سەئىدخان قوللىرىنى ئۇزارتقىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز مۇلازىملىرى ۋە بابۇر مىرزىنىڭ بەگ، سەردارلىرى بىلەن بىللە ناماز بامداتنى ئوقۇدى.

ئۇلار سوغۇق گۆش، سېرىق ماي، قاتلىما نان بىلەن غىزالىنىپ چوڭ خاننىڭ بارگاھىغا چىقىشتى.

خان باغدىكى كۆل بويىدا غاز كاۋىپى يەپ ئولتۇراتتى. ئۇ خانىشقا ھوجرىسىغا كىرىپ كېتىشنى بۇيرۇپ، ئىككى شاھزادىنى كىمخاب تۆشەك ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ بابۇر مىرزىغا قاراپ دېدى:

— شاھزادە، سىزگە خۇدا رەھمەت قىلسۇن. ئۇش، ئۆزگەنچ، خوجەند دىيارلىرىنى ئىنىم ئەھمەدخانغا بېرەي. ئۇلار ناھايىتى يىراقتىن بىزگە ياردەمگە كەلدى. سەمەرقەنتنى پەتھە قىلغىنىمىزدىن كېيىن ئۇ يەرگە سىز پادىشاھ بولىسىز. بۇ تىلىكىمنى يەردە قويمىغايسىز.

— بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ، خان ئاتا. سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزچە بولسۇن، — خالار ـ خالىماي رازى بولدى بابۇر مىرزا.

ئۇلار چوڭ خاننىڭ يېنىدىن چىقىپ كىچىك خان تۇرغان باغقا مېڭىشتى.

نۆكەر قەمبەر ئەلى بابۇر مىرزىغا سۇڭدىشىپ پىچىرلىدى:

— قولغا كەلتۈرگەن جايلارنى خان تارتىۋالدى. بۇلارغا ئەگەشسىڭىز ئىشىڭىز ئوڭدىن كەلمەيدۇ. دەرھال ئۇشقا قايتىپ كېتەيلى ھەم ئەھمەد تەمبەلگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالايلى. شۇنداق قىلساق موغۇللارنى قوغلاپ چىقىرىپ، قولغا كەلتۈرگەن جايلارنى ئىنىڭىز بىلەن بۆلۈشۈپ، پادىشاھلىقىڭىزنى ساقلاپ قالالايسىز.

— ئاللا كۆڭلۈمگە مۇنداق يامان نىيەتنى سالغىنى يوق. خانلار مېنىڭ تۇغقانلىرىم، بۇلارغا سىپاھ بولغىنىم، تەمبەلگە شاھلىق قىلغىنىمدىن ئارتۇق، ئىككىنچى مۇنداق يامان نىيەتتە بولماڭ، — دېدى بابۇر مىرزا خاس نۆكىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

كىچىك خان ئىچى تىت ـ تىت بولغان ھالدا ئۇلارنى كۈتۈپ، مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان، سەييىدمۇھەممەد مىرزىلار بىلەن سالاسۇنلۇق ئايۋاندا ئولتۇرۇشاتتى. بابۇر مىرزا سەئىدخان بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئەھمەدخان ئورنىدىن تۇرۇپ كۈتۈۋالدى. ئاكا ـ ئۇكا مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزا ۋە سەييىد مۇھەممەد مىرزىلار بىلەنمۇ قىزغىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۇش، ئۆزگەنچ قاتارلىق جايلارنى چوڭ خان ئالدىدا

سىزگە ئۆتۈنۈپ بەردىم، — دېدى مەغرۇر ھالدا باتۇر مىرزا. ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزغان ئەھمەدجان رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئىنىم، باتۇر ئىكەنسىز، ئوغلۇم سەئىدخاننى سىزگە قوشۇپ قويمىغىنىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلدىم، — ئۇ بۇ سۆزنى بىلەن ئۇ دىيارلارنىڭ ئۆز باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب

# ئەخشىد توختامى

## 1

قاش قارايغان چاغ ئىدى. باغ ئىچىدىكى كۆل بويىدا تۇرغان سەئىدخان ئىككى سەردارنىڭ دەرۋازىدىن ئالدىراپ كىرىپ كەلگەنلىكىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدى. «مۇھىم بىر خەۋەر ئەكەلگەن بولسا كېرەك. بۇ قېتىم بابۇر مىرزا ئاغا نەگە بارسا شۇ يەرگە بارىمەن، ئاتامنىڭ تەييارغا ئىگە بولۇپ قالغانلىقى ياخشى بولمىدى. سۇلتان مەھمۇد تاغام ئۇنداق قىلمىسا بولاتتى...» ئۇ ئويلاپ بەگلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئاتىسىنىڭ قارارگاھى بولغان باغنىڭ ئايۋانلىق مېھمانخانىسىغا كىردى. قارىسا بايىقى ئىككى سەردارنىڭ بىرسى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا، يەنە بىرسى سەيىد مۇھەممەد مىرزا ئىكەن. ئۇلار شاھزادىگە سالام بەردى. يولۋاس تېرىسى ئۈستىدە ئولتۇرغان ئەھمەدخان سەئىدخانغا «ئولتۇرغىن» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىپ، ئۇلارغا دېدى:

— ئەمىرلەر، خان ئاكام بابۇر مىرزا ئىگىلىگەن يەرلەرنى ماڭا تارتۇق قىلىپ بېرىپتۇ. قوبۇل قىلمىسام ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىمەن، قوبۇل قىلاي دېسەم تەييارغا ئىگە بولغان خىسراۋ شاھتىن پەرقىم قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەندىجاننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش قارارىغا كەلدىم. بۇ قەلئەنىڭ ھاكىمى ئۆزۈن ھەسەن ناھايىتى تەدبىرلىك خۇنپەر ئىكەن. بۇ ۋاقىتقىچە شەھەرگە ھۇجۇم قىلماڭلار، دەرۋازىنى ئۆزۈم ئېچىپ بېرىمەن،

www.uyghurkitap.com

سەل تەخىر قىلىڭلار، دەپ بېكىنىپ ياتتى. نەچچە ئايدىن بېرى پەرغانىدە ئايلىنىپ يۈردۈق. بۇ يەرگە كېلىپ ياتقىنىمىزغىمۇ خېلى كۈنلەر بولدى. قارىغاندا ئۇ شاھىبېكخانىنىڭ قوشۇنى باشلاپ سەمەرقەنتتىن كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان ئوخشايدۇ. ئەھمەد تەنبەلمۇ ئاخسىدا بىزنى ماراپ تۇرۇۋاتىدۇ. قېنى بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

— بىز مانا مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا خەۋەر ئەكەلدۇق، ئالىيلىرى، — دېدى مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان، — ئىنىم سەيىدمۇھەممەد مىرزا تىڭتىڭلاش ئۇچۇن ئەۋەتكەن ئايغاقچىلار سەمەرقەنت ۋە ئاخسىدىن قايتىپ كېلىشتى. ئالىيلىرى دېگەندەك، شاھىبېكخان ئوتتۇز مىڭ ئەسكەر بىلەن سەمەرقەنتتىن چىقىپ پەرغانىگە كېلىۋېتىپتۇ. ئەھمەد تەنبەل ھەم ئون مىڭ سىپاھ بىلەن ئاخسىدا جەڭگە تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەندىجانىنى ئېلىشتىن بۇرۇن شاھىبېكخانىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش لازىم. ئۇنى تارمار قىلماي تۇرۇپ ئەندىجان، ئاخسى شەھەرلىرىنى ئالىمىز دېسەك، ئۆزىمىز قورشاۋغا چۈشۈپ قالىمىز.

— بۇنى خان ئاكام بىلدىمۇ؟

— بىلدى، بابۇر مىرزىمۇ دەرھال ئاتلىنىپ شاھىبېكخانغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشقا قوشۇلدى. بىز ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلغىلى كەلدۇق.

ئەمىر سۆزدىن توختاپ ئالدىغا قويۇلغان چايغا قول ئۇزارتتى.

— لەشكەرلەرنىڭ ھاردۇقى ئوبدان چىقتى. ئاتلىنىشقا ئەمىر قىلساقلا دەرھال يولغا چىقالايدۇ. خان ئاكام قايسى ۋاقىتتا يولغا چىقىشنى ئېيتتى؟ — سورىدى سۇلتان ئەھمەدخان.

— تاڭ قاراڭغۇسىدا، — جاۋاب بەردى سەيىدمۇھەممەد مىرزا.

— بۈگۈن كېچە تاڭ قاراڭغۇسىدىمۇ؟

سەئىدخاننىڭ سوئالى ئەھمەدخاننى تېرىكتۈردى.

— بۇگۈن كېچە تاڭ قاراڭغۇسىدا بولماي قاچان بولاتتى؟ چوڭلار ئالدىدا جىم ئولتۇرۇشۇڭ كېرەك، ئوغلۇم.

— سورىغاننىڭ نېمە يامىنى بار، خان ئاتا، — دېدى سەئىدخان، — بىلمۇۋالسام ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئانام، ئۆكىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ بابۇر مىرزا بىلەن شاھىبېك ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلىۋالمامدىمەن؟

ئەھمەدخاننىڭ تۈتۈلغان چىرايى ئېچىلدى.

— بارغىن، ئاناڭ بىلەن يىغلىماي خوشلىشىۋالغىن. تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە يولغا چىقىمىز ...

سەئىدخان بۇ كېچە ئۇخلىمىدى. تۈن يېرىم بولغاندا بۇرغا - كانايلار چېلىنىپ، ئەندىجان قەلئەسى ئەتراپىدا چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشقان ئوتتۇز مىڭدىن ئارتۇق لاۋۇلەشكەر ئورنىدىن قوزغالدى.

ئەھۋالنى كۆزەتكىلى ئەندىجان سېپىلى ئۈستىگە چىققان ئۇزۇن ھەسەن سىپاھىلىرىغا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ، شەھەرگە كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەمما، خانلارنىڭ قوشۇنى ئاستا - ئاستا شەھەردىن يىراقلاشتى. ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قىلىچ يالىڭاچلاپ دەرۋازا ئۈستىگە كەلگەن ئۇزۇن ھەسەن نېمە ئۈچۈن خانلارنىڭ ئەندىجاننى ئېلىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ سوقىچاق بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى.

## 2

سەئىدخان ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن بابۇر مىرزىغا ياندىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىر كۈندۈز، ئىككى كېچە يول يۈرۈپ ئەخشى دېگەن يەرگە كېلىپ توختىدى. شاھىبېكخانمۇ ئوتتۇز مىڭ ئەسكىرى بىلەن سەمەرقەنتتىن بۇ يەرگە ئەمدىلا يېتىپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەندى.

كۈن تېخى چىقمىغانىدى. تاڭ قاراڭغۇسى سۈزۈلۈپ ئاسماننىڭ يۈزى بىلىق قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىدى.

— ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر! ...

شاھىبېكخان ۋە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قوشۇنى ئىچىدىن تەڭلا ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز جايىدا بىر سىرلىق قىياپەتتە تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئۆتىدى.

ئۇپۇق يۈزىدە قان داغلىرى ھاسىل بولدى. كۆلگە، دەرياغا، ياپراق يۈزىگە، بۇلۇت ئۈستىگە شەپەق جۇلا تاشلىدى.

شەرقتىكى ئۇپۇقتا قان دەرياسى دولقۇنلانغاندەك مەنزىرە پەيدا بولدى. ياق، ئوت كەتكەندەك بولۇپ يالقۇن كۆتۈرۈلدى.

بىردىن كۈن بالقىپ چىقتى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر جەڭگە كىرىش ئالدىدىكى جىددىيلىك ئىچىدە سەپراس بولدى.

ئەھمەدخان ئۆز ئەمىر - سەردارلىرى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن، ئەمىر مۇھەممەدھۈسەيىن كۆرەگان، سەييىدمۇھەممەد مىرزا سول تەرىپىدىن، بابۇر مىرزا ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئايرىم ھالدا ئورۇن ئىگىلىدى.

سەئىدخان شاھىبېكخان بارگاھىنىڭ ئىككى قانىتىدىكى ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ھەرىكىتىگە كۆز سالغىنىچە بابۇر مىرزىغا ياندىشىپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ تاپتا جەڭنىڭ باشلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. شاھىبېكخان تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قول سىلكىشى بىلەن بۇ تەرەپتىنمۇ جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ، ئەسكەرلەر جىددىي ھالەتكە ئۆتتى.

شاھىبېكخاننىڭ بىر چەۋەندازى ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە مەيدانغا كىردى. ئۇ ئۆزۈن نەيزىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋالدى ۋە يەتتە قېتىم پىرقىرىتىپ:

— ئەي خوتۇن كەبى ئۆزۈن چاچلىق ئەقلى قىسقا موغۇل

خان ! جىنىڭ تېنىڭدىكى ۋاقتىدا قىلىچىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ، تاجىڭنى قولۇڭغا ئېلىپ شۆھرەتلىك خوراسان، خارەزىم شاھى شاھىبېكخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۇناھىڭنى تىلە، بولمىسا ئىسسىق قېنىڭنى بۇ قاغجىرىغان يەرگە ئاقتۇرۇشقا مەجبۇر بولىمەن. قېنى جاۋاب بەر !

غەزەپتىن قىزارغان يۈزى تارتىشىپ كەتكەن سۇلتان مەھمۇدخان ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى ئەمىر ـ سەردارلىرىغا قارىدى. ئەھمەدخان، سەييىدمۇھەممەد مىرزا باشلىق ئون نەچچە سۇلتان، ئەمىر ۋە موغۇل تۇمەنبەگلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا تەڭلا كېلىپ، شاھىبېكخان مەيدانغا چۈشۈرگەن چەۋەندازنىڭ بېشىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى. ئۇلارغا ياندىشىپ كەلگەن سەئىدخان:

— خان ئاتا، ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، ئۇ ئەبلەخنىڭ جازاسىنى مەن بېرىپ كېلەي، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شاھانە تەختى ئالدىدا تىزلىنىپ، ئەھمەدخان ئۇنىڭغا قاراپ «ئوغلۇم بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسەن» دېدى ئىچىدە.

— جەڭنىڭ دەسلىپىدىلا سىلەر مەيدانغا چۈشسەڭلار قانداق بولىدۇ؟ سەرۋازلىرىڭلار ئىچىدە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك بىرسى يوقمۇ؟ — سورىدى غەزەپلىنىپ مەھمۇدخان.

— بار ! — دېيىشتى تۇمەنبەگلەر.

— نېمە مەشقا بولمىسۇن؟ — دېدى ئەھمەدخان، ئاچچىقلانغىنىدىن قايناق قېنى يۈزىگە تېپىپ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى.

— بار ! — دېدى سەييىد مىرزىمۇ، — ئەلۋەتتە بار.

— ئۇنداق بولسا سىپىڭلارغا قايتىپ شۇنداق ئەزىمەتتىن بىرنى مەيدانغا چۈشۈرۈڭلار !

ئەھمەدخانلار كەتكەندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخان سەئىدخانغا دېدى:

— بالام، مۇنداق ئالدىراقسانلىق قىلما، ئاۋۋال باتۇرلارنىڭ

جەڭ مەيدانىدىكى ماھارىتىنى ئوبدان كۆرۈپ ئۆگەن، سەن تېخى كىچىك، يەكمۇيەك جەڭگە كىرىدىغان چاغلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا. ئەگەر ئۇ بەتبەختىنىڭ ئالدىغا بارساڭ، سېنى سار چوجە ئالغاندەك ئېتىڭدىن يۇلۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئاتاڭ قانداق قىلىدۇ؟ ئاناڭ نېمە كۈنگە قالىدۇ؟ بۇنى بىلەمسەن؟ شۇڭا، سەۋر قىلىپ جەڭ مەيدانىغا قاراپ ماھارەت ئىگىلە. جايىڭغا بېرىپ دېگىنىمدەك قىل.

سەئىدخان سۇلتان تاغىسىغا تىكىلىپ گەپ ياندۇرماستىن ئارقىسىغا ياندى. رۇخسەت قىلىمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، لېۋىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. بابۇر مىرزا ئۇنىڭ لېۋىدىن ئېقىپ تۇرغان قاننى كۆرۈپ:

— ئىنىم سەئىدخان، — دېدى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ، — ئىنسانىنىڭ لېۋى ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن يارىتىلمىغان. ئۇ دوستلارنى شاد ئېتىدىغان، دۈشمەنلەرنى مات قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىش، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ناخشىنى ئېيتىش، گۈزەل دىلرەبانى سۆيۈش، يىغلاش، كۈلۈش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئۇنى نابۇت قىلىشقا بولمايدۇ. دۈشمەنگە سىر بەرمەسلىك ئۈچۈنلا كالپۇكنى چىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، — بابۇر مىرزىنىڭ سۆزى توختاپ جىددىي تۈس ئالدى، — بۇ گېپىمنى چۈشەنگەن بولسىڭىز، بىلىپ قېلىڭكى، جەڭ ئەمدىلا باشلاندى. يالغۇز مەيدانغا چۈشكەن پالۋانلار مەيلى يېڭىلسۇن، مەيلى يەڭسۇن ئۆز ھاياتى بەدىلىگە جەڭنى قىزىتىدۇ. يېڭىش ئەمىرلەشكەر بولغان ئادەمنىڭ جەڭنى چارە - تەدبىر ۋە قەيسەرلىك بىلەن قىلىشىغا، ئەسكەرلەرنىڭ يېڭىشىگە ئىشەنچ باغلاپ پاتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىشىغا باغلىق. قاراڭ، ئىنىم، كۆردىڭىزمۇ؟ شاھىبېكخان ئەسكەرلىرى قانداق رەتلىك سەپ تۈزگەن - ھە! ... ھەممىسى بىزگە ئېتىلىمەن دەپ تۇرغاندەك كۆرۈنمەكتە. بىزنىڭچۇ؟ توغ - ئەلەملىرىمىز شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، تۈزۈلگەن سەپلەر رۇس ئەمەس. ئەسكەرلىرىمىز

هارغىن، بوشاڭ، ئەمىرلەشكەر قاراملىق بىلەن بولۇشىغا جەڭ قىلىدىغان ئادەملە، ئۇلار باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرمەيدۇ. ئەسكەرلىرى بولسا قېچىشقا تەييار تۇرغاندەك بىر كۆزى ئارقىدا. مەن بىللە كەلمىسەم بوپتىكەن. سەئىدخان ئۇكام، سۇلتان مەھمۇدخان تاغىمىز مېنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلىگەن بولسا، بۇ سىپاھلارنىڭ يېرىمىنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋېتىپ، قالغان يېرىمىنى پىداكار قوشۇنغا ئايلاندۇرۇپ شاھىبېكخاننى پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ، خارەزىم، خۇراساننى بىرلىككە كەلگەن چوڭ دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىققان بولاتتىم. ئەپسۇسكى، ھازىر تېخى ماڭا ئۇنداق تەلەي نېسىپ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بىراق، ئاقىۋەت بىر كۈن شۇنداق دۆلەتنى بەرپا قىلىمەن، — بابۇر مىرزا قولىنى شىلتىپ سۆزدىن توختىدى.

— ئاغا، سىز جاسارەت، جۈرئىتىڭىز بىلەن كۆڭلۈمنى مايىل قىلىۋالدىڭىز. ھېلىھەم بولسىمۇ چوڭ خانىغا پىلانىڭىزنى بىلدۈرۈپ باقمامسىز؟ مەغلۇپ بولغاندىن كۆرە غەلىبە يولىنى تېپىۋالسىڭىز ئەجەب ئەمەس، — دېدى سەئىدخان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

— پىلانىمنى چوڭ - كىچىك خان تاغاملار بىلىدۇ، لېكىن ماڭا يول قويمايدۇ. ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولىدىغان بولدۇق. ئىنىم، جەڭ مەيدانىغا قاراڭ، بىز تەرەپتىن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ پالۋان سەردارلىرىدىن بىرسى بولغان ھەسەنبەگ بارلاس مەيدانغا كىردى، — بابۇر مىرزا قولى بىلەن جەڭگاھنى كۆرسەتتى. سەئىدخاننىڭ كۆزلىرى جان - جەھلى بىلەن ئېلىشىۋاتقان باتۇرلارغا تىكىلدى: ھەسەنبەگ بارلاس ئومۇتنى[1] باش ئۈستىدە ئايلاندۇرغىنىچە ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ شاھىبېكخاننىڭ پالۋىنىغا:

— ھەي، تۇزكور! زالىم شايباقنىڭ[2] پېسەندى غالچىسى،

① ئومۇت — ئۇزۇن ساپلىق، تاۋۇزغا ئوخشاش يۇمىلاق بېشى ھەم ئۇچىدا مىخلىرى بار جەڭ قورالى.

② شايباق — شاھىبېكخاننىڭ كەمسىتىلىپ ئاتىلىشى.

نىمىدەپ ئالجىۋاتىسەن ! — دەپ توۋلىدى ـ دە، ئۇمۇت ئۆردى.

شاھىبېكخاننىڭ پالۋىنى ئېتىنى دەررۇ چەتكە بۇرىدى. ئۇنىڭ يۇتاقلىق چويۇن گۈرزىسى ئايلىنىپ كېلىپ ھەسەن بارلاس مىنگەن ئاتنىڭ ئالدىنقى پۇتىغا تەگدى. ئات ئالدىنقى ئىككى تىزىنى پۈكۈپ دۈم يىقىلدى. ھەسەن بارلاس ئىككى مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ قوپقۇچە شاھىبېكخاننىڭ پالۋىنى بوينىغا قىلىچ ئۇرۇۋىدى، بېشى تەندىن جۇدا بولدى.

— بارىكاللا، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بىر قانتىنى سۇندۇردۇڭ، يەنە بىر قانىتىنىمۇ سۇندۇر، ئۇ ئەبەدىي ئۇچالماي قالسۇن. ئاپىرىن ساڭا باتۇرۇم ! ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن تىللا چېچىڭلار، — دېدى شاھىبېكخان تەخت ئۈستىدە ئورنىدىن تۇرۇپ. قىرقىما بۇرۇت، قارا ساقال، يىلان كۆز بۇ ئادەمنىڭ يۈزى يۇمىلاق، قولاقلىرى ئېگىكىگە تۇتاشقانىدى. چىرايى يېقىمسىز بولۇپ، ئالتۇن يالىتىلغان دۇبۇلغا، كۈمۈش ساۋۇت بىلەن بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەم چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى جورجى تەسلىدىن ئىدى. مەيلى ئەمىر تۆمۈر، مەيلى چاغاتاي ئەۋلادى بولسۇن، ئۇ كۆرەلمەيتتى. خارەزىم، ماۋەرائۇننەھىردە ئۆز ھامىيلىقىدىكى چوڭ دۆلەتنى بەرپا قىلىش ئۇنىڭ نىشانى ئىدى. سۇلتان مەھمۇدخاننى يوقاتسىلا ئارزۇيۇمغا يېتىمەن، دەپ ئويلايتتى. تولۇق ئىسمى، مۇھەممەد شاھىبېكخان ئىدى. ئۇ دائىم كۆلۈمسىرەپ يۈرگىنى بىلەن، مىرزا ئابابەكرىدىنمۇ رەھىمسىز ئىدى. ئۇ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ سەردارىنى ئۆلتۈرگەن پالۋانغا تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئېيتىپ لەشكەرلىرىنى ئۇنىڭدەك قەيسەر بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

خەزىنىدار بىر پەتنۇسقا ئون تىللانى سېلىپ ئاتلىق چەۋەندازغا بەردى. چەۋانداز جەڭگاھقا كىرگىنىچە قىلىچ ئوينىتىپ، تېرىسىگە سىغماي قالغان پالۋان ئۈستىگە ئون تىللانى چاچتى. ئۇنىڭ تۆمۈر ساۋۇت يېپىپ تۇرغان مۈرىلىرىدىن جىرىڭلاپ توپا يەرگە چۈشكەن تىللالار پارىلداپ ھەر ئىككى

تەرەپىنىڭ ئەسكەرلىرىنى جەلپ قىلدى.

ھەسەن بارلاسنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى سۇلتان مەھمۇدخان ئەسكەرلىرىدە ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى.

— قېنى قايسى باتۇر ھەسەن بارلاس ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى قەھرى بىلەن ئەھمەدخان.

— مانا مەن ! — مايمۇنبەگ لەقەملىك سەردار ئات يۈگۈرتۈپ ئالدىغا چىقىپ چوڭ خاندىن ئىجازەت سورىدى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى قاراسۇلتان ئىدى. ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق يۈز - كۆزلىرىنى تۈك بېسىپ كەتكەن ئادەم ئىدى.

— بارغىن، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان. ئۇ ئات چېپىپ بارغىنىچە ئېگىشىپ ئۈن تىللانى تېرىۋالدى.

— ھەي، شاھىبېكخان، بەرگەن ئۈستىكىڭگە رەھمەت، ئەمدى بۇ مالىيىڭنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئىسقات① تەييارلاپ قوي، — قاراسۇلتان قويغا ئېتىلغان بۆرىدەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ شاھىبېكخانىنىڭ پالۋىنىغا قارىدى، — ئۆلۈپ كېتىشىڭدىن بۇرۇن ئات - جۇنۇڭنى دەۋال، بولمىسا پۇشايمانىنى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىسەن، كالۋا !

— كۆرمىگەن بولساڭ كۆرۈۋال، بىلمىگەن بولساڭ بىلىۋال، پالۋانى جاھان، جەڭلەر ئارا ئارسلان، ئالەم كېزەر يەل تاپان، پىداكارى شاھىبېكخان، ئىلياس ئابدۇلقۇددۇس باھادىر بولىمەن. يۇرتۇم بۇخارا، كەسپىم نەيزىۋاز، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ نەيزىنى ئاسمانغا ئاتتى.

مايمۇنبەگ دۈشمىنىنىڭ ئاۋۋال قول سېلىشىنى كۈتۈپ پىسەنتىگە ئىلمىغان قىياپەتتە تۇردى. ئۇنى يەردىن تېرىۋالغان ئۈن تىللا مەغرۇرلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ئىلياس پىرقىراپ چۈشكەن نەيزىسىنى ئوڭ قولىدا

① ئىسقات — كىشى ئۆلگەندىن كېيىن كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان سەدىقە.

تۇتۇۋېلىپ قاراسۇلتاننىڭ گېلىغا تىقماقچى بولۇۋىدى، ئۇ بېشىنى ئېگەرگە قويۇپ ئۆزىنى قاچۇردى. ئىلياس ئابدۇلقۇددۇس پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە نەيزە ئۇردى. نەيزە ئۇنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ ئېگەرگە ھەم سانجىلدى. قاراسۇلتان «قىخ ... قىخ ... قىخ» قىلغىنىچە قىڭغىيىپ ئاتتىن يىقىلدى. ئىلياسمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ قوينىدىكى ئون تىللانى ئېلىپ، جىرىڭلىتىپ ئېتىپ ئويناپ:

— ماڭا مەنسۇپ بولغان بۇ بايلىقنى تارتىپ ئالىدىغانلار يەنە بارمۇ؟ قېنى ئالدىمغا كېلىش! — دەپ ۋارقىرىدى.

بابۇر مىرزا چوڭ خان ئالدىغا كېلىپ تىزلانمايلا قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ، دېدى:

— خان ئاغا، ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، ئۇ مەلئۇننىڭ ھايات چىرىغىنى ئۆزۈم ئۆچۈرەي.

ئىككى باتۇرىدىن ئايرىلغان سۇلتان مەھمۇدخان يۈرىكى ئېچىشىپ تەختىدە ئولتۇرالماي قالدى. ئېگىچىسىنىڭ ئوغلىغا ئەسلا رۇخسەت قىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ باھادىر قامىتىگە، ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق جاسارىتىگە قايىل بولۇپ:

— باھادىر ئوغلۇم، خۇدا سىزگە مەدەت قىلسۇن، — دېدى.

بابۇر مىرزا ئوڭ قولىغا نەيزە ئالدى، ئۇدۇل بارغىنىچە:

— ھەي، تېگى پەس قۇل، قولۇڭدىكى غوجايىنىڭ شەپقەت قىلغان ئون تىللانى بايلىق سانامسەن؟ بۇ بايلىقىڭنى ئەمەس، جېنىڭنى ئەرزائىلغا تاپشۇرغىلى كەلدىم. قېنى ئۇر نەيزەڭنى! — دېدى چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بىر قولى بىلەن تارتىپ، يەنە بىر قولىدىكى پارقىراق نەيزىنى ئىلياسقا كۆز - كۆز قىلىپ تەڭلىدى.

— ئەي چىرايلىق بەچچە، شاھىبېكخانغا چۆرىلىككە يارايدىكەنسەن. ساڭا نەيزە ئۇرمايلا ئات ئۈستىدىن يۇلۇۋېلىپ ئوغلاقتەك تېقىمىمغا باستۇرۇپ ئېلىپ كېتەي.

ئىلياس ئۇنىڭغا قول ئۇزارتتى. بابۇر مىرزا نەيزىسىنى

ئىلياس مىنگەن چىلان تورۇقنىڭ بىقىنىغا كۆچەپ تىقىۋەتتى. قاتتىق ئاغرىققا چىدىيالمىغان ئات ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىككى قېتىم قاتتىق چاپچىدى ۋە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. ئىلياسنىڭ بىر پۇتى ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى. بابۇر مىرزا قىلىچىنى غىلاپتىن چەبدەسلىك بىلەن سۇغۇرۇپ ئىلياسنىڭ بوغۇن - بوغۇن بولۇپ كەتكەن گەدىنىگە ئۇردى. تەندىن ئاجرىغان كاللا سەكرەپ - سەكرەپ بابۇر مىرزىنىڭ ئېتىنى ئۈركۈتۈۋەتتى. ئۇ تىزگىنىنى قاتتىق تارتىپ كۆزى ئوچۇق تۇپىغا مىلەنگەن كاللىغا شۇنداق كۆز سېلىۋىدى، تېنى شۈركەنگەندەك بولۇپ، ئېتىنى ئۇدۇل شاھىبېكخان بارگاھى تەرەپكە چاپتۇردى.

— ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋلادىغا خاس باتۇرلۇق قىلدىڭ.

— خارەزىمنىڭ شاھلىقى مەڭگۈ ساڭا مەنسۇپ.

— شاھىبېكخانغا ئۆزۈڭلا تېتىغۇدەكسەن.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەمىر - بەگلىرى قاتتىق ۋارقىرىشىپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى.

«بۇ نەۋرە ئاكام ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن، يېشىمۇ، گەۋدىسىمۇ ئۆزىدىن بىر ھەسسە چوڭ دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. ئۇنىڭ رەھمىتىمنى جەڭدە ئېيتىمەن دېگىنى راست ئىكەن. قايىل بولدۇم ...» سەئىدخان بىرنەچچە نۆكىرى بىلەن ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ بابۇر مىرزىغا يىراقتىن كۆز سېلىپ تۇردى.

— ھەي، شاھىبېكخان! — دېدى بابۇر مىرزا ئەللىك قەدەم ئارىلىق قالغاندا توختاپ، — ئۆزۈڭنى مەردلەردىن ھېسابلىساڭ سۆزۈم تۈگىگۈچە قۇلاق سالىسەن. نامەرد بولساڭ سۆزۈمنى ئاڭلاشنى خالىمايسەن - دە، مېنى تىرىك تۇتۇش قەستىدە بولىسەن ... — بابۇر مىرزا توختاپ جاۋاب كۈتتى.

— چىرايلىق يىگىت، سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇر، ئاۋازىڭمۇ يېقىملىق ئىكەن. قېنى ئاڭلاپ باقاي، ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايدىغىنىڭ ئۆزۈڭگە ئايان بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى

شاھبېيكخان تەختتىن چۈشۈپ ئالدىغا ماڭغىنىچە، ئۇنىڭ مېيىقمدىكى كۈلكىسى يوغان بۇرۇن چاناقلىرىنى كېڭەيتىپ يۈزىنى تارتىشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ غەزەپلەنگەندە چىرايىدا ئەنە شۇنداق يېقىمسىز كۈلكە پەيدا بولاتتى.

— سەن شاھبېيكخان ماۋەرائۇننەھردە پەيدا بولۇپ قالغان زەھەرلىك يىلانسەن. كۈشۈلداپ تىلىڭنى چىقىرىپ نەشتەر سالمىغان ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادىدىن بىرەرمۇ ئادەم قالمىدى. ئەمدى چاغاتاي ئەۋلادىغا نەشتەر تەڭلەپ تۇرۇۋېسەن، نامەرد. سېنىڭ نامەردلىكىڭ شۇ دەرىجىگە يەتكەنىكى، ئالدانغان مەزلۇمە ئانىغا ① بەرگەن ۋەدەڭگىمۇ ۋاپا قىلماي، بىگۇناھ سەبىي ئىنىمىز ئەلى سۇلتاننى ئۆلتۈردۈڭ، يەنە قايسى بىگۇناھلارنىڭ بېشىغا چىقىسەن؟ بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئەگەر سەندە قىلچىلىك ئادەملىك غۇرۇر بولسا مەيدانغا چىق، بىر ئېلىشىپ كۆرەيلى!

شاھبېيكخان قاقاھلاپ كۈلۈپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىۋىدى، بىر توپ ئاتلىق قۇيۇندەك يوپۇرۇلۇپ بابۇر مىرزىغا ھۇجۇم قىلدى. كۆز سېلىپ تۇرۇشقان بابۇر مىرزىنىڭ سىپاھلىرى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتتى. سەئىدخان ساداقنى قولىغا ئېلىپ ئاتنى چاپتۇرغىنىچە جەڭ مەيدانىغا كىردى. ئۇ ئۆزى سوۋغا قىلغان قىلىچ بىلەن شۇنچە دۈشمەن ئەسكىرىگە بوي بەرمەي جەڭ قىلىۋاتقان بابۇر مىرزىدىن جاۋابقا ئېرىشكەندەك بولدى. خىيالىدا «قايسىڭ بابۇر مىرزىنىڭ جېنىغا قەست قىلماقچى بولۇشىدىكەنسەن، جېنىڭدىن ئايرىلغىنىڭ شۇ» دەپ يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ ئوقنى بەتلىدى. بابۇر مىرزا ياندىن

---

① ئالدانغان ئانا — سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئارزۇلۇق توقال خوتۇنى زۆھرە بېگىم ئىدى. شاھبېيكخاننىڭ ئادەم قويۇپ ئالدىشى بىلەن جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئامراق ئوغلى سۇلتان ئەلىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. شاھبېيكخان زۆھرە بېگىمنى ئەمرىگە ئالمايلا قالماستىن، بەلكى ئوغلى سۇلتان ئەلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بابۇر مىرزا بۇنى قەيت قىلىپ ئۇنى ئەيىبلەيدۇ.

كېلىپ چاپماقچى بولغان دۈشمەننىڭ قىلىچ كۆتۈرگەن قولىنى يەلكىسىدىنلا كېسىپ تاشلىدى. بىر لەشكەر ئۇنىڭ بېشىغا ئۇمۇت ئۇرماقچى بولۇۋىدى، قىلىچ بىلەن قارنىنى چۇۋۇۋەتتى. سەئىدخان ئاپىرىن ئوقۇپ ئىختىيارسىز ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئېگىز بويلۇق بىر لەشكەر بابۇر مىرزىنىڭ كەينىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ نەيزە ئۇرماقچى بولدى. بۇنى كۆرگەن سەئىدخان تىزگىننى تارتىپ ئېتىنى توختاتتى ـ دە، تېزلىكتە قارىغا ئېلىپ ساداقتىن ئوق ئۈزدى. نەيزىسىنى بابۇر مىرزىنىڭ تاغىقىنىڭ ئاستىغا ئۇرماقچى بولغان دۈشمەننىڭ گەجگىسى كۆيگەندەك بولۇپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، كېسىلگەن تېرەكتەك ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. بابۇر مىرزا ئۇنى سەئىدخانىنىڭ ئوقى يىقىتقانلىقىنى بىلمىدى. بابۇر مىرزا دەم ئالدىغا، دەم ئارقىغا، گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا ئات يۈگۈرتۈپ جەڭ قىلىپ، ئاخىر قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى.

شۇ ئەسنادا شاھىبېكخان پۈتۈن قوشۇنى بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان لەشكەرلىرىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى. ئىككى ياقتا مۆكتۈرۈلگەن چەۋەندازلىرىمۇ سۈرەن سېلىپ، سۇلتان ئەھمەدخان سىپاھلىرىنى ئالاقزەدە قىلىۋەتتى.

ئۈچ كۈن قاتتىق جەڭ بولدى. نۇرغۇن بەگ ـ ئەمىرلەر ياۋۇز دۈشمەن ئارىسىدا قېلىپ تەنلىرى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. تۆتىنچى كۈنى سۇلتان ئەھمەدخان سەپ بۇزۇلۇپ ئەسكەرلەرنىڭ قېچىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، قىلىچىنى غەزەپ بىلەن سۇغۇرۇپ:

— دۈشمەندىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. جەڭ مەيدانىغا مەردلەرچە كىرگەنىكەنمىز، مەردلەرچە ئۆلەيلى، — دەپ ۋارقىراپ ئات سالدى. ئۇ ناھايىتى ماھىر قىلىچۋاز ئىدى. بوراندەك ئېتىلىپ كەلگەن دۈشمەننى سۇلتان مەھمۇدخان تەرەپكە زادىلا يېقىن يولاتمىدى. ئۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ ئوغلى سەئىدخاننى كۆرەلمىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ خاس نۆكىرى ئەھمەدخان ئەتراپىدا

ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇنى قوغدىدى. بىر چاغدا خانغا ئېتىلغان يا ئوقى خاس نۆكەرنىڭ كۆكسىگە سانجىلىپ ئاتتىن يىقىلدى. ئۇ ئەھمەدخاننىڭ قۇچىقىدا شاھادەت ئېيتىپ جان ئۈزدى.

سەئىدخاننى كۆزدىن يوقىتىپ قويغان بابۇر مىرزا ئۇنىڭ ساداقىنى بەتلەۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ئاۋۇ يەردە ئىككەنغۇ، يېنىغا باراي، — دەپ تۇرۇشىغا سەئىدخان ئوق ئۈزدى. بۇ ئاتقان ئوقىنىڭ شاھىبېكخاننىڭ مۈرىسىگە تېگىدىغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. شاھىبېكخان مۈرىسىگە بىرنەرسە قادالغانلىقىنى سەزدى ــ دە، ئاتتىن يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كۈمۈشتىن قىلىنغان ئېگەر بېشىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— خان ھەزرەتلىرى، مۈرىلىرىگە ئوق تېگىپتۇ. بارگاھقا قايتقان بولسىلا، — دېدى ئۇنى قوغداپ كېلىۋاتقان لەشكەربېشى جانىبېك سۇلتان ۋە ئاتىنىڭ تىزگىنىدىن تارتىپ بارگاھقا ئەكەلدى. شاھىبېكخاننىڭ خاس تېۋىپى ئۇنى كىمخاب تۆشەكتە ياتقۇزۇپ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يا ئوقىنى مۈرىسىدىن ئېلىپ، مەلھەم سۈرتۈپ تېڭىپ قويدى.

— ئارام ئالسىلا، شاھىم، — دېدى جانىبېك سۇلتان.

— خۇراسان، ماۋەرائۇننەھرنى قولۇمغا كىرگۈزمەي تۇرۇپ تەكىيە تۇتۇپ يېتىشنى ئۆزۈمگە ھارام بىلىمەن. ماڭا ئوق ئۈزگەن ئاشۇ ئەزىمەتنى دەرھال تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار! — شاھىبېكخاننىڭ چىرايىدىكى كۈلكە جانىبېك سۇلتاننى «خوپ!» دېيىشكە مەجبۇرلىدى. ئۇ بارگاھتىن چىقىپ سۇلتان مەھمۇدخان ئەسكەرلىرىنىڭ پىتىراپ ھەريانغا قاچقىلى تۇرغانلىقىنى، ئارقا ــ ئارقىدىن ئەسىرگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. جانىبېك شاھىبېكخانغا ئوق ئاتقۇچىنىڭ ياشلا يىگىت ئىكەنلىكىنى بايا كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سەئىدخان ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ قويۇق قارا بۇرۇتتىسى سىلاپ قويۇپ، بىر توپ ئەسكەرلەر توپلىشىۋالغان يەرگە ئات چاپتۇرۇپ باردى. ئوتتۇرىدا

ئابايا شاھىبېكخانغا ئوق ئاتقان ياش يىگىت باغلانغان ھالدا تۇراتتى. ئەھمەد تەمبەلنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى سالما تاشلاپ، ئوق ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ تۇتۇۋالغانىدى. بىرلىرى قىلىچ ئۇرماقچى، بىرلىرى نەيزە سانجىماقچى بولۇپ تۇرۇشاتتى.

— توختاڭلار ! — جانىبېكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەر شاپپىدە توختاشتى، — بۇ ئەسىرنى تېزدىن بارگاھقا ئېلىپ بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى ئۇ.

— مەن ئېلىپ بارىمەن، — دېدى ئەھمەد تەمبەل، ئۇنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغانىدى، ئۆزىنىڭ ئەسىرگە چۇشۇپ قالغىنىغا قاتتىق ئېچىنغان شاھزادە لېۋىنى چىشلەپ ئاستا ماڭدى. جەڭگاھ ئوڭدا - سوڭدا ساينىڭ تېشىدەك يېتىشقان ئۆلۈكلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئەھمەد تەمبەل سەئىدخاننى شاھىبېكخاننىڭ بارگاھىغا ئەكىردى. تەختتە گىدىيىپ ئولتۇرغان شاھىبېكخان كۆز سېلىپ ھەيرەتتە قالدى. «ئەجەبا، مېنى مۇشۇ ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان گۆدەك ئاتقان بولسا - ھە؟ ... كىمنىڭ ئوغلىدۇ بۇ !»

— ئېتىڭ نېمە؟ — سورىدى شاھىبېكخان كۆزگە ئىلمىغان ھالدا سوغۇق نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ يەلكىسى قاتتىق ئاغرىپ تۇرغاچقا، چىرايىدىكى سوغۇق كۈلكە غايىب بولغانىدى.

— سەئىدخان ! — جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى.

— كىمنىڭ ئوغلىسەن؟

— سۇلتان ئەھمەدخان بىننى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئوغلىمەن.

— ھە، مۇنداق دېگىن، شاھزادە. قالماق نەسلىدىن ئىكەنسەن - دە !

— چاغاتاي نەسلىدىن بولغان ئۇيغۇر شاھزادىسىمەن !

— نېمىشقا ماڭا ئوق ئاتتىڭ؟

— ئەل - يۇرتۇمنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن.

— تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلۈشۈڭدىن قورقمىدىڭمۇ؟

— جىنىمنى ئەلگە پىدا قىلغانمەن.

— ماڭا خىزمەت قىلىشنى خالامسەن؟

— ياۋۇز بىشىڭنى ئىپلاس تىنىڭدىن جۇدا قىلىشنى خالايمەن !

شاھبىكخان قاتتىق چۆچۈپ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ مۇنداق مەردانە ۋە كەسكىن جاۋاب ئالىمەن دەپ ئەسلا ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان ئەلى مىرزا دەررۇ كەلدى. ئۇ: «مەن سىزنى ئاتا تۇتۇش ئۇچۇن ئانام بىلەن كەلدىم» دىگەنىدى. ماۋۇ سەئىدخان بولسا يارىلانغان، قولى باغلانغان ئەسىر تۇرۇپمۇ تەپ تارتماستىن «سىنى ئۆلتۈرىمەن» دەۋاتاتتى. شۇ ئارىدا بارگاھ ئالدى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. جانىبىك تەخت ئالدىغا كىلىپ تەزىم بىلەن دىدى:

— شاھىم، سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلار بالىچاقىلىرى بىلەن ئەسىر قىلىنىپ ئەكىلىندى.

شاھبىكخان تەختتە كىرىلىپ ئولتۇرۇپ، يەلكىسىنىڭ ئاغرىۋاتقىنىغا قارىماي قاقاھلاپ كۈلدى:

— يىگىت، ئەمدى نىمە دەيسەن؟

— خان تاغام، خان ئاتاملار ئەسىر چۈشكەن بىلەن ساڭا باش ئەگمەيدۇ !

— باش ئەگمىسچۇ؟

— مۇنداق خورلۇقنى كۆرگۈم يوق !

— تولىمۇ قەيسەر ئىكەنسەن، شاھزادەم. ئەمدى قولۇمدىن قۇتۇلالمايسەن ! — دىدى شاھبىكخان. ئۇ نەزىرىنى ئەھمەد تەمبەلگە قاراتتى.

— ئەسىرلەر كىشەنلىنىپ زىندانغا تاشلانسۇن !

— ئاللا پىقىرنى ئامان قىلسا، سەندىن بۇ ھىسابىنى ئالماي قويمايمەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ياساۋۇللار يالاپ ئەكىتىۋاتقان سۇلتان ئەھمەدخان ئاڭلىدى. سۇلتان مەھمۇدخان ياردار بولغانلىقى

ئۆچۈن ئاڭلىيالماي قالدى. ئۇنىڭ بېشىغا پۈتاقلىق ئۇمۇت تېگىپ شۇ ئان ھوشىدىن كەتكەنىدى. مۇھەممەدھۈسەيىن كۆرەگان، سەيىدمۇھەممەد مىرزا، مىرزا ھەيدەر ۋە باشقا ئەمىر ـ بەگلەر، موغۇل تۈمەنبەگلىرى ئون بەش مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئەسىرگە ئېلىنغانىدى.

شاھىبېكخان تەخت ئۈستىدە ئەسىرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. سۇلتان ئەھمەدخان ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ بېشىنى ئېگىپمۇ قويماي ئالدىدىن ئۆتتى. ھوشىغا كەلگەن سۇلتان مەھمۇدخان شاھىبېكخان ئالدىغا كەلگەندە «ئايەتەلكۇرسى»نى ئوقۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. مىرزا ھەيدەرنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغان مۇھەممەدھۈسەيىن كۆرەگان تەتۈر قارىۋالدى.

خانلارنىڭ ئانىسى شاھ بېگىم، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ رەپىقىسى رابىيە سۇلتان بېگىم، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ رەپىقىسى مەختۇمە سۇلتان بېگىم، ھامىمىسى مېھرىنىگار خېنىم، خۇبنىگار خېنىم، يۇنۇسخان ۋاپات بولغاندا ئەمچەكتە قالغان كىچىك ھامىمىسى دەۋلەت سۇلتان بېگىم، قىزلىرى ئائىشە سۇلتان خېنىم، قۇتلۇقنىگار خېنىم قاتارلىق مەلىكە، خانىشلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى تەخت ئالدىدىن قاتارلىشىپ ئۆتتى. شاھىبېكخان ئائىشە سۇلتان خېنىم، دەۋلەت سۇلتان بېگىم، قۇتلۇقنىگار خېنىملارنى ئىشارەت بىلەن توختىتىۋالدى ۋە ئۇلارنى جانىبەگ سۇلتانغا تاپشۇردى.

ئۇرۇش توختىدى. شاھىبېكخان جەيھۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ يېشىل تۆپىلىككە جايلاشقان خوجەند قەلئەسىدىكى ئوردىسىغا كىرىپ ھېچكىمنى قوبۇل قىلماي بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلىدى. ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلارنى ئوردىغا چاقىردى:

ــ سىلەر مېنىڭ قېرىنداشلىرىم، ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولۇم بارسۇن؟ جەڭ تۈگىدى. ئەمدى ئاللانىڭ پاناھىدا تېخىمۇ يېقىن تۇغقان بولۇپ ئۆتەيلى. مەن مۇنداق قارارغا كەلدىم:

www.uyghurkitap.com

بىرىنچىدىن، سىلەر موغۇلىستانغا قايتىپ كېتىسىلەر، سەئىدخان يېنىمدا قالىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇگۈندىن باشلاپ پەرغانىنىڭ غەربىگە قوشۇن تارتىپ كەلمەيسىلەر. ئۈچىنچىدىن، ئائىشە سۇلتان خېنىمنى مەن ئەمرىمگە ئالىمەن. دەۋلەت سۇلتان بېگىمنى ئوغلۇم تۆمۈر سۇلتانغا ئېلىپ بېرىمەن. قۇتلۇقنىگار خېنىمنى جانىبېك سۇلتان ئەمرىگە ئالىدۇ. ئەگەر بۇ قارارىمغا ماقۇل بولساڭلار سوۋغا ـ سالام بىلەن ئوبدان ئۇزىتىپ قويىمەن، ماقۇل بولمىساڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ شورى.

ئاكا ـ ئۇكا خانلار جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇلارغا ماقۇل بولماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ياق دەيدىغان بولسا باشلىرىدىن ئايرىلاتتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ماقۇل بولدى.

ھىجرىيە 908 ـ يىلى[1] شەئبان ئېيىدا توختام تۈزۈلۈپ سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلار توختامغا قول قويدى. بۇ توختام جەڭ بولغان يەرنىڭ نامى بىلەن «ئەخشى توختامى» دەپ ئاتالدى.

مۇھەممەد شاھىبېكخان يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بەردى. سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلار موغۇلىستانغا كەتتى. مۇھەممەدھۈسەيىن كۆرەگان ئوغلى مىرزا ھەيدەر بىلەن ئۆرەتۆپەدە قالدى. شاھىبېكخان لەشكەرلىرىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەن بابۇر مىرزا ئۇدۇللاپ كابۇلغا كەتكەنىدى.

ئەھمەد تەمبەل سەئىدخاننى ئاخسىغا ئېلىپ بېرىپ ھاكىم بايەزىدقا تاپشۇردى. ئۇ دەررۇ زىندانغا تاشلاندى.

---

[1] ھىجرىيە 908 ـ يىلى ــ مىلادىيە 1503 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

## ئون تۆتىنچى باب

# ئالتۇنغا تولغان ئاپتۇۋا

### 1

كۈزنىڭ غۇر - غۇر شامىلى ھەم ئېتىلگەن دېرىزىنى سىرتىدىن ئاستا چېكەتتى. لېكىن، ئۆيگە ئالاھىدە زىننەت كىرگۈزۈپ تۇرغان ھاۋا رەڭ پەردە يەلپۈنۈپمۇ قويماي ئېسىلغان پېتى تۇراتتى. بىر يېشىل چىۋىن دېرىزە كۆزنىكىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ گىژىلدايتتى.

— ئو - ھۇش! ... ئەجەب بىزار قىلدىغۇ بۇ چىۋىن، — دېدى ئۇممەگۈلسۇم لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، چىۋىننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگۈدەك بىر نەرسە ئىزدەپ ئۆيئىچىگە قارىدى. قوش راملىق ئىككى دېرىزىنىڭ ناۋات سۈيى بىلەن پەرداز بېرىپ قاتۇرغان تەكچىلىرىدە بىردىن گۈللۈك لوڭقا بار ئىدى. ئىچىگە سېلىپ قويغان رەيھانگۈلدىن تارالغان خۇشبۇي ھىد ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. بىر - بىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان، يۇپيۇمىلاق چەمبەر قاپارتما قىلىپ چىقىرىلغان تورۇسقا ئېسىلغان شاخسىمان مىس شامداندىكى ئون ئىككى تال شام ئۆينى كۈندۈزدەك يورۇتقانىدى. بىرنەچچە تال پەرۋانە شام ئەتراپىدا پىرىلداپ ئايلىناتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى. كۆزى نەقىشلىك كۈنگۈرە چىقىرىلىپ نەپىس ياسالغان ئەگمە مېھرابقا چۈشتى.

تاۋاردىن تىكىلگەن زەر چۇچىلىق ياپقۇ مېھرابقا بەكمۇ ياراشقانىدى. بىر يوغان قارا ئۆمۈچۈك تاۋار ياپقۇنىڭ ئۈستىدىن تۆۋەنگە چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى ۋە ئۆزىنى قات -

قات كۆرپە سېلىنغان كارىۋاتقا تاشلىدى. چوڭدەك ئىران گىلىمى سېلىنغان ئۆيئىچى تىپتىنچ، خۇددى گۆردەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى. «ئۆزى خۇپتەندىن يانغاندا بارىمەن دەپ ئادەم ئەۋەتكەن تۇرۇقلۇق نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ يېرىم كېچە بولۇپ قالدى. كەلمىسە بىراقلا كەلمەي قويسۇن !» ئاچچىقلانغان ئۇممەگۈلسۇم چىۋىنىنىمۇ ئۆلتۈرمىدى، قارا ئۆمۈچۈكنىمۇ ئېلىپ تاشقىرىغا تاشلىۋەتمىدى، پەرۋانىگىمۇ تەگمىدى، ئەمما بۇقۇلداپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. «بۇ زالىمنىڭ ئەمرىگە ئۆتكىنىمگە ئون بەش يىلدىن ئاشتى. باللىرىممۇ چوڭ بولدى. تۇنجى ئوغلۇمنىڭ تويىنىمۇ قىلىۋالدىم. ئۇ يۈزبېشى بولۇپ سۇلتانغا خىزمەت قىلماقتا. ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ تېخى بىلمەيدۇ. خۇدايا، پېقىرنى گۇناھى ئەپۇ قىلىنغان بەندىلەرنىڭ قاتارىدا قىلغىن، باللىرىمنى ياخشى تەربىيەت قىلىشىمغا مەدەت بەرگىن ...»

باللىرى كۆز ئالدىغا كېلىپ ئۇممەگۈلسۇمنىڭ يۈرىكى زىڭىلداپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى ئون بەش يىلدىن بېرى ئۇنى مەخپىي خوتۇن قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ نام - ئەھۋالىنى ئۇقمايتتى، ھەتتا باللىرى ئۇ تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە قورۇنىڭ قايسى مەھەللىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە ئاخشىمى پەردە تارتىلغان مەپىگە چۈشۈپ بېرىپ باللىرىغا كۆرۈنۈپلا قايتاتتى. باللىرىغا بۇۋى ئايىسخان ئاتلىق ئوتتۇرا ياش بىر خوتۇن قارايتتى. ئۇ گاس - گاچىدەك زادىلا زۇۋان سۈرمەيتتى. قارامتۇل چىرايىدىن يا خاپا، يا خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ ئايال كۆزلىرىنى سانجىپ، بىزىرىپلا تۇراتتى. ئەمما، باللارغا ياخشى قارايتتى، ئاش - تامىقىنى بالدۇر - كېيىن قىلماي ۋاقتىدا بېرەتتى، كىيىم - كېچەكلىرىنى پاكىز تۇتاتتى. چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتقان بۇ بەش ئوغۇلنى كۆرگەن كىشىلەر مانا شۇ خوتۇننىڭ بالىسى ئىكەن دەپ

قالاتتى. باللارمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇممەگۈلسۇمنى كىشىلەرگە بىلدۇرمەسلىك تۈپەيلىدىن ئىدى. قىلچە ئىشىمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. دوستمۇھەممەدخاننىڭ سىڭلىسى ھۆسنىنىگار خېنىم بىلەن توي قىلىپ ئون يىل ئۆتكەندە، بولۇپمۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قىزى خانزادە بېگىمنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن ئۇممەگۈلسۇمنى نەچچە قېتىم ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسا، ئەمما ئۇنىڭ سېھىرلىك قاراشلىرى، سۈتتەك ئاق ئوتلۇق بەدىنى، ناز ـ كەرەشمىسى، سۆزلىگەن چاغدىكى سۈلكىتى، جۈرئەت بىلەن بەرگەن مەسلىھەتى، تەلەپلىرى مىرزا ئابابەكرىنى ئۇنداق مۇدھىش نىيەتتىن شۇنچە قېتىم ياندۇردى.

خانزادە بېگىم ياش ھەم چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئۇممەگۈلسۇمدەك نازاكەتلىك، چېچەن ئەمەس ئىدى. تېنى گۈل شېخىدىن نازۇك بولسىمۇ، ئۇ چوكاننىڭكىدەك تازا تولمىغانىدى. ئېرىنىڭ قۇچىقىدا ئاسلاندەك شۈمشىيىپ قالاتتى. ئۇممەگۈلسۇمنىڭ ئىشقى باشقىچىلا بىر ئوت ـ ئاتەش ئىدى. بۇ ئاتەشنىڭ ھوزۇرىنى مىرزا ئابابەكرى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايتتى. ئۇنىڭ گاھ خۇيلىنىپ، گاھ نازلىنىپ قىيا بېقىشلىرى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىۋالاتتى، ھېچقايسى خوتۇنى بۇ كەبى جەلپكار ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىرزا ئابابەكرى ئۇنى «خۇمار خوتۇن» دەپ ئاتىۋالغانىدى. ئۇنى ئۆلتۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئوغلى ئەلىبەگنىڭ تويىنى قىلىشقىمۇ يول قويىدى.

— خۇمارخان، تويغا بۇۋى ئايىسخان ئىگە بولىدۇ. سىز پەقەت مېھمان تەرىقىسىدە قاتنىشىپ بېرىسىز. سالاھىيىتىڭىزنى ئاشكارىلاش خۇن تۆكۈلۈشكە سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن. بۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ، — دېگەنىدى ئۇ.

ئۇممەگۈلسۇم «مېھمان» بولۇپ تويغا باردى. توي ياخشى

ئۆتتى. ئوغلى ئەلىبەگكە تون ياپتى. كېلىن چىرايلىق بولۇپ، نەسىردىن باي دېگەن سودىگەرنىڭ قىزى ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭ مىرزا ئابابەكرىنىڭ خانىشى ئىكەنلىكىنى بىلمىدى.

مىرزا ئابابەكرى بۇ تويغا ناھايىتى قىممەتلىك سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ۋەدە قىلغان، بۈگۈن ئاخشام ئەنە شۇ سوۋغىنى ئەكەلمەكچىدى. ئۇممەگۈلسۇم ئۇنى كۈتۈپ، كەلمىگەنسېرى ئىنتىزارلىق ئىلكىدە تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى.

ئىشىك ئېچىلدى. مىرزا ئابابەكرى بىر ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ھەرقاچان ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ تەزىم بىلەن كۈتۈۋالىدىغان ئامراق خوتۇنىنىڭ كارىۋاتتا ئۈن چىقارماي ياتقىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— خۇمار خوتۇن! — تۈۋلىدى ئۇ خوتۇنىنىڭ قولىدىن تارتىپ.

قاقاھلاپ ئورنىدىن تۇرغان ئۇممەگۈلسۇم شۇنداق سۈلكەت بىلەن قىيا باقتىكى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى.

— جىممىدە ياتقىنىڭىزنى كۆرۈپ ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئاجايىپ بولۇپ كەتتىم، جېنىم، — دېدى ئۇ.

— ئاخشامدىن بېرى يوللىرىغا تەلمۈرۈپ ئۆلەي دېدىم. يەنە سەل كېچىككەن بولسىلا جان قۇشۇم تەن دەرىخىمدىن ئۇچۇپ كەتكەن بولاتتى، شاھىم، — ئۇممەگۈلسۇم خۇيلانغاندەك قىلىپ قارا چاچلىرى يېپىپ تۇرغان ئاق بويىنىنى تولغىدى.

— ئەمىسە دەل ۋاقتىدا كەپتىمەن ـ دە.

— ياق، نەدە ۋاقتىدا بولسۇن؟ خانزادە بېگىمدىن ئايرىلىشقا كۆزلىرى قىيماي كېچىكىپ كېلىشلىرى بۇ قېتىملا ئەمەسقۇ. ئالىيلىرىنى كۈتۈپلا تۈگىشىپ كېتىدىغان بولدۇمغۇ ئەمدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، خۇمار خوتۇن، خانىشلار ئىچىدە سىزنى بېسىپ چۈشىدىغىنى يوق. سىزنىڭ رەپىقەم ئىكەنلىكىڭىز مەخپىي تۇتۇلغان بولسىمۇ، مەن ھەر ۋاقىت چېكىمىلىككە



www.uyghurkitap.com

ئەمەس، سىزگە خۇمار بولۇۋاتىمەنغۇ مانا. ئەمما، مەن پادىشاھ، سىزنى سېغىنىپ، سىزنى ئويلىغان چېغىمدا ئەل - يۇرتنى، بۇ ئەنسىز دۇنيانى ئەستىن چىقارسام، دۈشمەنلىرىمنى ئەستىن چىقارسام بولمايدۇ. ئەل - يۇرتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەن قىلىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز مېنىڭ خۇپىيانە خوتۇنۇم. مەن بۈگۈن ئوغلىڭىزنىڭ تويىغا ئاتاپ قويغان سوۋغاتنى ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى كېچىكىپ ئەكەلدىم. مانا قاراڭ.

ئۇممەگۈلسۇم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئامراق ئېرى تۆمۈربېكنىڭ سېپىل ئاستىغا بېسىلغانلىقىنى ئەسلەپ، مۆڭلانغان قارا كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى.

— شاھىم، چۈشەندىم. سىلىدىن خاپا بولسام ئۆزۈمنى نابۇت قىلىدىكەنمەن. ئۆمۈر بويى خۇددى زىندانىدىكىدەك بۇ ئۆيدە كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدىغانلىقىدىن، ئېرىم بولسىمۇ دائىم تەنھالىقىمدىن، ھەتتا بالىلىرىم بىلەنمۇ تاماقتا بىللە بولالماي ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىمدىن زارلانساممۇ زادى بولمايدىكەن. مېنى سىلىگە تەقدىر ئەنە شۇنداق باغلاپ قويۇپتۇ. ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىغا رەھمەت، — ئۇ بۇلۇڭدىكى ئاپتۇۋىغا كۆز قىرىنىمۇ سالمىدى.

— ئىلاھىي تەقدىر پۈتكەن قىسمەتلەر بەندىلەرنى بىر - بىرىگە ئەنە شۇنداق باغلاپ قويۇپ چەرخى پەلەكنى ئايلاندۇرىدۇ، ئۆزى ياراتقان بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇشنى پاراۋانلاشتۇرىدۇ.

— قان - ياش بىلەنمۇ - ھە؟ — سورىدى ئۇممەگۈلسۇم ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — مۇلايىم كېنىزەك دىلارانى چېپىپ تاشلىدىلا. بىر تۇغقانلىرى خان سۇلتان خېنىمنى زىندانغا سالدىلا. قارا تۈندە قارا تاش ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللا بۇ ئىشلارنى كۆرمەي قالارمۇ؟

— خۇمار خوتۇن! — دېدى مىرزا ئابابەكرى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — دىلارا ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان سۇلايمان يۈزبېشى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇشقا قېچىپ كەتمەكچى بولغان تۇرسا، ئۆلتۈرمىسەم بولامتى؟ ئانام ئۇكاڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلمايدۇ، دەپ پەيلىمدىن ياندۇرغانىدى، لېكىن قانداق بولدى؟ ماڭا جانجىگەرئىنى بولغۇچى سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئاسىيلىق قىلىپ ماۋەرائۇننەھرگە قېچىپ كەتتىغۇ! ئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە قىلىچ كۆتۈرۈپ پېيمىنى قىرقىغىلى كەلمەي قالارمۇ؟ كىمكى ماڭا قارشى چىقىدىكەن، ئۇ ھالاك قىلىنىدۇ، خۇمار خوتۇن. ھەمشىرەم خان سۇلتان خېنىم باشتىن ـ ئاخىر ئىشلىرىمغا قارشى چىقىپ كەلدى. خارەزىمدا باش كۆتۈرگەن سۇلتان شاھىبېكخانغا ياتلىق قىلماقچى بولغانىدىم، ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن قارشى چىقتى. ماقۇل بولغان بولسا شاھىبېكخان بىلەن بىرلىشىپ خارەزىم، خۇراسانلارنىمۇ قولغا كىرگۈزەتتىم. ئۇ ماقۇل بولمىدى، شۇڭا زىندانغا تاشلىدىم. شاھىبېكخان ئالدىنقى ئايدا سۇلتان مەھمۇدخان، ئەھمەدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سەئىدخاننى ئون بەش مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئەسىر ئاپتۇ. ئەنە شۇنداق پادىشاھقا ئۇنىمىدى ئۇ ئەقلى قىسقا مەرەز.

— مۆھتەرەم بۇزرۇكۋار ئانىمىز جامال ئاغىچا سۇلتان خېنىم بۇنى بىلەمدۇ، شاھىم؟ — سورىدى ئۇممەگۈلسۇم ئېھتىيات بىلەن.

— ھەمشىرەمنى شاھىبېكخانغا ياتلىق قىلىش ھۆرمەتلىك ئانامنىڭ مەسلىھەتى ئىدى، لېكىن ئۇ مەرەز ئۇنىمىدى، — يەنە تەكرارلىدى مىرزا ئابابەكرى قولىنى شىلتىپ، — ئۆزىگە قىلدى. مەن ئۇ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، جاينامازدىن تۇرمايدىغان ھەمشىرەمنى شاراب ئىچىشكە مەجبۇر قىلىمەن تېخى.

ئۇممەگۈلسۇم ئەندىكىپ كەتتى. «ئاللا قانداق ھېكمەت بىلەن مۇشۇنداق رەھىمسىز بەندىسىنى ياراتتىكىنە» دېدى ئۇ كۆڭلىدە. سەل تۇرۇۋېلىپ كۆزلىرىنى ئۇيىنتىپ سورىدى:

— مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا شۇنداق زۇلۇم قىلسا بولامدۇ؟

— بولىدۇ، شەيخۇلئىسلامدىن سورىدىم. ئۇ ئەتە پەتىۋا

بەرمەكچى. مېنىڭچە، ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان پەرزەنتنى چانىۋەتسىمۇ ئۇۋال بولمايدۇ ...

ئۇممەگۈلسۇم بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىنىغا ئەپسۇسلىنىپ قالدى.

— شاھىم، تاماق يەمدىلا؟

— نەدىكى تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ تاقىلداۋاتقان نەپسىمنى بېسىپ قويدىڭىز، خۇمار خوتۇن.

ئۇممەگۈلسۇم ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى بىلىپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى - دە، يەرگە تېگىپ تۇرغان ئۇزۇن ئاق شايى كۆڭلىكىنى سىپىلىپ زەڭگەر رەڭ ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا قالدى.

— ھېرىپ - چارچىغانلا، شاھىم، ئۇستىخانلىرى ئاغرىۋاتقاندۇ، تۇتۇپ قوياي. — دەپلا مىرزا ئابابەكرىنىڭ شاھانە كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتتى.

— شارابىڭىز يوقمۇ، خۇمار خوتۇن؟

— يەتتە يىللىق مۇسەللەس بار، — ئۇممەگۈلسۇم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جاۋەندىن قارامتۇل كەھرىۋادەك يالتىراپ تۇرغان بىر خۇمرىنى ئالدى. ئۇ ھەر نۆۋەت بۇ سۇلتان ئېرىنى كۈتۈۋېلىشقا ئالاھىدە باش قاتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىمۇ، ئاغزىنىمۇ، ئۇچىسىنىمۇ خۇش قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئەر - ئايال خىزمەتكارلارنى تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتىپ، لازىملىق نەرسىلەرنى ئالدۇراتتى. بۇ بىر خۇمرا مۇسەللەسنى ئۇ خوتەندىن ئالدۇرۇپ كەلگەنىدى.

ئۇممەگۈلسۇم كۈمۈش جامغا بىلىق كۆزى قىلىپ مۇسەللەس قۇيدى.

— شاھىم، پەرزەنتلىك بولۇشىمىز ئۈچۈن ئىچكەيلا، — ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ كۆڭلىكىنى سالدۇردى. ئۇنىڭ مەيدىسى، دۈمبىسى، بىلەك، پاقالچاقلىرى قاپقارا تۈك بىلەن قاپلانغانىدى.

— پۈتۈن خارەزىم، ماۋەرائۇننەھرگە پادىشاھ بولۇشۇم ئۈچۈن ئىچەي ! — مىرزا ئابابەكرى تىنماستىن بىر جام مۇسەللەسنى ئىچىپ تۈگەتتى.

— ئەمدى خۇمارىم تۈتۈشقا باشلىدى، خۇمار خوتۇن.

ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى جامنى بوشاتتى - دە، ئۆزىنىڭ قىپيالىڭاچ بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇقىغا ئوخشامدىكەنمەن؟

— ئېيىققا، — دېدى ئۇممەگۈلسۈم، — «مىڭ بىر كېچە»دىكى ۋەردان قاسساپ ئۆلتۈرگەن ئېيىققا.

مىرزا ئابابەكرى ئاندىن تۇغما ھالدا يېنىدا ياتقان ئۇممەگۈلسۈمگە كۆز سىلىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ ئاغزىدىكى مۇسەللەسنىڭ قالدۇقىنى پۈرقۇۋەتتى.

— ئەجەب ئايالسىز - دە، خۇمار خوتۇن. ۋەردان قاسساپ ئۆلتۈرگەن ئېيىققا سادىق خوتۇندەك ماڭا سادىق بولۇپ جاندىن كېچەلەمسىز؟

— كەچمەمدىغان، شاھىم، بىر بېشىم ئەمەس، ئون بېشىم بولسىمۇ سىلىدىن ئايلانسۇن.

قارا يۇڭلۇق ئېرىنىڭ قويىنىدا چىم - چىم بولاقتەك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ياتقان بۇ ئايال «مىڭ بىر كېچە»دىكى ۋەردان قاسساپ ئۆلتۈرگەن ئېيىقنى قۇچاقلاپ ياتقان نازىنىنغا ئوخشاپ قالغانىدى.

## 2

مىرزا ئابابەكرى چولپان تۇغقان چاغدا يۇيۇنۇۋاتاتتى. ئۇ ئۇممەگۈلسۈمدىن كۆپ رازى ئىدى. ئۇممەگۈلسۈممۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ باشقا خوتۇنلىرىدىن قامەتلىك، تەمبەل بولغاچقا، ئۇنىڭ خالىغانچە نەپسىنى قاندۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. قانداق ۋاقىتتا كەلسە يامغۇردىن كېيىنكى سۈزۈك ھاۋادەك

ئېچىلىپ ئالدىغا چىقالايتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان شۇم ئېغىر خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىرادىسىگە بىر نەچچە كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا هايات قالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى توغرۇلۇق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە بارغان ئۇممە گۈلسۇممۇ ئاڭلاپ تۇراتتى.

مىرزا ئابابەكرى يۇيۇنۇپ بولۇپ شاهانە كىيىمىنى كىيدى ـ دە، سىرتتا كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىملىرى بىلەن ئوردىغا كەلدى، دەل شۇ چاغدا بامداتقا ئەزان چىقتى. كۆزنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى ئۇ ناماز ئوقۇپ بولغۇچە مەسچىتنىڭ كۈنگۈرىلىك دېرىزىلىرىدىن كىرىپ، قىزىغان تېنىگە ئۇرۇلۇپ تۇردى. دۇئا قىلىۋاتقىنىدا ئىككى تامچە ياش مەڭزىدىن سىرغىپ قارا ساقىلىغا ئېقىپ چۈشتى.

«ئىلاھا، گۇناھىمنى ئۆزۈڭ كەچۈرگىن !»

گۇناھىنى تىلىگەن باغرى تاش زالىمنىڭمۇ كۆزىدىن ياش ئاقىدىكەن ـ ھە ! بۇ ئۇنىڭ راست توۋىسىمىدۇ؟

ئۇ بامداتتىن يېنىپ ئۇدۇل زىندانغا كەلدى. زىندانبېگى پاكار، سېمىز گەۋدىسى بىلەن پۈكۈلۈپ تىترىگەن پېتى بۇيرۇق كۈتۈپ تىزلاندى.

مىرزا ئابابەكرى سورىدى:

— خان سۇلتان تاماق يېمىگىلى قانچە كۈن بولدى؟

— شاھ ئالىيلىرى، بۇيرۇقلىرى بويىچە تاماق بەرمىگىنىمىزگە ئۈچ كۈن بولدى. تۈنۈگۈندىن بېرى تولا نالە قىلىپ «بىر قوشۇق سۇ بولسىمۇ بېرىڭلار !» دەپ قاقشاپ كەتتى.

— هازىرلا بىر چىنە شاراب كەلتۈر.

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى.

زىندان باشلىقى بىر چىنە شاراب ئەكەلدى.

— ئىشىكنى ئاچ !

www.uyghurkitap.com

— خوپ، ئالىيلىرى.

قۇلۇپنىڭ شاراقلىشى بىلەن تەڭ غىچىلداپ ئىشىك ئېچىلدى. تاڭ يورۇغان بولسىمۇ زىندان قاراڭغۇ ئىدى.

— چىراغ! — توۋلىدى مىرزا ئابابەكرى. زىندان باشلىقى ھايال ئۆتمەي جىنچىراغنى يېقىپ كەلدى.

— ھە، مېھرىبان ھەمشىرەم، قانداق تۇردىڭىز؟

— ئاللانىڭ پاناھىدا مانا شۇنداق تۇرۇۋېتىمەن، شاھىم، — ئاجىز بىر ئاۋاز مىرزا ئابابەكرىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. رەڭگى سارغىيىپ بورىدەك بولۇپ كەتكەن ياش بىر ئايال كونا كىگىز ئۈستىدە يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئېھتىمال ئىبادەت قىلىۋاتسا كېرەك.

— ھەمشىرەم، سىزگە شەربەت ئەكەلدىم. چاڭقاپ كەتكەندەك تۇرىسىز، ئىچىۋېلىڭ.

ئايال ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ ئورنىدىن تەستە تۇردى ـ يۇ، سەنتۈرۈلۈپ تامنى تۇتۇۋالدى.

— ئۇھ، ئەجەب ئۇسساپ كەتتىما! ھىممەتلىرىگە رەھمەت، سۇلتان، — ئۇ چىنىنى قولىغا ئالدى ۋە ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپلا يەرگە تاشلىۋەتتى.

— ھۇ ئاللادىن قورقمايدىغان زالىم!

— ئاللادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمەن، — مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ دېدى، — سەن شاھبېككىخانغا ياتلىق بولۇشنى قوبۇل كۆرمىسەڭ مانا مۇشۇنداق ئېچىرقاپ ـ چاڭقاپ ئۆلىسەن. مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ساڭا شارابتىن باشقا نەرسە بېرىلمەيدۇ.

— مېنى زورلىما، قارا يۈز! — دېدى ئايال بىردىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ، — شاھبېككىخانمۇ ساڭا ئوخشاش ئىنسابسىز. ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىمەن. چىقىپ كەت! ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما. قىيامەت كۈنى ئاللا ئىگەم قازى بولۇپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

شاپائەت تەختىدە ئولتۇرغان كۈنى، سەن بىلەن بىر ئۇچراشتۇرۇشنى ئەل ياراتقۇچى ئىگەمدىن تىلەيمەن. ماڭ، چىقىپ كەت! چىقىپ كەت!

مىرزا ئابابەكرى ئاچچىق كۈلدى.

— سەن ھەرقانچە جاھىللىق قىلساڭمۇ ئاشىقىڭ زەينىدىن بارلاس بىلەن ئەمدى قوشۇلالمايسەن. بىلىپ قوي، تۈنۈگۈن كېچە ئۇ سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن زىنداندىن تېمىدىن چۈشۈۋاتقاندا تۇتۇلۇپ، بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىندى.

— ئاھ، خۇدا!

مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۆزىنى خان سۇلتان خېنىمنىڭ داد-پەريادى بېسىپ كەتتى.

## 3

ئۇممەگۈلسۈم مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ ياتتى، قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدى. يېنىغا ئۆرۈلۈپ دېرىزىنىڭ يېشىل شايى پەردىسىنى قايرىدى، تىپتىنىق كۆكتە پارلاپ تۇرغان چولپان ئۇنىڭغا كۆز قىسقاندەك قىلدى. «ناماز بامداتقىچە يۇيۇنۇپ پاكلىنىۋالاي، جۇنۇپ يۈزۈم بىلەن چولپانغا ئەجەب قاراپ سالدىما ...»

ئۇممەگۈلسۈم پەردىنى قويۇۋېتىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. بوزۇلغان چېكە چاچلىرى يۈزىگە چۈشۈپ كۆزلىرىنى يېپىۋالغانىدى. ئۇ خاس ئۆيگە يانداش سېلىنغان دەھلىزگە چىقتى. باياتىن ھاممامنى ئىسسىتىپ ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىم ئاياللار تاش سۇپىغا ئىككى چېلەك سۇ چېچىۋېدى، پاژىلدىغان ئاۋاز دالاندا تۇرغان ئۇممەگۈلسۈمنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ئەمدى چىقىپ كېتىڭلار.

ئۇ مۇلازىم ئايالالار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شىلدىرشاپ①نى دەھلىزدىكى ئاسقۇغا ئېسىپ قويۇپ، تاش سۇپىدىن ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھاممامغا كىردى. ئۇممەگۈلسۇم شۇ ئاپتاپ دېڭىز قىرغىقىغا چىقىپ قالغان سۇ پەرىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. قاپقارا ئۇزۇن چاچلىرى ئىككى يېقىنىدىن سىيرىلىپ يېقىمىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ھەقىقەتەن قاراپ كۆز تويمىغۇدەك ھالدا چىرايلىق ئىدى. ئۇ نەپىس ياسالغان ئاپتۇۋا بىلەن بېشىغا ئىسسىق سۇ قۇيۇۋېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. «بالىلىرىمنى سالامەت چوڭ قىلىۋېلىشنى ئويلاپ ئون بەش يىلدىن بېرى ئېرىمنىڭ قاتىلى مىرزا ئابابەكرىگە خوتۇن بولۇپ كەلدىم، ئوغۇللىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئەمدى ئەينى ئەھۋالنى ئېيتىپ بۇ زالىمدىن قىساس ئالمىسام ئاللا نامى بىلەن نارەسىدە بالىلىرىمغا بەرگەن ئەھدىمگە خىيانەت قىلغان بولىمەن.»

ئۇممەگۈلسۇم سۇ بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇنۇپ ھاممامدىن چىقتى. ئۇ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنىدى. ئوتتۇرا ياشلىق ئايال خىزمەتكارى جەمىلەخاننى چاقىرىپ بۇيرۇدى:

— مەيكەش ساھىبقا دەڭ، مەيىنى قاتسۇن.

— خوپ، خېنىم.

ئۇممەگۈلسۇم قارا يىپەك رەختتىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆڭلىكىنى كىيىپ، ئاق ھىلھىلە رومىلىنى ئارتتى، مىرزا ئابابەكرى ئەكەلگەن كۆركەم ئاپتۇۋىغا كۆز يۇگۈرتتى. ئاپتۇۋا چىرايلىق ياسالغان، تۇۋىي تەخسە شەكلىدە بولۇپ، بىر يەردە قويۇشقا ئەپلىك ئىدى. ئاپتۇۋا ئۇستىگە چىقىرىلغان رەڭدار نەقىشلەر كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان بۇ ئۆيدە ئاپتۇۋا چوغدەك يالتىراپ تۇراتتى. ئۇممەگۈلسۇم بېرىپ ئاپتۇۋىنى كۆتۈرمەكچى بولدى. تەستە كۆتۈرۈپلا قويۇپ قويدى، بەكلا ئېغىر ئىدى. ئۇ ئاپتۇۋىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىدى.

① شىلدىرشاپ — كىرلىك.

يالتىراپ تۇرغان كېپەك ئالتۇن كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى.
— پاھ! — دەۋەتتى ئۇممەگۈلسۇم.

ئۇ كېچىدە نازلىق خۇيلىنىپ، مىرزا ئابابەكرى ئەكەلگەن بۇ ئاپتۇۋىنى پىسەنتىگە ئالمىغانىدى. كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى، مىستىن نەپىس ياسالغان بۇ ئاپتۇۋىنىڭ ئىچى ئالتۇن بىلەن لىققمۇ لىق توشتۇرۇلغانىدى.

«ئوغلۇمغا ئېلىپ باراي، بۇ ئالىلانىڭ بەرگىنى. ئەھۋالنى ئۇ ئۇقسا نېمە دەركىن؟ خۇي ـ پەيلى ماڭا تازا مەلۇم ئەمەس ...»

— خېنىم، هارۇنكەش ساھىب پېشايۋاندا ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرىدۇ، — جەمىلەخاننىڭ سۆزى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۋەتتى.

— نېمە؟ مەپىنى تەييار قىلدىمۇ؟ — يېنىچە قاراپ سورىدى ئۇممەگۈلسۇم.

جەمىلەخان تەزىم بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئاتنى مەپىگە قوشۇشتىن بۇرۇن خېنىمم بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، دەيدۇ.

ئۇممەگۈلسۇم قارا چۈمبىلىنى يۈزىگە تارتىپ، ئاق ھىلھىلە رومىلىنى ئارتىپ پېشايۋانغا چىقتى.

— ھارۇنكەش ساھىب، مەپىگە چۈشۈپ چوڭ ئوغلۇم ئەلىبەگنىڭ قېشىغا مىرزا ئابابەكرىنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىپ بارماقچىمەن. سوۋغا ھۇجرامدا، ئاچىقىڭ ...

ھارۇنكەش بىر نېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىشى بىلەن ئاپتۇۋىنى تەستە كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئاچىقىپ گىلەم سېلىنغان سۇپىغا قويدى.

— ئاتنى قېتىپ مەپىنى ئەكېلەي، خېنىم.

ئۇممەگۈلسۇم تېخىچە مەپىنى قاتمىغانلىقىنىڭ سىرىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ ئۇن چىقارمىدى. ھايال ئۆتمەي كولدۇرمىنىڭ جىرىڭلىغان ۋە قامچىنىڭ قارسىلدىغان ئاۋازى چىقتى.

— مەپە تەييار بولدى، خېنىم، — دېدى ئېگىلىپ ھارۇنكەش

www.uyghurkitap.com

ساھىب ۋە كۆچ بىلەن ئاپتۇۋىنى كۆتۈرۈپ مەپىنىڭ ئۈستىگە ئالدى. ئۈممەگۈلسۈم جەمىلەخان بىلەن مەپىگە چىقىپ ئالدىنقى دەرپەردىسىنى چۈشۈرۈپ ئولتۇردى.

— تىرت - چۇھ! ...

ھارۋىكەش ساھىب ئافغان ئىدى. مىرزا ئابابەكرى بەدەخشانغا لەشكەر تارتىپ بارغاندا ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئەكەلگەنىدى. بۇ ياۋاش، ئۆكۈزدەك ئىشلەيدىغان يىگىت دەسلەپ زىنداندا گۆندىپاي بولدى، گەپ - سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالدى، كېيىن ئوردا ئىچىنى سۈپۈرىدىغان مالايلارغا قوشۇپ قويۇلدى. سېرىق ساقال، بويلۇق بۇ ئادەم مىرزا ئابابەكرىنىڭ نەزىرىنى تارتتى. ئۇنى مەخسۇس ئۈممەگۈلسۈم چۈشىدىغان مەپىنى ھەيدەشكە قويدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىسىز بىر يەرگە بارماسلىقىنى، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا بىر يەرگە بېرىشقا توغرا كەلسە سوراش لازىملىقىنى، بۇۋى ئايىشخانىنىڭ ئۆيىگە پەيشەنبە كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتتا زادىلا بارماسلىقنى قاتتىق جېكىلىگەنىدى. بۇ چاغقىچە يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلمىغان ھارۋىكەش ساھىب خېنىمىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىلا بۇۋى ئايىشخانىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولغىنىدىن گۇمانلانغانىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ سوۋغىسىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، شاھنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق بولسا كېرەك دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى تۈگىگەن بولسىمۇ، ئازا خاتىرجەم بولالماي مەپىنى ھەيدەپ ماڭدى.

ئۈممەگۈلسۈم مەپە توختىغۇچە بالىلىرىغا نىمە دېيىشنى، قانداق مەسلىھەت بېرىشنى، نىمە ئۈچۈن بىۋاقىت كەلگەنلىكىنى، مىرزا ئابابەكرىگە قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى ئويلاپ سىرتقىمۇ تۈزۈككىنە كۆز سالمىدى.

— خېنىم، يېتىپ كەلدۇق.

ئۈممەگۈلسۈم تۆمۈر ھالقىلىق چوڭ دەرۋازا ئالدىدا مەپىدىن چۈشتى. ھارۋىكەش ساھىب ئوسمىدەك كۆپكۆك كۆزلىرى بىلەن

ھىم ئېتىلگەن دەرۋازىغا بىر قاراپ ئاندىن باش سىلىپ تۇردى.

— دەرۋازىنى قېقىڭ ! — بۇيرۇدى ئۇممەگۈلسۇم مەپىدىن چۈشۈپ. ھارۋىكەش ساھىب دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى ئۇردى. خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن دەرۋازا جالاقشىدە قىلىپ قىيا ئېچىلدى.

— كىم؟ — بىر ئايالنىڭ ئاچچىقلانغان تەرزدە قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇممەگۈلسۇم خېنىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ سوۋغىسىنى ئەكەلدى، دەرۋازىنى چوڭ ئېچىڭ، قەدىرلىكىم ...

دەرۋازا چوڭ ئېچىلدى.

ئۇممەگۈلسۇم قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ بېشىغا كەشمىر ياغلىق سىلىۋالغان بوۋى ئايسىخاننى كۆردى.

— ئەسسالام خېنىم، ھارمىغايلا.

— تىنچلىق ـ ئامانلىقمۇ، ئايسىخان ئاچا؟

بۇ دەمگىچە كەلسە ـ كەتسە زوۋان سۇرمەي گۆشىيىپ قاراپ تۇرۇۋېرىدىغان بۇ خوتۇننىڭ بىردىنلا تىلى چىقىپ قالغىنىدىن ئۇممەگۈلسۇم ھەم ھەيران بولدى، ھەم چۆچۈدى.

— خېنىم، ئەدەپسىزلىك قىلغىنىمنى كەچۈرسىلە، سورىمىسام بولمايدۇ. سوۋغا ئەكېلىدىغانلىرىدىن شاھىم بىزنى خەۋەرلەندۈرمىگەنغۇ !

— شاھىم كېچىچە يېنىمدا بولۇپ، سەھەر كەتتى. بۇ سوۋغىنى ئوغلۇمنىڭ تويىنى مۇبارەكلەپ ئەكەلگەنىكەن، كەچكىچە كۈتۈشكە قانداقمۇ تاقەت قىلالاي؟ ئوغلۇم شاھىمنىڭ بۇ مەرھەمىتىدىن بۇرۇنراق خۇشال بولسۇن دەپ ئەتىگەندىلا ئەكەلدىم.

— شاھىم سىزنى خەۋەرلەندۈرگەنىمىدى؟ — بوۋى ئايسىخان ھارۋىكەش ساھىبقا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى.

— ياق، خوتۇن، كېچىدە شاھىمنىڭ بۇ ئاپتوۋىنى مۇلازىملار بىلەن ئەكەلگىنى راست. لېكىن، ماڭا باشقا گەپ قىلمىغانىدى.

— ھە! — دېدى بوۋى ئايىسخان، — شاھىمىنى بىز خەۋەرلەندۈرۈپ قويساق بولغۇدەك.

ئۇممەگۈلسۇم ھارۋىكەش ساھىبىنىڭ بوۋى ئايىسخاننى «خوتۇن» دەپ ئاتىشىدىن تېخىمۇ ھەيران بولدى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇلارنىڭ ئەر - خوتۇن ئىكەنلىكىنى ئۇ زادىلا بىلمىگەنىدى.

— خېنىم، ھەيران بولمىسىلا، مىرزىنىڭ تايىن قىلىشى ئارقىلىق ساھىب بىلەن تۇرمۇش قۇرغىنىمىغا ئۈچ يىل بولدى، ئەمما بالا يۈزى كۆرمىدۇق. خۇدايىم سىلىنىڭ بالىلىرىنى بىقىشنى پېشانەمگە پۈتۈۋەتكەن بولسا كېرەك.

«ئاجايىپ ئىش، — ئويلىدى ھويلىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ ئۇممەگۈلسۇم، — بۇ ھايات نېمانداق سىرلىقتۇ ...»

— ئوغۇللىرىم تىنچ - ئامانمۇ؟ — سورىدى بوۋى ئايىسخاندىن.

— ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا شاھىمىزنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى سالامەت، ئوبدان تۇردى. ھازىر باغدا ئاكىسىدىن قىلىچۋازلىقنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن بۇرۇن ئەنە شۇنداق قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىشىدۇ. كېلىن خېنىم بەك ئوبدان، ئەلىبەگ بىلەن ئاشىق - مەشۇقنىڭ ئۆزى، — ئۇ جاۋىلداپ سۆزلەپ قوشۇپ قويدى، — بۇرۇن مۆرىمەس بۇ خوتۇن ئەجەب ۋىتۇالاقتەك ۋاتىلدايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ دەپ قالغانلا، خېنىم، گاس - گاچا بولۇپ يۈرۈشۈممۇ، ۋىتۇالاقتەك توختىماي جاۋىلدايدىغان بولۇپ قېلىشىممۇ تەقدىر - قىسمەتتىن.

— سىلى، بىقىملىق بولۇپ قاپتىلا، ئايىسخان ئاچا، ئوغۇللىرىمنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرسىلە.

— ماقۇل، خېنىم، — دېدى ئۇ ۋە ھارۋىكەش ساھىبقا قارىدى، — دەرۋازىغا ھېزى بول.

— ھازىر سوۋغاتنى ھارۋىكەش ساھىبتىن باشقىمىز

كۆتۈرەلمەيمىز. ئۇ سوۋغاتنى ئوغلۇمغا تاپشۇرغاندىن كېيىن دەرۋازىغا قارىسۇن.

— ماقۇل، خېنىم، ئۇنداق بولسا ئوغۇللارغا ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتاي، ئۇلار ئالدىلىرىغا چىقسۇن. ئۆزلىرى مېھمانخانىغا مەرھەمەت قىلسىلا، خېنىم.

كەڭ پېشايۋانلىق مېھمانخانا ئازادە ئىدى. ھويلا بېدىشقا ئېلىنغان ئۇزۇم تېلى بىلەن قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى. قاپاق، كاۋا پېلەكلىرى ھويلىنىڭ تام - ئۆگزىلىرىگە ياماشقانىدى. ساپاق - ساپاق ئۇزۇم مەرۋايىت سۆكىدەك يېشىل ياپراقلار ئارىسىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ئۇممەگۈلسۇم مېھمانخانىنىڭ ئەگمىلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان گۈلدار تۈۋرۈكلۈك پېشايۋىنىدا بالىلىرىنى كۈتۈپ تۇردى. ئەڭ ئاۋۋال بالىلاردىن يۈگۈرۈپ چىققىنى ئوغۇللىرىنىڭ كەنجىسى ئون ئالتە ياشلىق تۆمۈربەگ بولدى. ئۇ كەلگىنىچە ئانىسىدىن ئىككى قەدەم نېرىدا توختاپ سالام بەردى. ئانا بۇ بالىسىغا دادىسىنىڭ ئېتىنى قويۇپ قويغانىدى. قالغان تۆت ئوغۇلمۇ ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ سەل ھېيىققان نەزەردە سالام بېرىشتى.

— خۇدا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، بالىلىرىم، — ئۇممەگۈلسۇمنىڭ ئويچان كۆزلىرىدىن ياش تاراملىدى. ئۇ ھەقىقىي سەركەردىدەك كېيىنىپ، قىلىچ ئاسقان چوڭ ئوغلىغا قارىدى، — بالام، ئوبدان ئۆتۈۋاتامسىلەر؟ كېلىنىم قانداقراق؟

— ئاللا پاناھىدا ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز، — جاۋاب بەردى چوڭ ئوغلى ئەلبەگ، — ئىنىلىرىمغا دۈشمەنگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، دۈشمەن بىلەن قانداق جەڭ قىلىشنى ئۆگىتىۋاتىمەن، ئانا. سىز بولسىڭىز راھەت - پاراغەتتە بالىلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز.

— خۇدا ھەربىرىڭلارغا نۇسرەتنى يار قىلسۇن، — ئانا كۆز ئالدىدا تاغ قارىغايلىرىدەك بوي تارتىشىپ تۇرغان ئوغۇللىرىغا مېھرى بىلەن تىكىلدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى قارا كۆز، دوقا

ماڭلاي بولۇپ، چىرايى، بوي ـ بەستى ۋە تەقى ـ تۇرقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

يۈزبېشىغا لايىق مالخاي كىيگەن ئەلىبەگدىن باشقا تۆتىنىڭ بېشىدا بادام دوپپا بار ئىدى. ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى ئوسمانبەگ، ئۈچىنچىسىنىڭ تۇرغۇنبەگ، تۆتىنچىسىنىڭ ۋەلىبەگ ئىدى. «خۇداغا شۈكۈر، يېتىم باللىرىمدىن مۇشۇنداق ئەزىمەتلەر چىققىنىغا! ئەمدى ۋاقىت يېتىپتۇ، ئاتىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي ...» كۆڭلىگە شۇلارنى پۈككەن ئانا پېشايۋان تەرەپكە ئېچىلغان مېھمانخانا دېرىزىسى يېنىغا قويۇلغان ئاپتۇۋىنى كۆرسىتىپ ئەلىبەگكە دېدى:

— ئوغلۇم، بۇنى شاھىمىز مىرزا ئابابەكرى تويۇڭغا سوۋغات قىلىپ مەندىن ئەۋەتتى، قوبۇل قىلغايسەن.

ئەلىبەگنىڭ قارا قاشلىرى لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، بۇغداي ئۆڭ يۈزى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ ئاپتۇۋىغا قادالغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇممەگۈلسۇم ئەنسىزچىلىك ئىچىدە:

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ ئۆزگىرىپ كەتتىغۇ! — دەپ ئالدىغا بېرىشىغا، ئەلىبەگ شارتتىدە قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇردى:

— سەن جادۇگەر ئاتامنىڭ قاتىلىغا تېگىشۋېلىپ، بىزنى ھارامزادە غالچىلارغا تاشلاپ بەردىڭ. بۇلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەپ راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتتۈۋاتىسەن. راست، ئىنىلىرىم بىلمىگىنى بىلەن مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم. سەن نومۇس قىلماي ياۋۇز قاتىلنىڭ سوۋغىتىنى كۆتۈرۈپ كەپسەن. بۇ شەپقەت ئەمەس، قىلتاق! بىلەمسەن بۇنى؟ رەھمەتلىك ئاتامغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيسەن؟! ئاۋۋال سېنى بوغۇزلاپ، ئاندىن زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ شۇم كاللىسىنى ئالىمەن! — غەزەپلەنگەن ئەلىبەگ ياش تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ئانىسىغا قىلىچ كۆتۈردى.

— سارالڭ بولدۇڭمۇ؟ ئاناڭغا تىغ كۆتۈرۈۋاتىسىنا! — يۈگۈرۈپ كەلگەن ھارۋىكەش ساھىب بار كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئۇردى، ئەلىبەگ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇرۇلغان قىلىچ بىر ياندىكى سۆگەتگۈلنىڭ بىر تال شېخىنى كېسىپ چۈشتى. بۇۋى ئايىسخانمۇ كېلىپ ئەلىبەگنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.

— ئوغلۇمنى قويۇپ بېرىڭلار، ئۇ مېنى ئۆلتۈرسۇن، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست. بالىلىرىنى يېتىم قىلغان باغرى تاش زالىمنىڭ خوتۇنى بولۇشنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن مەندەك ئەقىلسىز ئانىنىڭ بېشى كېسىلسۇن! چاپ، ئوغلۇم! زالىم دۇشمەنگە ئېگىلگەن مۇشۇ بوينۇمغا چاپ! — ئۈمەگۈلسۇم ھارۋىكەش ساھىب بىلەن بۇۋى ئايىسخانىنىڭ تۇتۇۋېلىشىغا قارىماي ئاساۋ ئاتتەك يۇلقۇنۇپ تۇرغان ئوغلىغا يېقىن كېلىپ بويۇن ئېگىپ تۇردى. ھاڭۋېقىپ قالغان تۆت ئوغۇل دەم غەزىپىگە پايلىماي شىردەك ھۆركىرەپ تۇرغان ئاكىسىغا، دەم يامغۇردەك ياش تۆكۈپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان ئانىسىغا قاراپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشتى.

— ئىنىلىرىم، بىلىپ قويۇڭلار، بىزنىڭ دادىمىز مىرزا ئابابەكرى ئەمەس، بەلكى مىرزا ئابابەكرى سېپىل ئاستىغا تىرىك كۆمگەن ياساۋۇللار يۈزبېشى تۆمۈربەگ بولىدۇ. ئانام مىرزا ئابابەكرىدەك ئەنە شۇنداق رەھىمسىز قاتىلغا خۇپىيانە خوتۇن بولۇشقا رازى بولغان نومۇسسىز، پەس ئايال. مەن چوڭ بولۇپ ئاشۇ قاتىل پادىشاھ ئوردىسىنى قوغدىغۇچى ياساۋۇللارنىڭ يۈزبېشى بولغان چېغىمدا، ئەينى ئەھۋالنى سەرسان بولۇپ يۈرگەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىدىن ئاڭلىغانىدىم...

ئەلىبەگ ئاچچىقىدىن ياپراقتەك تىترەپ كەتتى ۋە سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— تاش يۈرەك زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان مادۇ، چەگرەك ئايمىقى ۋە ئۇرگەنج ئادەملىرىدىن ئىككى مىڭنى قەتل قىلىپ، ئۇچ

مىڭنىڭ پۈتنى تىزىدىن كېسىپ تاشلاپ قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىمىزدا ئەنە شۇ مويسىپىت زات خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى بىلەن چۆلدە ئۇچرىشىپ قالدۇق. بۇ زات بىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ كېلىۋاتقىنىمىزنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. «سىلەردىن بىگۇناھ يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ قېنى پۇراپ تۇرىدۇ، مەن يىراق كېتەي» دەپ بىرنەرسە بەرسەكمۇ ئالماي بىزدىن يىراقلاشتى. ئارقىسىدىن بېرىپ بىر توغراق تۈۋىدە ئۇنى توختاتتىم. ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى سورىدى. ئۇنىڭغا مانا بۇ ۋاپاسىز ئانامنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ تۇرۇپ كەتتى، باش ـ كۆزۈمنى سىلىدى. «ئاناڭ، سىلەرنى سالامەت چوڭ قىلىش مەقسىتىدە مىرزا ئابابەكرىگە خوتۇن بولۇشقا رازىلىق بەرگەن بولسا كېرەك» دەپ ئۆز ئاتامنىڭ كىملىكىنى ۋە قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بەردى. مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭمۇ بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇپ قالغىنىمغا قاتتىق ئەپسۇسلاندىم ۋە مىرزا ئابابەكرىدىن ئاتامنىڭ، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرىمنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا بەل باغلىدىم. شۇ نىيەتكە كەلگەن ئادەمزە، ئۇ بەتنىيەت سۇلتاننىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىپ قاپقىنىغا دەسسەيمەنمۇ؟ ئۇ ئەبلەخ ئۆز يېغىمىز بىلەن ئۆز گۆشىمىزنى قورۇماقچى. بۇنى بىلمەمسەن، ئانا! ئېيتىپ باقە، زادى نېمە ئۈچۈن ئۇ بەدكار زالىمغا خوتۇن بولۇشنى راۋا كۆردۈڭ؟

ئىككى مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، نەپرەت بىلەن قارىغان ئوغلىنىڭ ئالدىدا باش سېلىپ تۇرغان ئۇممەگۈلسۇم ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئانىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئوغۇللار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئەلىبەگمۇ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئانىسىدىن ئەنسىرەپ ئېڭىشىپ كۆز سالدى.

— ئېيتقىنا، ئانا، زادى نېمە ئۈچۈن؟

ئۆممەگۈلسۇم ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ بېشىنى كۆتۈردى. ئېڭىشىپ تۇرغان ئەلىبەگ ئۇنىڭغا مەرھۇم ئېرى تۆمۈربەگدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ دېدى:

ــ ئوغلۇم، بالىلىرىم، مەرھۇم ئاتاڭلار تۆمۈربەگ تىرىك پېتى سىپىل ئاستىغا بېسىۋېتىلگەندىن كېيىن مەنمۇ قىساس ئالماقچى بولدۇم. جانابىي ئاللا ماڭا شۇنداق بىر جۈرئەت ئاتا قىلدىكى، ئۇ زالىمنىڭ يولىنى توستۇم. قۇدرەت ئىلاھىنىڭ كارامىتى بىلەن بۇ باغرى تاش مېنى ئۆلتۈرمەي ئۆز ئەمرىگە ئالماقچى بولدى. مەنمۇ سىلەرنى سالامەت چوڭ قىلىش ۋە ئاتاڭلارنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا پۇرسەت كۈتۈش ئۈچۈن نائىلاج ماقۇل بولدۇم. كۆپ قېتىم ئۇنى قانخورلۇق قىلىشتىن توستۇم. سىلەرنىمۇ ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن چوڭ قىلىۋالدىم. قىساس ئېلىش پەيتىنى كۈتۈپ چاچلىرىم ئاقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن. مەن گۇناھكار، يولنى خاتا باسقان ئانىمەن. ئوغلۇم، ئەلۋەتتە دېگەنلىرىڭ راست، مېنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلساڭ ھەرگىز ئاغرىنمايمەن. ئاخىرقى قېتىم ساڭا دۇئا بېرەي، ئىنىلىرىڭغا ياخشى قارا، ئۇلاردىن ئايرىلما. مىرزا ئابابەكرىدىن ئاتاڭنىڭ قىساسىنى ئېلىپ مۇرادىڭغا يەتكىن.

ئامىن ... دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ تۇرغان چېغىمدا چېپىپ تاشلىغىن، بالام، ئەلۋىدا، جانجىگەرلىرىم ...

ھويلا ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئوغلىنىڭ ئالدىدا رايىشلىق بىلەن بويۇن ئېگىپ تۇرغان ئانىدا ئىدى.

ئېغىر ئويغا چۆمگەن بۇۋى ئايسىخان بىرىنچى بولۇپ جىمجىتلىقنى بۇزدى.

ــ بالام، مەنمۇ سېنى بېقىپ چوڭ قىلدىم. بۇ دەمگىچە مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىپ، ئۇنى ناھەق ئىش قىلمايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۆنىڭ رەھىمسىز، زالىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسامۇ، ئۆنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالماي كەلگەنىدىم. گېپىڭىنى ئاڭلاپ، ئۆنىڭدىن رايىم يۇتۇنلەي ياندى، ئوغلۇم. ئۇ تويۇڭ بولۇش ئالدىدا ماڭا بىر قۇتا زەھەر بېرىپ: «بۇ شۇملارنى كۆردىن يوقاتمىسام. ئاخىر بېشىمغا بالا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. مۇۋاپىق پەيتنى قولدىن بەرمەي بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋەت» دەپ بۇيرۇغانىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگۈچە «مۇۋاپىق پەيت كەلمەي» سىلەر ھايات قالدىڭلار، باللىرىم. ئەگەر بۈگۈن خېنىم كەلمىگەن بولسا ئۆزاقتا قالماي جېنىڭلارغا زامىن بولار ئىكەنمەن، خۇدا ساقلىدى. بۈگۈندىن باشلاپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەمەس، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولىمەن. خاتىرجەم بولۇپ مۇددىئاغا يېتىشنىڭ كويىدا ھوشيار تۇرۇڭلار!

بۇ دۇنيادا ياخشى نىيەت تۇۋرۇك، يامان نىيەت ئورا. ئانىنىڭ ياخشى نىيىتى باللارنى قۇتقۇزۇپلا قالماستىن، سۇلتانغا سادىق قۇللارنىمۇ يامان پەيلىدىن ياندۇردى.

ئۇممەگۈلسۇم تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىدىن بىر بېشارەتنى سەزگەندەك بولدى.

ئەلىبەگ ئىككى ئانا ئالدىدا تىزلاندى:

— رەھمەت، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن سىلەردىن قايتا تۆرەلگەندەك بولدۇق. مىرزا ئابابەكرىنىڭ تويۇمغا قىلغان سوۋغىسىنى ئەمدى قوبۇل قىلىمەن ۋە ئۇنى سىز ئاتام بىلەن سىز ئانامغا تۇتىمەن، — ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دېرىزە ئالدىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئايتۇۋۇنى كۆتۈرگىنىچە ھارۋىكەش ساھىب بىلەن بۇۋى ئايىسخان ئالدىدا قويدى، — قوبۇل قىلغايسىلەر...

— باللىرىمنى مانا شۇنداق ئەزىمەت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ بەرگىنىڭلار ئۈچۈن تاغدەك ئالتۇن بەرسەك ئازلىق قىلىدۇ، قوبۇل قىلىڭلار. بىز ئۇمۇرۋايەت ئايرىلمايدىغان تۇغقانلاردىن بولۇپ قالايلى، — دېدى ئۇممەگۈلسۇم بۇۋى ئايىسخاننى

قۇچاقلاپ.

ھارۋىكەش ساھىب بۇ چوڭ ئاپتوۋۇنغا زەن سېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قارىدى ـ دە، ئۇنى كۆتۈرۈپ دوم قىلدى. چېلەكتىن قوم تۆكۈلگەندەك كېپەك ئالتۇن يەرگە تۆكۈلدى. قاتلانغان بىر پارچە پاتلىق كەشمىر قەغىزى ئاپتوۋۇا ئىچىدىن چىقتى. ئۇ قەغەزنى ئاچتى. قەغەزگە خۇشخەت بىلەن مۇنۇ سۆز يېزىلغانىدى: «خۇمار خوتۇن ئوغلىنىڭ تويى ئۈچۈن».

بۇ خەتنى بۇۋى ئايىسخان قولىغا ئالدى ۋە ئوقۇپ ئۇممەگۈلسۇمگە بەردى، ئۇ ئوقۇپ ئەلىبەگكە بەردى، ئۇ ئىنىلىرىغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى.

— خۇمار خوتۇن كىم ئۆزى، ئانا؟ — سورىدى كەنجى ئوغلى.

ئۇممەگۈلسۇم جاۋاب بەرمەي ئۇنى باغرىغا باستى.

— ئەسسالام، خان ئانا ! — قوشۇما قاش، زىلۋا، ئاق يۈزلۈك ياش كېلىن رومىلىنى قىيا قايرىغىنىچە ئايۋاندىن چىقىپ، ئۇممەگۈلسۇمخانغا تەزىم قىلدى. كېلىن دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ، بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدى. ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قېيىنئانىسى ئۇممەگۈلسۇمخان ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن باياتىن بېرى قورقۇنچ بېسىپ ئالاقزەدە بولغان كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، سالام بەرگىلى چىققانىدى.

ئۇممەگۈلسۇمخان ئۇنى كۆرۈپلا كېلىنى ئىكەنلىكىنى بىلدى، مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشۈپ، تىنچ ـ ئامانلىق سورىدى.

— ئۇبدان تۇرۇۋاتامدىلا، قىزىم ؟ يات ـ يات يوقلاپ كېلەلمىگەن بولساممۇ، ئوغلۇمدىن سوراپ تۇردۇم. بۇۋى ئايىسخان ئانىلىرى بىلەن مېنىڭ يېنىمغىمۇ بارسىلا. ئەھۋالنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالىلا، بالام.

ئۇ بارمىقىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكنى كېلىنىنىڭ قولىغا سېلىپ قويدى.

— ئانا، كېلىنلىرىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىرىدە تۇتالمىغان بولسىلا كېرەك، پاتىمە دەپ چاقىرسىلا بولىدۇ، — دېدى

ئەلىبەگ ئۇنىڭ سورىغۇسى كەلگىنىنى بىلىپ.

— قۇتلۇق ئىسىم ئىكەن، بالام، خۇدا بەختىڭلارنى بېرىپ كۆپ پەرزەنتلىك بولغايسىلەر.

— خەتتە يېزىلغان خۇمار خوتۇن زادى كىم بولىدۇ، ئانا؟ — سۆزىنى بۆلۈپ يەنە سورىدى تۆمۈربەگ. ئۇنىڭ بەكمۇ بىلگۈسى كەلگەنىدى.

— سوراۋەرمىگىن، بالام، — دېدى بوۋى ئايسىخان تۆمۈربەگنىڭ بېشىنى سىلاپ.

# ئون بەشىنچى باب

# ئاشىق قىزنىڭ تەقدىرى

## 1

قۇدۇق شەكلىدە چوڭقۇر كولانغان زىندان ئىچىگە ئالىقاندەك ئاپتاپ چۈشتى. بۇ ئاپتاپ پاخال سېلىنغان نەم يەرگە ئەمەس، گىلەم جايىنامازدا ئولتۇرۇپ «سۈرە يۈسۈپ»نى ئوقۇۋاتقان سەئىدخاننىڭ تىزىغا چۈشكەنىدى. ئۇ ئەجەبلەنگەن هالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قارىدى. زىنداننىڭ ئۈستىگە يېپىلغان تاش ياپقۇ بىر يانغا قايرىپ قويۇلغانىدى. زەيلەپ – شورلىشىپ كەتكەن زىندان تېمىدىمۇ بالداق شەكلىدە يورۇقلۇق پەيدا بولغانىدى. بۇ باهار ئاپتىپىنىڭ شولىسى ئىدى.

سەئىدخاننىڭ زىندانغا تاشلانغان كۈندىن بۇيان قۇياشنىڭ نۇرىنى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى. ئۇ زىندان ئاغزىنىڭ بۈگۈن ئېچىلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدى. ئالىقانچىلىك ئاپتاپ ئۇنىڭ ئوڭ تىزىدىن سول تىزىغا ئۆتتى، ئاندىن ئۇ سەجدە قىلىدىغان يەرگە يۆتكەلدى. ئاخىر بۇ ئاپتاپ تامغا ياماشتى، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىر سېۋەتكە سېلىنغان تاماق چۈشتى. سەئىدخان: «پېقىر قۇلۇڭغا ئۆزۈڭ نىجاتلىق بەرگەيسەن، دەپ دۇئا قىلىپ جايىنامازنى يىغدى. سېۋەتتە بىر قاتلىما نان، بىر خۇمرا چاي، بىر چىنە پولۇ، كاۋاپ قىلىنغان قىرغاۋۇل، بىر پىيالە چۇلە ۋە تۇمارچە قاتلانغان بىر پارچە خەت بار ئىدى. ئۇ تېخىمۇ هەيران بولۇپ، يۇقىرىغا ئىككىنچى قېتىم باقتى. سېۋەتكە چىگىلگەن تانا لەپەڭشىپ تۇراتتى. باشقا

ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

ئادەتتە ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ يېمەكلىك بېرىلەتتى. ئەتىگەندە بىر خومرا چاي بىلەن بوغداي ياكى ئارپا نېنى، پېشىن نامىزىدىن خېلى كېيىن بىر قاچا سۇيۇقئاش ياكى شويلا بىلەن بىر خومىرا چاي سېۋەت بىلەن چۈشۈرۈلەتتى، سەككىز ئايدىن بېرى شۇنداق بولۇپ كەلگەنىدى. ئەجەبا بۈگۈن قوياش مەغرىبتىن چىققاندەك ئۆزگىرىش بولدىغۇ! ھەتتا تانىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغان زىندان قاراۋۇلىنىمۇ كۆرەلمىدى. سەئىدخان يوقىرىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ خەتكە قارىدى.

بۇ نېمە خەتتۇ؟

ئۇ خەتنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئوقۇماقچى بولدى. ئۇنىڭ قىلىچ تەگكەن پۇتىدىكى يارا ساقىيىپ قالغان بولسىمۇ، ساداق ئوقى تەگكەن چېكىسى تېخى شەلۋەرەپ تۇرغان. يۈزى ۋە قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، خەتنى تەستە ئوقۇدى:

ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئەي، باتۇر شاھزادە، ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىز ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن سىزنى باغلاپ ئوردىدىن زىندانغا ئەكېتىۋاتقاندا قەسىر دېرىزىسىدىن كۆرگەنىدىم. شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئىشقىڭىزغا مۇپتىلا بولدۇم. ئاللادىن تىلەپ، بىرنەچچە ئايدىن بېرى سىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش كويىدا ئويلىنىپ - ئويلىنىپ ئاخىر تەۋەككۇل قىلىشقا بەل باغلاپ، بوۋاق ۋاقتىمدىن تارتىپ چوڭ قىلغان بۇۋىھەجەر ئېمىكئانامغا بۇ سىرىمنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى. سولغۇن چىرايىمغا، كۆز ياشلىرىمغا چىداپ تۇرالماي، خۇپىيانە ئۇقۇشۇپ، سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلىپ مېنى خەۋەردار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سىزگە بولغان غايىبانە ئىشقىمغا ياغ چېچىلغاندەك بولۇپ، پىراقىڭىزدا يۈرەك - باغرىم داغلاندى. ئاھ، مەن بۇ دۇنياغا تۆرەلمىسەم

بوپتىكەن، تۆرەلگەن بولساممۇ سىزنى كۆرمىسەم بوپتىكەن ... تاقىتىم، تاق بولۇپ تاماقتىن قالدىم. شۇ ھالدا بۇۋىھەجەر ئېمىكئانام سىزگە قارايدىغان زىندان قاراۋۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆپ ئالتۇن، تىللا بېرىپ، سىزگە نان ـ ئاش ئەۋەتىپ بېرىشىمگە ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. مانا بۈگۈن جۈمە كۈنى تۇنجى قېتىم ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن سىزگە تاماق ئەۋەتتىم. مۇمكىن بولسا تاماق قاچىسىنى چىقارغاندا بىر ئىلىك جاۋاب يېزىپ، سىزگە شەيدا كۆڭلۈمنى ئۈمىدۋار قىلغايسىز. ئاللاغا تاپشۇردۇم. دىدارىڭىزغا تەشنا مەشۇقىڭىز.

سەئىدخان ھەيرەتتە قالدى. ئۇ شاھسىپكخان بىلەن «ئەخشىد توختامى»نى تۈزگەندىن كېيىن ئەندىجان ئارقىلىق موغۇلىستانغا قايتقان ئاتا ـ ئانىسى، ئاكا ـ ئىنىلىرىنى ناھايىتى سېغىنغانىدى. ئۆزىنىڭ ئېلىپ قېلىنغىنىغا تولىمۇ ئەپسۇسلانغانىدى. خوجەندتىن ئاخسىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قايغۇسى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇن ئىككى ياش چېغىدا مۇھەممەدھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ياد ئېلىۋالغان «سۆرە يۇسۇپ»نى ئوقۇش بىلەن زىنداندىكى زېرىكىشلىك، ئازابلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغانىدى. كۈتمىگەن بۇ قىسمەت ئۇنىڭغا ئۈمىد بەخش ئەتتى.

سەئىدخان كۆزىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىغىنىغا قارىماي خەتنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئىشتىھا بىلەن غىزالاندى. ئۇ زىندان تېمىدىكى ئۇچلۇق تاشنى ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئۇچىغا پاتۇردى، قان پىلىلداپ چىقتى. چۆرىسى كەشتىلەنگەن ئاق قول ياغلىقىنى تىزىغا قويۇپ: «ئەي، گۈزەل دىلرەبا، ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن، سەئىدخان» دېگەن يۈرەك سۆزىنى قان بىلەن يازدى، ئاندىن باش بارمىقىنى قان چىقىپ تۇرغان ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئۇچىغا چىڭ بېسىپ قاننى توختاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ روھلىنىپ كەتكەنىدى. خەتنى

www.uyghurkitap.com

پىيالە ئىچىگە سېلىپ داستىخانغا ئوراپ سېۋەتكە سالىدى. ھەمىيىنىدىن ئىككى تىللانى ئېلىپ ئۈستىگە قويدى. بىر چاغدا تانا لەپپەڭشىپ سېۋەت يۇقىرىغا تارتىلدى. سەئىدخان زىندان ياساۋۇلىنى كۆردى.

ھەر كۈنى ناماز دىگەر ۋاقتىدا ئىككىنچى قېتىم سېۋەت چۈشەتتى. مەززىلىك تائامنى يەپ، شەربەت ئىچىپ ئۈنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

بەزى كۈنلىرى ئۈنىڭ ئېسىگە ئەندىجان يولىدا ئېقىن بويىدىكى قاشالىق باغدا ئۇچراتقان قىز كېلەتتى. گويا بۇ تائاملارنى شۇ قىز ئېتىپ پىشۇرغاندەك ھېس قىلىپ، ئۈنىڭ بىلەن قايتا دىدار كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولاتتى.

بارات ئېيىدا① ئۈنىڭغا كۆجە، سۇمۇلەك ئېتىپ چۈشۈردى. سەئىدخان ھەر يىلى ئالاھىدە ئېتىلىدىغان بۇ ئاشلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ نورۇز كۈنى سېۋەتتە كۆك چۆچۈرىسى بىلەن بۆدۈنە كاۋىپىنى كۆرۈپ زىيادە خۇش بولدى. ئاق يىپەك ياغلىققا ئورالغان قىزىرىپ پىشقان بىر سامسا، ئۇچ تال غورا، بىر تال ئۈزۈن قارا چاچنى كۆرگەندە ھاياجاندىن يۈرىكى تېپچەكلىدى. سەئىدخان سامسىنى قىزنىڭ يۈرىكىگە تەققاس قىلدى. «يۈرىكىم مانا شۇ سامسىدەك پىراق ئوتىدا پۇچۇلىناقتا» دىگىنى بولسا كېرەك. بۇ ئۇچ غورىچۇ؟ ئۇچ سائەتكە، ياق، ئۇچ كۈنگە بېشارەت. بىر تال قارا چاچچۇ؟ چوڭلارنىڭ «چاچ ئاياللارنىڭ سىرى» دىگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. راست شۇنداق بولسا قانداق مەنە چىقىدۇ؟ ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ: «ھە، مانا تاپتىم، چاچنىڭ قارىلىقى كېچىگە بېشارەت. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇچ كۈن ئۆتسە، ئىنىدىنلىققا كېچىدە ئۇ قىز كېلىدىكەن» دەپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. «راست، شۇنداق بولامدۇ، بولمامدۇ؟ ئاللا، بۇ ئۆزۈڭگە مەلۇم، شۇ پاك مۇھەببەتكە مۇيەسسەر بولغان قىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن» دەپ دۇئا قىلغاندا، ئۈنىڭ كۆزىگە

① بارات ئېيى — 3 ـ ئايلارغا توغرا كېلىدۇ.

«ئېتەكنى تىللا بىلەن ئاسان توشتۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن ئاشۇ قىز كۆرۈنگەندەك بولدى. «ئەجەب هال ... بۇ دۇنيا ئەزەلدىن شۇنداق جەلپكارمىدۇ؟ پاكى ئىنسان ۋىسالىغا يېتىش كويىدا تۇرمۇشنى شۇنداق سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكەنمىدۇ؟» سەئىدخان ئويلاپ ئولتۇرۇپ تاماقنى بىر غورا بىلەن يېدى. «سامىسنى ئەتە ئەتىگەن بىر غورا بىلەن يەيمەن، ئۆگۈنى يەنە بىر غورىنى يەيمەن، ئۇ دىلرەبا بىلەن خۇدا بۇيرۇسا ئىندىنلىقا تۇندە دىدار كۆرۈشىمەن. ‹سۇرە يۇسۇپ›نى ئۇمىد بىلەن ئوقۇغانلىقىمنىڭ خاسىيىتىدىن شۇنداق بولۇۋاتسا كېرەك ...» سەئىدخان بوشىغان قاچىلارنى سېۋەتكە سالدى. بويىنىدىكى تۇمارنى ئېلىپ ياغلىقىغا ئوراپ ئۇنىمۇ سېۋەتنىڭ بىر بۇرجىكىدە قويدى، سېۋەت تارتىلىپ زىندانىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى.

## 2

شاھبېكخان سەمەرقەنتكە كېلىپ كۆكسارايدا تەختكە ئولتۇردى ۋە ئالتە ئاينى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئەبۇ سەئىد مىرزا زامانىدا ھەشەمەتلىك ياسالغان بۇ سارايدا ھەم تەختتە ئولتۇرۇش، ھەم كاللا كېسىشتىن ئىبارەت ئىككى دەبدەبىلىك، قورقۇنچلۇق ئىش ئادا قىلىنىپ كېلىۋاتاتتى. سۇلتان مەھمۇدخاننى موغۇلىستانغا كەتكۈزۈۋېتىپ كۆچىيىپ قالغان شاھبېكخان كۆكسارايدىكى تەخت ئۈستىدە خۇراسان، خارەزىم، ئىران تەرەپلەرگە كەتكەن ئايغاقچىلاردىن ئۇچۇر كۈتۈپ خىيالغا چۆككەنىدى. «پۇرسەت كەلدى، ھۇسەيىن بايقارانى مەغلۇپ قىلىپ خۇراساننى ئىلكىمگە ئالسام، خارەزىم دەرۋازىسى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدۇ. خىسراۋ شاھمۇ كاللىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئالدىمغا كېلىدۇ ...»

— ئەي، شاھىم، ئەھمەد تەمبەل ئالىيلىرىغا تۇزكورلۇق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ، ئەندىجاندىن ئايغاقچى كەلدى، —

www.uyghurkitap.com

دېدى جانىبېك تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ.

شاھىبېكخاننىڭ ماڭلىيىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆمەر شەيخ مىرزا ۋاپات بولۇشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆز تەرىپىگە ئۆتكەن ئەھمەد تەمبەلگە بۇ چاغقىچە ئىشىنىپ كەلگەنىدى.

— نېمە دېدىڭ؟ ئەھمەد تەمبەل ھالىغا باقماي ماڭا قىلىچ كۆتۈرۈپتۇمۇ؟ — دېدى ئۇ سوغۇق كۈلۈپ، — ئۇنداق بولسا ئۆزۈم ئاتلىنىپ مەرھۇم ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ روھىنى بىر خۇش قىلىپ قوياي. بۈگۈن كەچ پۈتۈن لەشكەرلەر ئاتلانسۇن!

— خوپ، شاھىم.

جانىبېك ناماز دىگەرگە قالماي سەمەرقەنتتىكى بارلىق لەشكەرلەرنى ئاتلاندۇردى. ئۇلار تېرەك ياپراقلىرى تەڭگە بولغاندا ئاخسىغا يېتىپ كەلدى. ئەھمەد تەمبەلمۇ ئاتلىنىپ چىققانىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئاخسى ھاكىمى بايەزىدنى ئۆزىگە ھەمكارلاشتۇرۇ دەپ بىلەتتى، ئەمما ئۇنداق بولمىدى. شاھىبېكخان تەرەپتە تۇردى. جەڭ قاتتىق بولدى. جانىبېك قوشۇنىنىڭ خىللانغان قىسمىنى ئەھمەد تەمبەل لەشكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇن ئۆتكۈزۈۋالدى. ئىككى ئارىلىقتا قالغان ئەھمەد تەمبەل ئاخىر ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ شاھىبېكخان ئالدىغا ئەكېلىنگەندە پۈتى ۋە ئوڭ مۈرىسى زەخىملەنگەنىدى.

— سەن ئەزەلدىن ۋاپاسىز قول ئىدىڭ. ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەندەك، ئاللاتائالا ساڭا پادىشاھلىقنى نېسىپ قىلمىدى. ئۆلۈمۈڭ ئالدىدا بۇنىڭغا ئىقرارمۇسەن؟ — سورىدى شاھىبېكخان چىرايى قارىداپ كەتكەن ئەھمەد تەمبەلدىن.

— راست دېدىڭ، زالىم، — دېدى ئەھمەد تەمبەل كۆكرىكىنى كېرىپ، — مەن ئۆز پادىشاھلىقىمغا ئاسىيلىق قىلغانىدىم، بۈگۈن ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىمەن. قېنى چېپىپ تاشلا!

— بوينۇڭدىن ئەمەس، پۇتۇڭدىن چانايمەن. جاللات!

يۈزىگە قارا نىقاب تارتقان ئىككى جاللات ئەھمەد تەمبەلنى

سۈرەپ ئاچىقىپ، ئەسىر چۈشكەن لەشكەرلىرى ئالدىدا پۈتىدىن بېشىغىچە پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈردى.

شاھىبېكخان غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ سەمەرقەنتكە قايتماي ھىسار ۋە قۇندۇز تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئاتلىنىش ئالدىدا ئەندىجان دىيارىغا جانىبېك سۇلتاننى ھاكىم قىلىپ، سەئىدخاننى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

— بۇ جاھىل شاھزادىگە كۆز نۇرىنى كۆرسەتمەڭ، خۇراساننى ئالغاندىن كېيىن مۆمىن مىرزىدەك① بۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن ئۇنى قۇتۇلدۇرىمەن.

— خوپ، شاھىم.

جانىبېك سۇلتان سەئىدخان ياتقان زىندانغا كېلىپ، ئۇنى قاراڭغۇ زىنداندىن چىقاردى.

— شاھزادەم، ئەركىنلىككە چىقتىڭىز. ئەمدى مەن بىلەن ئەندىجانغا كېتىسىز.

سەئىدخان بۇ يۆتكىلىشتىن نېمە ئۈچۈندۇر خۇشال بولۇپ كەتمىدى.

— كەتمەيمەن! ئاخىردا قالىمەن، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن.

— كېتىسىز، شاھزادە، خاننىڭ ئەمرىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، — زەردە قىلدى بايەزىد قوڭۇر ساقىلىنى سىقىملاپ تۇرۇپ.

— مەن ئەھدىمنى بۇزالمايمەن، — سەئىدخاننىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

— كىم بىلەن ئەھدە قىلىشقانىدىڭىز؟ — سورىدى بايەزىد ھەيران بولۇپ.

— قىزىڭىز بىلەن.

— قايسى قىزىم بىلەن؟

---

① مۆمىن مىرزا — خۇراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارا چۈشۈرگەن يارلىققا ئاساسەن زىنداندا قەتل قىلىنغان.

— ئۇنى تېخى بىلمەيمەن.

— ياتلىق قىلمىغان بىرلا قىزىم بار. ئەگەر ئۇ شەرىئەت ھۆكمىگە خىلاپ ھالدا نامەھرەم بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بولسا كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلايمەن! — دېدى بايەزىد ساقاللىرىنى تىترىتىپ. ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرىگە قان تولدى.

سەئىدخان ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىردىنلا سېزىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ باغرى تاش ئاتا ئالدىدا قىزىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس گۆدەكلىك قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ، يەنە لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى.

— جانىبېك سۇلتان، بۇ شۇم ئىغىر بەچچىنى ئەكېتىۋېرىڭ، بىنومۇس قىزىمنىڭ جازاسىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

بايەزىد زىنداندىن ئوردىغا كېلىپ ئەڭ كىچىك قىزى گۈلسۇرۇخنى ئالدىغا چاقىردى. بۈگۈن كېچە سەئىدخان بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئىمكانىيىتى بىلەن تەييارلىق قىلىۋاتقان قىز ئەجەبلىنىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىردى.

— سەن سەئىدخاننى بىلەمسەن؟

قىزنىڭ يۈزى شەپەقتەك قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى.

— خۇدا ھەققى، راست گەپ قىل. سەئىدخاننى بىلەمسەن؟

— ئاللا ماڭا بىلدۈرگەن، ئاتا، — پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى قىز.

— ئۇنىڭ بىلەن ئەھدە قىلىشقانمۇ؟

— بىز يۈزتۇرا ئەھدە قىلىشقان ئەمەس.

— شۇنداق دېگىن، — دېدى بايەزىد، — ئۇ قىزىنى ئۆزى ئىخلاس قىلغان بابۇر مىرزىغا ياتلىق قىلىشقا ئەھدە قىلغانىدى. شۇنى ئېسىگە ئېلىپ سورىدى:

— قانداق ئەھدە قىلىشقان؟

— بۈگۈن كېچە ئۇچرىشىشقا.

— قانداق ئۇچرىشىشقا؟

— بۇنى ئېيتالمايمەن، — قىز ئاتىسىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ناھايىتى ئوبدان، قىزىم، سەن ئۆز بەختىڭنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، ئىستىقبالىڭنىمۇ يوقاتتىڭ. خەير، بۇمۇ تەقدىر، جاللات !

كۆك كىيىملىك، يۈزىگە نىقاب تارتقان دوغلاق بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا تىز چۆكتى.

— بۇ شەرمەندىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قوي، — دېدى بايەزىد قەھرى بىلەن خىرىلداپ، — قۇشخانىغا تېز ئاچىق !

— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ ئانا ... ئانا ... — گۈلسۇرۇخنىڭ نالىسىگە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.

جاللات ئۇنىڭ قارا چاچلىرىدىن قاماللاپ سۆرىگىنىچە «قۇشخانا» دەپ ئاتىلىدىغان، ئادەمنى ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۆيىگە ئەكىردى. ئۆي ھاكىم ئوردىسىنىڭ يان تەرىپىدە بولۇپ، ئەتراپىنى ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر ئوراپ تۇراتتى. ھېچقايسى پادىشاھقا بويسۇنۇشنى خالىمايدىغان بايەزىد ئۆزىگە قارشى چىققان ھەرقانداق ئادەمنى كەچۈرمەيتتى، ئاخىرىغا پادىشاھتەك ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىنى ياش - قېرى دېمەي قارىماي ئۆلۈمگە بۇيرۇيتتى. پادىشاھ بابۇر مىرزىغا ئاتاپ قويغان قىزىنىڭ نومۇسسىزلىقى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ غەزەپ - قەھرىنى ئاشۇرغانىدى. مۇدۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان قىزىغا قاراپ، يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزىدىن ئاققان ياشنى يەڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، «تەقدىرنىڭ شۇنداق ئىكەن، شۇم !» دەپ ئولتۇرۇۋالدى.

## 3

جاللات ئاستا ماڭدى. ئۇ بايەزىدنىڭ ئۆز قارارىدىن يېنىپ دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ قىزنى ياندۇرۇپ كېتىشىنى ئۈمىد

قىلاتتى. بۇ كەمگىچە كۆپ ئادەملەرنىڭ بېشىنى كەسكەن بولسىمۇ، بۇ گۈزەل قىزغا كەلگەندە جاللاتنىڭ باغرى يۇمشاپ قالدى. ئۇ كەينىگە قاراپ ـ قاراپ، گۈلسۇرۇخنى قاراڭغۇ قۇشخانىغا ئەكىردى. بۇ ئۆي گۆردەك جىمجىت ھەم سۈرلۈك ئىدى. جاللات ئەتراپقا سەپسېلىپ، تىترەپ تۇرغان قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى قايرىدى. «ئاھ، خۇدا، نېمىدېگەن لەۋەن نازىنىن قىز بۇ! ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغۇچە، پىقىرغا خوتۇن بولۇشنى راۋا كۆرسەڭ بولماسمىدى؟ دۇنيادا مەن مۇنداق گۈزەل قىزنى كۆرۈپ باقمىغان ...» ئۇ ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ سۈرلۈك چىرايىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان غەلىتە تەبەسسۇم پەيدا بولدى ۋە قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ ياشلىق يۈز ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. گۈلسۇرۇخ ئۇنىڭ ساقال باسقان يۈزىگە چاڭڭىدە بىر تەستەك ئۇردى.

— ھەي، قارا كۆڭۈل نامەرد، ھوشۇڭنى يىغىپ، ئاتامنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىل!

جاللات شاپىلاق تەگكەن مەڭزىنى سىلاپ ھىجايدى.

— مەلىكەم، باغرى تاش ئاتىڭىزنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغۇم يوق. سىزنى يىراقلارغا ئەكىپتەي دەيمەن. ئەمدى سىز ئازاد! — جاللات ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ قىيا ئوچۇق ئىشىك تەرەپكە تارتتى.

— ئىپلاس قولۇڭنى پاك تېنىمگە تەگكۈزگۈچى بولما. ئەبلەخ! — دېدى قىز قولىنى تارتىۋېلىپ، — ئاتامنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىساڭ بېرىپ ئېيتىمەن، — گۈلسۇرۇخ ئىشىك تامان ماڭدى. جاللاتنىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ، لەۋلىرى تىترەپ ئاغزىغا سۆز كەلمەي قالدى. ئۇ قىزنىڭ قارا چاچلىرىدىن تۇتۇپ بىر تارتىپلا يەرگە ياتقۇزدى. «ئىشىكنى ئەجەب ئەتمەپتىمىنا!» دېدى ئۇ پىچىرلاپ. ۋەھىمە باسقان ھالدا بىر قولى بىلەن قىزنىڭ پېشانىسىنى يەرگە قاتتىق بېسىپ، ئالماس زۇننار ئېسىلغان بويىنىغا كۆز تىكتى. قاپقارا كىرپىكلەر

يۇمۇلغان، پەقەت گۈل ياپرىقىدەك لەۋلىرى تىترەپ، بويۇن تومۇرلىرى لىپىلداپ تۇراتتى. جاللات گەز باغلاپ كەتكەن يىرىق كالپۇكىنى يالاپ، ئۇنىڭغا خەنجەر ئۇرۇش ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم سۆيۈۋالماقچى بولۇپ ئېڭىشتى. شۇ چاغدا ئىشىكتىن يۈزىگە نىقاب تارتقان بىر يىگىت ئېتىلىپ كىرگىنىچە جاللاتنىڭ ئىككى تاغىقى ئارىسىغا خەنجەر ئۇردى. جاللات ئاغرىقتىن تولغىنىپ - تولغىنىپ يېنىچە يىقىلدى، ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىپ، خارتىلداپ يۇت ئېتىشقا باشلىغاندا نىقابلىق ئادەم گۈلسۈرۈخنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. قىزنىڭ ئۇزۇن قارا كىرپىكلىرى بىر ئېچىلىپ، بىر يېپىلىپ ئاخىر بىراقلا ئېچىلدى. ھايات چىرىغى پاللىدە يېنىپ، ئالدىدا تۇرغان نىقابلىق ئادەمنى ۋە يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان جاللاتنى كۆردى.

— سىز سەئىدخانمۇ؟ مېنى كېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىڭىزنى ئاللادىن تىلىگەنىدىم، — دېدى ئۇ ھالسىز ئۈن بىلەن.

نىقابلىق ئادەم نىقابىنى ئېلىۋەتتى. قىز بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان نەۋقىران بەستلىك يىگىتنى كۆردى. «سەئىدخان شۇ! ... ئاھ، خۇدا! ئۇنى مېنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتىپسەن ...»

— مېنى بۇ قۇشخانىدىن تېز ئەكېتىڭ، شاھزادە.

يىگىت سەل ھەيرانلىقتا قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تىكىلگىنىچە قۇشخانىدىن چىقتى. تېرەككە باغلاپ قويغان چىلان تورۇقنى يەشتى - دە، سەكرەپ مىنىپ قىزنى ئالدىغا ئالدى.

— چۇھ، جانىۋار!

ئات ئۇچقاندەك چېپىپ، ئۇزاق ئۆتمەي دەرەخلەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# ئون ئالتىنچى باب

# ئانا دۇئاسى

— شاھزادە، مەن شاھىبېكخاندەك قانخور ئەمەسمەن، يېنىمدا ئەركىن ـ ئازادە، قەدىر ـ قىممىتىڭىز بىلەن تۇرىسىز، ئىشىنەمسىز؟

— ياق، جانىبېك ئاغا، ئىشەنمەيمەن. سۇلتانلارنىڭ قان ئاقتۇرمايدىغىنى يوق. مەنمۇ سۇلتان بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىمەن. شۇنداق ئىكەن، قانداقمۇ قان تۆكمەي سۇلتان بولالايمەن؟ قان تۆكمەيدىغان سۇلتان دۇنيادا يوق.

— شاھزادە، سۆزىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق، قان تۆكمەيدىغان سۇلتاننىڭ يوقلۇقى بىشەك راست. ئەمما، قانخورلۇق بۇ باشقا. شاھىبېكخان باشقىلارنىڭ قېنىنى تۆكمەكتە، ئاقىۋەت ئۆزىنىڭمۇ قېنى تۆكۈلىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ يېقىن سەركەردىسى بولساممۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر يولدا ئەمەسمەن. بۇنى چۈشىنىپ قالىسىز. ئەندىجانغا بارغاندا سىزنى ئۆز بالامدەك ئاسرايمەن.

جانىبېك سۇلتان سەئىدخاندىن جاۋاب كۈتمەي، ئات چاپتۇرۇپ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. شاھزادە تىزگىننى تارتىپ ئاتنى توختاتتى. «ئۇ قىزنىڭ ھالى نېمە بولغاندۇ؟ راستلا ئاتىسى ئۇ قىزنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟ ئەجەب ئامالسىز بولۇپ قالدىما؟ ئۇنى شۇ ھالدا تاشلاپ كېتىشىم نامەردلىك بولماسمۇ؟» ئۇ ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ قامچا ئۇردى. ئەمما، جانىبېكنىڭ بىرقانچە بەگ ـ سىپاھلىرى توسۇۋالدى.

— شاھزادە، ئارقىغا قايتسىلا، بولمىسا ناھەق ئۆلۈمگە ئۇچرايدىلا، — دېدى تېز يېتىپ كەلگەن جانىبېك سۇلتان، — سائادەت ئالدىلىرىدا.

— مەن ئۇ بىگۇناھ قىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزۈم ھايات قالسام خۇدا راۋا كۆرەرمۇ، جانىبېك ئاغا، — چېكە تومۇرلىرى كۆپكەن سەئىدخان «يولۇمنى توسمىسىلا !» دېگەن مەنىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— جانابىي ئاللا راۋا كۆرمىگەن بولسا، سىلى شۇ يەردىلا قەتل قىلىناتتىلە، شاھزادە. ھالبۇكى، ئۇ قىزنى ئۆز ئاتىسى بولغان بايەزىدنىڭ ئۆلتۈرۈشىمۇ ناتايىن. بۇ يەردىكى سىر ـ ھېكمەت ئالدىمىزدىكى مەنزىللەردە ئېچىلىغۇسى. ئاللا ماڭماي ئارقىغا يېنىش ئاللانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ.

سەئىدخان ئامالسىز ئېتىنى كەينىگە بۇراپ ھېچكىمگە سۆز قىلماستىن يەنە ئەندىجانغا يول ئالدى. جانىبېك ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن خوجا ئەلى باشچىلىقىدا يەتتە ـ سەككىز ياساۋۇلنى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىززەت ـ ئىكراملىق تۇتقۇن بولۇپ ئەندىجانغا كەلدى. مەرھۇمە مومىسى ئىسان دەۋلەت بېگىمنىڭ تاشلىنىپ قالغان بېغىدا تۇردى. ھەر كۈنى «سۈرە يۇسۇپ»نى ئوقۇشنى تەرك ئەتمىدى، ھېچكىمگە ئارىلاشمىدى. ئاتا ـ ئانىلىرىدىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىنمۇ خەت ـ خەۋەر ئالالمىدى. ئۇ ئۆزى ئېتىكىگە تىللا تاشلاپ بەرگەن شوخ قىز بىلەن ئۆزىگە غايىبانە ئاشىق بولغان بايەزىدنىڭ قىزىنى ئويلاپ كۈنلەرنى خامۇش ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭغا قاراۋۇلتقان ياساۋۇل خوجا ئەلى شارابخور ئادەم ئىدى. ئۇ سەئىدخاننى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. گاھىدا: «بۇ يىگىت پادىشاھ بولۇپ قالسا مېنى ۋەزىر قىلارمۇ؟» دېگەن ئىستەك ئۇنىڭ كۆڭلىدە شېرىن خىياللارنى پەيدا قىلاتتى.

— شاراب خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك، ئادەم كۆڭلىدىكى غەمنى سۇغۇرۇۋالىدۇ. شاھزادەم، شاراب ئىچكەيلا، ئىشلىرى

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بىلەن ئۇكىشىلىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس، ــ دەيتتى ئۇ پات ـ پات سەئىدخانغا ئۇزۇم شارابىدىن قۇيۇپ بېرىپ، كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. جانىبېك ھېسارنى ئېلىپ قۇندۇزغا يۈرۈش قىلغاندىمۇ شارابقا ئۆگىنىپ قالغان سەئىدخاننى ئۆز يېنىدىن ئايرىمىدى، ئەمما جەڭگە قاتناشتۇرمىدى. سەئىدخان خۇددى قەپەسكە سولانغان لاچىندەك ئىچى سىقىلىپ زۇۋان سۈرمەس بولۇۋالدى، موغۇلىستانغا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىش ئۈچۈن خۇپىيانە ھەرىكەت قىلدى. خوجا ئەلى ئەسىر چۈشۈپ جانىبېك لەشكەرلىرىگە قوشۇۋېتىلگەن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ نۆكەرلىرىدىن ئون يەتتە ئادەمدىن سىلىق ـ سىپايىلىك بىلەن گەپ ئېلىپ مەقسىتىنى بىلىپ، ئۇلارنى سەئىدخان بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ئۇچراشتۇردى. سەئىدخان بۇ قېرىنداشلىرىغا چىن قەلبىدىن:

— ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن، قېرىنداشلىرىم، يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەي دېدى. دۈشمەن ئىسكەنجىسىدىن قېچىپ قۇتۇلماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەن. ماڭا ھەمراھ بولۇشنى خالىساڭلار سىلەرنى خەلقئالەم ئالدىدا يەرگە قاراتمايمەن، — دەپ قەسەمياد قىلدى.

— شاھزادەمگە جېنىم پىدا، — دېدى ئۆزىنى سەئىدخانغا سادىق بىلگەن خوجا ئەلى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

## 2

سەئىدخان جانىبېك سۇلتاننىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۇ قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىلاتتى. شۇنداق يول يۈرۈپ كۆپ ئادەملەر بىلەن تونۇشتى، سىرداشتى. ھېساردىن قۇندۇزغا كېتىۋاتقاندا خوجا ئەلى ئۇنىڭغا ئىچ ـ باغرىنى تۆكۈپ دېدى:

— مىرزا ئابابەكرى ئاقسۇنى بېسىۋالغاندا، ئاتا ـ ئانام

قوشۇلۇپ نەچچە مىڭ ئادەمنى بوغۇزلىتىپ، ئاققان قاندا تۆگمەن چۆرۈگەن كېچىسى ئۇشقا قېچىپ كەتكەنىدىم. ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي سىرىقول، قاراقول تەرەپلەرگە باردىم. ئاخىر ئەندىجانغا كېلىپ بالىچاقىلىق بولۇپ تۇرۇپ قالدىم، شاھزادە. بۇ يەردە كۈنۈم خېلى ئوبدان ئۆتتى. مەن سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىغا نۆكەر ئىدىم. ئارزۇيۇم سۇلتاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ بەگ بولۇش، سەردار ـ ئەمىر بولۇش ئىدى. سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا يار ئۈستىگە سېلىنغان پادىشاھ كەپتەرخانىسى تۈيۈقسىز گۈمۈرۈلۈپ قازا قىلغاندىن كېيىن ئالەم مالىمانلىشىپ كەتتى. شېرىن ئارزۇلىرىم سۇغا چىلاشتى. ئەندىجان قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇردى. بىر كۈنى نامەلۇم بىر توپ ئادەم ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرىپ «سەن ھىيلىگەر ئالدامچى، قانچىلىغان ئادەمنى سۇلتانغا چېقىپ نابۇت قىلدىڭ. ئەمدى ئۇلارنىڭ قىساسى سېنى تۇتتى ئەبلەخ !» دەپ ھاقارەتلەپ، كۆز ئالدىمدا ياش، ئامراق ئايالىمنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈردى. ئىككى نارەسىدە بالامنىڭ چاترىقىنى كېرىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. مېنى باغلاپ نالە ـ زارىمغا قارىماي دەرياغا تاشلىۋەتتى. «ئادەمنىڭ ئەجىلى توشمىسا تۆگمەن كولىسىدىن ساق چىقىدۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن. دەريادا ئېقىپ بېرىپ بىر توسمىغا ئۇرۇلدۇم، قارىسام سال ئىكەن. سالچى مېنى سۇدىن تارتىپ چىقاردى. «سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئىكەنسەن، شۇنچە ئۇلۇغ سۇدا قولۇڭ باغلاقلىق تۇرۇپمۇ ئۆلمەپسەن» دېدى. مەن ئاللاغا شۈكۈرلەر قىلىپ سەمەرقەنتكە باردىم. ئۇ يەردە شاھىبېكخاننىڭ ياساۋۇللىرى تۇتۇۋالدى. «شاھلارنىڭ شاھى سۇلتان مۇھەممەد شاھىبېكخانغا نۆكەر بولۇش ئۈچۈن ئەندىجاندىن كەلدىم» دەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ مېنى جانىبېككە تاپشۇردى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتىمەن. شاھزادە، سىلى مەن تۇغۇلغان ئەلنىڭ خانىغا ئوغۇل ئىكەنلا. ئىرادىلىرى كۈچلۈك، ئارزۇ ـ تىلەكلىرى يۈكسەك ئىكەن. قەيەرگە باشلىسىلا شۇ يەرگە بارىمەن، سۆزۈمدە

تۇرمىسام بۇ ئالەمدىمۇ تۇرماي.

خوجا ئەلى قەسەم بىلەن سۆزىنى تۈگەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرمۇ قەسەم ئىچىشتى.

— ئاللاغا تەۋەككۇل، بۈگۈن كېچە جانىبېك ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قۇندۇزغا بارايلى. ئۇ يەردە سۇلتان مەھمۇد مىرزىنى بۇلارنىڭ بېسىپ كېلىۋاتقىنىدىن ئاگاھلاندۇرايلى. بىز بىلەن بىللە شاھىبېكخانغا قارشى جەڭ قىلىشنى خالىسا بىللە جەڭ قىلىمىز، خالىمىسا ئاللا دىلىمىزغا سالغان ئەقىل بىلەن ئىش قىلىمىز.

خوجا ئەلى باشلىق ئون يەتتە نۆكەر سەئىدخاننىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جانىبېك ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە مېڭىشتى.

كەچ كىردى، ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. بىر ئېقىن بويىدا جانىبېك بارگاھ قۇرۇپ ئەسكەرلىرىنى ئارام ئېلىشقا بۇيرۇدى. يول يۈرۈپ ھارغان ئەسكەرلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىشتى. يېرىم كېچە بولغاندا سەئىدخان ئورنىدىن قوپتى. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ تەييار بولۇپ تۇرغانلىقىنى خوجا ئەلىدىن ئۇقتى.

— شەپە چىقارماي ئاتلىنىڭلار، — بۇيرۇدى سەئىدخان.

— مەن يول بىلىمەن، سىلەرنى چىغىر يول بىلەن قۇندۇزغا ئۆزۈم باشلاپ بارىمەن.

خوجا ئەلىنىڭ كەينىدىن ئون يەتتە كىشى بىر - بىرلەپ يولغا چۈشتى. تاڭ ئاتقۇچە ئۇلار خېلى يىراقلاپ كەتتى. ئاتلىرى قارا تەرگە چۆمۈلدى. ئاتلىقلار شۇنداق تېز مېڭىشتىكى، قورساق ئاچقاندا ئات ئۈستىدىلا غىزالىنىپ ھېچ يەردە توختىماي بىرنەچچە كۈن يول يۈردى. ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا، قۇندۇزغا قايسى مەھەلدە كەلگىنىنىمۇ بىلىشەلمىدى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە ياساۋۇللار ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋالدى ۋە سەئىدخاننىڭ تەلىپى بىلەن ئوردىغا ئەكەلدى. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقاچقا، سەئىدخاننى تونۇمىدى. ئۇنىڭ باش ۋەزىرى

بولغان خىسراۋ شاھ سەئىدخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆلۈپ قويدى. سەمرىپ تەكىيىدەك قورساق سالغان بۇ ۋەزىر سوغۇق نەزەر بىلەن:

— سۇلتانىمىز مەھمۇد مىرزا ئىنغىر كىسەل، جەڭ قىلىشقا قۇدرىتىمىز يەتسىمۇ، سۇلتانىمىزنى بىئارام قىلىشقا جۈرئىتىمىز يەتمەيدۇ. بىز شاھىبېكخان بىلەن سۈلھى قىلىمىز. قايسى يول بىلەن كەلگەن بولساڭلار شۇنداق قايتىڭلار، بولمىسا پېشكەللىككە ئۇچراپ قالىسىلەر، — دېدى قوغلىغاندەك دوق قىلىپ.

سەئىدخان سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ خانىشى بولغان ھاممىسى سۇلتاننىگار خېنىم بىلەنمۇ كۆرۈشەلمەي شۇ كۈنى كېچىسى يولغا چىقىپ كەتتى. جانىبېك سۇلتاننىڭ شۇ كۈنى ھىسارنى ئالغانلىق خەۋىرىنى ئايغاقچىلاردىن ئىشىتكەن خىسراۋ شاھ سەئىدخاننىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. ئۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ بۇرۇنراق ئۆلۈشىنى ئارزۇلىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا سەل قارىغانىدى.

سەئىدخان ھەمراھلىرى بىلەن شۇ مېڭىشىدا يىگىرمە يەتتە كۈن يول يۈرۈپ تاشكەنتكە كەلدى. سودىگەرلەر قىياپىتىدە ياسانغان سەئىدخان تاشكەنتكە شاھىبېكخاننىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەخشىد توختامىغا ئەمەل قىلىپ ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاقسۇدا ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنىمۇ ئاڭلىدى. ئۇ قارا كېچىدە بوۋىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ مەقبەرىسىگە چىقىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ قاتتىق يىغلىدى، ئاتىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. ئانىسى بىلەن سالامەت دىدار كۆرۈشۈشنى تىلەپ ئىلتىجا قىلدى. ئۇ تاشكەنتتىن دەرھال كېتىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ ھەمراھلىرى بىلەن تاڭ سەھەردە ئاتلاندى. تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئۇچرىشىشقا شۇنداق ئالدىرىدىكى، ئاتلىرىنى

www.uyghurkitap.com

سوْغىرىدىغان چاغدىلا توختىتىپ، باشقا چاغدا دەم ئالىماي مېڭىشتى. شوْنداق قىلىپ، كۆل ـ دەريا، تاغ ـ داۋانلاردىن ئۆتۈپ ئىسسىقكۆلگە يېتىپ كېلىشتى. سوْلتان مەھموْدخان ئاتىنى ئاق كىگىز ئۆيدە ئوْلارنى كوْتوْۋالدى. سەئىدخان باشتىن كەچوْرگەنلىرىنى قويماي ئېيتىپ بەردى.

— بەس، جىگىرىم، تولىمۇ نادانلىق قىپسەن، ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپ بوسوْغامغا ئامان يېتىپ كەپسەن. ئەمدى ئاناڭنىڭ قېشىدا ئارام ئال. ئاتاڭ قازا قىلدى، ئاكاڭ مەنسۇرخان ھەرگىزمۇ ساڭا موغۇلىستان شاھلىقىنى بەرمەيدۇ. مېنى پاناداپ كەلگەنىكەنسەن، بۇ يەر خىلۋەت، باشقا ئويدا بولماي ئىستىقامەت قىل، شاھىبېكخان بىلەن جەڭ قىلىش كويىدا بولما! بىز جەڭ قىلىپ كۆردۇقمۇ؟ ئۇنى يەڭگىلى بولمايدۇ... سېنى ئۆيلەپ قوياي، قوزام، بۇ يەردىكى ئەلۋەك ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈر.

سەئىدخان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بۇ شۆھرەتلىك خان تاغىسىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. «شۇنداق قورقۇنچاق دۆت ئادەممۇ پادىشاھ بولۇپ نام چىقىرىدىكەنە! توۋا قىلدىم!» دېدى ئۇ كۆڭلىدە.

— رەھمەت، تاغا، ئاللا ئىگەم مېنى جەڭ ئۈچۈن ياراتقان بولسا كېرەك، بۇ ئىرادەمدىن يانالمىغۇدەكمەن، مېنى كەچۈرگەيلا.

ئۇ باشقا گەپ قىلماي ئىتتىك چىقىپ كەتتى. خان غودۇرىغىنىچە چەكچىيىپ قالدى، خاس نۆكىرى مەقسۇد ئەلگە:

— سەئىدخان بىرەر ئىش تېرىپ قويمىسۇن يەنە، ئويدان كۆزەت، — دەپ ئەمر قىلدى.

## 3

نەجىبە سۇلتان خېنىم جايناماز ئۈستىدە ئولتۇراتتى. سەئىدخان كىرىپ كەلگەندە ئۇ كۆزىگە ئىشەنمەي، ئاۋازىنىمۇ

چىقىرالماي ھاڭۋىقىپ ئولتۇرغىنىچە بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ، قاپىقى ئاستىدىكى قورۇقلار كۆپەيگەنىدى.

— ئانا! ... ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا! دۇئالىرىڭنىڭ بەركاتىدىن سالامەت كەلدىم، يىغلىمىسۇنلار.

سەئىدخان يۈكۈنۈپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا باش قويدى. ئانا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— ئوغلۇم، بالام ... ئاتاڭ ئىسمىڭنى تووۋلاپ تۇرۇپ جان ئۈزدى. ئاكاڭ مەنسۇرخان شۇنچە قىلسىمۇ، ئۇنىڭ يېنىدا قالماي سېنى دەپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئەمدى مېنى تاشلاپ كەتمە، تويۇڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، — ئۇ ئوغلىنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ، پېشانىسىغا سۆيدى.

— ئاللا مېنى جەڭ ئۈچۈن ياراتقانىكەن، سىلىمۇ مېنى جەڭ ئۈچۈن تۇغقان ئوخشايلا، ئانا. ئۇلۇغ دىيارىمىز پارچىلىنىپ تۈگەپ كەتمەكتە، بۇنىڭغا چىدىماي قېلىۋاتىمەن. دۇئا بەرسىلە، پارچىلانغان، خاراب بولغان ۋەتىنىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىم ئۈچۈن دۇئا بەرسىلە، ئانا! مەن بۇ يەردە تۇرالمايدىغان ئوخشايمەن. زەپەر قۇچۇپ ئاتام روھىنى خۇش قىلاي. دۇئا بەرسىلە، ئانا! ...

سەئىدخان ئەجىبە سۇلتان خېنىمنىڭ قۇچىقىدىن باش كۆتۈرمەي رازىلىق بېرىشىنى ئۆتۈندى.

— ئۇياقتىن كېلىپ، بۇياقتىن كېتىشىڭنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ! ئاناڭنىڭ لەۋزىنى ئالمامسەن؟

— ئالىمەن، ئانا، ئۇنداق بولسا مەيلى ئاياغلىرى ئاستىدا جان بېرەي.

سەئىدخان ئۆزىنى تۇتالماي شۇنداق يىغلاپ كەتتىكى، پۈتۈن ئەلەم - ھەسرەتلىرىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تۆكتى.

— بالام، نېمىشقا مۇنچە يىغلايسەن؟ كەتمىسەڭ بولمامدۇ؟

— بۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇنداق يىغلىمىغانىدىم، ئانا. بۈگۈن

نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. بىر ياقتا مىرزا ئابابەكرى، يەنە بىر ياقتا شاھبېگخان. مەن بۇ يەردە قالسام ئىككى تاش ئارىسىدا مىجىلىپ كېتىمەن. رۇخسەت بەرسىلە، مەنمۇ تاشقا ئايلىنىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشاي، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئالاي. تۇغلۇق تۆمۈرخان، يۇنۇسخان بوۋاملارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى، دۇئا بەرسىلە، ئانا!

نەجىبە سۇلتان خېنىم ئاقئۆيىنىڭ يورۇق چۈشىدىغان تۈڭلۈكىگە كۆز سالغىنىچە، دېدى:

— مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئوغلۇم، سېنى ماڭغان يولۇڭدىن قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. دۇئا بەرمىسەم بوۋىلىرىڭنىڭ روھىنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئوخشايمەن. دۇئا بېرەي: ئەي، قارىغۇغا يولنى بىلدۈرگەن، گاسنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن ئاللا، ئوغلۇم سەئىدخاننى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم. دۈشمەنلىرىگە غالىب كەلگەنلەر جۈملىسىدىن قىلغىن، پەس ئارزۇ ـ ھەۋەس، يامان نىيەتتىن كېچىپ، ھۆرمەت ـ ئىززەتكە سازاۋەر بولغان ئەزىمەتلەردىن بولۇشقا نېسىپ قىلغىن. قەرز ئالمىغان، ئالسىمۇ بېرىپ تۈگەتكەن راستچىل بەندىلەرنىڭ يولىغا باشلىغىن. زىنھار زالىم بەدكارلاردىن قىلمىغىن. ئادىل، مەرد، سېخىي، خەلقىگە غەمخور، باھادىر شاھ بولۇش ئارزۇسىغا يەتكۈزگىن. ۋاپادار، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان قىلغىن. ئامىن!

ئانىسىدىن دۇئا ئالغان سەئىدخان شۇ كېچىسى ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى. ئۇ ئەمدىلا يەتتە ـ سەككىزلەرگە كىرگەن سىڭلىسى مۇھىببە سۇلتان خېنىم بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدا ياتتى.

ئىسسىقكۆل ھاۋاسى نېمىدېگەن ساپ، يېقىملىق ـ ھە!... بولۇپمۇ ئاقئۆيگە تۈڭلۈك، كۆزنەكتىن غۇرۇلداپ كىرگەن يايلاق ھاۋاسىنى قېنىپ سۈمۈرۈپ ئۇخلاش نېمىدېگەن ھوزۇرلۇق...

سەئىدخان ئانىسىنى پۇراپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

نەجىبە سۇلتان خېنىم كېچىچە كىرپىك قاقماي ئوغلىغا قاراپ ئولتۇردى. دەممۇدەم قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ ئۇزۇن ئۆمۈر، نۇسرەت تىلىدى.

سەئىدخان شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسسىقكۆل بويىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئاتىسىغا سادىق، ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بەگ، سەردار، سەرۋازلار بىلەن ئۇچراشتى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا شاھ مىرەك، ئۆچكۈ مۇھەممەد مىرزا، قارا قۇلاق مىرزا، خۇشكەلدى كوكۇلداش، ئەزىز بەردى ئاغا قاتارلىق ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۇنىڭغا ساداقەت بىلدۈردى. سۇلتان مەھمۇدخان سەئىدخانىنىڭ يۈرت ئارىلاپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بولغان نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇنى سەزگەن سەئىدخان ئانىسىنىڭ يېنىدا يەنە بىر كۈن ياتتى. نەجىبە سۇلتان خېنىم ئۇنى تاڭ ئاقارماستىن ئۇزىتىپ قويدى. خوجا ئەلى قاتارلىق ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم چولپان تۇغقاندا ئىسسىقكۆل بويىدىن ئۇزاپ، سۇلتان مەھمۇدخان نۆكەرلىرىدىنمۇ، شاھبېكخان لەشكەرلىرىدىنمۇ، مىرزا ئابابەكرى سىپاھلىرىدىنمۇ ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ پەرغانە دىيارىغا ئۆتۈپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى.

## 4

سەئىدخان گۈلچىمەنلىك دەريانى ياقىلاپ كېتىۋېتىپ بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن شەربەت ئىچكەن باغقا كۆزى چۈشتى. ئۇ:

— خوجا ئەلى ئاكا، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ، ئاۋۇ باغقا كىرىپ ئالما يەپ ماڭساق قانداق؟ نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئۆي تامىقى يېمەي قۇرۇپ كەتتۇق ئەمەسمۇ؟ — دېدى - دە، ئۇنىڭ جاۋابىغا قارىماي كىيىملىرىنى سېلىپ تامبال بىلەن سۇغا سەكرىدى.

www.uyghurkitap.com

— شاھزادەم، بۇ قانداق قىلىق؟ — ئاچچىقلانغان خوجا ئەلى باتۇر ئىلاجسىز ئۆزىمۇ كىيىملىرىنى سېلىپ كۆتۈرگىنىچە سۇغا كىردى.

سەئىدخان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، بىر قولىدا كىيىملىرىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا پاقىچىلاپ ئۈزۈپ قىرغاققا چىقتى. سۇ خېلىلا سوغۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە غۇرۇلداپ تۇرغان كۆز شامىلىمۇ ئۇنى توڭدۇردى، كىيىملىرىنى ئىتتىك كىيىپ قاشا يېنىغا كەلدى. چوغدەك قىزىرىپ پىشقان ئانار، ئالما ۋە كۆزلۈك شاپتۇللار ئۇنىڭ كۆزلىرىگە گۈل كۆرۈندى. باغدا ئادەم يوق ئىدى. ئۇ قاشانىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ باغقا كىردى. شۇ چاغدا پېشايۋانلىق ئۆيدىن بىر ياش ئايال كوزا كۆتۈرۈپ چىقتى. قارا قاش، سۇمبۇل چاچ بۇ ئايال ناتونۇش كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ رومىلى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، سورىدى:

— كىم بولىسىلا؟

— مەن سەئىدخان بولىمەن، بوۋامنى يوقلاپ كەلدىم.

— سەئىدخان؟! — ئايال چىرقىراپ كوزىنى تاشلىۋەتتى. شۇ چاغدا باغدىكى ئۆيلەردىن بىرنەچچە ئەر - ئايال، بالىلار ھەم موكچەيگەن بوۋاي ئالاقزادە بولۇشۇپ چىقىشتى.

— نېمە بولدى، خان قىزىم؟ — سورىدى بوۋاي.

— مەن ... مەن ... سەئىدخان ... بىلمىدىم، — دېدى كوزىنى تاشلىۋەتكەن ئايال يىغلامسىراپ.

— گۈلسۇرۇخ بانۇ، ئەزىزىم، نېمە بولدىڭىز؟ — تەمبەل بىر يىگىت ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قارا چاچلىرى يېپىلىپ تۇرغان يەلكىسىنى تۇتتى.

— گۈلسۇرۇخ بانۇ؟ — دېدى پىچىرلاپ سەئىدخان، «نېمە ئىشتۇ بۇ؟ مەن قەيەرگە كېلىپ قالدىم؟»

ئۇ خىيالغا چۆكۈپ تۇرغاندا قۇلىقىغا بىر تونۇش ئاۋاز ئىشىتىلدى:

— ئاھ، خۇدا! بۇ ئاشۇ تۇتقۇن شاھزادىغۇ، بوۋا، ئۇ ھايات

ئىكەن ...

سەئىدخان قاراپ قېتىپ قالدى. بەش يىل بۇرۇن ئېتىكىگە تىللا تاشلاپ بەرگەن بەرنا قىز ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. سەئىدخان دائىم خىيالىدا ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەن قىزنى كۆرگەنىدى. مېۋە يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، قىزنى كۆرۈش ئۈچۈن دەرىيادىن ئۆتكىنى راست ئىدى.

بوۋايمۇ سەئىدخاننى تونۇدى.

— شاھزادەم، ئۆيگە مەرھەمەت.

— مەن ھازىر شاھزادە ئەمەس، ئاتا، — دېدى ئۇ. — بالام دەۋەرسىلە. — باياتىن ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان خوجا ئەلى باتۇرمۇ ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، سەئىدخاننىڭ كەينىدىن ساراي ئۆيگە كىردى.

— مانا بۇ ئوغلۇم قاناتبەگ، — تونۇشتۇردى بوۋاي ئۆزىگە ياندىشىپ كىرگەن قاۋۇل، بەردەم يىگىتنى كۆرسىتىپ، — بەش يىل بۇرۇن ئاخسى ھاكىمى بايەزىدنىڭ قىزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ كېلىپ، توي قىلىپ ئۇنىڭدىن بىر بالىلىق بولدى.

سەئىدخان ھەيران بولدى. «قىز ئۆلتۈرۈلمىگەنىكەن، بۇ يىگىت قانداق قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەندۇ؟ ...»

— مەختۇمە قىزىم، مېھمىنىمىزغا ئانار شەربىتى ئەكىرگىن، — توۋلىدى بوۋاي نەقىش چېكىلگەن ئوچۇق ئىشىككە قاراپ، ئاندىن ئوغلىغا دېدى، — تۇرغىن، ئوغلۇم، قۇربانلىققا ئاتاپ بوردىغان قوچقارنى سويغىن، بالام سەئىدخاننىڭ يولىغا قارىغىلى بەش يىل بولدى ئەمەسمۇ؟

قاناتبەگ چىقىپ كەتتى. مەختۇمە قىز ئۇياتتىن قىپقىزىل قىزارغىنىچە گۈللۈك ئىككى پىيالىگە قۇيۇلغان ئانار شەربىتىنى پەتنۇسقا قويۇپ كۆتۈرۈپ كىرىپ، سەئىدخان بىلەن خوجا ئەلى باتۇرغا تۇتتى. شاھزادىنىڭ قوللىرى نېمىشقىدۇر تىترەپ پىيالىنى تاشلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. «ئېتىكى تىللا بىلەن ئاسانلىقچە تۇشمايدىغان» بۇ قىزنى خۇدا ئۇنىڭغا يەنە

ئۇچراشتۇردى. ئۆزىگە غايىبانە ئاشىق بولغان گۈلسۈرۈخنىمۇ كۆردى. تەقدىرنىڭ كارامىتى نېمىدېگەن ئاجايىپ — ھە! ئۇ چاغدا گۈلسۈرۈخنىڭ ئاتىسىنىڭ قېشىدا قىلىشىدا ھېكمەتبار ئىكەن. كۆرۈشمىگەن بولسا يەنە باشقىچە بولارمىدىكىن؟ ھەي...

سەئىدخان يېڭى سويۇلغان قوي گۆشىدە قىيما قىلىپ ئەتكەن ھاردۇق ئېشىنى ئىچتى، ئاندىن زىرە پۇرىقى كېلىپ تۇرغان مەززىلىك پولۇنى يېدى.

— شاھزادەم، بۇ يەردە تۇرىۋەرسىلە، ئۆزلىرىگە تونۇش ئوبدان كىشىلەر ئىكەن. مەن ئەندىجانغا بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلەي، — دېدى خوجا ئەلى باتۇر. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلىپ، سەئىدخان ئەجەبلەندى، شۇنداقتىمۇ ئىشەنچى كۈچلۈك بولغاچقا ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— ياخشى ئويلاپسىز، ئاكا، دۇئادىن كېيىن يولغا چىققايسىز.

خوجا ئەلى باتۇر داستىخان يىغىلىپلا ئورنىدىن تۇردى.

— ھايال بولماڭ، ئاكا، خۇداغا ئامانەت، — دېدى ئۇزىتىپ چىققان سەئىدخان ۋە تېزرەك قايتىشىنى تاپىلاپ ئۆيگە يېنىپ كىردى.

ئۇ قاناتبەگ بىلەن بىر ئۆيدە مۇڭدىشىپ ياتتى. قاناتبەگ جانىبېك سۇلتاندىن پاناھ تىلەپ كەلگەن خېلىل سۇلتاننىڭ جەيھۇن دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۆز دۈشمىنىدىن پاناھ تىلىگەن ئاسىيى ئەنە شۇنداق شەپقەتسىز جازاغا ئۇچرايدۇ، ئاغا. مەن بۇ دۈشمىنىنى بىلەلمىگەن ئىنىمغا بەك ئېچىنىمەن، — دېدى سەئىدخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا. ئۇ ئالمالىقتا بۇ ئىنىسى بىلەن بىللە خەتنە تويى بولغان كۈنلەرنى، تاسادىپىي يولۇقۇپ قالغان كۆك بۆرىنى ئەسلىدى، ئۇ ھەممە ئاكا ـ ئۇكىلىرىدىن خېلىل سۇلتاننى ياخشى كۆرەتتى.

قاناتبەگ سەئىدخاننىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ

ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، «ئېيتمىسام بوپتىكەن» دەپ قالدى.

— شاھزادە، مېنىڭ ئاخسى ھاكىمى بايەزىدنىڭ قىزىغا قانداق بولۇپ ئۆيلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلگۈڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى قاناتبەگ ئۇنى قايغۇلۇق ئەسلىمىدىن شادلىق بېغىغا باشلاش ئۈچۈن.

سەئىدخان بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىقىش نەزىرىدە ئۇنىڭغا قارىدى:

— مەنمۇ ھەيران، قانداق بولۇپ ئۇ زالىمنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ قالدىڭىز؟ ئېيتىپ بېرىڭ، ئاغا.

— بۇ بىر ئاجايىپ ۋەقە، ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن سادىر بولغان ئىش، — دەپ سۆز باشلىدى قاناتبەگ، — شاھزادە، سىلى ئاشۇ يىلى بىزنىڭ باغقا تاسادىپىي كېلىپ كەتكەنلىرىدىن كېيىن، كۆڭلۈمگە سەردار بولۇش ئىشتىياقى چۈشتى. ئاتامنىڭ توسقىنىغا قارىماي ئاخسىغا بېرىپ، ھاكىم بايەزىدقا پىداكار نۆكەر بولۇش ئارزۇيۇم بارلىقىنى ئۇنىڭ ئوردا بېگىگە بىلدۈردۈم. ئۇ بوي ـ بەستىمگە قاراپ تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئوردا نۆكىرى بولۇپ قالدىم. ھەقىقەتەن تىرىشىپ جەڭ ماھارىتىنى ئىگىلەپلا قالماستىن، ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلدىم. بۇنى بىلگەن بايەزىد مېنى ئوردا سارىيىغا كۆزەتچى ياساۋۇل قىلىپ بەلگىلىدى. بىر كۈنى ئاتىسى يېنىغا كىرگەن گۈلسۇرۇخ بانۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. بۇنى ئۇ قىزغا بىلدۈرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پىراق ئوتىدا پۇچىلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھاكىم بايەزىد بۇ قىزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى، جاللات قىزنى ئېلىپ ماڭدى. ئاللا كۆڭلۈمگە بۇ قىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇسىنى سالدى ...

قاناتبەگ باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ، دېدى:

— كېيىن ئاخسى ھاكىمى بايەزىدنى شاھىبېكخان ئۆلتۈردى. بىزمۇ توي قىلىپ، باللىق بولۇپ بەختلىك ياشاۋاتىمىز،

شاھزادە. يىللاردىن بېرى يوللىرىغا تولا قاراپ ئاتامنىڭ كۆزلىرى ئېقىپ كەتكىلى تاس قالدى.

تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىدىن ھاياجانلانغان سەئىدخان گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانىسى بوينىغا ئېسىپ قويغان تۇمارنى ئېلىپ قاناتبەگنىڭ بوينىغا ئاستى:

— خۇدا سىزنى دۈشمەن قەستىدىن ساقلىغاي. بۇ مېنىڭ سىزگە تۇتقان سۆيۈنچەم. ئانام دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ سىلەر بىلەن يەنە كۆرۈشتۇم.

— رەھمەت، شاھزادەم، ئوبدان ئارام ئالغايلا، — قاناتبەگ مەمنۇن بولۇپ چىقىپ كەتتى.

سەئىدخان ئويلاپ يېتىپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندە ئانىسى تون كىيدۈرۈپ، بوۋاي ئات مىندۈرۈپ چۈش كۆردى ...

بۇ بوۋاينىڭ ئىسمى رەھىم، لەقىمى بابا ئىدى. كىشىلەر ئۇنى رەھىم بابا دېيىشەتتى. ئەسلىي كاشغەرلىك بولۇپ، تىجارەت بىلەن ئەندىجانغا چىققاندا مانا شۇ باغ ئىگىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغانىدى. يەتتە پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، تۇرۇپ قالغىنى بىر ئوغۇل، بىر قىز ئىدى. سەئىدخان دەسلەپ بۇياققا كەلگەندىن تارتىپ ئۇنى غايىبانە كۈيۇ ئوغۇل قىلىۋالغانىدى. ھەر كۈنى مۇشۇ تىلەكنى ئاللادىن تىلەيتتى، ئاخىر تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، سەئىدخان يەنە كەلگەندە توينى قانداقمۇ كېيىن سۈرسۇن؟

ئىككىنچى كۈنى باغاق تارقىتىلىپ، ئۈچىنچى كۈنى توي بولدى. نىكاھ ئوقۇلۇپ، سەئىدخان بىلەن مەختۇمە قىز ۋىسالىغا يەتتى ...

www.uyghurkitap.com

## ئون يەتتىنچى باب

# جاسارەت ۋە ئاقىۋەت

### 1

سۇلتان مەھمۇدخان چاشگاھ ۋاقتىدا سەئىدخاننىڭ بىرمۇنچە ئادەمنى ئەكەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. مەست بولۇپ كۆل بويىدا يېتىپ قالغان مەزىدبەگ موغۇلنى چاقىرتىپ كېلىپ شاپىلاق بىلەن ھوشىغا كەلتۈردى. ئاندىن ئۇستىگە ئۈچ سوغا ھاراق قۇيدۇردى، ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتتى. قىلىچۋازلار ئىچىدە تەڭداشسىز سانالغان يۈزبېشى مەقسۇد ئەلى باتۇرنى سەئىدخاننى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇ پاكار ئادەم ناھايىتى چاققان ئىدى. ئىز قوغلاشتا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق ئىدى.

مەقسۇد ئەلى سەئىدخانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۈچ كۈندە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئۇ ئوت - چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن ئېگىز دۆڭ ئۇستىدە تۇرۇپ چىغىر يولدا ئادەملىرىنى باشلاپ كېتىۋاتقان سەئىدخاننى كۆردى. ئۇلار قويۇق چاڭ چىقىرىپ ناھايىتى تېز كېتىۋاتاتتى. مەقسۇد ئەلى دۆڭدىن چۈشكۈچە سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

مەقسۇد ئەلى سىپاھلىرى بىلەن شۇنچە تېز ماڭغان بولسىمۇ يېتىشەلمىدى. بىر ئاچالغا كەلگەندە يول ئىككىگە ئايرىلدى.

«قايسى تەرەپكە كەتكەندۇ؟ — مەقسۇد ئەلى ئىككى يولغا كۆز سېلىپ ئويلىنىپ قالدى، — ئۇلار تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭسا

سەمەرقەنتكە، سول ياندىكى يول بىلەن ماڭسا ئەنجانغا، شۇنداقلا موغۇلىستانغىمۇ ئۆتكىلى بولىدۇ. مەن بۇ يوللاردا كۆپ ماڭغان، ناھايىتى مۇشەققەتلىك يول...» ئۇ ئويلاپ قېلىپ، «سەئىدخان چوقۇم سول ياندىكى يول بىلەن ماڭدى، دەپ جەزم قىلدى ۋە شۇ يول بىلەن ماڭماقچى بولۇپ ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىدى ـ يۇ، يەنە توختاپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ ئىككى سەرۋازنى سودىگەر قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ:

— سەئىدخان چۈشكۈن قىلغان يەرنى كۆرۈۋېلىپ دەرھال قايتىڭلار، بىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمىز. سەئىدخاننىڭ چۈشكەن يېرىنى بىلەلمەي كەلسەڭلار يارىماس بېشىڭلارنى قولتۇقۇڭلارغا قىستۇرۇپ ئۇ دۇنياغا يولغا سېلىپ قويىمەن، — دەپ ئىككى يولغا ماڭدۇردى. ئۆزى ھارغان سىپاھلىرى بىلەن بۇ يەرنى قونالغۇ قىلىپ تاماق يەپ، شاراب ئىچىشكە تۇتۇندى. شىركەيىپ بولغان مەقسۇد ئەلى ئاتقا غانجۇغىلىۋالغان راۋابىنى ئېلىپ چالدى. تۆت كۈن ئۆتۈپ، ئەندىجان تەرەپكە بارىدىغان يول بىلەن كەتكەن سىپاھ يېنىپ كەلدى. ئۇ:

— مەن مېڭىپ ئىككىنچى كۈنى كەچتە سەئىدخانلارغا يېتىشىۋالدىم. ئۇلارنىڭ قارىسىغا ئەگەشتىم، كېچىسىمۇ توختىماي ماڭدى. ئەتىسى قاق چۈشتە جەيھۇن دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى باغقا چۈشكۈن قىلدى. يېرىم كۈن ئۆتىسىمۇ يولغا چىقمىدى. ئارقامغا يېنىپ ھېچ يەردە توختىماي كېلىشىم، سەردار، — دەپ ئاتتىن چۈشتى.

— بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟ — سورىدى مەقسۇد ئەلى.

— خۇدا ھەققى، راست.

— ئاتلىنىڭلار، — مەقسۇد ئەلى بىرىنچى بولۇپ چىلان تورۇققا مىندى.

مەقسۇد ئەلىنىڭ ئادەملىرى كۈن پېتىشقا ئارغامچا بويى قالغاندا يىراقتىن بىر توپ ئادەمنىڭ تېز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاشتى. «بۇ دەل سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى، مەن ئۇنى



www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ سۇلتان مەھمۇدخان ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن» دەپ ئويلىغان مەقسۇد ئەلى ئات چاپتۇرۇپ قىيا چىغىر يول بىلەن يار ئۈستىگە چىقتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىپاھلار ھۇجۇمغا ئۆتتى.

## 2

كېلىۋاتقان بىر توپ كىشى ھەقىقەتەن سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى ئىدى.

سەئىدخان توي ئەتىسى ناھايىتى خۇشنۇد ھالدا ئورنىدىن تۇرغانىدى. غۇسۇل قىلىپ ھۇجرىغا كىرىپ تۇرۇشىغا قېيىنئاكىسى ئۇنى چاقىردى. سەئىدخان نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ھويلىغا چىقىشىغا قاناتبەگنىڭ يېنىدا چىددىيلىشىپ تۇرغان خوجا ئەلى سالام بەردى.

— ئەندىجاندىن قاچان كەلدىڭىز، ئاغا؟

— كېچىچە مېڭىپ ھازىر كېلىشىم، شاھزادە. دەرھال بۇ يەردىن كەتمىسەك جانىبېككە ئەسىر بولۇپ قالىمىز.

— زادى نېمە ئىش بولدى، ئاغا؟ — ئالدىراپ سورىدى سەئىدخان.

— ئەندىجان شەھىرىگە بىرىپ خاتا قىپتىمەن، شاھزادە، — دەپ گەپ باشلىدى خوجا ئەلى، — ئىلگىرى جانىبېك سۇلتاننىڭ خىزمىتىنى بەجانىدىل قىلغىنىم ئۈچۈن بىزنى موغۇلىستانغا يولغا سېلىپ قويىدۇ دەپ خام ئويلاپتىكەنمەن. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، «سەئىدخاننى قويۇپ بىرىپ شاھىبېكخاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدىم، ئەمدى ئالدىمغا كەپتۇ، ئۇنى تۇتۇپ گۇناھىمنى يۇيىدىغان بولدۇم» دېمەسمۇ، ئاغزىمدىن كىرگەن بىر ئوت تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى.

جانىبېك مېنى خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدى دەپ قالغان چېغى، «تاڭ ئاتقۇچە ئوبدان ئارام ئال، سوۋغىنى يورۇشىغا بەش يۈز سىپاھنى ئېلىپ بېرىپ سەئىدخاننى تۇتۇپ ئالدىمغا ئەكەل!»

دەپ بۇيرۇدى. مەن ماقۇل بولۇپ، چاندۇرماي ئۇنىڭ سارىيىدىن چىقتىم. ئىككى جام شاراب ئىچىپ مەست بولغان قىياپەتتە يېتىۋالدىم. مۇلازىم، ياساۋۇللار ئۇيقۇغا كەتكەندە شۇتۇن چىقارماي ئاتنى مىنىپ چاپقىنىمچە كەلدىم. دەرھال يولغا چىقايلى.

— چۈشەندىم، ئاغا. ئادەملىرىمىزنى سەپراس قىلىڭ، ھازىر چىقاي.

سەئىدخان تۈنجى كېچىنى بىللە ئۆتكۈزگەن خوتۇنى مەختۇمە قۇيۇپ بەرگەن بىر جام شەربەتنى ئىچىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى. قېيىنئاتىسى دۇئا قىلىپ ئۇزاتتى. قاناتبەگ خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ باردى.

— جانىبېك سىپاھلىرىغا سەئىدخاننى كۆرمىدۇق دېگەن سۆزدىن باشقا گەپ قىلماڭلار، — دەپ ئېتىغا قامچا ئۇرغان سەئىدخان بىر يېرىم كۈن مېڭىپ، باراقسان ئۇجمە دەرىخى كۆرۈنۈپ تۇرغان يارغا يېقىنلاشتى - دە، ساداقتىن ئېتىلغان ئوقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئاتنىڭ باغرىغا تاشلاندى. يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرغىنىچە، دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان مەقسۇد ئەلىنىڭ سىپاھلىرىغا قاراپ ئات سالدى. شۇ چاغدا يەلكىسىگە يانىڭ ئوقى تەگدى. خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن سەئىدخانغا ئوق تەگكەنلىكىنى خوجا ئەلى بىلمەي قالدى. شۇڭا، ئۇ سىپاھلارنى باشلاپ سەپ تۈزۈپ جەڭگە ئاتلاندى، يار ئۈستىدىن چۈشكەن دۈشمەنگە ئالدىنى توسۇپ زەربە بەردى.

— باھادىرلار! دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويمايلى! ئىككى ياندىن باسماقداپ تىرىك تۇتايلى. بىرسىمۇ قېچىپ كەتمىسۇن دەپ ۋارقىراپ، گاھ قىلىچ، گاھ نەيزە بىلەن مەقسۇد ئەلى سىپاھلىرىدىن بىرقانچىنى تىك موللاق چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن روھلانغان قاچقۇنلار بىر سائەتكە قالماي تۆت تەرەپتىن قورشاپ مەقسۇد ئەلىنى بىر بۆلەك سىپاھلىرى بىلەن تىرىك تۇتۇۋالدى.

ئوق سەئىدخاننىڭ ئوڭ تاغىقىنى چېقىۋەتكەنىدى. ئاغرىق

جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، جەڭ قىلىۋاتقان ئادەملىرىنى تاشلاپ يوشۇرۇنۇشنى خالىماي، سول قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئاتنى كەينىگە بۇرىدى. دەرەخ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ئوقيا بىلەن خوجا ئەلىنى ئاتماقچى بولغان دۈشمەننىڭ قولىغا قىلىچ ئۇردى. شۇ ئارىدا ئۆزىنىڭ چېكىسىگە دۈشمەن ئومۇتى تەگدى. ئۇ بېشى ئايلىنىپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئېگەرنىڭ تۇمشۇقىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. خوجا ئەلى دەرھال يېتىپ كېلىپ:

— شاھزادەم، مانا بۇ دۈشمەنلەرنىڭ سەردارى، — دېدى باغلانغان مەقسۇد ئەلىنى ئەكېلىپ تىزلاندۇرغىنىچە.

سەئىدخان ئۇنىڭ باشتىن ـ ئايىغىچە سەپسېلىپ چىقتى.

— ماھىر مەرگەن ئىكەنسەن، قەيەرلىكسەن؟

— كاشغەرلىكمەن، — جاۋاب بەردى مەقسۇد ئەلى.

— بۇ يەرلەرگە قاچان كېلىپ قالغان؟

— سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەرۋازلىرىدىن ئىدىم. ئۇ بۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە قېچىپ، سۇلتان مەھمۇدخاندىن پاناھ تىلەپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە قالغانىدىم.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— مەقسۇد ئەلى.

سەئىدخان ئاغرىق ئازابىغا قارىماي ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ قولىنى يەشتى.

— مەقسۇد ئاكا، بىز بىر يۇرتلۇق بولمىساقمۇ دىنداش، ۋەتەنداشلاردىن، ئادەملىرىڭنى ئەكەت. تاغام سۇلتان مەھمۇدخان مېنى ئېلىپ قالىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن.

مەقسۇد ئەلى چىرايى بورىدەك سارغىيىپ كەتكەن سەئىدخانغا قاراپ تۇرۇپ بىردىنلا تىزلاندى.

— شاھزادە، مەن گۇناھكار، سىلىگە ئوق ئاتقان مەن، مېنى جازالىسىلا. سىلىنىڭ جاسارەتلىرى مېنى قايىل ۋە مايىل قىلدى.

— ئاكا، بىز بىر - بىرىمىزگە دۈشمەن ئەمەس، قانداقمۇ دىنداش ئادەملەر بىر - بىرىگە دۈشمەن بولسۇن؟ سەن ئوقنى ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن ئاتمىغان، گۇناھكار باشقا كىشى ئورنۇڭدىن تۇر، مەقسۇد ئەلى ئاكا.

بۇ چېۋەر مەرگەن ئورنىدىن تۇرۇپ قان چىقىپ تۇرغان سەئىدخاننىڭ تاغىقىغا قارىدى.

— يامان بوپتۇ، شاھزادە، ئوق ئاغاقلىرىدا سۇنۇپ قاپتۇ، ئېلىۋەتمىسەك بولمايدۇ.

— كېتىۋېتىپ ئوقنى تارتىپ ئېلىۋەتكەنىدىم، سۇنۇقى قالغان بولسا كېرەك. ساڭا رۇخسەت، ھەمراھلىرىم ماڭا ياردەملىشىدۇ.

— ياق، شاھزادە، ئەمدى كەتمەيمەن. يانلىرىدا قېلىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا، — مەقسۇد ئەلى ئىككىنچى قېتىم تىزلاندى.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن، — سەئىدخاننىڭ ئاۋازى بوش چىقتى.

ئاغرىقتىن سەئىدخاننىڭ چىرايى غەلىتە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنى قېيىن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە تۆشەك سېلىپ ياتقۇزۇشتى. تومۇز ئىسسىقى لاۋۇلداپ تۇراتتى. سەئىدخان ھوشىدىن كەتتى. ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ چىلىق - چىلىق تەر ئىچىگە غەرق بولۇپ ياتقان شاھزادىگە قاراپ تۇرغان خوجا ئەلى:

— ۋاي ئاللا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ يىغلاپ تاشلىدى.

— بۇنىڭ ئامالى بار، — دېدى مەقسۇد ئەلى، — ئىككى ئادەم چوچۇكبۇيا، ئەمەن، ئىتئۈزۈمى تېرىپ كەلسۇن. بىر ئادەم توغراق قوۋزىقى كۆيدۈرۈپ، ساپ كۆلنى پاكىز قاچىغا ئېلىپ قويسۇن. يەنە ئىككى ئادەم يېقىن ئەتراپتىكى بۇلاق سۈيىدىن ئەكەلسۇن. مەن ھازىر شاھزادىنىڭ تاغىقىدىن يا ئوقىنىڭ سۇنۇقىنى ئالىمەن. شاھزادەم بەرداشلىق بېرەلەرمىكىن؟ ئارىمىزدا قارى بولسا قۇرئان ئوقۇپ دەمىدە قىلىپ بەرسۇن.

مەندە مەجۇن بار، شاھزادىنىڭ قىزىتمىسى سوۋۇغاندىن كېيىن مەجۇننى ئىچۈرۈپ ئۇق سۇنۇقنى ئېلىۋېتىمەن.

خوجا ئەلى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ياتقان شاھزادىگە قارىغىنىچە ھاسىراپ تىنىپ، بىرقانچە كىشىنى مەقسۇد ئەلى دېگەن نەرسىلەرنى تېز ئەكېلىشكە ئەۋەتىۋېتىپ، دېدى:

— ئۇقنى ئالالارسىزمۇ، ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.

— ئاللا بىزگە مەدەتكار، — مەقسۇد ئەلى باشقا سۆز قىلماي شاھزادىنىڭ چېكىسىدە ئۇيۇپ قالغان قاننى ياغلىقى بىلەن ئېرتتى.

— يېڭى خام تېپىلارمۇ؟

— بىز ئىسسىقكۆلدىن مىڭىش ئالدىدا بىر سودىگەردىن ئوبدان توقۇلغان كاشغەر ماتارىدىن خېلى كۆپ ئالغانىدۇق. شۇ بولارمۇ؟ — دېدى خوجا ئەلى، مەقسۇد ئەلى بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن خوجا ئەلى ئاتقا ئارتىقلىق ماتادىن بىر توپ ئالدى.

— بولىدىكەن، نېپىز، سىپتا توقۇلغانىكەن. دادامىمۇ ماتا توقۇيتتى، ماڭىمۇ توقۇشنى ئۆگىتىپ قويغان.

مەقسۇد ئەلى سۆزلەپ ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ ئاپپاق ماتانى يىرتتى.

— سۇ ئەكەلدۇق. ئاۋۇ قارىيىپ تۇرغان بوستانلىقتا بىرنەچچە بۇلاق تاپتۇق، سۈيى مۇزدەك ھەم تاتلىق ئىكەن، — دېدى ئىككى چېلەكتە سۇ ئەكەلگەن يوسۇپ دېگەن بىرسى. بۇ كوسا ئادەم سەئىدخاننىڭ ئاشپىزى ئىدى.

— شاھزادە قانداقراق؟ — سورىدى ئۇ.

— ئەمدى ياخشى بولدى، شاھزادىنىڭ ياخشىلىنىشى سۇنى ئۇزۇلدۇرمەي توشۇشىڭىزغا باغلىق، — جاۋاب بەردى مەقسۇد ئەلى.

— يۈگۈرەپ بولسىمۇ توشۇيمەن.

مەقسۇد ئەلى سۇپسۈزۈك سۇغا خامنىڭ بىر پارچىسىنى

چىلاپ، سەئىدخاننىڭ قان چاچرىغان يۈز ۋە بويۇنلىرىنى ئېرتتى. يەنە بىر پارچىسىنى ئۇنىڭ پېشانىسىغا قويدى. دەممۇدەم ئېلىپ كېلىنگەن بۇلاق سۈيى سەئىدخاننىڭ ئىسسىتمىسىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشۈردى. ئۇ ئاخىر كۆزىنى ئاچتى.

— ئانا، ئانا ... ماڭا دۇئا بەرسىلە، ئانا ...

— ئۇ چۈشەكەۋاتىدۇ. توختاڭلار، ئۆزىگە كېلىۋالسۇن، دەررۇ ئوقنىڭ سۇنۇقىنى ئېلىۋەتمىسەم بولمايدۇ. ئەكەلگەن چۈچۈكبۇيا، ئىتئۇزۇمى، ئەمەننى ئايرىم ـ ئايرىم قاينىتىپ قاچىغا قۇيۇپ ئەكېلىڭلار، — دېدى مەقسۇد ئەلى، خوجا ئەلى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئىككى نۆكەر بىللەن ئورۇنلاشقا كىرىشتى.

مەقسۇد ئەلى خامنى ئون بەش قېتىمچە يەڭگۈشلەنگەن مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە چىلاپ سەئىدخاننىڭ پېشانىسىغا قويۇپ، گەجگە، بويۇن، قۇلاق تۈۋىنى سۈرتۈپ، يىرىك قارا چاچلىرىغا سۇ تېمىتتى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى چۈشۈپ بەدەن هارارىتى نورماللاشتى. ئۇ سەئىدخاننىڭ چېكىسىنى تاڭغاندىن كېيىن:

— ئەمدى ئوقنىڭ پارچىسىنى ئالىمىز، — دېدى خەنجىرىنى بىلەيگە سۈركەپ. قاچىغا قۇيۇپ ئەكەلگەن ئەمەن، چۈچۈكبۇيا، ئىتئۇزۇمنىڭ سۈيىگە خامنىڭ كىچىك بىر پارچىسىنى سېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خەنجەرنى پاكىز سۈرتتى، ئاندىن قويىندىن بىر كىچىك شىشىنى ئالدى. بۇنىڭدا كۆكناردىن ياسالغان مەجۇن بار ئىدى. ھېلىقى خەنجەرنىڭ ئۇچى بىلەن مەجۇندىن گىلاستەك ئېلىپ سەئىدخاننىڭ ئاغزىغا سالدى. ھەسەل ئارىلاشتۇرغان بۇ شېرىن مەجۇن ئۇنى مايدەك ئېرىتىپ بىھوش قىلىۋەتتى.

— ياخشى بولدى، ئەمدى ئىشنى باشلايمەن.

مەقسۇد ئەلى سەئىدخاننى دۈم قىلدى. يانىڭ ئوقى قولاقلىق بولغاچقا، تارتىۋالغاندا تاغاقنى چېقىۋەتكەنىدى.

— شاھزادە ئاغرىققا قانداق چىدىغاندۇ؟ يا ئاللا، قاراپ

بېقىڭا، سۈنۈپ قالغان ئوقنىڭ ئۇچىنى كۆردىڭىزمۇ؟

خوجا ئەلى قاراپ تاغاقنى يېرىپ تاشلىغان قۇيۇچ[1] ئوقنىڭ سۇنۇقىنى كۆردى.

— يائاللا، قانداقمۇ ئالارسىز، بۇرادەر؟

— ئاللا ئۆزى مەدەتكار.

تاشنى كەسسە بىسى يانمايدىغان ئىستىنىڭ خەنجەرنى قولىغا ئالغان مەقسۇد ئەلى ئوق كىرىپ كەتكەن تاغاقنىڭ گۆشلىرىنى پەم بىلەن كەستى. سەئىدخاننىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى. قاتتىق تولۇلگەن مۇشتى خوجا ئەلىنىڭ تىزىغا تىرەلگەنىدى. گەرچە بىھوش قىلىنغان بولسىمۇ، تېنى كېسىلىشكە باشلانغان هامان هوشىغا كەلگەنىدى. ئاغرىققا چىداپ ئۈن چىقارمىدى، چېكىلىرىدىن بۇژۇلداپ تەر قۇيۇلدى. خەنجەرنى ئالماشتۇرۇپ تاغاقنى كېسىپ ئوق سۇنۇقىنى ئېلىۋاتقان مەقسۇد ئەلىمۇ ئاچچىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى. قان چىقىپ تۇرغان يەرگە توغراق كۈلىنى باساتتى. ئاخىر خەنجەرنىڭ ئۇچى بىلەن ئوق سۇنۇقىنى تارتىپ چىقاردى. ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بارماقچىلىك كېلەتتى. سەئىدخان پۇتىنى بىر يىغىپ ئۇزارتتى، كۆزلىرىنى ئېچىپ يەنە يۇمۇۋالدى.

— ئۇھ، ئەمدى بولدى... — دېدى مەقسۇد ئەلى قان چىقىپ تۇرغان يەرگە توغراقنىڭ كۈلىنى بېسىپ.

كۈن پېتىشقا نەيزە بويى قالغانىدى. مەقسۇد ئەلى تاغاق ئاستىغا قادىلىپ قالغان ئوق سۇنۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن بەش سائەتچە ھەپىلەشتى.

مەقسۇد ئەلى قاتتىق چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، قاننىڭ توختىغانلىقىنى كۆرۈپ هاردۇقى چىققاندەك يېنىكلەپ قالدى. سەئىدخانمۇ ئاغرىقنىڭ پەسەيگەنلىكىنى هېس قىلدى.

— سۇ ... سۇ ... دېدى سەئىدخان قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن

---

[1] قۇيۇچ — پولات.

لەۋلىرىنى تەمشىپ، خوجا ئەلى بۇلاق سۈيىنى بىر جامغا قۇيۇپ ئۇنىڭغا ئىچۈردى.
— سەل قېتىشقاندىن كېيىن چۆچۈكبۇيا سۈيى بىلەن توغراق كۆلىنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ تېڭىپ قويسام، ئىنشائاللا، ئۇزاققا قالماي سەللىمازا بولۇپ كېتىلا، شاھزادە، — دېدى مەقسۇد ئەلى، — ئەمدى تاماق يەۋالسىلا.
— خۇدا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، مەقسۇد ئاكا.
سەئىدخان ئالدىغا سېلىنغان داستىخاندىكى شورپىغا ئاستا قول ئۇزارتتى ...

**3**

ئادەمنىڭ تېنى گۆش ۋە ئۇستىخاندىن پۈتكەن بولسىمۇ، قايتماس ئىرادىلىك بولغاندىلا پولاتنىمۇ ئېگىۋېتەلەيدۇ، تاشنى سۇندۇرالايدۇ، يىلان - چايانلارنىڭ نەشتەرلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، دېگىنىنى قىلالايدۇ. ئىرادىسى ئاجىزلار پولاتقا تېگىپ كەتسە قولىنى ناكار قىلىۋالىدۇ، تاشقا ئۇسۇپ بېشىنى يېرىۋالىدۇ، يىلان - چايانلارنىڭ چېقىۋېلىشىدىن قورقۇپ ئەنسىرەپلا تۈگىشىپ كېتىدۇ، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.
خېلىلا قانسىراپ كەتكەن شاھزادىنى ئىرادىسىلا ئورنىدىن تۇرغۇزدى.
— بۇ يەردە كۆپ تۇرساق بولمايدۇ، ھازىرچە يەتتىسۇغا بېرىپ تۇرايلى، — دېدى ئۇ ۋە تەستە ئۆزەڭگىگە پۇتىنى ئالدى. مەقسۇد ئەلى ئۇنىڭ ئات مىنىشىگە ياردەملەشتى.
— شاھزادە، ئاستىراق ماڭسىلا، تېڭىق بوشاپ كەتمىسۇن.
سەئىدخان ئاتنى يورغىلىتىپ بىر خىل سۈرئەتتە ماڭدى. لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغان تاغىقىنى پات - پات سىلاپ قوياتتى. ئۇ يول بويى پەقەت شورپا سۈيىگە نان چىلاپلا يېدى. يىلىكلىك

سۆگەكنىڭ شورپىسى كېسىلگەن يەرنىڭ ئەتلىنىشىگە پايدىلىق بولغاچقا، ئۇ باشقا تاماقنىمۇ تەلەپ قىلمىدى.

يەتتىسۇغا كەلگەندە بۇ يەردىكى خەلق يارىدار شاھزادىنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. بىر ئايدىن كېيىن ئانىسى نەجىبە سۇلتان خېنىممۇ يەتتىسۇغا كەلدى. بۇ چاغدا سەئىدخان خېلى ئوڭشىلىپ قالغان، ئەمما تاغىنقى يەنىلا ئاغرىپ تۇراتتى.

كۈز ئۆزىنىڭ غۇر - غۇر شامىلى بىلەن تىنچ ئۆتتى، قىشمۇ قار - شىۋىرغان بىلەن جىمجىتلا چىقىپ كەتتى. باھار شامال ۋە خۇش پۇراق گۈللىرى بىلەن قىلىچ كۆتۈرگەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەلدى.

سەئىدخانمۇ ساقىيىپ كەتكەندى. چوڭ خان ياش شاھزادىلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئىسسىقكۆلگە قايتتى. ئۇ ھېچ بولمىسا يەتتىسۇغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالماقچىدى. شۇ سەۋەبتىن لەشكەر تارتىپ يازدا يەنە كەلدى، يەنە زەربە يېدى. ئۇ جەڭگە يارامسىز، قىمىز - شاراب ئىچىشكە ماھىر سۇلتان ئىدى. مەست بولغان چېغىدىلا باتۇر، زېرەك بولۇپ قالاتتى ھەم جەڭگە ئاتلىناتتى. كۈز پەسلى كىرىش بىلەن تەڭ ئۇ يەنە لەشكەر تارتىپ يەتتىسۇغا كەلدى. بۇ نۆۋەت ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى جەڭدە ئۆلدى ۋە ساقلىرى ئەسىرگە چۈشتى. ئۆزى قالغان ئادەملىرى بىلەن قېچىپ ئاران قۇتۇلدى.

— ھۇ ھارىمىلار! سۇلتان تاغاڭلار سىلەرنىڭ ئەدىپىڭلارنى بەرمەي قويمايدۇ. مەن شاھىبېكخان ئالدىغا بارىمەن.

ئۇ ئىسسىقكۆلدىمۇ تۇرماي تاشكەنتكە يول ئالدى، خوجەندكە كەلگەندە شاھىبېكخان قوشۇنلىرىغا ئۇچرىدى.

— مەھمۇدخان، سىنىڭ پاناھ تىلەپ كەلگىنىڭ يالغان، پەيت كۈتۈپ خارەزىم خانلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغىنىڭ راست. بىر نۆۋەت ياخشىلىق قىلىپ قويۇپ بەردىم، يەنە ياخشىلىق قىلىشىم ئۆز دۆلىتىمنىڭ زاۋال تېپىشىغا سەۋەب

بولىدۇ. جەددى ـ جەمەتىڭگىمۇ ۋاپا قىلمىدىڭ، ماڭىمۇ ۋاپا قىلمايسەن. ئەمدى يارىماس بالىلىرىڭ بىلەن گۆردە ئارام ئال، ـــ شاھىبېكخان بەش ئوغلى بىلەن ئالدىدا تەزىم قىلىپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا ئالايدى ۋە ياساۋۇللىرىغا بۇيرۇپ، بۇ مەغرۇر پادىشاھنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ قارىماي، خوجەند دەرياسى بويىدا بەش بالىسى بىلەن قەتل قىلدى. بۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەت «لەبى دەرياسى خوجەند» سۆزى بىلەن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان سەئىدخان قاتتىق قايغۇردى، ئەمما ھەسرەت بىلەن باغرى پۇچىلانغان ئانىسىغا بىلدۈرمىدى. ئۇ نەجىبە سۇلتان خېنىمنى يەتتىسۇدا قالدۇرۇپ، ئىسسىقكۆل دىيارىنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى ۋە موغۇلىستانغا پادىشاھلىق قىلىۋاتقان ئاكىسى مەنسۇرخانغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. باش باھاردا بۇغداي مايسىلىرى يەردىن ئەمدى باش كۆتۈرۈپ چىققان مەزگىلدە سۇلتان مەنسۇرخاندىن جاۋاب مەكتۇپ كەلدى. سەئىدخان ئالدىراپ ئېچىپ ئوقۇدى:

بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم، ئاللا پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسى. ئىنىم سەئىدخان، موغۇلىستاننىڭ ئىگىسى مەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق موغۇلىستانغا تەۋە يەتتىسۇ، ئىسسىقكۆل دىيارىنى ئىگىلىۋاپسەن. تاغام سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بوپسەن. ئەگەر ساداقىنى بوينۇڭغا ئېسىپ ئالدىمغا كەلسەڭ گۇناھىڭدىن ئۆتۈپ، ئەمىرلىك مەنسىپىنى بېرىمەن. بويۇن تولغىساڭ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن.

موغۇلىستان خانى مەنسۇرخان

ھىجرىيە 904 ـ يىلى① رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 7 ـ كۈنى.

---

① ھىجرىيە 904 ـ يىلى ــ مىلادىيە 1499 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

— ئاكام ئۆزىنى بىلەلمەي قاپتۇ، تۆھمەت قىلىپ بىزنى كۆزدىن يوقاتماقچى ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشۇم كېرەك، — دېدى سەئىدخان ئاچچىقلانغىنىچە.

يەتتىسۇدا ئۇجمە پىشقاندا سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن يولغا چىققانلىقى توغرۇلۇق ئايغاقچىلار خەۋەر يەتكۈزدى. سەئىدخان مىڭدىن كۆپرەك لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ ئەۋلىيائاتاغا يېقىن چارۇن ـ چالاك دېگەن يەردە موغۇلىستان سىپاھلىرى بىلەن ئۇچراشتى. سەئىدخاننىڭ قوشۇنىدىن يىگىرمە، ئوتتۇز ھەسسە كۆپ بولغان مەنسۇرخاننىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇلارنى قورشىۋالدى. سەئىدخان قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دەم سولغا، دەم ئوڭغا شىلتىپ جەڭ قىلىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقتى. خوجا ئەلى، مەقسۇد ئەلى ئۇنىڭدىن زادى نېرى بولمىدى. مەنسۇرخان بۇ ئىنىسىنى ئۆلدىگە چىقىرىۋېتىپ، يەتتىسۇ ۋە ئىسسىقكۆل دىيارىنى ئىگىلىۋالدى. ئەمما، ئۇزاققا قالماي مىرزا ئابابەكرى بۇ يەرگە لەشكەر تارتىپ كەلدى. مەنسۇرخان ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي موغۇلىستانغا قېچىپ كەتتى.

## 4

قورشاۋدىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ چىققان سەئىدخان چېلەك يېزىسىغا كەلگەندە قارا تەرگە چۆمگەن ئېتى مۆدۈرۈپ يىقىلىپ شۇ يەردىلا جان بەردى. ئىككى قەدەم ئالدىغا موللاق ئېتىپ چۈشكەن شاھزادە توپىسىنى قېقىپ ئورنىدىن تۇردى.

كۈن پېتىشقا ئاز قالغانىدى. گۈگۈم ئالاتاۋ باغرىغا قارا كۆلەڭگىسىنى يايدى. خوجا ئەلى سەئىدخانغا ئۆزىنىڭ ئاق قاشقا تورۇقىنى بېرىپ، ئۆزى يېتىلىۋالغان قارا بويۇن جەدىنى مىنىۋالدى.

— بۇ نەس باسىدىغان يەر ئوخشايدۇ، تۇرمايلى، يېقىنراق بىر

قىشلاقتا بېرىپ ئارام ئالايلى. شاھزادەم، — دېدى ئۇ. سەئىدخان باش لىڭشىتىپ قويدى. ئەللىككە يېقىن ئادەم ھارغان، ئاچقان ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئاشپەز يۇسۇپ بىرنەچچە كىشىنى ئېلىپ بۇرۇنراق يۈرۈپ كەتتى. شامدىن ئۆتكەندە بىر يايلاققا يېتىپ كېلىشتى. ئاشپەز يۇسۇپنى كۆرگەن سەئىدخان مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ دەم ئېلىشنى بۇيرۇدى.

بۇ يايلاقتا ئوتتۇزدەك ئاقئۆي بار ئىدى. ئاقساقىلى رەھىمباي دېگەن گەۋدىلىك قازاق ئىكەن.

— خان كەلدى، سىزگە قوناق بولماقچى، ئاقساقال، — دېدى خوجا ئەلى.

— خانىمىزدىن باش ئايلانسۇن، چۈشۈڭلار، — دېدى ئاقساقال ئالچاڭلاپ بارغىنىچە سەئىدخان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ. ئۇ خاننى ئۆز ئۆيىگە باشلىدى، ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۈچ قوي سويۇپ، ياتقۇ مەھەلدە پىشۇرۇلغان گۆشنى لېگەنلەرگە ئېلىپ، ئاقئۆيلەرگە تارقىلىپ ئولتۇرغان سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى ئالدىدا قويدى. قىمىز ئىچمىگىنىگە ئۇزاق بولغان سەئىدخاننىڭ كۆڭلى يايراپ قالدى.

ئۇلار قەھرىتان قىشنى بۇ يەردە ئۆتكۈزدى. كۆكلەمنىڭ غۇر - غۇر شاماللىق ئەتىگىنى خوجا ئەلىگە چاچ - ساقىلىنى ئالدۇردى. ئاشپەز يۇسۇپمۇ ئون نەچچە ئادەمنىڭ چاچ - ساقىلىنى ئالدى. قالغانلار بىر - بىرىنىڭ ساقىلىنى ئېلىشىپ يول تەييارلىقىغا كىرىشتى. چاشكا ۋاقتى بىلەن غىزالىنىپ يولغا چىقىشتى. رەھىمباي ئېگەرلەنگەن تۆت ياشلىق ئاتتىن ئۈچىنى سەئىدخانغا يوللۇق تۇتتى. سەئىدخان ئۇنىڭغا كۈمۈش ساپلىق بىر قىلىچنى يادىكار قىلدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

# قان ـ ياش كۆنلەر

## 1

«مىرزا ئابابەكرىگە قارشى يۈرۈش قىلىپ تەگرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرسەك شاھىبېكخانغىمۇ تاقابىل تۇرالايمىز، بۇ ئارزۇ بىلەن موغۇلىستانغا بارسام ئاكام مەنسۇرخان چوقۇم مەمنۇن بولىدۇ» دەپ ئويلىغان شاھزادە يەتتىسۇدا قالغان ئانىسى نەجىبە سۇلتان خېنىمنى ئوشقا ئېلىپ بېرىشنى مەقسۇد ئەلىگە ھاۋالە قىلدى.

— قانداقلا بولمىسۇن بىز مۇق يولىدىكى ئۈچۈرما داۋان باغرىدا ئۇچرىشايلى. ئانامنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەكېلىشىڭگە ئىشىنىمەن.

— خوپ، شاھزادەم. خۇدا بۇيرۇسا بۇزرۇكۋارلىرى بىلەن تېزرەك دىدار كۆرۈشۈشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى ئايىمايمەن.

سەئىدخان ئۇنى يولغا سېلىپ قىرىق ئۈچ كۈن بولغاندا مۇق يولى ئۈچۈرما داۋان باغرىغا كەلدى. بۇ يەردە ئۇنى مەقسۇد ئەلى كۈتۈپ تۇراتتى.

— تۈنۈگۈن كەچ كەلدىم، شاھزادەم، تاپشۇرۇقلىرىغا بىنائەن چىغىر يوللار بىلەن ئۇدۇللاپ يەتتىسۇغا بېرىپ تىڭتىڭلىسام، ۋالىدە بۇزرۇكۋارلىرى ئاكىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆلۈك ياكى تىرىكلىرىنى بىلەلمەي، مەنسۇرخاندىن رەنجىپ يەتتىسۇدىن ئوشقا كەتكەنىكەن. ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي شاھىبېكخاننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان

مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان بىلەن بىللە بەدەخشان ئارقىلىق كابۇلغا كېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئۇشقا كېلىپ ئاڭلىدىم. ئالىيلىرىنى ساقلىتىپ قويماي دەپ ئۇشتا ئاتنى يەڭگۈشلەپ كېچە - كۈندۈز مېڭىپ بۇ يەرگە كېلىپ كۈتۈپ تۇردۇم. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سىلىمۇ ۋاقتىدا كەلدىلە، شاھزادەم. خوجا ئەلى باتۇر كۆرۈنمەيدۇغۇ ! — ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ئۆزى دوست بولۇپ قالغان بۇرادىرىنى سورىدى. بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى خوجا ئەلىنىڭ كۆپچىلىك ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈپ، ئىسمىغا «باتۇر» دېگەن كىشى ئاسان ئېرىشەلمەيدىغان مۇبارەك نام قوشۇلغانىدى.

— ئەھۋال ئۇققىلى بىرنەچچە چەۋەندازنى ئەكەتكەنىدى، ئېھتىمال پات ئارىدا ئۇچرىشىپ قالىمىز، — جاۋاب بەردى سەئىدخان.

سەئىدخان ئانىسىنىڭ كېتىپ قالغىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كېچىچە بۇ قاقاس تاغ باغرىدا يېتىپ، سەھەردە يولغا چىقتى. يول يىلان باغرى ھەم ئېگىز - پەس بولۇپ، تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا موغۇلىستان زېمىنىغا ئاياغ باساتتى. باشتا مەقسۇد ئەلى، كەينىدىن ئاشپەز يۈسۈپ، ئاندىن قاراقول مىرزىلار ئۆزلىرى ۋە ئاتلىرىنى قوتازغا سۆرىتىپ تۈنبويى مېڭىپ، سۇبھى يورۇغۇچە تاغ ئۈستىگە چىقىپ بولۇشتى. قىرلىق تاشلار ئۇلارنىڭ ئۆتۈك - چورۇقلىرىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى. سەئىدخاننىڭ تاپىنى كېسىلىپ كەتتى، ئاچچىق شامال يۈزىنى يالاپ قىزارتىۋەتتى، شىرقىراپ ئۇچۇپ تۇرغان قۇم دەستىدىن كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. ئۇلار ئاستا - ئاستا پەسكە چۈشتى. ئاتلار خارتىلدايتتى، قوتازلار ھۆركىرەپ - ھۆركىرەپ قۇيرۇق چۆرۈيتتى. ئۇلار كۈن مەغرىب تامان يۈزلەنگەندە پەسكە چۈشۈپ بولدى. سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئۇلارنى خۇش قىلىۋەتتى. تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا ئالدىراپ بېرىپ، قوللىرىنى يۇيۇپ، چاڭگاللاپ سۇ

ئىچىشتى. سۇ ئالدىرىغانلارنىڭ ئۆپكىسىگە كىتىپ قىقىلىپ كەتتى.

ئۇلار بۇ يەردە هاردۇق ئىلىپ مەلەق ئۇخلاپ كىتىشتى. خوجا ئەلى باتۇر كىلىپ ئۇلارنى شۇ هالدا كۆردى. تۇتۇپ كەلگەن ئادەمگە چاي بىرىپ، سەئىدخاننىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. كۈن مىس رەڭگە كىرگەندە سەئىدخان ئويغاندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاهزادەم، بىز كەلدۇق. بىر ئادەمنى ئەكەلدىم، كۆرۈشەملا؟ — دىدى خوجا ئەلى.

— ئاكا، سىزنى كەلمەي قالارمىكىن دەپ بەك ئەندىشە قىلغانىدىم. ئىشەنچىم يەردە قالمىدى، رەهمەت سىزگە، — سەئىدخان تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلىدى، — ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاي.

چىكىت گۇللۇك ئاق دوپپا، تونچە ئاق كۆڭلەك كىيىپ، بىلىنى باغلىغان، قىلىچ ئاسقان سالاپەتلىك يىگىت سەئىدخاننى كۆرۈپ قورقۇمسىراپ سالام بەردى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ؟ — سورىدى سەئىدخان.

— ئەلهەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن، غوجام.

— قىپچاقمۇسەن؟

— تۈركمەن، قەبىلىمىز نامى ئۇرۇق، تىرىقچىلىق قىلىمەن.

— ئىتىڭ نىمە؟

— تۇردى ئاخۇن.

— يۇرتۇڭلار ئامانچىلىقتۇ؟

— ئامانچىلىق. بىرنەچچە كۈندىن بىرى قەبىلە چوڭلىرى مىرزا ئابابەكرىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىشىۋاتىدۇ، — تۇردى ئاخۇن «يەنە نىمىلەرنى سورايدىكىن؟» دەپ يەر ئاستىدىن سەئىدخانغا قاراپ قويدى.

— بۇ يەر ئىلگىرى مەنسۇرخانغا قارايتتىغۇ! نىمىشقا مىرزا ئابابەكرىگە قوشۇلماقچى بولىسىلەر؟

— مەنسۇرخان سىلىق سىلىشنىلا بىلىپ، ئەل بىلەن كارى

بولمىدى. ئەسكەرلىرى دائىم بۆلاك ـ تالاك قىلىپ ئۇرۇقىمىزنى بوزەك ئەتتى. مىرزا ئابابەكرى ماڭا قوشۇلغان قەبىلىلەرگە ئىنئام بېرىمەن دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا قوشۇلماقچى بولۇۋاتىمىز.

— مىرزا ئابابەكرىنىڭ يارلىقى يالغان. ئۇ دېگىنىنى قىلمايدىغان، قىلغىنىنى دېمەيدىغان زالىم، سىلەر ئالدانماڭلار، — سەئىدخان گېپىدىن توختاپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — ئىمانىڭ بىلەن جاۋاب بەر، ئۇرۇقۇڭلارنىڭ ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشۈشكە مېنى باشلاپ بارالامسەن؟

— باشلاپ باراي.

سەئىدخان چاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن، خوجا ئەلى باتۇر قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئېلىپ تۆردى ئاخۇننىڭ باشلىشى بىلەن كەتتى. ئىككى كۈن يول يۈرۈپ ئۈچىنچى كۈنى بىر كەنتكە يېتىپ كەلدى. نەچچە يۈز ئادەم يۈك ـ تاقلىرىنى ئات ـ ئېشەكلەرگە ئارتىپ ماڭغىلى تۇراتتى. تۆردى ئاخۇن سەئىدخاننى ئۆزۈن چار ساقال كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا، — دېدى سەئىدخان قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نېمە دەيسەن، ئوغلۇم، موغۇل بەگزادىلىرىدىن ئوخشىمامسەن؟

— يوقسۇ، ئاتا، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى سەئىدخان بولىمەن. سىلەر نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— ھە، ئاقسۇنى سورىغان سۇلتاننىڭ ئوغلى ئىكەنسەن ـ دە. بىز ياركەند خانى مىرزا ئابابەكرى سۇلتاننىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇۋاتىمىز. سەنمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئوخشىمامسەن، شاھزادەم؟ — دېدى ئاقساقال ئانچە كۆزگە ئىلمىغان تەرزدە. سەئىدخاننىڭ ئاچچىقى تۇتتى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— بۇ نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار، مىرزا ئابابەكرى سىلەرگە

ياخشىلىق قىلمايدۇ. مەن ئۇ زالىمنى جازاغا تارتماقچىمەن. ئەگەر ياخشى كۆڭ كۆرەي دېسەڭلار ماڭا ئەگىشىڭلار، بىز بىرلىكتە ئۇ زالىمنى يوقىتىپ، دىيارىمىزنى ئاۋات قىلايلى، — دېدى. خوجا ئەلى باتۇرمۇ سەئىدخاننىڭ ياخشى تىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى نىيىتىدىن يېنىشقا ئۈندىدى.

— بىز مۇشۇ بالا خانغا ئەگىشەمدۇق؟ — دېدى قاقاھلاپ كۈلگەن ئىاقساقال. ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — بولدى، ئاستا بۇ يەردىن كېتىۋال، شاھزادە. بۇ ئادىمىڭ خېلى تۈزۈكتەك قىلىدۇ، بىز بىلەن قالسۇن.

ئاقساقالنىڭ ئىشارىتى بىلەن بىرنەچچە ئون كىشى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ خوجا ئەلىنى تۇتۇۋالدى. سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى قورقۇپ قاچتى. ئۇمۇ بۇ نادان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن كەلگەن يولى بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، يولدا ئېزىپ قېلىپ باشقىلاردىن بىر كۈن كېيىن داۋان باغرىغا كەلدى. بۇ يەردە مەقسۇد ئەلى، يۇسۇپ ئاشپەزلا قالغانىدى.

— شاھزادەم، — دېدى مەقسۇد ئەلى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — ئۆزلىرى بىلەن كەتكەنلەردىن ئىككىيلەن تونۇگۇن كېلىپ: «سەئىدخان خوجا ئەلى باتۇر بىلەن ئەسىر بولۇپ يات قوۋم قولىغا چۈشۈپ كەتتى، بىز قېچىپ كەلدۇق» دەپ بۇ يەردە قالغانلارنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن شاھ مىرەك، ئۆچكۈ مۇھەممەد مىرزا، زىكول باھادىر قاتارلىق سەردارلار ئۆز ئادەملىرى بىلەن «مەنسۇرخاننىڭ قېشىغا بارىمىز» دەپ كېتىشتى. قاراقۇلاق مىرزا باشلىق بىر گۇرۇھ ئەندىجانغا ماڭدى. خۇشكەلدى كوكۇلداش ۋە ئەزىز بەردى ئاغا مىرزا ئابابەكرىلا بىزگە پاناھ بولالايدۇ دەپ گېپىمىنىمۇ ئاڭلىماي كاشغەر تامان يول ئالدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، شاھزادەم؟

— ئارتۇقچە غەم قىلمىسۇنلار. ئاللا بىزگە يول كۆرسىتىدۇ. ئۈمىدۋار بولۇڭ، ئاغا.

www.uyghurkitap.com

## 2

سەئىدخان چەكسىز كەتكەن جاڭگالغا كۆز تىكتى. گويىكى ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەجدىھا، يىلانلار كۆرۈنگەندەك بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. سەئىدخان «ماڭا ئاللا يار، ماڭا ئاللا يار! ...» دەپ ۋارقىراپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ، قوللىرىنى يېيىپ ئېگىز كۆتۈردى.

غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق باش تاغلاردىن ئەكس سادا ياندى:

— ماڭا ئاللا يار، ماڭا ئاللا يار! ...

— سەۋر قىلسىلا، شاھزادەم، بىز سىلىدىن ئايرىلمايمىز! سەئىدخان مەقسۇد ئەلىنى قۇچاقلىدى ـ دە، ئاتقا مىنىپ، دېدى:

— مەنمۇ سىلەردىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن، ئەمما سىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش جاپا تارتىشىڭلارنى ئارزۇ قىلمايمەن، ئاللانىڭ بۇ سىنىقىدىن يالغۇز ئۆتكۈم بار. قەيەرنى خالىساڭلار، شۇ يەرگە بېرىپ ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار. جاپا چېكىش ئىرادەمدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنماڭلار. خەير، ماڭا تارتىشماڭلار، مەن كەتتىم،

— سەئىدخان شۇنداق دەپ، ئاتقا قامچا ئۇرۇپ بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى. مەقسۇد ئەلى ۋە يۇسۇپ ئاشپەز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا پېتىنالمىدى ...

سەئىدخان: «ئېتىمنى نارزىن جاڭگىلىغا قويۇپ بېرىپ پىيادە يۈرەي. كېيىك ئوۋلاپ گۆشىنى غىزا، تېرىسىنى لىباس قىلىپ تەقدىرىمدە نېمە بولسا شۇنى كۆرەي» دېگەن ئىرادىگە كېلىپ يولنى داۋاملاشتۇردى. نەچچە كۈننى باياۋاندا ئۆتكۈزدى. تىنچىق ياز كۈنىنىڭ گۈگۈم پەيتىدە ئارقىسىدىن بىرسىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى سېزىپ توختىدى. ئۇ خوجا ئەلى ئىدى.

— مەن كاشغەرگە ئاز قالغاندا قېچىپ، تۇتۇق بەرمەي ئىز قوغلاپ يۈرۈپ سىلىنى ئاران تاپتىم، شاھزادە. شۈكۈر، سالامەت

ئىكەنلا، — دېدى خوجا ئەلى ئاتتىن چۈشۈپ، — سىلىنىڭ مۇنداق يالغۇز قالىدىغانلىقلىرىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. بىزنى دىدار كۆرۈشتۈرگەن ئاللاغا رەھمەت.

— رەھمەت-مىزدىن بىھاجەت ئاللاغا شۈكۈر، — دېدى سەئىدخان ۋە غۇلاچ كېرىپ ئۇنى قۇچاقلىدى.

يا ئۇقى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى توغراقتا سانجىلىپ قالمىغان بولسا بىر - بىرىدىن ئۇزاققىچە ئاجرىمىغان بولاتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرغان سەئىدخان.

— يېقىن ئەتراپتا دۈشمەن بار، — خوجا ئەلى باتۇر تۆت تەرەپكە كۆز سالدى. قارا قاشقىسى بار بىر كېيىك ئۇلارنىڭ ئالدىدىن تاقلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

— كېيىككە ئېتىلغان ئوقمىدۇ يا؟ — دېدى سەئىدخان ئەتراپنى كۆزىتىپ.

— ئېھتىمال، ھەرھالدا سەگەك تۇرايلى، — دېدى خوجا ئەلى باتۇرمۇ ھەر يانغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

قارس - قۇرس، شالدىر - شۇلدۇر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قىلىچ كۆتۈرگەن ئونچە ئادەم كېلىپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى.

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — سەئىدخان قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ سورىدى.

— بىز، — دېدى ساقىلى ئاقارغان تەمبەل ئادەم ئۇنىڭغا چەكچىيىپ، — قانخور زالىملارنىڭ ئەدىپىنى بەرگۈچىلەر.

— قاراقچىلار ئىكەن، — پىچىرلىدى خوجا ئەلى باتۇر سەئىدخانغا يېقىن كېلىپ، — ئىلاج بار بۇلارنىڭ چىشىغا تەگمەي يولغا سېلىپ قويايلى.

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — سورىدى ساقاللىق بىرسى.

— ئادىشىپ قالدۇق، يول تاپالمايۋاتىمىز، — جاۋاب بەردى

سەئىدخان.

— قارىغاندا ئاددىي ئادەم ئەمەستەك قىلىسىلەر، راستىڭلارنى دەڭلار، — دەپ پوپوزا قىلدى يەنە بىرسى قىلىچىنى كۆرۈپ — كۆز قىلىپ.

— زالىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادىمى بولمىساڭلار بىز سىلەرگە تەگمەيمىز، — دېدى ئاپپاق ساقال، گەۋدىلىك بوۋاي.

سەئىدخان بوۋايغا قاراپ ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىغا تۆگمەس قايغۇ ـ ھەسرەت يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، دېدى:

— ئەي، ئاتا، بىز مىرزا ئابابەكرىنىڭ دۈشمىنى، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىمىز.

— قېنى سۆزلە، زادى قانداق ئادەم سىلەر؟

خوجا ئەلى باتۇر بوۋاينىڭ قېشىغا يېقىن بېرىپ سەئىدخاننى تونۇشتۇردى. باشتىن كەچۈرگەنلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپ، دېدى:

— بىز مانا شۇنداق ئادەملەر، ئاتا. شاھزادىمىزنى مۇرادىغا يەتكۈزمەي قويمايمىز.

— مۇنداق دەڭلار، بۇ يىگىت سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرسى ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، ئاتا. مەن مەرھۇم سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى سەئىدخان بولىمەن.

— ئاھ، شاھزادە، مەن ئاتىڭىزنىڭ ۋەزىرى ئەلى مىرەك مىرزا بولىمەن. سۇلتان ئەھمەدخان مېنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن كاشغەرگە — مۇھەممەدھەيدەر مىرزىنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئەمما كېيىن بەتنىيەت خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ مېنى تۆھمەت بىلەن زىندانغا تاشلىدى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭغا قارشى قىلىچ كۆتۈرگەندە مېنى زىنداندىن بوشاتتى. كۆڭلۈم

قاتتىق ئاغرىغانىدى. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغۇم كەلمەي، ماڭا ئىخلاسى بار سەرۋازلىرىم بىلەن كاشغەردىن چىقىپ كەتكەنچە تاغۇدەشت، جاڭگاللارنى ماكان قىلىپ ستتەمكار مىرزا ئابابەكرى بىلەن يوشۇرۇن، ئاشكارا ئېلىشىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. يا ئۇ يوقالمىدى، يا مەن ئۆلمىدىم، شاھزادەم. ئاخىر قېرىغان چېغىمدا ئەندىجان تەرەپلەردە تىنچ ھايات كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ جاڭگالدىن ئۆتۈۋېتىپ سىلەرنى كۆرۈپ قالدىم. مىرزا ئابابەكرىنىڭ باش كېسەرلىرىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ ئوق ئاتقانىدىم. غەيرەت ـ شىجائىتىڭلارنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. چىرايىڭلار ئىسسىق كۆرۈنۈپ، باسماقداپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش نىيىتىمدىن ياندىم، بالام. بىزنى قاراقچى دەپ يىرگەنمەي ھەمراھ قىلىۋالساڭلار خۇرسەن بولاتتىم، بەك خۇرسەن بولاتتىم.

جاڭگال ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. دەرەخلەر ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى. كەچ كىرگەنىدى. ئاتىسىنىڭ يېقىن ھەمراھى بولغان ئادەم بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىنى سەئىدخان خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. تەقدىر دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك، ئاللا ئۇنىڭغا يەنە بىر توپ ئادەمنى يەتكۈزۈپ بەردى.

— ئەگەر سىلى ھەمراھ بولمەن دېسىلە، مەن يەنە بىر مەدەتكارغا ئېرىشكەن بولىمەن، — دېدى سەئىدخان.

ئەلى مىرەك مىرزا باغرىنى كەڭ ئېچىپ سەئىدخاننى قۇچاقلىدى. تاراملاپ ئاققان ياشلىرى شاھزادىنىڭ مەڭزىگە تامدى. ئۇلار بىر كېچە ئۆتمۈشنى ئەسلىشىپ، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قېلىشتى.

— تۇتۇڭلار بۇ بەتبەختلەرنى، بىرسىنىمۇ ئامان قويماڭلار! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، دەرەخ شاخلىرىنىڭ قارسىلداپ سۇنغىنى، ئاتلارنىڭ دۈكۈر ـ دۈكۈرى سەئىدخاننى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ يائاللا دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرغىنىچە

www.uyghurkitap.com

يانىڭ كىرىچىنى كېرىپ بىر ئوق ئېتىشتا بىر ئاتلىق دۈشمەننى يەرگە يىقىتتى. خوجا ئەلى، كېيىن سەئىدخاننىڭ ئىزىدىن بېسىپ ئىزدەپ كەلگەن مەقسۇد ئەلى، يۈسۈپ ئاشپەز ھەمدە ئەلى مىرەك مىرزىلارنىڭ ئادەملىرى تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئىرماش - چىرماش جەڭگە چۈشۈپ كەتتى. مىرزا ئابابەكرىدىن پاناھ تىلەپ كاشغەرگە كەتكەن خۇشكەلدى كوكۇلداش ۋە ئەزىز بەردى ئاغا باشلاپ كەلگەن بۇ سىپاھلار يانىڭ كىرىچىنى كېرىپ ئوقنى ئۈزمەكچى بولغان سەئىدخاننى كۆرۈپ قېلىشتى.

— ئەي، خان بەچچە، سادىقىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ ئالدىمغا كەلمىسەڭ زىيان تارتىسەن. ئەگەر شۇنداق قىلساڭ سۇلتان مىرزا ئابابەكرىدىن بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلەپ سېنى ھايات قالدۇرۇشقا كۆزۈم يېتىدۇ. ئەمدى بىكار ئاۋارە بولما، مەنسۇرخان يېنىغا ماڭغان شاھ مىرەك، ئۆچكۈ مۇھەممەد مىرزىلارمۇ قولغا چۈشۈپ بېشى كېسىلدى. ئادەملىرىڭگە ئېيت! بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى باغلاپ تىزلىنىپ ...

خۇشكەلدى كوكۇلداشنىڭ گېپىنى سەئىدخان ئاتقان ئوق بوغۇزىغا سانجىلىپ ئۈزۈپ قويدى. ئۇ خارقىراپ ئاتتىن يىقىلدى. سەئىدخان يەنە بىر دۈشمەننى يىقىتقاندىن كېيىن ئوقى قالمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋىدى، ئەلى مىرەك مىرزا ۋارقىرىدى:

— سەئىدخان، شاھزادەم! بىز دۈشمەننى توسۇپ تۇرىمىز. دەرھال ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالسۇنلار!

سەئىدخان ئوڭ تەرەپتىكى قېلىن توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خوجا ئەلى باتۇر ماڭدى.

ئىككى ئاتلىق دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ مېڭىۋىدى، مەقسۇد ئەلى ئات يۈگۈرتۈپ كەلگىنىچە بىرسىنى قىلىچ ئۇرۇپ موللاق ئاتتۇردى. ئىككىنچىسىگە قىلىچ ئۇرغۇچە كەينىدىن كەلگەن دۈشمەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە نەيزە سانجىدى. ئۇ

تولغىنىپ ـ تولغىنىپ يىقىلاي دېگەندە بېشىغا ئومۇت تەگدى. توغراق تۈۋىدىكى غازاڭلار قانغا چىلاشتى. ھەر تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەسكەرلىرى ئەلى مىرەك مىرزىنىڭ تېنىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. دەسلەپتىلا دۈشمەن ئوقى تېگىپ ئۆلگەن يۈسۈپ ئاشپەزنىڭ جەسىتىنىمۇ تىنچ قويماي تۆت پارچە قىلىپ تاشلىدى.

قەدىردان ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان سەئىدخان قېچىپ قۇتۇلغىنىدىن قىلچە خۇشال بولمىدى. ئۇ نەچچە قېتىم ئارقىسىغا يانماقچى بولۇۋىدى، خوجا ئەلى باتۇر تۇتۇۋالدى. ئاخىر بۇ جاڭگالدا كۆرمىگەننى كۆرۈپ، يېمىگەننى يەپ، تېنەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى ...

## 3

سەئىدخاننىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ ئۆتۈكىنىڭ چەمى قالمىدى. ئۇۋۇلىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى يېپىنىپ، قاپىرىپ قاناپ كەتكەن پۇتىنى ئوراپ، ماڭالمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. خوجا ئەلى باتۇر ئۇنىڭ چىدامىلىقلىقىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى.

— شاھزادەم، بۇ يەردە مۇنداق تەمتىرەپ يۈرسەك بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى قاغا، قۇزغۇنغا يەم بولۇپ تۈگەيمىز. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىغا بارساق ئۆلۈمىمىزگە ئۆزىمىز سەۋەبكار بولۇپ قالىمىز. سۇلتان مەنسۇرخاننى پاناھ تارتىپ بارساق ئۇنىڭ يېنىدىمۇ ياخشى كۈن كۆرمەيمىز. ياخشىسى ئەندىجانغا جانىبېك سۇلتان يېنىغا كېتەيلى. ئۇ دەسلەپتىمۇ سىلىگە رەھىم قىلغان، بۇ نۆۋەت بەلكىم ياخشى كۈتۈۋالار. ئالىيلىرىمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرەلەيلا.

سەئىدخاننىڭ قايتقۇسى يوق ئىدى. قايتمىسا بۇ جاڭگالدا قاچانغىچە يۈرىدۇ؟ خوجا ئەلىنىڭ گېپى بەلكىم توغرىدۇر.

شۇنداقتىمۇ، جانىبېك ئالدىغا بارماسلىقى، ئانىسىنى خۇشيانە تۇتۇپ ئەھۋالنى كۆزىتىشى، كۆرەشنى يېڭىدىن باشلىشى لازىم... ئۇ شۇنداق ئويلاپ خوجا ئەلىنىڭ پىكرىگە ئىلاجسىز قوشۇلغان بولدى.

ئۇلار مىڭ تەسلىكتە يول تېپىپ ئاخىر جاڭگالدىن چىقتى. سەئىدخان بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە كىيىم - كېچەك، چورۇق بىلەن بېلىدىكى كۈمۈش ھالقىلىق كەمىرىنى تېگىشىپ كىيىۋالدى. دېھقاندىن يول سوراپ جەيھۇن دەرياسىنى ياقىلاپ مېڭىپ، ئەتىسى چاشگاھ مەھەلدە رەھىم بابانىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى. يىراق ئۇتىدا پۇچىلىنىپ تارتىلىپ قالغان مەختۇمەنىڭ خۇشاللىق يېشى سولغۇن چېھرىدىكى ھەسرەت داغلىرىنى يۇيۇپ، بۇ ۋىسال پەيتىدە تولۇن ئايدەك نۇرلاندۇرۇۋەتتى.

قاناتبەگنىڭ تۆت ۋە ئىككى ياشلىق ئوغۇل - قىزى سەئىدخانغا قىزىقىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئەركىلىتىشىنى، بىرنەرسە بېرىشىنى كۈتۈپ ئالدىدا ئولتۇرۇۋالغانىدى. مەختۇمە مېھمانخانىدىن چىقىپ، مېغىز، بادام، پىستىدىن بىر خالتىغا تولدۇرۇپ ئېلىپ كىردى - دە، باللارغا كۆرسەتمەي ئېرىنىڭ يېنىدا قويۇپ قويدى. سەئىدخان بىر سىقىمدىن - بىر سىقىمدىن ئېلىپ گۆدەكلەرنىڭ دوپپىسىغا سېلىپ بەردى. ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ يۈگۈرۈپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى.

داستىخان سېلىنىپ، مەززە - گېزەكلەر قويۇلدى. چامغۇر، ئاشكۆكى سېلىنغان قىيمىلىق ئۇگرە سەئىدخاننىڭ ھاردۇقىنى چىقارسا، سىڭىپ پىشقان پاقلان گۆشى زەئىپ تېنىگە دەرمان بولدى. شۇ ئارىدا ئورنىدىن تۇرغان خوجا ئەلى ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى. سەئىدخانمۇ بۇنى تۇيماي قالدى. ئۇ دۇئادىن كېيىن قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىغا رەھمەت ئېيتىپ، دېدى:

— ئاللاغا شۈكۈر، مېنىڭ رىشتىم بۇ باغقا باغلانغاندەك، ۋەتەنداش، يۇرتداشلىرىمنىڭ رىشتى بىر - بىرىگە مانا شۇنداق باغلانغاندۇر. پېقىر ئوغۇللىرى بۇ قىسمەتتىن بەك رازىمەن، ئاتا.

— ھېكـــمەتلىك گەپ قىلدىلا، شاھزادە بالام. تۇرمۇش ھىجـران ـ ۋىسال، راھـەت ـ ئـازاب، كۈلكـە ـ يىغا، چىـدام ـ كۈلپەتتىن بەرپا بولىدۇ. گۈللەيدۇ، سولىدۇ، ئۆرلەيدۇ، چۆكىدۇ، ئەنە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆزگىچە بولمايدۇ، — دېدى رەھىم بابا.

سەئىدخان مەختۇمە بىلەن ھۇجرىسىغا چىقىشتى.

سەئىدخان ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، سەككىز ياساۋۇل بىلەن خوجا ئەلى باتۇر كىرىپ كەلدى.

— شاھزادەم، سىلىنى جانىبېك سۇلتان ئوردىسىدا ساقلاپ قالدى، سىلىگە بېرىدىغان ئىنئامى بار ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك.

— سىز جانىبېك سۇلتان بىلەن قاچان كۆرۈشكەن؟ مەن بارمايمەن، — دېدى سەئىدخان ئۇنىڭ ساتقۇنلۇق قىلغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي.

— ئاخشام بېرىپ كۆرۈشتۈم، شاھزادەم، — دوق قىلغان تەلەپپۇزدا سۆزلىدى خوجا ئەلى باتۇر، — بويۇنتاۋلىق قىلغان خېلىل سۇلتاننى جانىبېك سۇلتاننىڭ ئاخسى دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋەتكىنىنى بىلىدىغانلا؟

— سىززە ... بىلدىم. ئىنئامغا ئېرىشكۈڭىز كېلىپ قاپتۇ ـ دە، خوجا ئەلى، مۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن.

— تەقدىر، شاھزادە، تەقدىر. ئىنسان راھەت كۆرۈش ئۈچۈن جاپا چېكىدۇ. ھەرگىزمۇ جاپا چېكىش ئۈچۈن راھەت كۆرمەيدۇ. قويۇڭ ئەمدى ! ھايال بولۇپ قالساق كاللىمىز كېتىدۇ.

سەئىدخان رەھىم باباغا، قاناتبەگكە قارىدى.

— بارسىلا، بالام، خۇدا ئۆزى ساقلايدۇ، — دېدى قېيىنئاتىسى.

— مەنمۇ بىللە باراي، — قاناتبەگ بولامدۇ دېگەن مەنىدە خوجا ئەلىگە تىكىلدى.

www.uyghurkitap.com

— مەيلى، بىللە بارساڭ بارغىن، — دېدى ئۇ.

سەئىدخان دۇئا قىلىپ قالغان قېيىنئاتىسىغا باش ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. كۆزىگە ياش ئالغان رەپىقىسىگە ئاشىقانە نەزىرى بىلەن خوش ئېيتىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى ـ دە، ئېگەرلەپ قويۇلغان ئاتقا مىندى. قاناتبەگمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئوردىغا بارغۇچە خوجا ئەلى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — ئۇنلۇك سالام بەردى سەئىدخان، — قات ـ قات كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان جانىبېككە.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەپسىز، خان، — دېدى ئۇ سوغۇق نەزەر تاشلاپ.

— چاقىرتقان ئىكەنسىز، كەلدىم.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلماقچىسىز، شاھزادە؟

— تېخى ئويلاپ كۆرمىدىم.

— بۇ يەردە تۇرسىڭىز بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، سىز قىساس ئالغۇچى.

— بىلدىم، — دېدى سەئىدخان جانىبېك سۇلتانغا، — بىلىڭكى، مەن كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغۇچى جاللات ئەمەس.

— كىشىلەرگە ئەمىنلىك بېغىشلىغۇچى شەپقەتچىمۇ ئەمەسسىز.

— بۇنى كېيىن بىلىسىز.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتىلا بۇ يەردىن كېتىڭ.

— كەتسەم، يەنە كېلىمەن.

— ئۇ چاغدا كۆرەرمىز.

سەئىدخاننىڭ ئىككى كەلىمە سۆز قىلغۇسى كېلىپ ئەتراپىغا شۇنچە قاراپمۇ ئۇنى تاپالمىدى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلگىنىچە ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. سىرتتا ساقلاپ تۇرغان قاناتبەگ:

— خۇداغا شۈكۈر، شاھزادەم، ئاتقا مىنگەيلا، — دېدى. سەئىدخان چىلان تورۇققا مىندى.

ئۇلار سۆزلىشىپ مېڭىپ كۆن پېتىشقا ئاز قالغاندا باغقا كېلىشتى. بوۋاي، مەختۇمە، گۈلسۇرۇخ، باللار ئىشىك ئالدىدا كۆز تىكىپ تۇرۇشقانىكەن، ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلىشتى. قاناتبەگ ئەمدىلا تىلى چىققان ئوغلى پەرھادنى گۈلسۇرۇخنىڭ قولىدىن ئېلىپ پېشانىسىغا سۆيدى ۋە خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئەتە تاڭ سەھەر شاھزادە سەئىدخانغا ھەمراھ بولۇپ كابۇلغا بارىدىغان بولدۇم، ئەزىزىم. سىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىدىغان بولدۇڭلار، ئۇزاققا قالماي قايتىپ كېلىمىز ...

سەئىدخان ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ تۇرغان خوتۇنىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. مەختۇمەنىڭ چىرايلىق ئاھۇ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

www.uyghurkitap.com

## ئون توققۇزىنچى باب

# پەتىۋا ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان

### 1

سىم ـ سىم يېغىۋاتقان يامغۇر دىۋانخانىنىڭ دېرىزىلىرىگە يېنىك ئۇرۇلۇپ ئۇردا ئىچىنى قېلىن سۇ سەپكەندەك ھۆل قىلىۋەتتى. دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ياپراقلىرىدىكى چاڭ ـ توزانلار يۇيۇلۇپ كۈمۈشتەك پارقىراپ كەتتى. قەسىر ئۆگزىلىرىنىڭ نورلىرىدىن يامغۇر سۈيى شىرقىراپ چۈشەتتى، يامغۇر توختايدىغاندەك قىلمايتتى. گويا قۇياش يۈزىگە پەردە تارتىپ قويغاندەك ھاۋا گىرىمسەن، ئاسمان يۈزى قارامتۇل ئاقۇچ رەڭدە ئىدى.

شاھنىڭ خاس سارىيىدىن يېنىپ چىقىشقان ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، مۇنەججىم، ھۆكۈما، قازىلار دىۋانخانىغا تىقىلىپ كەتتى. ئۇلار يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ ئۆيلىرىگە كېتەلمەيۋاتاتتى، بىراق ئارىسىدا شاھدانە كوكۇلداشلا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ شۇدەم سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى ئەڭ يېقىن خەۋەردىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن تەخت ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى.

— باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېيتىشقا بولمايدىغان قانداق خەۋەر ئىكەن ئۇ، سۆزلەڭ، ۋەزىر، — دېدى مىرزا ئابابەكرى قىرقىلغان بۇرۇتىغا قوشۇلۇپ كەتكەن قارا ساقىلىنى سىيپاپ ـ سىيپاپ، ئۇ ھەرقاچان بىر ئىشتىن نارازى بولغاندا شۇنداق قىلاتتى.

شاھدانە كوكۇلداش ئېغىز ئاچتى:

— شەۋكەتلىك شاھىم، خان سۇلتان خېنىم ئەتىگەن

بامداتتىن كېيىن زىنداندا قازا قىلغانىكەن، كۆپچىلىك ئالدىدا بۇنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم. ئاخىرەت ئىشلىرىنى قانداق قىلىمىز؟

— مۇشۇ خەۋەرمىدى؟ — مىرزا ئابابەكرىنىڭ قويۇق قارا قېشى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، توم قاپىقى لىپىلداپ كەتتى، — بايا كۆپچىلىك ئالدىدا ئېيتمىغىنىڭىز ئوبدان بولغانىكەن، دەرھال ئۆزى تۇرغان قەسىرگە يۆتكەپ، ناماز دىگەرگىچە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تاماملاپ، يەرلىكىدە قويۇۋېتىشكە ئادەم بەلگىلەڭ، نامىزى ئوردا مەسچىتىدە چۈشۈرۈلسۇن. ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشلىرى ھازا تۇتسۇن. زىنداندا ياتقانلىقىنى ھېچكىم ئېغىزدىن چىقارمىسۇن. يەنە باشقا خەۋەر بارمۇ؟

— بار، شاھىم، — دېدى شاھدانە كوكۆلداش ئالدىراپ سۆزلەپ، — سۇلتان مۇھەممەد شاھىبېكخان سۇلتان مەھمۇدخاننى بەش ئوغلى بىلەن جەيھۇن دەرياسى بويىدا ئۆلتۈرۈپتۇ. تونۇگۇن كەچ ئەندىجاندىن كەلگەن ئايغاقچى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. سەئىدخان بىلەن ئىنىسى خېلىل سۇلتان لەشكەر تارتىپ كەلگەن ئاكىسى مەنسۇرخان تەرىپىدىن ئەۋلىيائاتا دىيارىدا مەغلۇپ قىلىنىپتۇ. خېلىل سۇلتان پاناھ تىلەپ جانىبېك سۇلتاننىڭ قېشىغا بارغاندا جەيھۇن دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. سەئىدخان ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپتۇ. مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان ئوغلى مىرزا ھەيدەر بىلەن بابۇر مىرزىنىڭ يېنىغا — كابۇلغا كېتىپتۇ. مۇھەممەد شاھىبېكخان خىسراۋ شاھ بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانمىش. ئۇنىڭ خىسراۋ شاھنى يەڭگەندىن كېيىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانى يېڭىپ خۇراساننى، ھەتتا ئىراننى ئىگىلەش ئويى بار ئوخشايدۇ.

مىرزا ئابابەكرى يەرگە قاراپ پۈكۈلۈپ تۇرغان باش ئەمىرگە كۆز سېلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قارا بۇرۇتلىرى يېپىۋالغان كالپۇكى ئاستىدا مەسخىرە كۈلكىسى پەيدا بولدى:

— شاھىبېكخاننىڭ نۇسرەت قازانغانلىقى ھەققىدە ئەجەب

سۆزلەپ كەتتىڭىزغۇ، كوكۆلداش. بۇلار مەن ئۈچۈن يېڭى خەۋەر ئەمەس، مۇقەررەر بولىدىغان ئىشلار، شاھىبېكخان موغۇلىستانغا قوشۇن تارتىپ كەلمەمدىكەن؟ بىز تەرەپلەرگىچۇ؟ ماڭا مۇشۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر كېرەك. ئۇقتىڭىزمۇ؟ — ئۇ بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خۇشكەلدى كوكۆلداش، ئەزىز بەردىلەرنىڭ سەئىدخاننى تۇتۇش ئۈچۈن باشلاپ كەتكەن سىپاھلاردىنمۇ خەۋەر يوق. سەئىدخاننى زاكىسىدا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىگىنىم ئۈچۈن ھازىرغىچە ئەپسۇسلىنىمەن. ئۇ ئاخىر قوشۇن تارتىپ بۇ يەرگە كەلمەي قالمايدۇ، ۋەزىر. ئۇنىڭ زادى ئۆلۈك - تىرىكلىكى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىشىم زۆرۈر. قارىغاندا قەدىناس سۇلتانىڭىزنىڭ ئوغلىغا ئىخلاسىڭىز بار ئوخشايدۇ.

— نەئۇزۇ بىللا①. ئالىيلىرىدىن يۈز ئۆرۈش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر، شاھىم. سەئىدخان توغرۇلۇق خەۋەر ئالالمىغانلىقىم راست، ئەمما خۇشكەلدى كوكۆلداش، ئەزىز بەردى باشلاپ كەتكەن ئەسكەرلەردىن بىرنەچچىسى قېچىپ كەلگەنىكەن، ئۇلار ئەكەلگەن شۇم خەۋەرنى ئالىيلىرىغا ئېيتقۇم كەلمىدى.

— نېمە؟ يوشۇرۇۋاتامسىز؟ — ئاچچىقلاندى مىرزا ئابابەكرى.

— ياق، شاھىم، نېمىشقا يوشۇراي؟ ئۆزلىرىنى بىئارام قىلماي دەپ ئېيتمىغانلىقىم راست، گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، — شاھدانە كوكۆلداش تىزلاندى.

— مۇنداق دەڭ، — مىرزا ئابابەكرى تامىقىنى قىرىپ ئەمرگە گۆلەيدى، — مېنى بىئارام قىلىدىغان قانداق خەۋەر ئىكەن ئۇ؟

— خۇشكەلدى كوكۆلداش، ئەزىز بەردىلەرنى سەئىدخان ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بىز تۇتالمايۋاتقان ئەلى مىرەك مىرزا باشچىلىقىدىكى قاراقچىلار سەئىدخانغا قوشۇلۇپ، تاكى قىرىلىپ

① نەئۇزۇ بىللا — خۇدا ساقلىسۇن (ئاللانى شېپى كەلتۈرۈپ ئىچىلگەن قەسەم.

توگنگۈچە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلىپ سىپاھىلىرىمىزنى زور تالاپەتكە ئۇچرىتىپتۇ. سەئىدخان تۇتۇق بەرمەي غايىب بوپتۇ. سىپاھىلىرىمىزنىڭ قېچىپ كەلگەنلىرىنى مۇھاپىزەتچى ياساۋۇللارغا قوشۇۋەتتىم، ئالىيلىرى.

— ئوھوي! ... شۇنداقمۇ ئىش قىلغان بارمۇ؟ — مەسخىرە قىلدى مىرزا ئابابەكرى، — ئۇلار زادى قانچە ئادەم؟

— سەككىز نەپەر، — جاۋاب بەردى كوكۇلداش.

— سىز بەك رەھىمدىل ئىكەنسىز، ئەمىر. دۈشمەندىن يېڭىلگەن نامەردلەرنى ئوردا ياساۋۇللىرىغا قوشۇپ قويۇپسىز. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەرەمخانىغا بېسىپ كىرىپ قىلىچ بىلەن مېنى چاپسا ياخشى بولامتى؟

شاھدانە كوكۇلداش چۆچۈپ كەتتى، پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلدى.

— نەئۇزۇ بىللا، — ئىككىنچى قېتىم قەسەم ئىچتى ئۇ، — مەن ئۇلارنى مۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىمايمەن. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ماڭا ئۆلۈم ھەق بولىدۇ، شاھىم.

— ئالدىراپ ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز ئۆلۈم ھۆكۈم قىلماڭ، كوكۇلداش، ماڭا دەرھال قازى ھاتەمشاھنى چاقىرىپ بېرىڭ. چوڭ - كىچىك ھەرقانداق ئىشنى شەرىئەت ھۆكمىدىن چىقىپ يەتتۈاسىز قىلمايمەن.

— خوپ، ئالىيلىرى.

شاھدانە كوكۇلداش كەينىچە مېڭىپ ساراي ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىغا يۆتىلىشىپ ئۇغدا چۈشتى. ئۇ دىۋانخانىغا چىققاندا شۇمشىيىپ تۇرغان ئەمىر، ۋەزىرلەرنى كۆردى. پاكار، ئاقارغان ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن ھاتەمشاھ ئاق سەللە ئورالغان بېشىنى ئىككى تەرەپكە لىڭشىتىپ، پىچىرلاپ دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ۋەزىر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— شەيخۇلئىسلام①، ئۆزلىرىنى سۇلتان ئالىملىرى چاقىرىۋاتىدۇ.

— قۇللۇق، ۋەزىر، يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۇتۇپ تۇرغىنىم، شاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشتۇردى ـ دە.

بۇلار سارايغا كىرگەندە تەختتىن چۈشكەن مىرزا ئابابەكرى سارايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى باغقا قارىغان دېرىزىنىڭ پەردىسىنى قايرىپ، باغقا كۆز سېلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پادىشاھىم. ئاللا ئادالەت بابىدا ئالىملىرىنى نۇشرىۋان ئادىلدەك مەشھۇر قىلغاي.

— كەلسىلە، كۆرسىدا ئولتۇرسىلا، تەخسىرىم، بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا پەتىۋا چىقىرىپ بەرگەن بولسىلا.

— ئېيتسىلا، شاھىم، — بوغۇلۇپ ئاستا ئاۋازدا دېدى ھاتەمشاھ.

— بىرىنچى مەسىلە، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — ۋەزىر ـ ئەمىرلەر ئېچىدە پادىشاھقا قەست قىلماقچى بولغانلارغا قانداق چارە قىلماق لازىم؟

— قەست قىلغۇچىلارنىڭ قەست قىلىشى توغرىسىدا قانداق ئەمەلىي دەلىل بار، شۇنىڭغا قاراپ بىرنەرسە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر قەست توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات بولمىسا، پەتىۋا چىقىرىشقا بولمايدۇ.

چىرايى تۇتۇلغان مىرزا ئابابەكرى سوغۇق نەزەردە يەنە سورىدى:

— ئىككىنچى، بىر خوتۇن بار، ئۇ ئېرىنى ئۆلتۈرمەكچى، كۆرۈنۈشتە ئېرىگە ناھايىتى سادىقتەك تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ دۇنيا ـ دەپىنىسىگە ئىگە بولماقچى. خوش، بۇنىڭغىچۇ؟

— بۇنىڭغىمۇ زۆرۈرى يەنىلا دەلىل ـ ئىسپات.

---

① شەيخۇلئىسلام — ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي مەنسەپ، ئۇنۋان ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشى.

— ئۆچىنچى، — دېدى مىرزا ئابابەكرىنىڭ زەردىسى قايناپ، — ئۆز پادىشاھىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا ئەل پادىشاھىغا تەسلىم بولۇش كويىدا يۈرگەنلەر بولسا، ئۇلارنى ئۆز مەقسىتىگە يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قانداق قىلساق بولىدۇ، تەخسىر؟

— يەنىلا دەلىل - ئىسپاتقا قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۆز پادىشاھىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا ئەل پادىشاھىغا تەسلىم بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولسا، مەسىلەن، قېچىپ كېتىۋاتقاندا تۇتۇلسا دارغا ئېسىش كېرەك. قاچماق غەرىزىدە يېزىلغان مەكتۇپى قولغا چۈشسە، ئۇنىڭدا دۆلەتنىڭ مۇھىم مەخپىيەتلىكى ئاشكارىلانغان بولسا قاماققا ئالسا بولىدۇ. ئۇنداق بولماي ئادەتتىكىچە خەت بولسا گۇناھسىز بولغان بولىدۇ، شاھىم.

— ئوھوي! بۇگۈن گەپلىرى بۆلەكچىغۇ، تەخسىر، — مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايى ئۆزگەندى، — ئوچۇق دەلىل - ئىسپات بولسا سىلىدىن پەتىۋا ئېلىشنىڭ ھاجىتى قالماس ئىدى. يۇقىرىدىكى ئۈچ مەسىلىدە دەلىل - ئىسپات ئاشكارا ئەمەس، يوشۇرۇن. پەتىۋا بېرىشلىرى كېرەك!

— مەن ھەيۋەتلىرىدىن قورقۇپ نۇرغۇن مەسىلىلەرگە خاتا پەتىۋا چىقىرىپ ئاللا ئالدىدا ئېغىر گۇناھقا پاتقانلىقىمنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن، — دېدى قازىكالان ھاتەمشاھ سىلىق تەلەپپۇزدا.

— نېمە؟ قايسى ئىشلاردا خاتا پەتىۋا چىقاردىڭ؟ مېنىڭ بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، قازى.

— ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، بۇ توغرۇلۇق ئويلىنىپ ئاندىن جاۋاب بەرسەم.

— يۇقىرىدىكى ئۈچ مەسىلە توغرىسىدا پەتىۋا بېرىش توغرىلىقمۇ ئويلىنىپ كۆرمەكچىمۇسەن؟

— پەقەت پەتىۋا بېرىش توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرمەكچىمەن.

— بولىدۇ، ئەتىدىن باشلاپ ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرەي، ئەتراپلىق ئويلان. بۈگۈن دۈشەنبە ھېساب ئەمەس، تۆتىنچى كۈنى

www.uyghurkitap.com

جۇمەدىن كېيىن ئوردىغا كېلىپ جاۋاب بېرسەن.

مىرزا ئابابەكرى «چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دېگەن مەنىدە ئورنىدىن تۇردى.

— بولىدۇ، خۇدا بۇيرۇسا دېگەن ۋاقىتتا جاۋابقا ئىگە بولىسىلا، ئالىيلىرى، — ھاتەمشاھ بېشىنى سەل ئېگىپ قويۇپلا سارايدىن چىقىپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى قورقىنىدىن ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن شاھدانە كوكۇلداشنىڭمۇ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپمۇ قويماي، سارايىنىڭ خۇپىيانە ئىشىكىدىن ھەرەم ھويلىسىغا قەدەم قويدى. خانىش - توقاللىرىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، خانزادە بېگىم قەسرىگە قاراپ ماڭدى. بۇخارا، سەمەرقەنتتىكى بوستانلىق باغلاردا جەرەندەك يايراپ ئەركىن ئۆسكەن خانزادە بېگىم ئون تۆت يېشىدا مىرزا ئابابەكرىگە ياتلىق قىلىنىپ ياركەندكە كەلگەندىن بېرى قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاشلىشىپ كەتكەنىدى.

خانزادە بېگىم بالىسىنىڭ چوڭى بولغان جاھانگىر مىرزىنى تېخى ئون ئالتە ياشىنىڭ قارىسىنى ئالماي تۇغقانىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى باللىرى تۇرانگىر مىرزا، بوستانگىر مىرزىلارنى مىرزا ھەيدەرنىڭ ھاممىسى سۇلتان خېنىم ئېمىكئانىسى سۈپىتىدە تەربىيەلىگەنىدى. شۇڭا، خانزادە بېگىم ئۆزىنى يەنىلا يالغۇز سېزەتتى. ئىككى يىلدا بىر قېتىم سەمەرقەنتكە بېرىپ ئىككى - ئۈچ ئاي يايرىۋالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا چاغلاردا جامال ئاغىچا ئالدىدا مانا شۇنداق «ھە، خوش» بىلەن ئۆتەتتى. خانزادە بېگىم مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمىتى ئۈستۈن بولسىمۇ، تويلىق بۇ دىيارغا كۆنەلمەي ھەسرەت چېكەتتى، ۋاپات بولغان ئانىسىنى ياد ئېتىپ يىغلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۆز يېشى قۇرۇماي، سەبدەردەك سارغىيىپ، ئارچا شېخىدەك زىلۋالىشىپ تارتىلىپ كەتكەنىدى. ئۆتكەن يىلى مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ

كۆڭلى ئېچىلسۇن دەپ ئويتاغ باغرىدىكى چىرايلىق بوستانلىققا سەيلىگە ئاچىققانىدى. خانزادە بېگىم شىكاردا بىر كېيىك بالىسىنى تىرىك تۇتۇۋالدى ۋە خۇشلۇقىدا بويۇن - بېشىنى سىلاپ، مۇڭلۇق چىرايىغا قاراپ: «قارا كۆزلۈك ئومىقىم» دەپ پىچىرلىدى. مىرزا ئابابەكرى بۇنى كۆرۈپ، خوتۇنىنىڭ كېيىكنى بېقىۋېلىشىغا يول قويدى. قارا بويۇن بۇ كېيىك بالىسىغا خانزادە بېگىم «خەيرىل ئەسما» دەپ ئات قويۇپ، ئالتۇن كولدۇرما، تۇمار پۇتۇپ بويىنىغا ئېسىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن باغدىن ئوت ئوتاپ بېرىپ باقتى. «خەيرىل ئەسما» ئۇنىڭغا بەك ئىچەركىشىپ كەتتى. قەيەرگە بارسا كېيىكنى شۇ يەرگە بىللە ئېلىپ باراتتى. غەم باسقان چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن ئۇنسىز سىردىشاتتى.

مىرزا ئابابەكرى كىرىپ كەلگەندە خانزادە بېگىم كېيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى.

— بولدى ئەمدى، كېيىكنى چىقىرىۋېتىڭ، — دېدى مىرزا ئابابەكرى ۋە كېنىزەككە كېيىكنى ئاچىقىپ كېتىشنى ئىشارەت قىلدى. كېيىك ئىگىسىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ ئېتىكىنى چىشلەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر كېنىزەك ئۇنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— مەلىكە، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — ئاللا سىزگە سەۋر - تاقەت ئاتا قىلغاي، بۇ يىل سەمەرقەنتكە ئۆزۈم ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتاتتىم، ئەمما ...

مىرزا ئابابەكرى سۆزىنى توختىتىپ، سۇكۇتتە جىم تۇرۇپ قالدى ۋە خانىشنى باغرىغا بېسىپ ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— رەھمەتلىك پادىشاھ سۇلتان مەھمۇد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئۇنىڭ ۋەزىرى خىسراۋ شاھ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، بايسۇنغۇر مىرزىنى سىقىپ چىقارغانلىقى سىزگە مەلۇم. ئىككى يىلدىن بېرى خىسراۋ شاھ مەسئۇد مىرزا بىلەن بايسۇنغۇر مىرزىنى ۋىلايەت، ئايماقلارغا ھاكىم قىلىپ قويۇپ ئۆزى پادىشاھ بولۇۋاپتۇ.

مىرزا ئابابەكرى سۈكۈت قىلىپ تۇردى.

— ئاكىلىرىمغا نېمە بوپتۇ، شاھىم؟ — ئەنسىز ئاۋازدا سورىدى مەلىكە جىمىپ كەتكەن ئېرىنىڭ كۆكسىگە باش قويۇپ يىغلاپ.

— قانخور، باغرى تاش خىسراۋ شاھ ئۆزى بەگئەتكە بولۇپ تەربىيەلەپ چوڭ قىلغان بۇ ئىككى شاھزادە ھاياتلا بولسا پادىشاھ بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ ياۋۇزلىشىپتۇ. ئاڭلىسام ئاۋۋال ئاتىڭىز مەھمۇد مىرزىنىڭ كۆزىگە مىل تارتىپ كور قىپتۇ. بايسۇنغۇر مىرزىنى ئالداپ ئۆزىگە ئىشەندۈرۈۋېلىپ تۇيۇقسىز باسماقداپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. دۇنيادا مۇنداقمۇ ۋەھشىي قارا نىيەت ئادەم بولامدۇ؟ سىز يىغلىماي ئۇ زالىمغا زاۋاللىق تىلەڭ.

خانزادە بېگىم ھوشىدىن كېتىپ زالىم ئېرىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنى كۆتۈرۈپ كىمخاب تۆشەكتە ياتقۇزدى.

قىيا ئېچىپ قويۇلغان دېرىزە كۆزنىكىدىن كىرگەن كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى خانزادە بېگىمنىڭ قارا چاچلىرىنى يەلپۈپ، قارا يوللۇق ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈردى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ يىپەك يىپتىن توقۇلغان قىزىل پۆپۈكلۈك ئىشتانباغقا كۆزى چۈشتى. «ئاكىلىرىنىڭ پاجىئەسىنى ئېيتمىسام بوپتىكەن، مۇسىبەت خەۋىرى ئۇنى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. خەيرىيەت، ئۇ مەندىن باشقا كۈيۈندىغان ئادىمىنىڭ قالمىغىنىنى ۋاقتىدا بىلدى. يىغلاپ - يىغلاپ ئوڭلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ نازۇك ئەۋرىشىم تېنىنى دېمىسەم، ئاللىبۇرۇنلا كۆزدىن يوقاتقان بولاتتىم. بۇ دۇنيادا گۈزەل خوتۇنلار ئاز ئەمەس ...»

مىرزا ئابابەكرى دېرىزىنىڭ كۆزنىكىنى ئېتىپ، دەرپەردىسىنى ياپتى. كۈمۈشتىن ياسالغان كۆركەم شامداندىكى ئۈچ شامنى ياقتى. ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ كەتكەنىدى. ئۇ خانزادە بېگىمنىڭ ئاۋۋال تەتىللا جىلىتكىسى بىلەن ئەتلەس



www.uyghurkitap.com

كۆڭلىكىنى سالدۇرۇپ، ئاندىن قىزىل پۆپۈكلۈك ئىشتانبېغىنى يەشتى. بىر پارچە لاتا ئۇنىڭ چاترىقىغا قىستۇرۇقلۇق ئىدى.

— ئىپلاس! ئاي كۆرۈپ قالغانىكەن - دە، — دېدى ئۇ رايى يېنىپ.

مىرزا ئابابەكرى قولىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇۋىدى، ئىككى كېنىزەك كىردى.

— مەلىكىنىڭ تاۋى يوق تۇرىدۇ. زەينەپ خوتۇننى چاقىرىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈن ھەمراھ بولسۇن، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

## 2

نورۇزدۆڭ بوستانلىق سەيلىگاھ ئىدى.

بۇ يەردىكى چايخانا، ئاشخانىلاردىن قىشۇياز خېرىدار ئۈزۈلمەيتتى. پولۇنىڭ دەم يېگەن چاغدىكى مەززىلىك پۇرىقى، مانتىنىڭ خۇشبۇيى دىماقنى ياراتتى. پۈتۈن كاۋاپ قىلىنغان توخۇ، قوي ئېغىزدىن سىرىق سۇ كەلتۈرەتتى. مەيزاپ ئىچىپ تەڭشىلىۋالغان كىشىلەر بىر - بىرىنى يۆلىشىپ تاماشا قىلىشىپ يۈرەتتى. بىر ياندا ئىت تالاشتۇرسا، بىر ياندا توخۇ سوقۇشتۇراتتى. ھەممىدىن قىزىقى ھەم قورقۇنچلۇقى قوچقار ۋە بۇقىلارنى سوقۇشتۇرۇش بولۇپ، تاماشىچىلار مىغىلداپ كېتەتتى.

بەزى كۈنلىرى مىرزا ئابابەكرى سودىگەر ياكى دېھقان سىياقىدا ئۆزىدەك ياسانغان خاس نۆكەرلىرى بىلەن بۇ سەيلىگاھقا كېلەتتى. ئەتراپىنى ئايلىنىپ كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ، سۆزلىرىنى تىڭشىغاچ ئوردىغا قايتاتتى. ئەتىسى نەچچە ئون ئادەم تۇتقۇن قىلىنىپ زىندانغا تاشلىناتتى ياكى نورۇزدۆڭدە باشلىرى كېسىلەتتى، دارغا ئېسىلاتتى. جىنايەتچىلەر ھۆكۈمدارنى ھاقارەتلىگەن، ئۆلۈم

تىلىگەن، ھۆكۈمدارنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى، ئورنىغا ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ تەختكە چىقىشىنى ئارزۇ قىلغان كىشىلەر بولۇپ چىقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نورۇزدۇڭ قورقۇنچلۇق جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ يەرگە كېلىدىغانلار خېلىلا ئازلىدى. ھۆكۈمدار، ئەمىرلەر ھەققىدە زادى گەپ قىلىشمايتتى. شۇنداقتىمۇ، مىرزا ئابابەكرى بۇ يەرگە يوشۇرۇن ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىشنى توختاتمىغانىدى.

بۈگۈن شاھدانە كوكۈلداش، ئەمىر ۋەلى تاغاي، ئەمىر لەشكەر مۇھەممەدبېك ئوردىدىن يانغاندا مەسلىھەتلىشىپ نورۇزدۇڭغا كەچلىك سەيلىگە چىققانىدى. ئىلگىرى قانچە قېتىم ھۈنەرۋەن ۋە دورىپۇرۇش سىياقىدا ئەلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن چىققانىدىكى، بۇ نۆۋەتتىكىسى ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئاشكارا سالاھىيىتى بىلەن كەلگەچكە، ئادەملەر ھەم قورقۇشۇپ، ھەم ۋەھىمە ئىلكىدە سالام قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. ئۇلار نورۇزدۇڭنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان خىلۋەت چايخانىغا كىرىپ، ئېسىل مېھمانلارنىلا باشلايدىغان گىلەم سېلىنغلىق خاس ئۆيدىن جاي ئېلىشتى.

— ھەزرەتلىرىنىڭ سازغا مەيلى بارمىكىن؟ — سورىدى ئوراكۆز، سەل ئېگىشىپ قالغان بوم ساقال غوجايىن پومپىيىپ چىققان قورسىقىنى لىغىلدىتىپ.

— يوقسۇ، بىزگە قېنىق دەملەنگەن چاي، يۇمشاق نان، قىرغاۋۇل كاۋىپى بولسا كۇپايە، — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك، ئۇنىڭ چىرايى تولىمۇ سۇرلۇك ئىدى، — بۇ ئۆيگە باشقا كىشىنى كىرگۈزمەڭ، ئارامخۇدا شارابىڭىز پەيزىنى سۈرگۈمىز بار.

— خوپ، ھەزرەتلىرى، بەخىرامان ئولتۇرۇشسىلا، ئاراملىرىنى بۇزۇشقا كىمنىڭمۇ ھەددى بولسۇن؟ ھەربىرلىرىدەك ئەزىز مېھمانلارغا بىشىمىز بىلەن يۈگىلاپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىمىز. شارابىڭىزمۇ ئېسىلى بار، — غوجايىن خۇشامەت قىلىپ داستىخان سالدى.

— جانابلار، نېمە ئۇچۇندۇر كۆڭلۈم ئۆيۈپ تۇرىدۇ، — دېدى ئەمىر ۋەلى تاغاي سەللە ئورالغان قاما تۇمىقىنى ئېلىپ تام تۈۋىگە قويۇپ. ئۇنىڭ سىيدام بېشى مورا ئۈستىدىكى پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان چىراغ يورۇقىدا پارقىراپ كەتتى. ئۇ يازۇ قىش تۇماق كىيىپ ئادەتلەنگەنىدى، — سۆزىنى داۋام قىلىپ دېدى، — بېشىمىزدىكى بۇ ۋەھىمە قاچان تۈگەر؟ ئاللا سالامەت قىلسا بالىچاقامنى ئېلىپ ئەندىجانغا كېتەيمىكىن دەيمەن.

— جانابلىرى، ئەندىجانغا كەتسەم ئارام تېپىپ قالىمەن دەپ ئويلاۋاتامدىلا؟ شاھىبېكخان ئالدىغا پاناھ تىلەپ بارغان خېلىل سۇلتانىنىڭ كىم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلەمدىلا؟ — دېدى شاھدانە كوكۇلداش «ئەپچىش !» دەپ قاتتىق چۇشكۇرۇپ، ياغلىقى بىلەن بويۇن - بېشىنى ئېرتقاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەرھۇمە خان سۇلتان بېگىمنىڭ ئۆلۈمى جانابلىرىغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن بۇيان كۈنسېرى ياداپ كېتىۋاتىلا. ئەندىجانغا بېرىشنى نىيەت قىلماي مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشنى نىيەت قىلسىلا، تەخسىر، قورساقلىرىغا كىرىپ چىقسام، سىلىنى سەييىدمۇھەممەد مىرزىدەك تۇيۇقسىزلا كەتمەكچى بولۇۋېتىپىلا - دە، ھەممىلا ئادەم ئۇنداق تەلەيلىك ئەمەس.

— ئۆمرىمىز بارمۇ، يوق، بۇ خۇداغا ئايان. كۆپ ئويلىساممۇ چولتا ئويلاپتىمەن، جانابلىرى. ھەممىدىن ھەج سەپىرىگە نىيەت باغلاپ ئەرەب دىيارىغا كەتمەك تۈزۈكتەك قىلىدۇ. كۆرسەتكەن ئەقىللىرىگە رەھمەت. مىرزا ئابابەكرى ياركەند دىيارىغا كەلگەندىن بېرى چوغقا دەسسەپ يۈرگەندەك ياشاپ كېلىۋاتىمىز. ئاخىرى بىر يەردىن چىقار.

ئەمىر ۋەلى تاغاي ئۇچۇق ئېيتمىغان بولسىمۇ، مىرزا ئابابەكرىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى شاھدانە كوكۇلداشمۇ شۇ ئان بىلدى.

— سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەندىجان تەرەپكە كېتىشى

ئەلنى تەۋرىتىۋەتكەنىدى، — دېدى شاھدانە كوكۇلداش ئەمىر ۋەلى تاغاينىڭ سۆزىنى ئوچۇقراق ئىزاھلاپ، — شاھىمىز بۇنىڭدىن كۆپ خاپا، ئۇ ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆز ھەمشىرىسىگىمۇ قىلچە رەھىم قىلمىغانلىقى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ، — «ئۇ بىزگىمۇ رەھىم قىلمايدۇ» دېمەكچى بولۇپ ئەندىشە قىلدىمۇ قانداق، سۆزىنى توختىتىۋالدى.

بىر پەتنۇسقا يۇمشاق مەززىلىك نان، بىر چۆگۈندە زەپەر سېلىپ دەملىگەن چاينى كۆتۈرۈپ كىرگەن غوجايىن:

— ھەزرەتلىرىم، كاۋاپ ھازىرلا تەييار بولىدۇ، — دەپ بىرنەچچە ناننى ئۇشتۇدى. نەپىس نەقىشلەنگەن پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا قويدى.

— ئۆز ئىشلىرىنى قىلىسۇنلار، — دەپ ئۇنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى باياتىن گەپ قىلماي ئۆيىنىڭ تۆگلۈك، دېرىزە ئورنىدىكى كۈنگۈرىلىرىگە مەيۈس نەزەر سېلىپ ئولتۇرغان ئەمىر مۇھەممەدبېك، چايخانا غوجايىنى جىممىدە چىقىپ كەتتى.

— جانابلار، بەندىدىن ئەمەس ئاللادىن قورققان كىشى ئامانلىق تاپىدۇ. گەپنى ئوچۇق قىلىشايلى، — دېدى ئۇ بىردىن گەپ باشلاپ، — ئادەم قېنىدىن تۆگمەن ئايلاندۇرۇش بۇ زامان پادىشاھلىرى ئىچىدە پەقەت سۇلتان مىرزا ئابابەكرىلا سادىر قىلغان ئېغىر پاجىئەدۇر. بىز سۈكۈت قىلىپ ئۇنى توسمايلا قالماستىن، بەلكى ياخشى قىلىۋاتىلا دەپ يەل بەردۇق. مانا مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ مادۇ، چەگرەك ئايماقلىرىنىڭ ئۈچ مىڭ ئادىمىنىڭ پۇتىنى تىزىدىن كەستۇرۇۋەتتىم. بۇ قاتتىق گۇناھ ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ يەنە قانداق گۇناھ بولسۇن، تەخسىرلەر؟ ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن ئۈرگەنچ دىيارىدا ئىككى مىڭدەك كىشىنى قەتل قىلدىم. شۇنىڭدىن بۇيان كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ كۆزۈمگە قانلا كۆرۈنىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈپلا چۈشەيمەن. بۇ خۇنخورلۇقلارنى بىر بەندىدىن قورقۇپ قىلغاچقا، مەندىن قارا يۈز بەندە يوق ئىكەن دەپ ئويلاپ، ئاللانىڭ

جازاسىدىن قورقۇپ كۆڭۈللىرىنى ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمغا خېلى بولدى. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىنى خۇنخورلۇقتىن قول يىغىپ تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدىم.

ئەمىر مۇھەممەدبېك ئورۇقلاپ، چىرايىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. ساقال ـ بۇرۇتىنى دائىم چىرايلىق ياسىتىپ گۈرس ـ گۈرس دەسسەپ يۈرىدىغان بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان سەرۋازدەك شۈمشىيىپ قالغانىدى. ئۇ كېيىنى ـ كەينىدىن بىرقانچە جام شاراب ئىچىپ، بىر زىخ كاۋاپ يېگەندىن كېيىن كەيپى كۆتۈرۈلۈپ روھلىنىپ قالدى.

— مېنى قورققاق دېمەڭلار، قانغا بويالغان قىلىچنى قان بىلەن يۇيۇشقا تەييارمەن، ئاغىلىرىم. مەن كالۋاغا ئەقىل كۆرسىتىشىڭلار كېرەك، — شاھدانە كوكۇلداش يۇمشاق نان بىلەن قىرغاۋۇل گۆشىدە قىلىنغان لەزىز كاۋاپتىن بەش زىخ يەپ، ئاندىن ئىككى جام شاراب ئىچتى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا سېمىز ئىدى.

— سىلەر جانابلار ئاغزىڭلارغا كەلگەننى دەپ ئادەمنى مۇنچە قورقۇتماڭلار، — تېخى بىر زىخ كاۋاپنىمۇ تۈگىتىپ يەپ بولالمىغان تاغاي خاۋاتىرلىنىپ سىيدام بېشىنى سىلاپ.

— گەپنى ئۆزلىرى باشلىدىلا، تەخسىر، — زەردە قىلدى مۇھەممەدبېك يەنە بىر جام شارابنى ئىچىۋېتىپ، — ئەمدىلىكتە سۆھبەتتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇۋاتىلىغۇ؟ بۇ گەپلەرنى سۇلتان ئاڭلاپ قالسا ئالدى بىلەن ئۆزلىرى جاۋاب بېرىدىلا!

— ھېچقانداق گەپ قىلمىدىم ۋە ھېچنېمە دېمىدىم، — دېدى تاغاي ياغاق بېشىنى گىلدىڭلىتىپ. ئۇ ئورنىدىن قوپتى، — مەن كېتەي.

— ئولتۇرسىلا، تەخسىر، — شايى تونىنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزدى مۇھەممەدبېك، — مۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمىسىلە، بۇ يەردە قوچقاربەگ يوق. مەن بار، مەن بار ...

www.uyghurkitap.com

— مەن كېتەي، ئەمىر، ئېمىشقىدۇر قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.
— نەگە كېتىلا، ئورنىدىغىمۇ؟ — سورىدى شاھدانە كوكۇلداش.
— ئۆيگە، بالىلىرىم ئالدىغا، ۋەزىر ئەزەم.
— قورقۇنچاق ئادەملەرگە ۋەھىمە يېپىشقاق كېلىدۇ. سىلى مىرزا ئابابەكرىدىن قورققانسېرى كىشىلەرنىڭ بېشى كېسىلىۋەردى، بۇنى ئەسلىرىدىن چىقارمىغايلا. كېتىش ئالدىدا بىر ئاز ئىچىۋالسىلا، — مۇھەممەدىبېك جامدىكى لىقمۇلىق شارابنى ئىشىكئاغىسىنىڭ ياغاق يۈزىگە چېچىۋەتتى. ئۇجۇقۇپ كەتكەن ئەمىر ۋەلى تاغاي ياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى ئېرتىپ، غودۇرغىنىچە چىقىپ كەتتى، شايى تونىمۇ شاراب بىلەن بۇلغانغانىدى. «نېمىشقا بۇ نەس يەرگە كەلدىم ھە؟... بۇ نەس باسقان قارا كۆڭۈللەرگە ھەمراھ بولغىنىم ئۈچۈن بۇمۇ ئاز. خەپ، ئەتە سەھەر ئورنىدا بېرىپ، بۇ ئىككى كاززاپنىڭ يامان نىيىتىدىن سۇلتاننى خەۋەردار قىلىپ ئىنئامغا ئېرىشىمىسەم...»

ئەمىر ۋەلى تاغاي ئويلاپ ئاستا قەدەم بىلەن نورۇزدۆڭنى ئارىلاپ ماڭدى. چار بازارچىلار يايمىلىرىنى ئاللىبۇرۇن يىغىپ كېتىشكەنىدى. ئۇ يەر - بۇ يەردىكى ئاشخانىلار ئوچۇق ئىدى. كەچلىك سەيلىگە چىققان ئىچەرمەنلەر، چايخورلار، دەردمەن بويتاقلار، تۇل - نازىنىنلار، نوچىلار ئاشخانا، چايخانىلاردا كاۋاپ يەپ، شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەمىر ۋەلى تاغاي يەردىن باش كۆتۈرمەي مېڭىپ نورۇزدۆڭدىن پەسكە چۈشۈپ، يولنىڭ ئايلانمىسىغا كەلگەندە ئىككى ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— جانابىي ئىشىكئاغىسى، سەل تەخىر قىلسۇنلار، — دېدى شاپ بۇرۇت، پاكار بويلۇق يىگىت ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىنى قىسىپ تۇرتۇپ، — تەخسىر، شاراب سوغىسىغا چۈمۈللىمۇ نېمە، — ئۇنىڭ سول بىلىكىنى ئېگىز بويلۇق يەنە بىرسى تۇتتى. ئەمىر تاغاي چۆچۈپ ھودۇققان ھالدا دېدى:
— بالىلىرىم، نېمە ئىش بۇ؟ مېنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر؟

ئۇلار ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يەرگە تەگكۈزمەي دەرەخلىك ئىچىگە ئەكىردى. مۇبادا مەسە ـ كەش كىيمىگەن بولسا، پۇتلىرى يانتاق تىكەن، قۇرۇق شاخلارغا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ شەلۋەرەپ كېتەتتى. ئۇنى بولجالىق ئىچىدە مەشئەل كۆتۈرۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ يېنىدا توختاتتى.

ــ ئىشىكئاغىسى، شاھىمىزغا ئاسىيلىق قىلماقچى بولغان ئادەمنى ئاختا قىلغىلى كەلدىم.

ئەمىر ۋەلى تاغاي شۇنداق قاراپ سۇۋادان تېرەككە يۆلىنىپ قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان قوچقاربەگنى كۆردى ـ دە، تېنىگە تىترەك ئولاشتى.

ــ مەن... مەن... شاھىمىزغا مۇھىم خەۋەر يەتكۈزمەكچىدىم، ــ ئىشىكئاغىسىنىڭ ياشلىرى ياغاق يۈزىدىن سىرغىپ شالاڭ ساقىلىغا تامدى.

ــ مۇھىم خەۋەرنى ئۇچۇڭ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بېرىپ ئېيتامسىڭ؟ ئۇچۇڭنىڭ نورۇزدۆڭدىكى چايخانىنىڭ كۇنگۇرىلىك ئۆيدە نېمە دېيىشكەنلىرىنى ئاڭلىدىم، دۆيۈز! شاھىمىز دانا ئىكەن، بۇگۇنلا سېنى قەتل قىلىشقا پەرمان چۈشۈرگەندى. ئۆيۈڭگە بارساق باش ۋەزىرنىڭ چاقىرىپ ئاچىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. شاھدانە كوكۇلداش بىلەن ئەمىر مۇھەممەدبېكنىڭ ئۆيىگە بارساق ئوخشاشلا يوق ئىكەن. ئىزدە ـ ئىزدە نورۇزدۆڭگە بېرىپ چايخانىدا ئىكەنلىكلىرىنى سوراپ بىلدۇق. تۇڭلۇك، كۇنگۇرە، ئىشىك يېنىدا مۆكۈپ تۇرۇپ قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدۇق. ئالىيجۇرۇن ئۆلۈمگە لايىق ئىكەنسەن، ئەمدى تەخىر قىلسام بولمايدۇ. ئارقاڭغا قاراپ باق. كىم كەلدى؟

تاتىرىپ ئۆلۈك چىراي بولۇپ قالغان ئەمىر ۋەلى تاغاي كەينىگە قارىدى. باغلايدىغان قىل ئارقان ۋە بىلەنگەن پىچاقلىرىنى كۆتۈرگەن ئىككى ئادەم بولجالىقتىن چىقتى.

www.uyghurkitap.com

## 3

شاھدانە كوكۇلداش كۆنگۈرىدىن قاراپ ئالەمنىڭ قاراڭغۇلۇققا غەرق بولغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆزىچە ئەندىكىپ كەتتى.

— ئەمىر، قايتساق بولارمىكىن؟ يېرىم كېچە بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، ئىشىكئاغىسىنىڭ كەتكىنىگىمۇ خېلى ئۇزاق بولدى. نېمە ئۈچۈندۇر ۋۇجۇدۇمنى بىر ئەنسىزچىلىك چىرمىۋالدى، بۇ يەردە ئولتۇرغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، كېتەيلى.

— قورقۇۋاتاملا، ۋەزىر؟ ئاللاغا ئۆزلىرىنى تاپشۇرۇپ پەيز قىلىۋەرسىلە، — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك بىر جام شاراب سۇنۇپ.

— مەن كېتەي، ئەمىر، يۈرىكىم سىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر كاشىلىغا ئۇچراپ قالامدۇق نېمە؟

— ھەممە ئادەم كاشىلىغا ئۇچراۋاتقاندا بىز ئۇچرىساق نېمە بولماقچىدى؟ ئىچسىلە، يۈرەكلىرى ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ، — ئەمىر مۇھەممەدبېك ئۇنى زورلاپ ئىچۈرۈۋېتىپ تەكەببۇرانە ھىجايدى، — ئويلاپ باقىلىمۇ؟ مەن پادىشاھ بولىدىغاندەك تۇرىمەن، ۋەزىر، مىرزا ئابابەكرىنىڭ قىزىنى ئالايمىكىن دەيمەن، ھا ـ ھا ـ ھا ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھدانە كوكۇلداشمۇ خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇمۇ كەيپ بولۇشقا باشلىغانىدى.

— مەنزە ... مەن ... ئەمىر ...

ئۇ خىرىلدىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ تونىنى كىيىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— كەتسەك كېتەيلى، يولدا بىزنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى ئەمىر مۇھەممەدبېك ئۇنىڭغا ياندىشىپ مېڭىپ، ئۇ مەست بولۇپ قالغان بولسىمۇ سەگەك ئىدى.

— غوجايىن قېنى؟ — ئەمىر قولىنى قويۇن يانچۇقىغا سىلىقۋېتىپ سورىدى.
— بايا بىرنەچچە ئادەم كېلىپ ئۇنى ئەكەتتى، — دېدى چايخانا خىزمەتچىسى ئەسنەپ تۇرۇپ، — كەلمەيۋاتىدۇغۇ.
— بىزنى پالاكەت بېسىپتۇ، ۋەزىر، يانلىرىدىكى ھەمياننى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ قويسىلا، — دېدى مۇھەممەدبېك ۋە قويىنىدىن بىر كىچىك خالتىنى ئېلىپ چايخانا خىزمەتكارىغا ئۇزارتتى، — سېنى ۋە غوجايىنىڭنى ئوبدان بىلىمەن، بۇنى ئېلىپ قويغىن، ئۇكا، ئەتە بۇ يەرگە كەلسەك قايتۇرۇپ بېرەرسەن، كېلەلمىسەك ساڭا، ئاتا ـ ئاناڭغا مەنسۇپ بولىدۇ.
— نېمە قىلغانلىرى بۇ، ئەمىر، سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالغىلى تۇردىلىغۇ، — شاھدانە كوكۇلداش ئەجەبلىنىپ سورىدى.
— سىلىمۇ بېرىۋەتسىلە، ۋەزىر، ھېلى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىدىلا، بۇ كېچە ساق قالساق مەن پادىشاھ بولىمەن، ساق قالمىساق سىلى پادىشاھ بولىلا. ھا ـ ھا ـ ھا...
ئەمىر مۇھەممەدبېك ئالىجوقا سۆزلىگەن بىلەن مېڭىشى جايىدا ئىدى. كۆز قۇيرۇقىدا ئەتراپقا قاراپ چايخانا ئىشىكى ئالدىدا سۆزلىشىپ تۇرغان ئىككى كىشىگە كۆزى چۈشتى.
— مەن بەرمەيمەن، يۈرسىلە، كېتەيلى، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز، — دېدى شاھدانە كوكۇلداش ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ. ئۇلار چايخانىدىن چىقىپ نورۇزدۆڭدىكى كېچىلىك سەيلىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدى. نورۇزدۆڭنى زۇلمەت باسقانىدى. ئاشخانا ـ چايخانىلارنىڭ چىراغلىرى تامام ئۆچكەن، خېلى يىراقتا يول ئۈستىدە گۇلخان يېنىۋاتاتتى. «ئېھتىمال يېتىمچىلەر گۇلخان يېقىپ بىر نېمە پىشۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغان ئەمىر مۇھەممەدبېك ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى.
— ئەمىر، ئاستىراق ماڭسىلا. يېتىشەلمەي قىينىلىپ

قالدىم، — دېدى شاھدانە كوكۇلداش ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ مېڭىپ، ئۇ قاتتىق ھاسىراپ ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك تىنالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇلار گۇلخان دەپ گۇمان قىلغان نەرسە، مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان ئادەملەر بولۇپ چىقتى.

— ئات مىنىپ چىققان بولساق مۇنداق ئاۋارىچىلىككە قالمايتتۇق، ۋەزىر. ئۆزلىرى پىيادە بارايلى دەپ ئۇتىمىغاندىلە، مانا، جەبىر تارتىپ قالدىلا ...

— توختاش ! — ئۇنىڭ سۆزىنى قاتتىق ئاۋاز بۆلۈۋەتتى. شاھدانە كوكۇلداش قورقۇپ كېتىپ تونىنىڭ پېشىگە دەسسەپ يىقىلىپ چۈشتى. ئەمىر مۇھەممەدبېك شارتتىدە قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇردى.

— ئەمىر، شاھ مىرزا ئاتابەكرى يارلىق چۈشۈردى، ئەمدى نىيەتلىرىگە ھەرگىز يېتەلمەيلا، قىلىچلىرىنى تاشلاپ ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭغانلىرى تۈزۈك، — بۇ قوچقاربەگنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھە ! قوچقار ياساۋۇل، شاھنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ قورقۇق گېپىڭنى قويۇپ ۋەزىپەڭنى ئادا قىل، — مۇھەممەدبېك غەزەپ بىلەن قىلىچنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ چاپتى.

— تۇتۇڭلار بۇنى، — دەپ توۋلىدى دولىسىغا قىلىچ تەگكەن قوچقاربەگ ۋە ئاغرىق دەستىدىن ئىڭراپ يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ چورت ئۈزۈلگەن ئوڭ قولى توپىلىق يەرگە پوككىدە چۈشۈپ مىدىرلاپ - مىدىرلاپ جىمىپ قالدى.

قوچقاربەگنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ياساۋۇللىرى ئەمىر مۇھەممەدبېكنى باسماقداپ تۇتۇپ تېرەككە باغلىۋەتتى. شاھدانە كوكۇلداش ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنى شاھىم قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار، نېمە قىلسا شاھ ئۆزى قىلسۇن، — دېدى خىرىلداپ.

قوچقار ياساۋۇل ھوشىغا كەلگەندە باش توخۇ چىللاۋاتاتتى. ئەتراپىدا ياساۋۇللار نېمە قىلارنى بىلەلمەي تۇرۇشاتتى. ئۇ

كۆزىنى ئېچىپ:

— بۇلارنى ئاۋۋال ئاختا قىلىپ، ئاندىن قازىققا① ئاپىرىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. قاياقتىندۇر ھۇۋقۇشنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ...

## 4

ياركەند ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى. شارقىراپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەرياسىنى ئاقۇچ كۈل رەڭ تۇمان قاپلاپ كەتكەنىدى. ئىسسىق ياقلارغا كېتىۋاتقان قۇشلار سېپى شەھەر ئۈستىدىن ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. گاھ چەمبەر شەكلىدە، گاھ ياي شەكلىدە يېقىنلاپ - ئۇزىراپ ئۇچاتتى. قۇشلارنىڭ كۆلەڭگىسى سۈپسۈزۈك دەريا سۈيىدە ئەكس ئېتىپ گۈزەل مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى.

بامدات نامىزىدىن يانغان مىرزا ئابابەكرى ئارغامچا، غەلۋىر شەكلىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارغا قاراپ بىردىن كەپتەر ئۇچۇرۇش ھەۋىسى قوزغىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ھۆرمەت بىلەن قوغداپ كېلىۋاتقان ئوردا ئەمىرى ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات باشلىق ياساۋۇللار بىلەن پادىشاھ كەپتەرخانىسىغا قاراپ يول ئالدى ...

«شاھدانە كوكۇلداش دېگەن قىرى تۇلكە بۇ چاغقىچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇپ، ئىس - بۇسىنى چىقارماستىن ماڭا ياخشىچاق بولۇپ كەلدى. ئەمدى گاللىشىپ قالغان پىچىقىنى بىلەپ ماڭا سالماقچى بولۇۋاتاتتى، تۇيۇپ قالدىم. مۇھەممەدىبېك ئوچۇقتىن - ئوچۇق دۆلىتىمنىڭ قىرىنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ بىر يارامسىز سەركەردە. لەشكەرلىرىمنىڭ كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىشى ئۇنىڭ

① قازىق — قېزىلغان يەر.

ئىقتىدارسىزلىقىدىن بولغان. ئەمىر ۋەلى تاغاي ئىتنىڭ ئۆزى، قۇيرۇق شىپپاڭشىتىشنىلا بىلىدۇ، مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ، كالۋا... ھاتەمشاھ بىر كاچ ئادەم. بۇلارنى ۋاقتىدا جازالاپ، تۈزكورلارنى بىر سەگىتىپ قويغىنىم ئەلنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، تەختىمنىڭ مۇقىم بولۇشىدا نېمىشقا رول ئوينىمىسۇن؟ بۇ ھەقتىكى ئەمرىمنى قوچقاربەگ ئادا قىلىپ بولدى. ئۇ ھېلى كەلسە ئەھۋالنى ئۇقۇپ، جۈمەدىن كېيىن پۈتۈن ئەلگە ئۇلارنىڭ سۈيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىپ جازاغا ئۇچرىغانلىقىنى جاكارلايمەن. ھاتەمشاھنى زەھەر ئىچىۋېلىپ ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن كۆشەندىلىرىمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، قول ـ پۇتىنى چۇشەپ قويىمەن. بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە شۇنداق قىلىمەن. تاجۇتەختىمگە ھېچكىم چېقىلالمايدىغان بولىدۇ.»

— شاھىم، ئەمىر قوچقاربەگنىڭ ياساۋۇللىرى ئوردىدىن بۇ يەرگە كەپتۇ، ئالىيلىرىغا يەتكۈزىدىغان مۇھىم خەۋەر بار ئوخشايدۇ، — دېدى ئابدۇللا بۇرۇندۇق ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

«نېمىشقا قوچقاربەگنىڭ ئۆزى كەلمىگەندۇ؟» دەپ ئويلاپ خاۋاتىرلەنگەن مىرزا ئابابەكرى:

— قېنى ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، ئالىيلىرى، — ئۇنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ياساۋۇل كۆچۈكلىنىپ تىزلاندى.

مىرزا ئابابەكرى باشقىلارغا «بىزنى خالىي قالدۇرۇڭلار» دېگەن مەنىدە قول ئىشارىتى قىلدى.

ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلاتتىن باشقا بەگ ـ ياساۋۇللار سۇلتاندىن يىراقلاشتى.

— ئەمدى دېگىن، بىر قوشۇق قېنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كېچىشىم كېرەك؟

— ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى ئورۇنلاندى، شاھىم. دەسلەپ ئەمىر ۋەلى تاغاي ئاختا قىلىندى، ئاندىن شاھدانە كوكۇلداش بىلەن

ئەمىر مۇھەممەدىبېكتىمۇ ئاختا قىلىپ، دۇنىيا ـ دەپىنە تېپىش ئۈچۈن كونا ئۆيلەرنى كولاۋاتقان قازىقچىلارغا قوشۇۋېتتۇق. مۇھەممەدىبېك قوچقاربەگنىڭ ئوڭ قولىنى چېپىۋەتكەندى، بىز ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇق. خىزمەتلىرىگە كېلەلمىگىنى ئۈچۈن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپ قالدى، — دېدى ياساۋۇل بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، — ساداقەتلىك قۇللىرىنىڭ چېپىلغان بىر قولى ئۈچۈن يۈز دۇشمەنلىرىنىڭ بېشىنى كەسىمىسەم ئالدىلىرىدا يېگەن تۇزۇم هارام، مۇبارەك دىدارلىرىدىن نۇرلانغان يۈزۈم قارا بولۇپ كەتسۇن، شاهىم.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى.

— غىياسىدىن دوغلات. لەقىمىم قارا، پىر تۇتمىغان ئادەمەن.

— ئورنۇڭدىن تۇر!

ياساۋۇل ئورنىدىن تۇردى.

— بېشىڭنى كۆتۈر!

ئۇ قامىتىنى تۈزەپ تىك تۇردى.

مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسالدى. غىياسىدىننىڭ بېشى ئۇچلۇق، پېشانىسى تار، قوشۇمىسى ئالدىغا بۆرتۈپ چىققان، كۆكۈچ كۆزلىرى پۈلتىيىپ تۇراتتى. قارامتۇل يۈزىدىكى گۆشلۈك قوۋۇزى قىپقىزىل بولۇپ، دۆشە ئېگەك ئىدى. ئېڭىكىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە بەش ـ ئون تالدىن ساقال بار ئىدى. مەڭزىدىكى ئەگرى تاتۇق ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىۋەتكەندى. ئېڭىكىدە ساقال بولمىغان بىلەن مەيدىسى قارا جاڭگالنىڭ ئۆزى ئىدى. ئىككى تاغىقى ئارىسىدىكى ئات يالىدەك قويۇق تۈكلەرنى تونچە چوتا كۆڭلىكى ئەل كۆزىگە كۆرسەتمەيتتى. ئۇزۇن قارا ماتا بەلىبىغىغا مىسۋاك، گۆللۈك تاماكا خالتىسى، قىزغۇچ ناسۋال قاپىقى، پىچاق سېلىنغان كۆن غىلاپ، ئىككى تىزىق يارماق، ئوت چىقىرىدىغان چاقماق تاش سېلىنغان ياغاچ قۇتا، تەسۋى، قەلەمتىراش قاتارلىق نەرسىلەر

ئېسىلغانىدى. ئۇ ياساۋۇل ئەمەس، ساتىراشقا ئوخشاپ قالغانىدى. پۇتىغا ياركەندنىڭ چورۇقىنى، بېشىغا تۆتلۇك كۆرپە تۇتۇلغان ئۆرە تۇماق كىيگەنىدى.

— قاچاندىن بېرى قوچقاربەگنىڭ يېنىدا ئىشلەۋاتىسەن؟ — بوي ـ بەستىنىڭ ئېگىز، تەمبەل ئىكەنلىكى مىرزا ئابابەكرىگە مەزۇر كېلىپ سورىدى.

— ئون ئۈچ يىلدىن بېرى، — دېدى غىياسىدىن دوغلات.

— نېمە ئىش قىلدىڭ؟

— ئورۇپ ئۆلتۈرۈش، ئېسىپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇپ ئۆلتۈرۈش، چېپىپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنى قىلدىم.

توغرىدىن ـ توغرا «مەن «جاللات» دەپ جاۋاب بەرمەي گەپنى ئەگىتىپ قىلغانلىقى سۇلتانغا ياردى.

— خەت بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن، شاھىم.

— قوچقاربەگنىڭ ئىشلىرىنى قىلالامسەن؟

— نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمەن؟ ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بېرى ئۇ ئۆزى قىلىدىغان ئىشقا مېنىلا سېلىپ كېلىۋاتقان تۇرسا.

ئۇنىڭ شۇم چىرايىدىن رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى، تەلەتى بەكمۇ سۆرۈن ئىدى.

— جۇمە نامىزىدىن كېيىن ئۇلارنى چەمبەرچاس باغلاپ ئوردىغا ئەكەل.

— خوپ، ئالىيلىرى.

مىرزا ئابابەكرى يېنىدا ئەيمىنىپ تۇرغان ئابدۇللا بارلاسقا دېدى:

— قوچقاربەگ مېنىڭ ئوڭ قانىتىم ئىدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئال، ئەڭ قابىل تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ داۋالات. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن. مەن ھازىر

كەپتەرخانىغا بارىمەن. ئەھۋاللاردىن مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرغىن.

— خوپ، ئالىيلىرى.

مىرزا ئابابەكرى پادىشاھ كەپتەرخانىسىغا كەلگەندە بىرمۇنچە خىزمەتكار ئۇنىڭ ئالدىدا كىرىپىدەك تۇگۇلۇپ تىزلاندى:

— شاھ ئالىيلىرى، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي.

— كەپتەر قانچىگە يەتتى؟ — سورىدى پادىشاھ كەپتەرخانىسىنىڭ بېگىدىن.

— ئۈچ مىڭدىن ئاشتى، ئالىيلىرى.

— ھەممىسىنى بىر نۆۋەتتە ئۇچۇرالامسەن؟

— يوقسۇ، يەتتە ئادەم بار. ھەممە كەپتەرنى بىر نۆۋەتتە ئۇچۇرۇشقا ئازلىق قىلىمىز.

— بۈگۈن مەنمۇ بار. ئادەملىرىڭگە بارلىق كەپتەرلەرنى ئۇچۇرۇشقا بۇيرۇق بەر، — دېدى مىرزا ئابابەكرى.

پادىشاھ كەپتەرخانىسىنىڭ بېگى بولغان بۇ خىزمەتچىنىڭ ئېتى نەسىرىددىنشاھ ئىدى. ئۇ خوتەنلىك بولۇپ، قۇلنەزەر مىرزىنىڭ كەپتەرخانىسىدا كەپتەر باقاتتى. قۇلنەزەر مىرزا ئۆلتۈرۈلۈپ، خوتەن بۇلاڭ ــ تالاڭ قىلىنىغاندا، ئەمىر مۇھەممەدبېك نەسىرىددىنشاھنىمۇ ئولجا ئېلىپ مىرزا ئابابەكرىگە تارتۇق قىلغانىدى. ئۇنىڭ كەپتەر ئۇچۇرۇش ۋە بېقىش ماھارىتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان سۇلتان ئۇز كەپتەرخانىسىغا مۇلازىم قىلىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ پۈتۈن كۈچىنى بۇ كەپتەرخانىنى ئاۋات قىلىشقا سەرپ قىلىپ، ئىككى يۈزدەك كەپتەرنى ئۈچ مىڭغا يەتكۈزگەنىدى.

مىرزا ئابابەكرى ھەپتىدە ئىككى ــ ئۈچ قېتىم بىرىپ كەپتەرلەرنى ئۇچۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئۇلارنىڭ پەرۋازىدىن روھلىنىپ، ھۇزۇرلىنىپ كېلەتتى.

كەپتەرخانا ئىككى قەۋەت ئىدى. بىرىنچى قەۋىتىدە تۆت ئېغىز ئۆي بولۇپ، بۇلار خىزمەتكارلارنىڭ ياتىقى، ئاشخانا، دان

ساقلايدىغان ئامبار ۋە پادىشاھنى كۈتىدىغان مېھمانخانىدىن ئىبارەت ئىدى. ئىككىنچى قەۋىتىگە تۆت كەپتەرخانا ئورۇنلاشقانىدى. ھەربىر كەپتەرخانا ئىككى ئېغىزدىن تۆت چوڭ ئۆي بولۇپ، تاشقىرى ئۆي، ئىچكىرى ئۆي دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. ئىچكىرىكى ئۆي كەپتەرلەر جۈپلىشىدىغان، باچكىلايدىغان ئۆي ئىدى. تاشقىرىقى ئۆي قونما دەپ ئاتىلاتتى، قونمىدا بىرنەچچە قونداق بولۇپ، كەپتەرلەر دەم ئالاتتى، بىر ـ بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ تۈكىنى تاراپ، سايرىشىپ ئوينىشاتتى.

كەپتەرخانىنىڭ ئەتراپىدا سىراج تام بار ئىدى. سىراج تام ئۈستىدە قاتار پوم① ئورنىتىلغان، ساپالدىن يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان پومغا قىل باغلانغانىدى. ياۋا كەپتەرلەر پومغا قونسا قىل تارتىلىشى بىلەن كەپتەرنىڭ پۇتى باغلىنىپ تۇتۇلۇپ قالاتتى، نەسلىنى ئالىدىغان كەپتەرلەرنى باقىدىغان ئايرىم قونمىلارمۇ بار ئىدى.

نەسىرىددىنشاھ پىرقىراپ يۈرۈپ ئادەملىرى بىلەن بارلىق قونمىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. قوللىرىدىكى ئۇچۇرغۇچلارنى ئايلاندۇرۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن كەپتەرلەرنى پەرۋاز قىلدۇردى. مىرزا ئاbabەكرىمۇ ئۇچۇرغۇچنى ئايلاندۇرۇپ بىرنەچچە يۈز كەپتەرنى پەرۋاز قىلدۇردى.

كۆك قاپاق ئېچىلغان كەپتەرلەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. موللاقچى، پەلەڭ، ئويۇنچى كەپتەرلەر ياركەند ئاسمىنىغا تولدى. «غوڭ ـ غوڭ» قىلغان ئاۋاز مىرزا ئابابەكرىگە يېقىملىق تۇيۇلۇپ ئەنسىز كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. كۆكتە بازلىشىۋاتقان، موللاق ئېتىۋاتقان كەپتەرلەرگە قاراپ ھوزۇرلاندى. ئۇ ئادەتتە كەپتەر ئۇچۇرۇشنى بىر سائەت داۋام ئەتكۈزەتتى، بۈگۈن تاكى جۈمە ۋاقتى بولغۇچە كەپتەرخانىدىن چىقمىدى. كەپتەرلەرنىڭ

① پوم ــ تۇزاق.

ھەممىسى شەھەرنىڭ ھەر تەرىپىگە تاراپ كەتكەنىدى. ئۆچۈرغان كەپتەرلەرنىڭ ئۆچتىن بىرى قايتىپ كەلدى، قالغانلىرى باشقىلارنىڭ كەپتەرخانىسىغا چۈشۈپ كەتتى. نەسىرىددىنشاھ ئۈمىدسىزلىنىپ ئويلىنىپ قالدى: «ئەجەب يامان بولدى، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاچ قورساق ئۇچقان كەپتەرلەر كىشىلەرنىڭ قونىغا چۈشۈپ كەتتى. مىڭ تەستە كۆپەيتكەنىدىم، ئەمدى بېشىم كېتەرمۇ؟»

مىرزا ئاباBەكرى ئۇنىڭغا بىر تىللا ئىنئام بەردى ـ دە، ئۇدۇل ئوردا مەسچىتىگە ماڭدى.

5

غىياسىددىن ئۆز ياساۋۇللىرى بىلەن ئاغزىغا يوگەن سېلىنغان ئۈچ كىشىنى يالاپ ئوردىغا ئەكىرگەندە ۋەزىر، ئەمىر، بەگ، سەردارلار قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى.

شاھدانە كوكۇلداشنىڭ بىر كۆزى يۇمۇق، بىر كۆزى ئوچۇق. ئەمىر مۇھەممەددىبېكنىڭ ئىككىلا كۆزى ئوچۇق، يۈز ـ كۆزى قان ئارىلاش لاي بىلەن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن، ئەمىر ۋەلى تاغاينىڭ ئىككىلا كۆزى يۇمۇق، ياغاق يۈزى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە قان ئۇيۇپ قالغانىدى.

— ۋەزىر، ئەمىر، سەردار، بەگلەر، سىلەر كۆرۈپ تۇرغان بۇ ئۈچ كىشى ھەربىرىڭلارغا ناھايىتى تونۇشلۇق. بۇ ھەرگىز چۈش ئەمەس. بۇلارنى مەن تاجۇتەختىمىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئەڭ سادىق بۇرادەرلىرىم دەپ سانايتتىم، ئەمما ئۇلار ئاستىرتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، ماڭا سۇيىقەست قىلماقچى بولغاندا سېزىپ قالدىم ۋە قارىكالان ھاتەمشاھنىڭ پەتىۋاسى بىلەن چارە كۆرۈلدى. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۇ ھەممەيلەننىڭ ئىبرەت ئېلىشىغا تېگىشلىك تارىخىي ساۋاقتۇر. ئەمدى ئۇلار تاكى ئۆلگۈچە يامان نىيىتىگە يېتەلمەيدۇ، — مىرزا ئاباBەكرى سۆزىنى توختاپ:

www.uyghurkitap.com

— غىياسىدىن ! — دەپ چاقىردى.

قىپقىزىل جاللات كىيىمى كىيگەن غىياسىدىن دوغلات باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەگرى قىلىچىنى يەر تىۋۆەن قىلىپ تەخت ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى.

— لەببەي، شاھىم.

— بۇ ئۈچ مۇناپىق ئاسىينى قامچىلاپ كوچا ئايلاندۇرۇڭلار، ئاندىن نورۇزدۆك، مەدرىسە ۋە جوۋىغا ئېلىپ بېرىپ سازايى قىلغاندىن كېيىن قازىققا سېلىڭلار. شۇ يەردە ئۆلسۇن !

— باش ئۇستىگە، شاھىم !

مىرزا ئابابەكرى چىقىپ كېتىۋاتقان گۇناھكارلارغا مەغرۇرانە قارىغان ھالدا چاقىردى:

— ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات !

— لەببەي، شاھ ئالىيلىرى ...

ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات يۈگۈرۈپ تەخت ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچكەنىدى.

— بۈگۈندىن باشلاپ سىز ئەمىرلەشكەر بولىسىز.

— تاجۇتەختلىرىگە جېنىم تەسەددۇق، شاھ ئالىيلىرى ...

ئۇنىڭ چىرايى ئەسلىگە كېلىپ ئەمىرلەشكەر ئورنىدا ئولتۇردى.

— نىياز ئابدۇلقۇددۇس دوغلات !

— لەببەي، ئالىيلىرى، — تەخت ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئوتتۇرا بويلۇق سەردار تىزلاندى. ئۇ خېلى يىللاردىن بېرى مىرزا ئابابەكرىگە ئادەتتىكى ۋەزىر بولۇپ كەلگەنىدى.

— باش ۋەزىرلىك كۇرسىدا ئولتۇرغايسىز.

— ئىشەنچلىرىنى يەردە قويمايمەن، شاھىم، — دېدى ئۇ ۋە بېرىپ باش ۋەزىرلىك كۇرسىدا ئولتۇردى.

— ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد دوغلات !

— لەببەي، ئالىيلىرى، — سارغۇچ ساقال، بويلۇق كەلگەن ئەمەلدار ئىتتىك كېلىپ تىزلاندى.

— ئىشىكئاغىسى بولۇپ ئاستانەمنى مۇھاپىزەت قىلغايسىز.
— بۇيرۇغان خىزمەتلىرىگە جېنىم پىدا، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ پۈكۈلۈپ ۋە بېرىپ ئىشىكئاغىلىق كۆرسىدا ئولتۇردى.
— بۈگۈن كەچ ئوردىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بەجانىدىل خىزمەت قىلغانلارغا تارتۇق بېرىلىدۇ.
مىرزا ئابابەكرى باشقا سۆز قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ سالماق قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى. يېڭىدىن يۇقىرى مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلەر قۇتلۇقلاش، ئالقىش سادالىرىغا كۆمۈلۈپ كەتتى.
مىرزا ئابابەكرى دۆلەت ئىشلىرى بىجىرىلىدىغان چوڭ سارايدىن چىقىپ كىشىلەرنى ئايرىم قوبۇل قىلىدىغان كىچىك سارايغا كىردى. بىپايان جەھەتتە چوڭ سارايدىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ كىچىك ساراي ناھايىتى جىمجىت بولۇپ، سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. مىرزا ئابابەكرى ئالتۇن قۇببىلىك تەختكە چىقتى ۋە چاۋاك چېلىشىدى، كۆك كىيىملىك، يۈزىگە نىقاب تارتىلغان بويلۇق بىر ئادەم ئىشىكتىن كىرىپ تىزلاندى:
— شاھىم، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن.
— ھاتەمشاھ كەلدىمۇ؟ — سورىدى مىرزا ئابابەكرى.
— جۇمە نامىزىدىن كېيىنلا كەلگەنىكەن، ئەمرلىرىگە بىنائەن مەخسۇس ئۆيگە باشلاپ قويغانىدۇق.
— ئالدىمغا ئەكىرىڭ.
— خوپ، شاھىم.
مىرزا ئابابەكرى قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ پارىلداپ تۇرغان ئالدى ـ كەينى بىسىغا قارىغىنىچە بەخىرامان ئولتۇردى. كۆك يوللۇق ئەندىجان بەقەسەمىدىن تون كىيگەن ھاتەمشاھ كىرىپ كەلدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھىم.
مىرزا ئابابەكرى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك قىلىچىنى كۆتۈرۈپ تەختتىن قىيىقىزىل گىلەم سېلىنغان يەرگە چۈشتى ۋە

قىلىچىنى غىلاپقا سېلىپ تەكەللۇپ بىلەن:

— شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى، يوللىرىغا قاراپ تۇراتتىم، ۋاقتىدا كېلىپ مېنى غايەت خۇرسەن قىلدىلا، ئولتۇرسىلا، — دېدى تەخت يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ.

— رەھمەت، ئالىيلىرى، مەن بۇ ئىكرامغا لايىق ئەمەس، — دېدى ھاتەمشاھ ۋە تەختتىن يىراقراق كۇرسىدا ئولتۇردى.

قوشۇمىسى تۈرۈلگەن مىرزا ئابابەكرى سورىدى:

— ئويلىنىپ بىر قارارغا كەلدىلىمۇ، تەخسىر؟

— كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا مەن ئېيتقان ئۈچ مەسىلىگە پەتىۋا بەرسۇنلار.

— پەتىۋا بېرىشكە بولمايدۇ! — ئورنىدىن تۇردى ھاتەمشاھ، ئۇنىڭ ئاپپاق سەللە كۆلەڭگە تاشلىغان چىرايى جىددىي تۈس ئالدى.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ — قاتتىق ئاۋازدا سورىدى مىرزا ئابابەكرى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن بولمايدۇ! — ھاتەمشاھ قوينىغا يوشۇرۇپ سېلىنغان خەنجەرنى ئېلىپلا كېكىردىكىگە سۇردى.

ئوقچۇپ چىققان قان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۈستىبېشىغا چاچرىدى. مۇنداق بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن مىرزا ئابابەكرى ھاڭ - تاڭ قالدى، چىرايى ئۆڭۈپ قارىداپ كەتتى.

«ياپاناھ ... بۇ نېمە ئىش؟ تاجۇتەختتىن ئايرىلىشىمنىڭ بېشارىتىمۇ يا؟ ياق، ياق ...» ئۇ ئويلاپ چاۋاك ئۇردى.

بايىقى نىقابلىق ئادەم كىردى. ھاتەمشاھ تىپىرلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىققان قان مىرزا ئابابەكرىنىڭ تونىغىمۇ چاچرىغانىدى.

— ماۋۇ موللىنى جىمىقتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ئەندىكىپ تۇرۇپ، نىقابلىق ئادەم خەنجىرىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ھاتەمشاھنىڭ يۈرىكىگە سانجىدى. قازىكالان ئىككى قېتىم

خارتىلداپ، تىپىرلاپ ـ تىپىرلاپ جان ئۈزدى.

ــ دەرھال چىمەنباغ تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ، كۆزگە چېلىقمايدىغان يەرگە كۆمۈۋېتىپ تېز قايتىپ كېلىڭلار !

ــ خوپ، شاھىم.

ــ مۇلازىملار بۇ يەرنى پاكىز تازىلىۋەتسۇن !

ــ باش ئۈستىگە.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولۇپ بىردەم تۇرۇپ قالدى ـ دە، قان چاچرىغان تونىنى سېلىپ تاشلاپ ھەرەم قەسرىگە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يىگىرمىنچى باب

# بابۇر مىرزا ھۇزۇرىدا

## 1

ئاسىيانىڭ غەربىدىكى ئافغانىستاننىڭ كۆكسىدە بىر مەشھۇر ئاۋات دىيار بار. پادىشاھ كابۇل بۇ دىيارغا بىر شەھەر بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىغانىدى. بۇنىڭغا ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، بۇ نام گويا تاشقا باسقان مۆھۈردەك ئۆچمەي، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ دۇنيانىڭ شەرقىدە تونۇلغانىدى.

ئەتراپى تاغ بىلەن قورشالغان كابۇل شەھىرى گۈزەل ھەم ئەلۋەك ئىدى. تاغ ئۈستىدە ھەيۋەتلىك شاھ كابۇل سارىيى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاغ قاپتاللىرىدىكى باغ ـ بوستانلار، گۈلزارلار، خىيابانلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان چىمەن قىرغاقلىق ئۆستەڭدىن سۇ ئىچەتتى. بۇ ئۆستەڭ گۈلگىنە دېگەن خىلۋەت مەھەللىنى كېسىپ ئۆتەتتى. دوقمۇش ـ دوقمۇشتىكى بازارلار بەكمۇ ئاۋات، تەرەپ ـ تەرەپكە كەتكەن كوچىلار ئاخىرى يوقتەك كۆرۈنەتتى.

كابۇل ئەنە شۇنداق كۆركەم ھەم مېھرى ئىسسىق شەھەر ئىدى. بۈگۈن كابۇل شاھ سارىيىدىكى تەختتە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان زەھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر مىرزا تىمتاسلىق ئىچىدە ئۆزىدىن سۆز كۈتۈپ تۇرۇشقان ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلارغا دېدى:

ــ شايباقخان خارەزىم ۋە خۇراساننى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا

ئېلىپ چاغاتاي ئەۋلادلىرىنى قىرغىن قىلماقتا. ئۇ ئەمدى كەشمىر، كابۇل، ئىران تەرەپلەرگىمۇ كۆز ئالايتىۋاتىدۇ. ئەگەر ئىران پادىشاھى ئىسمائىلخان ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتسا، بىزگە پۇرسەت تۇغۇلغان بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا، ئۇ بىزگە قارشى لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. ھەر ئىككى ئەھۋالدا دۈشمەن ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتمەسلىكىمىز، ھوشيار بولۇشىمىز، غەپلەتتە قالماسلىقىمىز، ھەرقاچان خۇراسان، ماۋەرائۇننەھرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر بىخۇدلۇق قىلساق، ئۆزىمىزنىڭ پۇتىغا ئۆزىمىز پالتا چاپىمىز. بۇ ھەقتە باياتىن بىرى قىممەتلىك مەسلىھەتلەر كۆرسىتىلدى، بۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مۇھىمى ھازىر ئۆز بېشىمىز ئۆز تېنىمىزدە ئىكەن، پايدىلىق چارە - تەدبىر بىلەن بالا - قازانىڭ ئالدىنى ئېلىپ، غەلىبىگە يول ئېچىشىمىز كېرەك، — بابۇر مىرزا سۆزىدىن توختاپ كۆپچىلىككە نەزەر سېلىپ بىرپەس تۇردى.

— يول ئاچىمىز!

— شايباقنى خۇراساندىن قوغلاپ چىقىرىمىز!

— شايباقنى خارەزىمدە دارغا ئاسىمىز!

— شايباقنىڭ كاللىسىنى سەمەرقەنتتە ئالىمىز! ...

ھەشەمەتلىك ئوردا سارىيى ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلارنىڭ ياڭراق ئاۋازىدىن لەرزىگە كەلدى.

بابۇر مىرزىنىڭ ئاق سۈزۈك چىرايىدىكى غەم بۇلۇتى كۆتۈرۈلۈپ، ئارزۇ - تىلىكى ئۈمىد بىلەن قاناتلاندى. ئىككى ئىلىك ئۆسكەن قاپقارا ساقىلى تەكشى ياسالغان بۇرۇتى بىلەن تۇتىشىپ ئۇنى سالاپەتلىك قىلىۋەتكەنىدى. تۈرۈلگەن قوشۇمىسىدىكى قويۇق قاشلىرى ئۇنى دائىم خىيالچان كۆرسىتەتتى. قەددى - قامىتى كېلىشكەن بۇ ئەقىللىك ياش پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى ئەمەس، ئاۋامنى كۆزدە تۇتۇپ يارلىق چۈشۈردى:

ــــ ئەندىجان، سەمەرقەنت، قۇندۇز، ھىسار ۋە موغۇلىستاندىن نۇرغۇن كىشىلەر كابۇلغا كەلدى. كابۇل ھېلىمۇ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە تۇرماقتا. مۇشۇ تۇپەيلى ھەممە كەلگۈندىلەرنى، لەشكەرلەرنى ئۆزىمىز تەمىنلەپ كېتەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، كابۇل ۋە غەزنە ئايماقلىرىغا ئوتتۇز مىڭ ئېشەك ئاشلىق سېلىق سېلىنسۇن. بايلاردىن بۇ سېلىقنى بېرىشكە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر تۇتقۇن قىلىنىپ زىندانغا تاشلانسۇن!

سەرمۇنشى ئۇنىڭ يارلىقىنى تېز يېزىپ كاتىپلارغا تاپشۇردى. ئۆز ئارزۇسى بويىچە بولغاندا بابۇر مىرزىنىڭ كابۇلدا بىر كۈنمۇ تۇرغۇسى يوق ئىدى. ئۇ سەمەرقەنتكە كېتىشنى، كابۇل ئەمەس، خارەزىم، خۇراسان ۋە پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇشىنى خالايتتى. مانا مۇشۇ ئارزۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەرنى جەم قىلغانىدى.

بۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن شاھىبېكخاننى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىپ، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش لازىم ئىدى. ھالبۇكى، پەلەك تەتۈر چۆرگۈلەپ، ئۇ كابۇلدەك كىچىك ۋىلايەتكە قىسىلىپ قالدى. دەرۋەقە ئۇ چوڭقۇر ئورىغا تىقىلىپ قالغان شىرغا ئوخشايتتى.

بابۇر مىرزا ئەمىر ـ ئەركانلارغا رۇخسەت بەردى. سارايدا يالغۇز قالغاندىن كېيىن، دەرپەردىلىك دېرىزە تۈۋىگە باردى. ئۇ پەردىنى قايرىپ كابۇل شەھىرىگە كۆز سالدى.

ئېشەك، ئات، تۆگە قېتىلغان ھارۋىلار كوچىلاردا توپا توزۇتۇپ ئۆتۈۋاتاتتى. قارا پەرەنجە ئارتقان ئاياللار تام تۈۋىدە ئاستا كېتىشىۋاتاتتى. گۈزەرلەردىكى ناۋاي، سامسىپەز، كاۋاپچىلار خېرىدار چاقىرىپ توۋلىشاتتى. لالما ئىشتلار تىللىرىنى ساڭگىلاتقان پېتى كانارغا ئېسىلغان گۆشلەرگە تەلمۈرۈپ تۇرۇشاتتى. موزدۇز، زەرگەرلەر دۇكانلىرىدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. نۆكەر، ياساۋۇللار ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا ئۆتۈپ تۇراتتى. بىر سىنىڭ ئىشكىنى ئاستا چەككەنلىكىنى ئاڭلىغان

بابۇر مىرزا:
— كىرىڭ، — دېدى.
ئىشىكئاغىسى كىردى.
— شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئاراملىرىنى بۇزغانلىقىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىقمەن.
— ئۇنداق دېمەڭ، ئىشىكئاغىسى، بەلكىم خۇش خەۋىرىڭىز ئۈچۈن تارتۇق قىلىنغان ھەدىيەلەر بىلەن ئاللا ئۆمرىڭىزگە بەرىكەت بېرەر.
— ھەشقاللا، شاھىم. ئوردا دەرۋازىۋەنى موغۇلىستان خانى كەلدى، پادىشاھنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ دەپ كىرگەنىكەن، ئالىيلىرىنى خەۋەرلەندۈرەي دەپ ئاراملىرىنى بۇزۇپ قويدۇم، — دەپ باش ئېگىپ تۇردى ئىشىكئاغىسى.
— ھازىرلا چىقاي، دەرۋازىۋەن ئۇلارنى تەكىيىخانىغا باشلاپ تۇرسۇن، — دېدى بابۇر مىرزا ۋە ئىشىكئاغىسى بىلەن ئالدىراپ ماڭدى.
ئۈستىبېشىنى چاڭ - توزان، كۆڭلىنى غەم باسقان سەئىدخان قېيىنئاكىسى قاناتبەگ ۋە ئەندىجاندىن ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بىرقانچە مۇلازىملىرى بىلەن تەكىيىخانىنىڭ زالىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، چېھرى قارىداپ سولۇغلۇق بولۇپ قالغانىدى. قاناتبەگمۇ تويغا چۈمۈلگەنىدى.
ئىشىكئاغىسى بىلەن بابۇر مىرزا كىردى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پادىشاھ ئاغا، — تىزلىنىپ سالام بەردى سەئىدخان.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خان ئىنىم، خۇش كەپسىز.
بابۇر مىرزىمۇ تىزىنى يەردە قويۇپ نەۋرە ئىنىسى سەئىدخان بىلەن قۇچاقلاشتى. قاناتبەگ يەتتە قېتىم تىز پۈكۈپ بابۇر مىرزىغا سالام بەردى.
— قەدىمىڭىز قۇتلۇق، خان ئىنىم، ماڭا يەنە بىر قانات قوشۇلدى، ئەمدى ئۆزۈمنى ھەرگىزمۇ كۈچسىز چاغلىمايمەن، —

دېدى بابۇر مىرزا سەئىدخاننى قاتمۇقات سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.

— كېلىشىڭىزدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن. بۇرۇنراق خەۋەر تاپقان بولسام ئالدىڭىزغا چىققان بولاتتىم، خان ئىنىم.

— رەھمەت، پادىشاھ ئاغا. ھېلىمۇ سىزنى كۆرۈپ بېشىم ئاسمانغا يەتتى. سالامەت كۆرۈشتۈرگەن ئاللادىن مىننەتدارمەن، — سەئىدخان ئۇنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغىنىدىن مەمنۇن بولدى.

— ھازىر خان ئىنىم سىزگە، قېيىنئاكىڭىزغا، مۇلازىم، نۆكەرلەرگە يېڭى سەرپايە ئەكېلىمىز. ھاممامدا يۇيۇنۇپ، كىيىنىۋېلىڭلار. سىلەرنى ھەرەمخانىدا كۈتىمەن.

— رەھمەت، شاھ ئاغا.

## 2

بابۇر مىرزا سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۆز ھەرىمىنىڭ قەسرىدە كۈتۈۋالدى. بابۇر مىرزا سەئىدخان بىلەن قاناتبەگنى، ئىشىكئاغىسى مۇلازىملارنى ئايرىم — ئايرىم خانىدا مېھمان قىلدى. ھاممامدا يۇيۇنۇپ چىققان سەئىدخان بابۇر مىرزا ھەدىيە قىلغان زەر ياقىلىق كىمخاب تون بىلەن شاھزادىلەرگە خاس تاج كىيدى. ئۇنىڭ چاچ — ساقاللىرى پاكىز ئېلىنىپ، يولدا ئاپتاپ چېقىپ قىزارغان چىرايى پارقىراپ ئاقاردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشلىقنىڭ غەيرىتى، چىرايىدا ئىرادىسى بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بولۇپ، سورىدى:

— ھۆرمەتلىك مومام، شاھ بېگىم، ئانام، سىڭلىم، ھامما خېنىملار سالامەت، ئامان تۇرغاندۇ، شاھ ئاغا؟

— ئاللا پاناھىدا ئامان — ئېسەن تۇردى، — جاۋاب بەردى بابۇر مىرزا.

— مىرزا ھەيدەرچۇ؟ ئۇنى كۆرسەم بولاتتى، — دېدى

سەئىدخان.

— مىرزا ھەيدەر ھازىر يېنىمدا ئەمەس، خان ئىنىم. بۇ ھەم ئەقىللىك، ھەم باھادىر يىگىت موغۇلىستان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ يۇز يىلدىن بۇيانقى ۋەقەلىرىنى خاتىرىلەپ كېلىۋاتىدۇ.

— شاھ ئاغا، — دېدى سەئىدخان ئۆتىۈنگەن ھالدا، — بېشىمدىن كۆپ ئىش ئۆتتى. نەچچە قېتىم ئالىلانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇم. توقمۇ يۈردۈم، ئاچمۇ قالدىم. بەزى چاغلاردا مىڭلىغان لەشكەرلەرگە سەركەردە بولدۇم. بەزى چاغلاردا ھەممىدىن ئايرىلىپ يالغۇزمۇ قالدىم. پۇتلىرىمغا تىكەن كىرىپ تاپانلىرىمدىن قان ئاققان چاغلارمۇ، كىمخاب تۆشەكتە ئېغىناپ ياتقان چاغلىرىممۇ بولدى. ئاخىر يەنە بىر قېتىم ھەممە نەرسەمدىن، قولداشلىرىمدىن ئايرىلىپ يېنىڭىزغا كەلدىم. بىرلا ئارزۇ مېنى مەيلىمگە قويماي مانا شۇنداق تىنىمسىز قىلىۋەتتى. ئۇ بولسىمۇ بوۋام يۇنۇسخاندەك ئەل سۆيەر كاتتا پادشاھ بولۇپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ ئۆتۈش. لېكىن، مەن تەختىمنى قەيەرگە تىكلەيمەن: خۇراسانغىمۇ، موغۇلىستانغىمۇ، خارەزىمگىمۇ، كاشغەر دىيارىغىمۇ، زادى نەگە؟ كۆپ ئويلاپ قارار قىلغىنىم كاشغەر دىيارىغا كېتىپ شۇ يەردە خانلىقنى بەرپا قىلىش. ھالبۇكى، ئۇ يەردە زالىم پادشاھ مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا، ئۇنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن زور ئەسكىرىي كۈچ كېرەك. شۇنداق بىر كۈچكە ئىگە بولالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل. شاھ ئاغا، سىز باھادىرلا ئەمەس، ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىن زور ئىستېداتقا ئىگە دانا پادىشاھ. ئەتراپىڭىزدىن مەردانىلەر تويى ئۈزۈلمەيدۇ. سىزگە نۆكەر بولۇپ سىزنى ئۇستاز تۇتۇش ئۈچۈن كەلدىم.

— ئۇنداق دېمەڭ، مېنىڭدە نەدىمۇ ئۇنداق ئىستېدات بولسۇن، ھەر ئىش بولسا بىللە كۆرۈپ، بىللە ئۆگىنەرمىز، — دېدى بابۇر شاھ.

— مىرزا ھەيدەر مېنىڭ قىيامەتلىك جان دوستۇم، ئۇ

ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، جۈرئەت ـ جاسارىتى بىلەن مېنىڭدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. ئايرىلغىنىمغا ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم، ئۇنى ئىزدەپ تاپساق بولاتتى، شاھ ئاغا.

— مەنمۇ ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىۋاتىمەن. ھېچ خەۋىرى بولمايۋاتىدۇ، ئۇچۇر بولسىلا ئۇنى تاپتۇرۇپ ئەكېلىۋالىمىز.

ھەرەمخانىنىڭ مۇلازىملىرى داستىخان سېلىپ بىر كوزا شاراب بىلەن تاماق كەلتۈردى. پىشۇرۇلغان قىرغاۋۇل، كاۋاپ قىلىنغان توشقان گۆشىنى يۇمشاق نان بىلەن يېيىشتى.

بابۇر مىرزا كۈمۈش جامغا شاراب قۇيدى.

— سىز ماڭا ھەمراھ بولۇشنى خالىمامسىز؟ — سورىدى بابۇر مىرزا.

— خالايمەن، لېكىن ھەر ئىككىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىمىز بار، — دېدى سەئىدخان ۋە ئاستا ئاۋازدا بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

سىغىدۇ ئون دەرۋىش بىرلا پالاسقا،
سىغماس بىر ئىقلىمغا ئىككى پادىشاھ.
بىر ناننى ئون غېرىب يېگەي پارچىلاپ،
شاھ شاھنىڭ ئېلىگە تاشلايدۇ نىگاھ.

بابۇر مىرزىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى ـ يۇ، شۇ ئان چىرايىدا تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى.

— بۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان رۇبائىي ئىكەن. ئۇنى كىمدىن ئاڭلاپ يادلىۋالدىڭىز؟

— مىرزا ھەيدەردىن ئاڭلاپ يادلىۋالغانىدىم. شاھلارنىڭ مىجەزى ياخشى سۈرەتلەنگەن.

— ئىككىمىزنىڭ مىجەزىمۇ شۇنداق ئىكەن ـ دە!

— شۇنداق. بۇنى بىلىپ يەتكەنلىكىم ئۈچۈن سىزدىن ئېرىراق تۇراي دەيمەن، شاھ ئاغا.

بابۇر مىرزا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— مېنىڭمۇ سىزدىن نېرىراق تۇرغىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ، خان ئىنىم. ھازىرچە لەمغان ۋىلايىتىنى باشقۇرۇپ تۇرۇڭ، كېتەر چېغىڭىزدا مىرزا ھەيدەرنى تېپىپ ھەمراھ قىلىپ يولغا سېلىپ قويىمەن. لەمخان ياخشى يەر، — سەئىدخان ئۇ سۇنغان شارابنى قولىغا ئالدى.
— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، شاھ ئاغا.
سەئىدخان بىرلا كۆتۈرۈپ جامنى بوشاتتى.
— جانابىي ئاللا تىلەك ـ ئارزۇيىمىزغا يەتكۈزسۇن، سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار بولدۇم، شاھ ئاغا.
سەئىدخان جامنى قولىغا ئالدى.

## 3

لەمغان ئافغانىستاننىڭ ئاۋات ۋىلايەتلىرىدىن بىرسى. ناھىيەلىرىنىڭ ئىچىدە چوڭراقى بولغان نىگەنھارنى توققۇز ئېقىن كېسىپ ئۆتەتتى. مەركىزىي شەھىرى ئەدىنەپور بولۇپ، بۇ قەلئەنىڭ جەنۇبىدىكى چىمەنلىك دۆڭلۈككە بابۇر مىرزا ئۆتكەن يىلى «باغىۋاپا» ناملىق چارۋاغ ياساتقانىدى. قورغان بىلەن باغىۋاپا ئارىسىدا بىر كىچىك دەريا بار ئىدى. تۆپىلىكتىكى باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مەۋج ئۇرۇپ شارقىراپ بىر تۈگمەنلىك سۇ ئېقىپ ئۆتەتتى. دۆڭلۈكنىڭ ئەتراپى خىيابان بولۇپ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلىرى دائىم يەلپۈنۈپ تۇراتتى. باغنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى نارەنج دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان كۆل ئەينەكتەك يالتىرايتتى.
بۇ تېپتىنچ كۆلگە تۆپىلىكتىن شارقىراپ چۈشكەن سۇ قۇيۇلۇپ ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.
سەئىدخان لەمغان ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ئەدىنەپور قەلئەسىدە تۇرۇپ قالدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، قىشتا بەك

سوغۇقمۇ، يازدا پىژغىرىم ئىسسىقمۇ بولمايتتى. شۇڭا، ئانىسى بىلەن سىڭلىسى مۆھىببە سۇلتان خېنىمنى ئۇز بېيىنغا ئەكېلىۋالغانىدى. ئۇ ياز كۈنلىرىنى باغىۋاپادا، قىش كۈنلىرىنى ئەدىنەپور قەلئەسىنىڭ قورغىنىدا ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. سەئىدخان قاناتبەگنى قورغانبېگى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. بۇ بىر نەۋرە ئاكا ـ ئۇكىلار قاناتبەگنى ئېلىپ پات ـ پات شىكارغا چىقاتتى. ئۇلار تىرىك تۇتۇپ كەلگەن ئارقار، مارال، كېيىكلەردىن يەتتە ـ سەككىزنى باغىۋاپادا باققانىدى. ئون ئۈچ ياشلىق مۆھىببە سۇلتان خېنىم بىلەن ئانىسى نەجىبە سۇلتان خېنىممۇ بىردىن كېيىك ئوغلىقىنى بېقىۋالغانىدى.

ئەدىنەپور قەلئەسىدىن كابۇلغا بارىدىغان يول ئادەمنى بىزار قىلغۇدەك ناچار ئىدى. سەئىدخان ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ بابۇر مىرزا ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ھال سوراپ تۇراتتى، شىكار قىلىپ تۇتۇۋالغان بۇغا ـ مارال، كېيىك، ئارقارلاردىنمۇ ئەۋەتتى. بۇ يىل قار ياغماي قىش ئۆتتى. باھار كېلىش بىلەن تەڭ گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر كۆكىرىپ ئەدىنەپور ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتتى. سەئىدخان نورۇز بايرىمى ھارپىسىدا ئاپىسى نەجىبە سۇلتان خېنىم، سىڭلىسى مۆھىببە سۇلتان خېنىملار بىلەن قىشنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزگەن قەلئەدىن باغىۋاپاغا كۆچۈپ چىقتى. قاناتبەگلەرمۇ باغىۋاپا قەسرىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ گۈزەل خىلۋەت دىياردا سەئىدخاننىڭ يەنە قانچە ۋاقىت تۇرىدىغانلىقىنى بىر خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى بۇ ياقا يۇرتتا تۇرۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، كەلگۈسى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ ئېھتىمالى بولغان جەڭگە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى، يەرلىك كىشىلەر رازى بولغۇدەك ئىشلارنى قىلىشى كېرەك ئىدى. سەئىدخان قاناتبەگ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سىپاھلارنىڭ يەپ ـ ئىچىش بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، بىلىم ئىگىلىشى، زۆرۈر تېپىلسا جەڭگە كىرىپ

دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن، ئەتىگەندە ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئىلىم تەھسىل قىلىپ، پېشىندىن كېيىن ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق مەشىقلىرىنى قىلدۇرىدىغان بولدى. ئەدىنەپوردىكى ھايات شۇنداق باشلاندى.

كۈنلەر تىنچ، خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، سەئىدخاننىڭ غېمى ئارتىپ، ئارزۇسى ئۇنى تاقەتسىزلەندۈرەتتى. شىكار قىلىش، قەلئەنى يوقلاپ تۇرۇش، ئانىسىدىن ھال سوراش، يەرلىك قەبىلىلەرگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ... ئۇنىڭ مۇرادى ئەمەس ئىدى. ئۇ دائىم مىرزا ئابابەكرى بىلەن جەڭ قىلىپ چۈشەيتتى. تۆمۈر قەپەس ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەن شىردەك ئەدىنەپورنى ئايلىنىپ خىيال سۈرەتتى، پىكىر يۈرگۈزەتتى، چارە ـ ئامال ئىزدەيتتى. ئۇ بۈگۈن شىكارغا چىقىپ كېتىپ بىر ئانا كېيىكنى تۇتۇپ ئەكەلگەندە كۈن قىيام بولغانىدى. باغۇاپانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىمەنزار دۆڭلۈكتە ھۇپپىدە ئېچىلغان چېچەكلەرنى سەيلە قىلىپ يۈرگەن قىز ئاكىسىنى كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

ـــ يەنە كېيىك ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ، خان ئاكا، ـــ دېدى ئۇ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن قارا بويۇن كېيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ.

ـــ ئەسلىدە يا ئوقىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى ئەكەلمەكچىدىم، قارىسام چىشىسى ئىكەن، بۇ كېيىككە ھەمراھ بولسۇن دەپ ئەكەلدىم، ـــ دېدى سەئىدخان خۇشال بولۇپ كەتكەن سىڭلىسىغا، ـــ ئوبدان باققىن، ئۇكام.

ـــ رەھمەت، خان ئاكا، ئەمدى بۇ كېيىكىم يېتىمسىرىمايدىغان بولدى. بۇ ئانا كېيىك ئىكەن، ئانام باقسۇن، مەن بەڭباشلىق قىلىپ ئاچ قويۇپ قويىماي يەنە.

ـــ ئانام ئۇخلاۋاتامدۇ؟

ـــ جايناماز ئۈستىدە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرىدۇ، خان ئاكا،

www.uyghurkitap.com

غەملىرىدە دۇئادىن قولى بوشىمايدىغان بولدى.

— مېنىڭكىدىن سېنىڭ غېمىڭنى كۆپرەك قىلىدىغاندۇ ئانام.

مۇھەببە سۇلتان خېنىم ئالما دەرەخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قەسىرگە قاراپ:

— ئەنە، ئانام ئىشىك ئالدىدا يوللىرىغا قاراپ تۇرۇپتۇ، خان ئاكا، — دېدى.

— بۇ كېيىكنى ئانامغا كۆرسىتەي، — سەئىدخان سىڭلىسى بىلەن ئەندىكىپ تۇرغان كېيىكنى يېتىلەپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئانا، ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام، خۇداغا شۈكۈر، يامان ئەمەس تۇرۇۋاتىمەن. ئادەم قېرىغاندا ساق بولالمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى نەجىبە سۇلتان بېگىم ئوغلىغا مەستلىكى كېلىپ، — شىكارغا كۆپ چىققىدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ، كېيىك تۇتۇپ كەلدىڭمۇ، خان بالام؟

— بۆرە قوغلاپ ھېرىپ قالغانىكەن، سالما تاشلاپ ئاسانلا تۇتۇۋالدىم، ئانا.

نەجىبە سۇلتان بېگىم يېقىن كېلىۋىدى، كېيىك ئۇنىڭ قارا شايى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى پۇرىدى. ئۇ سۇلتان ئەھمەدخان ئۆلۈپ كەتكەندىن بۇيان ھازىلىق كىيىمىنى تاشلىمىغانىدى.

— بالام، بۇ كېيىك بوغاز ئوخشايدۇ، قويۇپ بەرسىلە، دۇئا قىلاي.

— دۇئا قىلمىسىلىمۇ قويۇپ بېرەي، ئانا، — سەئىدخان كېيىكنىڭ بويىنىغا چىگكەن تاننى يېشىپ ئۇنى قويۇپ بەردى. كېيىك تاقلاپ ـ سەكرەپ يىراققىراق بېرىپ، ئاندىن قايرىلىپ مۆلدۈرلەپ قاراپ، ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالغان ئانا كېيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرغان قىزىغا:

— سەن ۋە ئاكاڭ ئۇچۇن قويۇپ بەردىم، — دېگەندە مۇڭلۇق كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.
ئانا كۆڭلىنى چۈشەنگەن سەئىدخان:
— ئانا، يۇرسىلە، چىمەندۆڭگە ئاچىقاي، بىردەم سەگىدەپ چۈشسىلە، — دەپ تەكلىپ قىلدى.
— بالام، مۇشۇ يەرگىمۇ ئاران چىقتىم. ئۆيگە كىرىپ ئىبادىتىمنى قىلاي. قىزىم مۇھەببەمۇ كېيىكنى قويۇۋېتىپ ماڭا ھەمراھ بولسۇن.
— كېيىكنى قويۇۋېتەمدۇ، ئانا؟ سىڭلىم بۇ ئومىقىدىن ئايرىلىشقا چىدىماسمىكىن.
— ئەنە قارىسىلا، خان بالام، ھەمشىرىلىرى ئامراق كېيىكنى قويۇۋەتتى، — ئانا شۇنداق دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
سەئىدخان سىڭلىسى قويۇپ بەرگەن كېيىكنىڭ تاقلاپ - سەكرەپ بوستانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.
— قاناتبەگ ئاكام كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مۇھەببە سۇلتان خېنىم دەريا بويىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قاناتبەگنى كۆرۈپ.
سەئىدخان بىر خەۋەر ئاڭلايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك ماڭدى.
سەردار لىباسىنى كىيىپ، قىلىچ ئاسقان قاناتبەگ سەئىدخاننىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى.
— خانزادەم، بىۋاقىت كېلىپ ئاراملىرىنى بۇزغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرگەيلا.
سەئىدخان ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:
— قاناتبەگ ئاكا، ئوبدان ۋاقىتتا كەلدىڭىز. ناھايىتى خۇشال بولدۇم، ھەرقاچان بىر خەۋەر ئەكەلدىڭىز.
— كەچۈرگەيلا، ئالىيلىرى، — دېدى قاناتبەگ مەيۇس ھالدا، — بىر شۇم خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم.
— قانداق شۇم خەۋەر؟ — چۆچۈپ سورىدى سەئىدخان.
— مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان مىرزا شايباقخاننىڭ يېنىغا

بېرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئىستىكىنى بىلدۈرگەنىكەن، شايباقخان ئىشەنمەي ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بايا كابۇلدىن چاپارمەن كەلدى، بابۇر مىرزا ئەۋەتىپتۇ.

سەئىدخان: «بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئامىن!» دەپ دۇئا قىلىپ، دېدى:

— پەزىلەتلىك ئادەم ئىدى. جايى جەننەتتە بولغاي. مىرزا ھەيدەرنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ؟ ئاكا، سىز قورغانغا قايتىپ شەھەر خەلقىگە نەزىر بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭ.

— خوپ، شاھزادەم.

— قاناتبەگ ئاكا، كابۇل بىلەن ئەدىنەپۇر ئارىلىقىدىكى ياسىمچى - قاراقچىلاردىن يەنە تۇتۇلغانلىرى بارمۇ؟

— بار، شاھزادەم. ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئۇلگە بويىچە ئەللىك - ئاتمىشچە ياساۋۇللىرىم بىلەن سودىگەرچە ياسىنىپ، كارۋان تارتىپ كابۇلغا كېتىۋاتقان قىياپەتتە چارلاش ئېلىپ بارغانىدۇق. كۈندۈزى ھېچ ئىش بولمىدى، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن قاراقچىلار بىزنى بۇلىماقچى بولدى. ئۇلار ئارىمىزغا كىرگەندىن كېيىن بىرسىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماي تۇتۇۋالدۇق، ئون توققۇز ئادەم ئىكەن.

سەئىدخاننىڭ لەمغان ۋىلايىتىگە كېلىپ قىلغان زورۇر ئىشى سودىگەر ۋە يولوچىلارغا ئارام بەرمىگەن قاراقچىلارنى تۇتۇش بولدى. دەسلەپ سودىگەر قىياپىتىگە كىرگەن يۈز نەپەر ياساۋۇلغا ئۆزى بىۋاسىتە باشلامچىلىق قىلىپ، كابۇل يولىدىكى قاراقچىلاردىن يىگىرمە ئۈچنى تۇتۇپ كەلگەنىدى. ئىككىنچى قېتىم مىرزا ھەيدەر ئون تۆت قاراقچىنى تۇتۇپ كەلدى. ئۈچىنچى قېتىم سەئىدخان مىرزا ھەيدەر بىلەن يەنە ئۆزى باش بولۇپ بېرىپ يىگىرمە سەككىز قاراقچىنى قولغا چۈشۈردى. قالدۇق قاراقچىلار كارۋانلارغا كۈندۈزى چىقالمايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن يول راۋانلىشىپ قالدى. بۇ قېتىم ئون توققۇز

قاراقچىنىڭ تۇتۇلۇشى يەنە بىر غەلىبە ئىدى. سەئىدخان شۇلارنى ئويلاپ قاناتبەگدىن مىننەتدار بولدى.

— كاللامغا مۇنداق بىر تەدبىر كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — بۇ قاراقچىلارنىڭ قورسىقىنى ئوبدان يېقىپ، كابۇل بىلەن ئەدىنەپور ئارىلىقىدىكى يولنى ياساشقا سالساق، بۇ ساۋابلىق ئىش بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھىمۇ يۇيۇلاتتى، خەلقمۇ خۇشال بولاتتى، ئاللامۇ قىلغان ئىشىمىزدىن رازى بولاتتى. بۇ توغرۇلۇق قانداق مەسلىھەتلىرى بار، ئاكا؟ — سەئىدخان سۆزدىن توختاپ جاۋاب كۈتۈپ تۇردى.

— پېقىرنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتى بولسۇن، شاھزادەم؟ بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرسىلا.

— ئاللا سىلىگە مەدەتكار بولسۇن، ئاكا، قاراقچىلارنى قاچۇرۇپ قويمىسىلا، ئەمگەكتىن بىزار بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوبدان كۆڭۈل بۆلسىلە! زىنھار ھاقارەت قىلمىسىلا!

— باش ئۈستىگە، شاھزادەم.

سەئىدخان قاناتبەگ قورغانغا كەتكەندىن كېيىن بۇ قايغۇلۇق مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئانىسى ئىبادەت قىلىۋاتقان ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

يىراقتىن مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان ياساۋۇل، مۇلازىم، دېدەكلەرمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى.

*　　　*　　　*

نەزىرگە لەمغاننىڭ ھەرقايسى ناھىيەلىرىدىن، ئەدىنەپور قەلئەسىدىن بولۇپ نۇرغۇن كىشى قاتناشتى. يۈزلىگەن كالا - قوي سويۇلۇپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە شورپا، پولۇ، نان تارتىلدى. قارىيلار خەتمىقۇرئان قىلدى، ئۆلىمالار دۇئا - تەكبىر قىلىشتى. ئەدىنەپور قەلئەسىدىن نەزىرگە ئېغىز تەگمىگەن ئادەم قالمىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ تولىسى سەئىدخان بىلەن تۇنجى

قېتىم يۈز كۆرۈشتى. قاراقچىلارنى يوقاتقان، يول - كۆۋرۈكلەرنى ياساتقان، ئالۋان - سېلىقنى ئازايتقان بۇ پادىشاھنىڭ ئېغىر - بېسىق، تەمكىن، مەردانە يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈشۈپ ئاپىرىن ئوقۇشتى. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان نەجىبە سۇلتان خېنىم ئېرىنى ياد ئېتىپ، ئوغلىغا دۇئا قىلدى. مۇھىببە سۇلتان خېنىم تېخى كىچىكلىكىگە باقماي ئايال مېھمانلارنى كۈتتى. سەئىدخان ئاۋامنىڭ ھىمايىسى، مەدىتىنىڭ ھەرقانداق بايلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن پادىشاھ، سۇلتانلارنىڭ ئادالەتنى جارى قىلىپ ئەلنىڭ غەمخورى بولۇپ، ئاۋامنىڭ مۇشكۇلاتىنى ئاسان قىلىش، يوللارنى راۋان قىلىش ئۈچۈن ھەر دەقىقە، ھەر مىنۇت بەجانىدىل خىزمەتتە بولۇش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئاۋامنىڭ، دوستلىرىنىڭ بۇ ھۆرمەت - ئىكرامىدىن سۆيۈنۈپ كەتكەن سەئىدخان كەچ كىرگۈچە ئاۋام بىلەن بىللە بولدى. بامدات نامىزىدىن كېيىن باشلانغان بۇ نەزىر - چىراغ شام نامىزىغىچە داۋام قىلدى. سەئىدخان ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ مېھمان كۈتۈپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ تەۋازۇ بىلەن مېھمان ئۇزاتتى. ئەدىنەپور تارىخىدا مۇنداق كاتتا نەزىر - چىراغ بولۇپ باقمىغانىدى. «مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، كاشغەردىمۇ شۇنداق چوڭ زاراخەتمە[1] ئۆتكۈزىمەن» دەپ ئويلىدى سەئىدخان.

## 4

بابۇر مىرزا ساماندەك سارغىيىپ، پۇت - قوللىرىنى ئۈزۈن سوزغان ھالدا ئاق شىلدىرشاپىقا ئورنىپ، جانسىز بوۋاققا قارىغان پېتى ياتقان، ئاھۇ كۆزلىرى نۇرسىز خانىشىنىڭ بېشىدا قۇرئان

[1] زاراخەتمە — باي - كەمبەغەل، ياش - قېرىلارنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدىغان خاسىيەتلىك نەزىر.

تىلاۋەت قىلىنۋاتاتتى. كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان ياش بەيتۇللانىڭ شەكلى كەشتىلەنگەن جايىنامازغا ئېقىپ چۈشەتتى. سۆيۈملۈك رەپىقىسى بايىلا تۇغۇلغان بالىسىدىن كۆز ئۈزمەي، مىدىر - سىدىرمۇ قىلماي ياتاتتى. گويا بوۋاقنىڭ مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋازى پات - پات يىراقتىن ئاڭلانغاندەك تۇيۇلۇپ، بابۇر مىرزىنى ئىختىيارسىز قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئېڭىكى چېتىلىپ قويۇلغان خوتۇنى بىلەن بوۋاقنى ئېچىنىپ پارە - پارە بولغان يۈرىكى يىغلاۋاتاتتى.

بابۇر مىرزىنىڭ بۇ گۈزەل خانىشى ئۈچ كۈنگىچە تولغاق ئازابىنى تارتىپ بوۋاق يەرگە چۈشۈشى بىلەن تەڭلا جان ئۈزگەن. بالىمۇ ئۆلۈك تۇغۇلغانىدى. گويا ۋاپاسىز دۇنيانىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى كۆرمەي دېگەندەك، تەڭلا كېتىپ قالغانىدى.

كىندىك ئانىسى ۋە كېنىزەكلەرنى چىقىرىۋېتىپ، سۆيۈملۈك مەھبۇبىنىڭ يېنىدا يالغۇز قالغان بابۇر مىرزا «سۈرە ياسىن»نى ئۈچ قېتىم تىلاۋەت قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى: «ئى، ئاللا، ئۆلتۈرگۈچىمۇ، هاياتلىق بەرگۈچىمۇ ئۆزۈڭسەن. مەن ئالدىڭدا گۇناھكار، ئون ئىككى يېشىمدا پادىشاھ بولۇپ تاكى هازىرغا قەدەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جازا ماڭا ھەق، ئەڭ يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلغان كىشىنىڭ قانداق ئازابلىنىدىغانلىقىنى ۋۇجۇدۇمغا سالدىڭ. مەن ساڭا تەۋبە قىلىمەن. ئۆزۈڭ ئىرادە قىلغان يولدىن يانىدۇرما، ھەرقانداق مۇشكۇل شارائىتتا ئىمانىمدىن، نەسلى - ۋەسلىمدىن تاندۇرما، سەندىن ئۇزۇن ئۆمۈر ئەمەس، بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى سورايمەن. ئۇ مېنىڭ تاجۇتەختىمگە ۋارىسلىق قىلسۇن، ئۇنىمۇ غالىب بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن. ئامىن !»

بابۇر مىرزا ۋاپادار غەمگۇزارىنىڭ يۈزىگە ئاق رومالنى ياپتى. ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ تۆت يىلدىن كېيىن تەخت ۋارىسى بولغان ھۇمايۇن مىرزىغا ئاتا بولدى ...

*   *   *

ئارزۇسىز ياشايدىغان ئادەملەر دۇنيادا يوق، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇسى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئوخشىمىغان دەرىجىدە تىرىشىدۇ، ئىنتىلىدۇ، ئىزدىنىدۇ، بەزىلەر مۇشت كۆتۈرسە، بەزىلەر قىلىچ كۆتۈرىدۇ. بەزىلەر سەپەرگە ئاتلانسا، بەزىلەر سەپەردىن قايتىدۇ. بەزىلەر كۈلسە، بەزىلەر يىغلايدۇ. بەزىلەر بېيىسا، بەزىلەر نامراتلىشىدۇ. بەزىلەر زىنداندىن چىقسا، بەزىلەر تۇتقۇن قىلىنىدۇ. بەزىلەر ئېگىلسە، بەزىلەر غادىيىدۇ. بەزىلەر ئازابلانسا، بەزىلەر راھەتلىنىدۇ. دۇنيادا ئارزۇسىغا يەتكەنلەر ئاز، يېتەلمىگەنلەر كۆپتۇر. ھايات شۇنداق داۋاملىشىۋېرىدۇ.

سەئىدخاننىڭ ھاياتمۇ يۇكسەك ئارزۇدىن كۈچ - قۇۋۋەت تېپىپ ئۆتۈۋاتاتتى. لەمغان ۋىلايىتىنى سوراپ باغىۋاپادا يەنە بىر ئاينى ئۆتكۈزدى.

سىل كېسىلى بولۇپ قالغان نەجىبە سۇلتان بېگىم موغۇلىستانغا ئەكەتمىدىڭ دەپ ئوغلىغا ھەممىشە تاپا - تەنە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مۇھىببە سۇلتان خېنىم كېتەيلى دېمەيتتى، كەچكىچە باغىۋاپادا جەرەندەك تاقلاپ ئويناپ، بۇ يەرگە كۆنۈپ قالغاندى. بۇ يەردە خۇشخەت، ئەرەبچە ۋە پارسچە ئۆگىنىۋاتاتتى.

سەئىدخان قەتئىي نىيەتكە كەلگەندىن كېيىن، بابۇر مىرزىغا موغۇلىستانغا كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى.

كەچ كۈز كىرىپ ئانار، بېھى مەي باغلاپ پىشقان مەزگىلدە بابۇر مىرزىدىن جاۋاب مەكتۇپ كەلدى.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەزىمەت ئىنىم سەئىدخان، بىز دائىم ئالدىرىغان بىلەن ئاللا

ئالدىرىمايدىكەن. بۇ ھەقىقەتنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. مەنمۇ كاتتا شاھ بولۇشقا ئالدىرىغانىدىم، بىراق ئاددىي شاھ بولۇپ قالدىم. كابۇلدەك تاغلىق، كىچىككىنە دىيارنى ئىككىمىز سوراۋاتىمىزغۇ؟ مۇنداق دېسەم بۈيۈك ئارزۇ – مەقسەتلىرىمىزگە مەڭگۇ يېتەلمەيدىغان ئوخشايمىز، دەپ قالماڭ، پۈتۈن جاپا – مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاللانىڭ سىنىقىدىن ئۆتسەك، ئىرادىمىزدىن يانمىساق مۇراد مەنزىلىگە بارالايمىز. بۇ قېتىم جانابىي ئاللا بېشىمغا كەلتۈرگەن مۇسىبەت — خوتۇنۇمنىڭ تۇغۇتىدا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئوغۇل بالام بىلەن بىللە قازا قىلىشى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، ماڭا ئۆتمۈشۈمنى قايتا ئەسلەتتى. ئۆلۈم ۋە جۇدالىقنىڭ قانچىلىك ھەسرەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئەقلىم، تېنىم بىلەن سېزىپ، ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەر ئۈچۈن چىن قەلبىمدىن توۋا قىلدىم. قايتىدىن تۆرەلگەندەك بولۇپ، ھەرنە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋاتىمەن. ئاللا خالىمىسا، قەرەلى كەلمىسە ھەرقانچە قىلساقمۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدىكەن.

خېتىڭىزدە ئانىڭىزنىڭ كېسەللىكىنى، ئاتىڭىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش ئىرادىڭىزنى بىلدۈرۈپ، كاشغەر تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى تەكىتلەپسىز. ھازىر سوغۇق چۈشۈپ قالدى، ئانىڭىز داۋالىنىپ بىر ئاز ياخشىلانسۇن، نورۇز كېلىپ گۈل – چېچەك ئېچىلسۇن. ئۇنىڭغىچە ئاللا ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بېرەر.

قەدىردان خان ئىنىم، تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىنىمۇ بىلىپ قويۇڭ، ئاكا – ئۇكا مەسئۇد مىرزا بىلەن بايسۇنغۇر مىرزىنى كور قىلىپ قىيناپ ئۆلتۈرگەن رەھىمسىز قاتىل خىسراۋ شاھنى شاھبېيكخانىنىڭ ئوغلى ھەمزە سۇلتان مەغلۇپ

قىلىپ، قۇندۇزدا كاللىسىنى ئېلىپ سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇرغان دادىسىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. ئوغۇللىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن قورۇنۇپ، مەقبەرىسىدە تىنىچ ياتالمىغان مەرھۇم تاغام سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئەمدى تىنچلانغاندۇ؟ خۇدانىڭ قۇدرىتى ئەنە شۇنداق ھېكمەتلىك ئىكەن. ئۆچ ئالغۇچى بولغان بىزلەرنى بۇ يەردە قارىتىپ قويۇپ، دۈشمەننى تىغى بىلەن جازالىدى. بۇ بىزگە نېمە ئۈچۈن ئۈمىد بېغىشلىمىسۇن؟

شايباقخان شاھ ئىسمائىلخان بىلەن خىرىس قىلىشىۋاتىدۇ، بۇ بىر پۇرسەت. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك قىش ئۆتسۇن، ئاندىن سىزنى ئەندىجان، كاشغەر تەرەپلەرگە ئۇزىتىپ قوياي، دار ـ قىلىچ ئالدىدا ئۆز ئىرادىسىدىن يانمىغان ئادەملەر مۇراد تاپالايدۇ.

ئاللا سىزگە يار بولسۇن، مەدەتكار بولسۇن. دىدار كۆرۈشكۈچە ئامان بولغايسىز.

ئاغىڭىز بابۇر مىرزا

سەئىدخان مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇيغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىرپەستىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىلغۇچتىكى قىلىچىنى ئېلىپ چىمەنلىك دۆڭگە چىقتى. ئۇ پىغانى ئۆرلىگەن چاغلاردا قىلىچ ئوينىتىپ روھىنى ئۇرغۇتاتتى. ئۇ قىلىچنى ھەر تەرەپكە شىلتىپ، بەجايىكى دۈشمەنلىرى بىلەن غايىبانە جەڭ قىلىشقا باشلىدى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## كاساندىكى جەڭ

### 1

«ماۋارەئۇننەھرگە ئون ئۈچ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇھەممەد شاھىبېكخان خۇراسان، خارەزىم، بەدەخشان ئەللىرىنى بېسىۋېلىپلا قالماي، ئىران چېگراسىغىمۇ ئۇسۇپ باردى. ئۇ مىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، «ھەججاج»① دەپ نام ئالدى. ئاخىرىدا ئۆزىنى ھەممىدىن كۈچلۈك سانىغان بۇ قارام خان سەپەۋىيلەرنىڭ پادىشاھى ئىسمائىلخان بىلەن مەرۋ يېنىدىكى تۆپىلىكتە بولغان جەڭدە يېڭىلىپ، ھىجرىيە 916 ـ يىلى② ئۆلتۈرۈلدى ...»

پادىشاھ بابۇر مىرزا ئەۋەتكەن ئايىغاقچىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سەئىدخاننىڭ ۋۇجۇدىنى ھاياجان چۇلغىۋالدى.

سەئىدخان ئۆتكەنكى خەتتىن تەسەللى تاپقان بولسا، بۇ قېتىمقى خەتتىن جاسارىتى ئۇرغۇپ تاشتى. ئۇ سارايدىكى مۆلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارنى سەپەرگە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

ــ خۇدا بۇيرۇسا ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقايلى، ــ دېدى سەئىدخان بىر ئەمىرىگە تاپىلاپ، ــ سىز ئانام، سىڭلىم ۋە مۇلازىم، خىزمەتكارلارنى ئېلىپ مېڭىشقا مەسئۇل بولۇڭ. قاناتبەگ ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىزدىن ئىككى سائەت بۇرۇن

① ھەججاج ــ ئوتتۇرا ئەسىردىكى زالىم ئەرەب پادىشاھلىرىنىڭ بىرسى.
② ھىجرىيە 916 ـ يىلى ــ مىلادىيە 1511 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

يولغا چىقىپ، ئەتراپىنى چارلاپ ماڭسۇن. مەن بارلىق سىپاھ، ياساۋۇللارنى باشلاپ ماڭاي. يەنە بۇ سۆزۈمنى ئېسىڭلاردە تۇتۇڭلاركى، — دېدى ئۇ تاپىلاپ، — ئاۋام خەلقنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى، پادىشاھ بابۇر مىرزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەمەلدارلىرىغا تېگىشلىك مۈلۈكلەرنى سورىماي ياكى سوراپ ئېلىپ مېڭىشقا، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئاۋام بىلەن چىرايلىق خوشلىشىپ، ئۇلارغا ياخشى تەسىرات قالدۇرايلى.

— خوپ، شاھزادە، — دېيىشتى ئەمىر بىلەن قاناتبەگ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ.

مۇشۇ دەم كۈن تىكلەشكەنىدى. باغۇاپادىكى گۈل - گىياھلار كۆكىرىپ، مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەش ئۈچۈن مونچاق باغلىغانىدى.

سەئىدخان كەچكىچە بەگ، نۆكەر، ياساۋۇللارنىڭ، مۇلازىم - خىزمەتكارلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتتى، ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى. ئۇ قەلئە ئىچىنى ئارىلاپ يۈرۈپ كېچىچە ئۇخلىمىدى. ئىلگىرى بىر جايدىن ئىككىنچى جايغا يۆتكەلگەندە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان، قاچىدىغان ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلگەنىدى. بۇ نۆۋەت ئۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەرمىدى.

سەئىدخان چولپان تۇغقان مەھەلدە خاس ھۇجرىغا كىردى. نەجىبە سۇلتان بېگىم ئىككى كېنىزىكى بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى.

— مەن مۇشۇ يەردە قالىمەن، — دېدى بۇ يەرگە كۆنۈپ قالغان مۇھەببە سۇلتان خېنىم.

— مەيلى، سىڭلىم، خالىغان نەرسىنى ئېلىپ باغۇاپادا قېلىۋېرىڭ، بىز كېتىۋېرىمىز، — دېدى سەئىدخان چېقىشىپ، ئۇ سۇمبۇل چاچ سىڭلىسىنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆردى.

ئۇلار ناماز بامداتتىن كېيىنلا يولغا چىقىشتى. مۇھەببە

سۇلتان خېنىم ھەممىدىن بۇرۇن ئانىسى ئولتۇرغان شاھانە ھارۋىغا چىقىۋالدى. تېخى بالىدە، ھەممە كېتىۋاتسا ئۇنىڭ قانداقمۇ قالغۇسى كەلسۇن.

لەمغانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئەدىنەپور ئاھالىسى بىلەن بىللە ئۇلارغا نان ـ توقاچ، يەل ـ يېمىش يۇللۇق تۇتۇپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۇزاتتى.

باققان كېيىنكىلەرنى ئېلىپ مېڭىش ئوڭايسىز بولغاچقا، سەئىدخان ئۇلارنى قويدۇرۇۋەتتى.

— ئەلۋىدا، باغىۋاپا ... — دېدى ئۇ.

ئۇلار كابۇلغا كەلگەندە، ئىستىقبالىغا چىققان بابۇر مىرزا سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى تەكىيىخانىغا چۈشۈردى. ئۇلار بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇردى.

كابۇلغا كەلگەنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى سەئىدخانلار ماڭماقچى بولدى. خۇراسانغا يۇرۇش قىلىش تەييارلىقى بىلەن بولۇۋاتقان بابۇر مىرزا سەئىدخانغا قوش بىسلىق شەمشىرىنى يوللۇق تۇتتى:

— ئىنىم، سىز ئىزىدىن قايتمايدىغان يولۋاس. ئاللا بىزنىڭ رىزقىمىزنى بىر جايدىن قىلماپتىكەن، خەيرىيەت، ئايرىلمىدىغان بولدۇق. تەقدىر ئىلاھى بىلەن يەنە بېشىمىزغا كۈن چۈشسە بىر سايىۋەن ئاستىدا كۆرۈشۈپ قالارمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بىر ـ بىرىمىزنى ياد ئېتىپ تۇرارمىز. ئاللا يولىڭىزنى بىخەتەر قىلىپ، غەلىبىنى سىزگە يار قىلغاي. سىزگە يەنە بىر مەسلىھەتىم بار، مەھبۇبىڭىز ئوغۇل تۇغسا، ئىسمىنى ئىسمىڭىزغا مەنىداش بولغان ئابدۇرەشىدخان قويغايسىز.

سەئىدخان قوش بىسلىق شەمشەرنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ، دېدى:

— شاھ ئاغا! ئاللا بىزنى سەپەردە، جەڭگاھتا، جاپالىق كۈنلەردە بىللە قىلدى. بۇنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئارزۇ مەنزىلگە يەتكەندە زاتىمىزنى بىللە قىلمىسا، روھىمىزنى

www.uyghurkitap.com

بىللە قىلغاي، سىزگە ھەم ئاقيول، ھەم نۇسرەت تىلەيمەن. مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىش كۆرىمەن.

ئىككى شاھزادە — تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋرىلىرى قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

بابۇر مىرزا ئۆزىنىڭ زەبەردەس ئاتلىق سىپاھلىرىدىن ئۈچ يۈزنى سەئىدخاننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شەھەردىن يەتتە چاقىرىم يەرگىچە بىللە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

مەشرىقتىن باش كۆتۈرگەن كۈن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەن يولغا نۇر چاچتى.

— خەير - خوش، كابۇل! — دەپ ئىدا قىلدى سەئىدخان.

## 2

كۈن خېلىلا ئېگىلىپ قالغانىدى. سەئىدخان بۇ نۆۋەت قەلئە زەپەردە توختىماي يولىنى داۋام قىلدى. كابۇلغا كېلىشتە بەدەخشاننىڭ بۇ خىلۋەت شەھىرىدە ئىككى ھەپتە تۇرغانىدى. تاماق، ھاجەت ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا توختىماي مېڭىپ قېيىنئاتىسىنىڭ بېغىغا كېلىپ چۈشتى. مەختۇمە يۈرەك سۆزلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈلگەن ياشلىرى بىلەن بىلدۈردى. سەئىدخان قوي كۆز، قارا چاچ ئوغلىنى باغرىغا باستى. شۇ كۈنى ئوغلىغا ئابدۇرەشىدخان دەپ ئات قويدى. قېيىنئاتىسى رەھىم بابا ئىككى قوي سويدى. ئۈچ كۈن دىدار كۆرۈشۈش خۇشاللىقىدا ئۆتتى. تۆتىنچى كۈنى سەئىدخان يەنە ئاتلاندى. ئالدىدا يول چارلاپ ماڭغان قاناتبەگنىڭ ئادەملىرى ئەندىجانغا يېقىنلاشقاندا بىر تۈركۈم قوراللىق ئادەم تۆت تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىپ قورشىۋالدى. ئۇلار بۇ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، قىزىل يۈزلۈك، كەكە ساقال سالاپەتلىك بىر ئادەم:

— سىلەر پادىشاھ بابۇر مىرزىنىڭ نۆكەرلىرىمۇ؟ — دەپ

سوراپ قالدى. ھېچقانداق دۈشمەنلىك ئالامىتىنى كۆرمىگەن قاناتبەگ دەرھال سالام بېرىپ:

— بىز سەئىدخاننىڭ نۆكەرلىرى بولىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى.

— سەئىدخان قېنى، مەن سەييىدمۇھەممەد مىرزا بولىمەن.

— شاھزادە ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ.

— بىز شاھزادىنىڭ يولىغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرۇۋىدۇق. مالال كۆرمەي بىزنىڭ قانچە ۋاقىتتىن بېرى سەئىدخاننىڭ يولىغا كۆز تىكىپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدىن خاننى ۋاقىپلاندۇرغان بولسىڭىز، ئاخىر دىدار كۆرۈشىدىغان بولدۇق، — دېدى سەييىدمۇھەممەد مىرزا.

— خوپ، سەردار، — قاناتبەگ ئېتىنى كەينىگە بۇراپ شامالدەك تېز چېپىپ كەتتى. بىر سائەتكە يەتمىگەن ئارىلىقتا ئۇ سەئىدخاننىڭ قارشىسىدىن چىقتى.

— شاھزادە، ئالىيلىرىنى قارشى ئېلىشقا چىققانلار بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دەپ ئەھۋالنى ھاياجانلانغان ھالدا بايان قىلدى.

مەمنۇن بولغان سەئىدخان ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە سەييىدمۇھەممەد مىرزا، يادىكار مىرزا، ئەلى مىرەك مىرزا، مىرزا ئەلى تاغاي، بەگ مۇھەممەد مىرزا، تۇمەن باھادىر، ئىسھاق باھادىر ... قاتارلىق كاشغەر ۋە پەرغانىنىڭ بىر قىسىم كاتتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن خىلۋەت بىر بوستانلىقتا ئۇچراشتى.

سەئىدخان سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن دادىسى بىلەن تاشكەنتكە كەلگەندە تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوردىسىدا كۆرگەنىدى. بۇ نۆۋەت ئاتتىن چۈشۈپ قىزغىن كۆرۈشۈپ، دېدى:

— ھەق تەرەپتە تۇرۇش، ئادالەتنى ياقلاش بابىدا خان، سۇلتانلارغا ئۈلگە ياراتتىلا، ئاغا. ئەمدى ئويلاپ قارىسام، ياۋۇز

www.uyghurkitap.com

ستەمكار سۇلتاننى كۆچلۈك تىرىكىدىن ئايرىپ يېتىم قالدۇرۇپتىلا. ئاللا سىلىگە رەھمەت قىلسۇن.

— رەھمەت، خان ئوغلى، پېقىرنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىدىن كەچمەي، بىر ياۋۇز ئاكىدىن كەچكەنلىكىمنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكلىرىدىن خۇشالمەن. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى زالىم مىرزا ئابابەكرىدىن خەلقنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا ئاتاپ قويدۇم. ئەگەر مەقبۇل كۆرسىلە بىر نۆكەر سۈپىتىدە بۇيرۇق بىلەن جەڭگە كىرىشكە تەييارمەن، — دېدى سەييىدمۇھەممەد مىرزا سەئىدخانغا يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلىپ.

— رەھمەت، ئاغا، قانخور ئاكىسىدىن كەچكەن باتۇر داناغا ئىنى بولسام نېمىشقا ئۆزۈمنى غالىب ھېس قىلماي؟ بۇ سوۋغامنى قوبۇل قىلغايلا، — سەئىدخان ئېگەرنىڭ يان تەرىپىگە تېڭىپ قويغان قىلىچنى ئېلىپ سەييىدمۇھەممەد مىرزىغا تۇتتى. بۇ ئۆزىنىڭ قىلىچى بولۇپ، بابۇر مىرزا يوللۇق تۇتقان شەمشەرنى بىلىگە ئېسىۋالغانىدى.

سەييىدمۇھەممەد مىرزا تىزلىنىپ، قىلىچنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ بېشى ئۆزرە ئېگىز كۆتۈردى.

— ئىنسان ئىمانى ۋە ساداقىتى بىلەن ئەزىزدۇر. خان ئوغلىنىڭ ئىشەنچىگە داغ چۈشۈرمەيمەن!

سەئىدخان ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ ياراقدارنى چاقىرىپ ئۇن قىلىچ ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئون قىلىچنى ھەرقايسى قەبىلە، جەمەتنىڭ ئۇلۇغلىرىغا ھۆرمەت - ئىكرام بىلەن بىردىن تۇتتى. ئۇلارمۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قىلىچنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ساداقەت ئىزھار قىلىشتى.

سەئىدخان مۇلازىملىرى بىلەن بىللە مەرھۇمە مومىسى ئىسەن دەۋلەت بېگىمنىڭ چارۋىغىغا چۈشتى. ئۇنىڭ مەقبەرىسى مۇشۇ باغ ئىچىدە ئىدى. ئىككىنچى كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن

جامائەت پېشۋالىرىنى، ئەمىر، بەگلەرنى چىللاپ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدى.

سەئىدخان كېچىچە داۋام قىلغان بۇ زىياپەتتە شارابنى كۆپ ئىچىپ، يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ مەست هالدا تاڭغا يېقىن خاس قەسىرىگە ياندى. مەختۇمە ئېرىنى بۇ هالدا كۆرۈپ هەيران قالدى، قولتۇقىدىن يۆلەپ هۇجرىغا ئەكىرىپ ياتقۇزدى.

مەختۇمە يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ياتلىق بولغاندىن بېرى ئېرىنى بۇ هالدا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئېرىتىپ، چاي دەملەپ كىرىپ سەئىدخاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— دادام، ئانامىلار كەلدى. مۇشۇ هالەتتە قانداقمۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشەرلا؟

— هە، نېمە دېدىڭ، ئەزىزىم؟ ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ ئۇنى سېغىنىدىم.

خوتۇنى باغدىن گەپ قىلسا سەئىدخان تاغدىن جاۋاب بەردى. ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ:

— بۈگۈن بىزنىڭ تويىمىز، نېمىشقا ئۆزۈڭنى مەندىن قاچۇرىسەن؟ ئېتىككى تىللاغا توشمايدىغان قىز. سەن... سەن... — دەپ قۇچاقلىدى.

— ۋاي نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانلا؟ ئابدۇرەشىدخان ئاتلىق ئوغۇللىرى بارمۇ تېخى؟ — دېدى خوتۇنى ئاغزىنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ.

— بار، سەن تۇغۇپ بېرىسەن چىرايلىقىم، بۈگۈن، هە بۈگۈن بىزنىڭ تويىمىز تۇرسا، ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشنى خالىمامسەن؟

— خالايمەن، شاهزادەم، سىلى خالىسىلىرى.

— مەن خالايمەن. شۇڭا، كابۇلدىن يېنىمغا قايتىپ كەلدىمغۇ، — دېدى سەئىدخان ئۇزۇپ - ئۇزۇپ خىرقىراپ سۆزلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

* * *

سەئىدخان ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتىدا قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسى بىلەن كۆرۈشتى. بوۋاي بىلەن موماي خانزادە بولغان كۈيئو ئوغلىنىڭ بىلدۈرگەن ھۆرمىتىدىن تەسىرلىنىپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى. قىزىنىڭ مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئاتىلىپ، ئەتراپىدا كېنىزەك، دېدەكلەرنىڭ پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆرۈشۈپ خۇداغا كۆپ شۈكۈرلەر قىلىشتى.

سەئىدخان ئادەم ئەۋەتىپ قېيىنئىنىسى بىلەن يەڭگىسىنى چاقىرتىپ كەلدى. مەشقاۋۇل قاناتبەگ ئاتا ـ ئانىسىغا سالام بېرىپ، دېدى:

— ئاتا ـ ئانا، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولالمىغىنىمدىن خىجىلمەن.

— ئۇنداق دېمە، ئوغلۇم، ئەلنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلغاندىن ئارتۇق، بىز رازى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقۇچى بولما، — بوۋاي قاداقلاشقان قوللىرى بىلەن بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىدى، — نەۋرىلىرىم قېنى؟ كۆرمەيۋاتىمەنغۇ.

— بار، دادا. ئانىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. ئۇلارمۇ چوپچوڭ بولدى، ئەنە قارىسىلا.

بەش ياشقا كىرگەن پەرھاد بىلەن ئۈچ ياشقا كىرگەن گۈلنىگار يەردىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇرغان گۈلسۈرۈخ بانۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغانىدى.

— بوۋاڭلار بىلەن موماڭلارغا سالام بېرىڭلار، باللىرىم، — دېدى قاناتبەگ پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرغان قىزى ۋە ئوغلىنىڭ قوللىرىدىن تارتىپ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا، موما، — پەرھاد ئېگىلىپ سالام

قىلدى ـ دە، پەرت قىلىپ يوگورگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
گۈلنىگارمۇ ئېگىلىپ سالام بېرىپ بوۋا، مومىسىنى سۆيۈپ
ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

سەئىدخان قېينىئاتا ـ قېينىئانىسىنى سوۋغا ـ سالام بىلەن
ئۇزىتىپ قويدى.

بۇ قەيسەر شاھزادىنىڭ يېنىدىن ئادەم ئۈزۈلمەي، بىر ھەپتە
شۇنداق ئۆتتى.

قاناتبەگ سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن ئەندىجان
قەلئەسىدىكى ئوردا قەسرىدە تۇردى.

— يېقىندا ئانام جامال ئاغىچا ياركەندە قازا قىپتۇ، — دېدى
ئۇ بىر كۈنى مېھمان بولۇپ كەلگەن قاناتبەگكە، — ئاكام
مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگاننى شاھىبېكخان قەتل قىپتۇ. تەقدىر
دېگەن شۇنداق رەھىمسىز بولىدىكەن، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمىزنىڭ
مانا شۇنداق تۇزۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتە سەرگەردان، خانىۋەيران
بولۇپ كېتىشىگە قارا نىيەت ئاكام مىرزا ئابابەكرى سەۋەب
بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى خالىماي
سۇلتان مەھمۇدخان يېنىغا تاشكەنتكە بېرىۋالغانىدىم، ئاخىر
ئۇنىمۇ شاھىبېكخان ھالاك قىلدى. قازا يەتمىگەنىكەن، ھايات
قالدىم. شۇنىڭدىن بېرى مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ
كىچىك ئوغلى، سۇلتان يادىكار مىرزىلار بىلەن قېچىپ، مۆكۈپ
يۈرۈپ گاھ شاھىبېكخان، گاھ مىرزا ئابابەكرى نۆكەرلىرىگە
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى كۆپ قېتىم تالاپەتكە
ئۇچراتتۇق. لېكىن، بىرەر ۋىلايەتنى ئېلىپ ماكانلىشالمىدۇق.
زالىم شاھىبېكخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جانىبېك سۇلتان
ئۇنىڭ تەختىگە كۆز قىزارتىپ ئەندىجاندىن سەمەرقەنتكە كەتتى.
بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم بىلەن
ئەندىجاننى ئىگىلىدۇق. بابۇر مىرزا بىلەن سەئىدخاننىڭ يولىغا
قارىغانىدۇق. سەئىدخان كېلىپ كۆچىمىز زورايدى ھەم چوڭ

www.uyghurkitap.com

خانلارنىڭ ئەۋلادى بولغان يولباشچىغا ئېرىشتۇق. ئەمدى ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، لەشكەر تارتىپ كاشغەرگە بارساق غەلىبە قىلاتتۇق. سەئىدخان بۇنىڭغا ماقۇل بولارمۇ؟

قاناتبەگ بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— سەئىدخان باتۇر، تەدبىرلىك، شۇنداقلا ئۆز خاھىشى بىلەن ئىش قىلىدىغان قورقماس شاھزادە، ھەرقانداق ئىشتا تەۋەككۇل قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. كۆكسى - قارنى كەڭ، ئەپۇچان، غەلىبە قىلسىمۇ، مەغلۇپ بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ. بالا چېغىدىن باشلاپ مىجەزى شۇنداق، ئىككى يىلدىن بېرى شارابنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ قالدى. كۆردىلە، ئاغا، ئاخشام ھەممىدىن كۆپ ئىچىپ خۇدنى يوقاتتى.

— شارابنى كۆپ ئىچىش ئىككى سەۋەبتىن بولىدۇ، ئىنىم. بىرىنچىسى، باشقا كەلگەن دەرد - ئەلەم. سەئىدخان بېشىغا كۆپ دەرد - ئەلەم كەلدى. بۇ دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلىمىغۇچە كۆپ ئىچىشىنى تەرك ئەتمەيدۇ. ئىككىنچىسى، بايلىق - دۆلىتى زىيادە بولغان كىشىلەر ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىدۇ. ئەيش - ئىشرەت شارابسىز بولمايدۇ. ئۇلار بايلىقى توگەپ دۆلەت قۇشى بېشىدىن ئۇچقانغا قەدەر شاراب ئىچىشنى توختاتمايدۇ. دەپ باقسىلا، ئىنىم، زادى سەئىدخان كاشغەرگە يۈرۈش قىلىشقا قوشۇلامدۇ، يوق؟

— مەن شاھزادىنىڭ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى جەڭ قىلىش پىلانىنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. ئەمما، دەرھال لەشكەر تارتىپ بارىدىغان - بارمايدىغانلىقىدىن تېخى خەۋىرىم يوق، ئاغا، ئۆزى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقساق بولىدۇ. ئۇ يەنە بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىۋالسۇن، — دېدى قاناتبەگ سەل توختىۋېلىپ، ئاندىن ئويلانغىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى، — پادىشاھ بابۇر مىرزا قۇندۇزنى ئالغاندىن كېيىن خۇراسان، خارەزىم تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئەگەر سەئىدخان بۇ نەۋرە ئاكىسىغا ياردەملىشىشنى

كۆڭلىگە پۈككەن بولسا، جانىبېك سۇلتان بىلەن جەڭ قىلماي قالمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەسلىھەتلىشىشنى كېيىنگە سۈرەيلى. بىزنىڭ ئەندىجاننى ئىگىلەپ ياتقىنىمىز، سەئىدخاننىڭ كەلگەنلىكى جانىبېككە ئاڭلىنىپ بولدى. لەشكەر تارتىپ كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرەيلى. بۈگۈن ئاخشام سەئىدخان شەرىپىگە زىياپەت بەرمەكچىمەن. سۇلتان يادىكار مىرزىنىمۇ تەكلىپ قىلىمەن.

— بولىدۇ، ئاغا، سەئىدخاننى ئەمىرلىرى بىلەن باشلاپ كېلەي، — دېدى قاناتبەگ. ئۇ سەيىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن خوشلىشىپ مەرھۇمە ئىسەن دۆلەت بېگىمنىڭ بېغىغا كەتتى.

* * *

سەئىدخان بۇ زىياپەتنىڭ ئەتىسى جانىبېك سۇلتاننىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەۋەرنى سەيىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ سەمەرقەنتكە بېرىپ قايتقان ئايغاقچىلىرىدىن ئاڭلىدى. سەئىدخان ئەندىجان قەلئەسىدىكى ئوردىغا دەرھال بېرىپ، سۇلتان، ئەمىر، بەگلەرنى يىغىپ ئوردا سارىيىدا كېڭەش ئاچتى. سەيىدمۇھەممەد مىرزا باشلىق ھەممەيلەن جانىبېك سۇلتانغا قارشى جەڭ قىلىشقا قوشۇلدى. ھەرقايسى سۇلتان، مىرزىلارغا قاراشلىق ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىۋىدى، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق چىقتى. كابۇلدىن ئەكەلگەن ئادەملىرىنى قوشقاندا تۆت مىڭدىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرگە سۇلتان يادىكار مىرزىنى سەردار قىلىپ، كاسان قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىشقا ئەۋەتتى. يەنە مىڭدەك ئەسكەرگە سەيىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن بەگچەك بەكرى مىرزىنى سەردار قىلىپ، كاسان تاغلىرىغا مۆكۈپ تۇرۇپ دۈشمەنگە تۇيدۇرماي زەربە بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى ئىشتاچى

www.uyghurkitap.com

مىرزا، قاناتبەگلەر بىلەن ئىككى مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ جانىبېك سۇلتاننىڭ قارشى تەرىپىدىن چىقماقچى بولدى. ئۇلار يېرىم كېچىدە ئەندىجاندىن ئاتلىنىپ يولغا چىقتى.

## 3

سۇلتان يادىكار مىرزا بىر كۈن ئۇچقاندەك يول يۈرۈپ خۇپتەن نامىزىدىن ياتقان مەھەلدە كاسان قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى. جانىبېك سۇلتان ئون بەش مىڭ ئەسكىرى بىلەن يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە يېتىپ كېلىپ قەلئەنى قورشىۋالدى، ئەگەر يېرىم كۈن بالدۇر كەلگەن بولسا، كاسان قەلئەسى ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى ۋە ئەندىجان قەلئەسى خەۋپ ئاستىدا قالاتتى.

سەئىدخان ناماز بامداتقا ئەزان چىققاندا كېلىپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىغا چۈشتى. تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشتى. ئەۋەتكەن ئايغاقچىلار جانىبېك سۇلتاننىڭ كاسان قەلئەسىنى قورشىۋالغىنىنى بىلىپ، بۇ ئەھۋالنى سەئىدخانغا مەلۇم قىلىشتى. سەل كېچىككەنلىكىنى چۈشەنگەن شاھزادە قەلئەنى ئېلىش كويىدىلا بولغان دۈشمەنگە تۆت تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇپۇق قىزىرىپ ئاخسى تەرەپكە ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا شەپەق جۇلا تاشلىغان مەھەلدە سەئىدخان ھۇجۇمغا ئۆتتى. تاغ قاپتاللىرىغا مۆكۈۋالغان سەييىدمۇھەممەد مىرزىمۇ مەرگەنلىرىگە ئوق ئېتىشقا ئەمر قىلدى.

ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچرىغان جانىبېك سۇلتاننىڭ لەشكەرلىرى قايسى تەرەپكە قاچسا، شۇ تەرەپتە ئوققا دۇچ كەلدى، دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ قېچىشقا باشلىغانلىقىنى سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ كۆرگەن سۇلتان يادىكار مىرزا چەۋەندازلىرى بىلەن قەلئە دەرۋازىسىدىن چىقىپ، قويغا ئېتىلغان بۆرىدەك جانىبېك لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. ئۇ

مەرھۇم سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ كەنجى ئوغلى ئىدى. قىۋۇم ـ قېرىنداشلىرىنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن شاھىبېكخان ئۆلگەندىن كېيىن جانىبېك سۇلتاندىن قىساس ئېلىش ۋە سەمەرقەنت تەختىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن سەئىدخانغا قوشۇلغانىدى. سۇلتان يادىكار مىرزا ئەل بولغان دۈشمەنلەرنىمۇ چېپىپ تاشلىدى. سەئىدخان بابۇر مىرزا يادىكار قىلغان قوش بىسلىق شەمشىرىنى ئوڭ ـ سول تەرىپىگە شىلتىپ، كەلگەن دۈشمەننى ئامان قويمىدى. ئۇلار جانىبېكنىڭ ئەسكەرلىرىنى بىر كېچە ـ كۈندۈز ئات چېپىپ قوغلاپ، نۇرغۇن غەنىيمەت بىلەن كاسانغا ياندى. ياپپېشىل بوستان بىلەن ئورالغان كاسان قەلئەسى قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. سەئىدخان بۇ يەردە ئەسكەرلىرىنى ئۈچ كۈن دەم ئالدۇرۇپ تۆتىنچى كۈنى كېچىدە ئەندىجانغا يېنىپ كەلدى.

سۇلتان يادىكار مىرزا كاسان قەلئەسىدە قالغانىدى. ئۇ جانىبېك سۇلتانىنىڭ يەنە ئەسكەر باشلاپ كېلىپ قېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، قەلئە مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشىپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا جانىبېك سۇلتانىنىڭ سەئىدخان بىلەن سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان مىرزا ئابابەكرى ئون مىڭ لەشكەر بىلەن كېلىپ ئۇش بىلەن ئۆزگەنچىنى بېسىۋالدى. جانىبېك سۇلتانمۇ ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن كېلىپ كاسان قەلئەسىنى يەنە قورشىۋالدى. ئەھۋال جىددىي ۋە خەۋپلىك بولۇپ قالغانىدى. سەئىدخان كاسان قەلئەسىدىكى سۇلتان يادىكار مىرزىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى مىڭ ئەسكەر بىلەن ماڭدۇرۇپ، ئۆزى جىددىي جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئەندىجان شەھىرى ۋە ئەتراپىكى يېزىلاردىن ئىختىيارىي، مەجبۇرىي ھالدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق پىدائىي ئەسكەر ئالدى. مەشقاۋۇل قاناتبەگ ئۇلارغا يا ئېتىش، قىلىچ چېپىش، نەيزە سانجىش، ئومۇت ئۇرۇش، ئاتلىق، پىيادە جەڭ قىلىشنى مەشىق قىلدۇردى.

www.uyghurkitap.com

— قېرىنداشلىرىم، يۇرتداشلىرىم، — دېدى سەئىدخان جۇمە نامىزىدىن كېيىن ئوردا ئالدىدىكى مەيدانغا سەپراس بولغان كونا - يېڭى ئەسكەرلەرگە تەكشى قاراپ، — دۈشمەنلەر بىزنى جاڭ قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا. جەڭدىن باش تارتساق ئۇلار بېسىپ كېلىدۇ، جان پىدا قىلىپ ئۇلارغا توسۇپ زەربە بەرمىسەك، بىزگە زەربە بېرىدۇ، بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، ئېلىمىزنى ۋەيران، خەلقىمىزنى سەرسان قىلىدۇ. دۈشمەننى چېكىندۈرۈشىمىز، ئەندىجان دىيارىغا ئۇلارنى ئاياغ باستۇرماسلىقىمىز كېرەك. كىمكى ئارقىغا قاراپ قاچىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆلگىنى شۇ. بىز بۇ جەڭدە خۇدا بۇيرۇسا غەلىبە قىلىمىز. ئېلىنغان ئولجىنىڭ ھەممىسى ئەسكەر، سەردارلارغا ئوخشاش تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. ھەققانىيەت ئۈچۈن، ئادالەت ئۈچۈن، يۇرتىمىزنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن جان پىدا قىلايلى!

— جان پىدا قىلىمىز! — ئەڭ ئاۋۋال بارلىق ئاۋاز بىلەن توۋلىدى مەشئاۋۇل قاناتبەگ. ئۇ سەپراس بولغان قوشۇن ئالدىدا قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇراتتى.

— جان پىدا قىلىمىز! — چۇقان سېلىشتى رەت - رەت تىزىلغان كونا - يېڭى لەشكەرلەر، بۇ سادا ئەندىجان شەھىرىنى تەۋرىتىۋەتتى.

سەئىدخان كۈن پېتىشتىن بىر سائەت بۇرۇن تۆت مىڭدىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئانىسى كۆتۈرۈۋالغان ئابدۇرەشىدخان دادىسىغا تەلپۈنۈپ قالدى.

## 4

جانىبېك سۇلتاننىڭ ئوتتۇز مىڭ لەشكىرى قورشىۋالغان كاسان قەلئەسىدىكى سۇلتان يادىكار مىرزا سېپىل ئۈستىدە دۈشمەن سىپاھلىرىغا كۆز سېلىپ تۇراتتى. ئۇ سېپىلنىڭ ئۈچ دەرۋازىسىغا ئىككى يۈزدىن ئالتە يۈز نەپەر خىل ئەسكەرنى

ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەلئەنىڭ ھەممە كىرىش ئېغىزلىرىنى يوچۇق قالدۇرماي ئېتىۋەتكەنىدى. سېپىل ئۈستىدە ھەر ئون قەدەم يەرگە ساداق ۋە قىلىچ بىلەن قوراللانغان ئىككىدىن ئەسكەر قويۇپ، ئۈچ يۈز نۆكەرنى ئايلىنىپ چارلاشقا بەلگىلىگەنىدى. ئەمما، بىر ھەپتە ئۆتمەيلا جانىبېكنىڭ لەشكەرلىرى قەلئەنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېغىز ۋە سۇغۇچلەرنىڭ ھەممىسىنى توسۇۋەتتى. سىپاھ ۋە ئاھالىلەر سۇسىز قالدى. قەلئەنى ئۇزاق مۇداپىئە قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن سۇلتان يادىكار مىرزا بىر كېچىسى ئاي قاراڭغۇسىدا بارلىق سىپاھ، خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ ئەندىجان تەرەپتىكى دەرۋازىنى ئېچىپ چىقتى. دۈشمەن جېسەكچىلىرى تۇيۇپ قالدى. نەيزە كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر قاراۋۇلنى سۇلتان يادىكار مىرزا قىلىچ ئۇرۇپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى. جەڭ باشلاندى. جانىبېك سۇلتاننىڭ ئوتقاش كۆتۈرگەن لەشكەرلىرى ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن قارىغا ئېلىۋالدى. سۇلتان يادىكار مىرزا ئېتىنى ھەر تەرەپكە چاپتۇرۇپ شۇنداق جەڭ قىلدىكى، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە لەشكەرلەر بىر - بىرىنى ئىلغا قىلالماي قالدى. نەتىجىدە جانىبېك سۇلتاننىڭ چاپاۋۇل لەشكەرلىرى بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى.

سۇلتان يادىكار مىرزىنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كەلگەن ئامراق خوتۇنى ھەبىبە سۇلتان بېگىم ئېغىر ئاياغ ئىدى. ئۇ ئايال بولغىنىغا قارىماي قىلىچ چېپىش، ئوقيا ئېتىش ۋە ئات مىنىش ماھىرى ئىدى. ئۇمۇ بۇ مۇدھىش كېچىدە ئېرىدىن قېلىشماي جەڭ قىلدى، قىلىچ ئۇرۇپ ئۈچ دۈشمەننى دومىلىتىۋەتتى. ئىلدام كېتىۋېتىپ يا كىرىچىنى تارتىپ سۇلتان يادىكار مىرزىنى قارىغا ئالغان جانىبېكنىڭ بىر سەردارىنى ئوتقاشنىڭ يورۇقىدا كۆرۈۋالدى. ئېتىنى دېۋىتىپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. ئوتقاش كۆتۈرۈپ كەلگەن يەنە بىر دۈشمەن ھەبىبە سۇلتان بېگىمنىڭ بېشىغا

نەيزە سانجىۋەتتى. ئۇ قىڭغىيىپ ئېتىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى ...

ئات ناھايىتى ئەقىللىك، ۋاپادار جانداردۇر، شۇڭا كىشىلەر ئات ئادەمنىڭ قانىتى، دېيىشىدۇ. ھەبىبە سۇلتان بېگىمنىڭ ئېغىر يارىلانغىنىنى سەزگەن ئات قۇيۇندەك چېپىپ، سۇلتان يادىكار مىرزا يېنىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئېرى خاۋاتىرلانغان ھالدا «ھەبىبە سۇلتان بېگىم نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ئات چاپتۇردى. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن مەجنۇنتاللىق بىر بۇلاق بېشىغا كەلگەن ھەبىبە سۇلتان بېگىمنىڭ ئېتى توختاپ، ئاستا تىزلىنىپ پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتتى. ئارقىدىنلا يېتىپ كەلگەن سۇلتان يادىكار مىرزا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ خارتىلداپ قالغان ئېتىنى توختاتتى ـ دە، سەكرەپ چۈشۈپ مەجنۇنتاللىق بۇلاق بېشىغا كەلدى.

ئۇڭ قولىقىنى باستۇرۇپ ياتقان ئات ئۈستىدە ئىڭراپ جان تالىشىۋاتقان خوتۇنىنى سۇلتان يادىكار مىرزا قۇچىقىغا ئالدى.

ــ ئاھ، ئەزىزىم، ئەرنىڭ بۇرچى خوتۇنىنى جاپادا قويماسلىق ئىدى. بۇ بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم، مېنى كەچۈرسىلە، سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن.

ھەبىبە سۇلتان بېگىم كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ تەلمۈرۈپ قارىدى.

ــ سۇلتانىم، كەلدىلىمۇ ... سىلىنى كۆرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ قايغۇرغانىدىم. كېلىپلا، ئوغۇل تۇغۇپ بەرسەم بولاتتى ... بىر ئوغۇل ... ئوغۇل...

ئۇنىڭ ئۈنى پەسلەپ كەتتى.

ــ ئەلۋىدا، ۋاپادارىم، ئەلۋىدا. خوتۇنلىرىم ئىچىدە سەنلا مېنى تاشلاپ كەتمەي ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدىڭ. ئەمدى يالغۇز قالدىغان بولدۇم. قانداق قىلارمەن، سۆيۈملۈكۈم؟ ...

تىنىقتىن قالغان ھەبىبە سۇلتان بېگىمنىڭ يۈزىگە ئۇنىڭ

ياشلىرى سۈدەك قۇيۇلدى.

سۇلتان يادىكار مىرزا كەشتىلىك قول ياغلىقى بىلەن خوتۇنىنىڭ ئېڭىكىنى چېتىپ، يۈزىگە رومىلىنى يېپىپ، ئارقا ۋە ئالدىدا ياتقان ئىككى ئاتقا قارىدى.

— سىلەرمۇ مېنى تاشلاپ كەتتىڭلارمۇ، قاناتلىرىم؟ چاڭقىغان چېغىڭلاردا بۇلاقتىن سۇمۇ ئىچەلمىدىڭلار، — دەپ ھۆڭرەپ يىغلىغان سۇلتان يادىكار مىرزا بىردەم ئۇ ئاتنىڭ، بىردەم بۇ ئاتنىڭ بېشىنى سىلىدى. كېچىدە قارىيىپ كۆرۈنگەن بۇلاقتىن چاڭگاللاپ سۇ ئېلىپ ئاتلارنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا قۇيدى.

— سۇلتان يادىكار مىرزا، سەۋر قىلىڭ، — بوش ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا مەشئەلنىڭ يورۇقى ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغان نۆكەر، ياساۋۇللارنى كۆردى. ئېڭىشىپ تەسەللى بەرگەن سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى تونۇدى.

— ئۆلگۈرۈپ كېلەلمەپتۇق، سۇلتان، بۇ يەردە تۇرىۋەرسەك دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قالىمىز، ئەندىجانغا قايتايلى، — دېدى سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئۇنى يۆلەپ، سۇلتان يادىكار مىرزا مەرھۇم خوتۇنىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ نۆكەرلەر ئەكەلگەن ئاتقا مىندى:

— بۇ ئىككى قانىتىم مۇشۇ يېتى تاشلاپ قويۇلمىسۇن، مىرزا، يولدىن يىراقراق يەرگە كۆمدۈرۈۋەتكەيسىز. مەن كېتىۋېرەي ...

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# سايراندىكى داپ ئاۋازى

### 1

تاڭ سەھەردە ئاتلىنىپ چىققان سەئىدخان چاشگاھ ۋاقتىدا تومبوق دېگەن جايغا يېتىپ باردى. قىيپاش دۆڭ شەكلىدىكى گۇل ـ گىياھقا پۈركەنگەن بۇ يەر ناھايىتى خىلۋەت ئىدى. بۇ يەردە بارگاھ قۇرۇپ غىزالىنىۋاتقان مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى سەئىدخانىنىڭ مۇنچە تېز كېلىشىنى ئويلىمىغانىدى، ئەڭ ئالدىدا شىددەت باستۇرۇپ كەلگەن سەئىدخان بەگگىنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ تۇرغان ئەلەمدارنى[1] چېپىپ تاشلىدى. توغ ئۆرۈلۈپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى ئۆرىتۆپە بولۇپ كېتىشتى. سەئىدخانىنىڭ لەشكەرلىرى ئوڭ، سول تەرەپتىن نەرە تارتقىنىچە سەئىدخانغا ماسلىشىپ دۈشمەن لەشكىرى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. جەڭ شىددەتلىك تۈس ئالدى. قان چاچرىغان دەرەخ غوللىرى ۋە ئوت ـ چۆپلۈك دۆڭ قىزىل قانغا بويالدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى پىيالىدەك يوغىناپ، بارگاھىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۆتىنىڭ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ، ئوڭ قولىغا قىلىچ، سول قولىغا ئۇمۇت ئېلىپ بارگاھ ئالدىدىن چىقتى. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ بارگاھ تەرەپكە ئۆتكۈزمىدى. مىرزا ئابابەكرى ھەريانغا ئات يۈگۈرتۈپ، ھۇجۇم

---

① ئەلەمدار ـــ بايراقچى لەشكەر.

قىلىپ كەلگەن نۆكەرلەرنى قىرىۋەتتى. شۇ ئەسنادا سەئىدخان ئات پادىسى ئىچىدە تۆگىدەك يالغۇز كۆزگە تاشلىنىپ قىلىچ ئۇرۇۋاتقان مىرزا ئابابەكرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قىلىچىنى چىشلەپ يانى قولىغا ئالدى، كىرىچنى تازا كېرىپ قارىغا ئالدى ـ دە، ئاتتى. ئوق مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۆڭگىچىگە تەگدى، قاتتىق ئاغرىق ئۇنى مۈكچەيتىۋەتتى. ئۇ ئاتنىڭ بويىنىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە بارگاھنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ جاڭگال تەرەپكە قاچتى. شۇ چاغدا يېتىپ كەلگەن سەييىدمۇھەممەد مىرزا ۋە خوتۇنىنى ئەندىجاندا دەپنە قىلىپلا ئاتلانغان سۇلتان يادىكار مىرزا بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن قېچىشقا باشلىغان دۈشمەن لەشكىرىنى قوغلىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوش ۋە ئۆزگەنچتىكى لەشكەرلىرى تەسلىم بولدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئۈچ مىڭدىن ئاشقانىدى. ئولجا ئېلىنغان قورال ـ ياراغ، مال ـ مۈلۈك، ئات ـ قوي، كىيىم ـ كېچەك، ئاشلىقنىڭ بىر قىسمى نامرات ئاۋامغا، بىر قىسمى لەشكەرلەرگە تەقسىم قىلىندى.

— مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياساۋۇل ـ نۆكەرلىرىنىڭ ھەممىسى كاشغەر ۋە ياركەندلىك قان قېرىنداشلىرىمىزدۇر. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش بىر تۇغقانلىرىمىزنى قەتلىئام قىلغانلىق بولىدۇ. ئۆلتۈرمەي ھايات قالدۇرۇش قېرىنداشلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى، زەپەر قازىنىشىمىزنىڭ كاپالىتى، — دەپ يارلىق چۈشۈردى سەئىدخان. ھايات قالغىنىغا بەكمۇ خۇشال بولغان ئەسىرلەر سەئىدخانغا نۇسرەت تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

*     *     *

سەئىدخان ئەندىجانغا قايتىپ كەلگەندە يازنىڭ پىژغىرىم تومۇز كۈنلىرى باشلانغانىدى. ياز چىققۇچە لەشكەرلەرنى دەم ئالدۇرۇپ ھەم تەرتىپكە سېلىپ مەشىق قىلدۇردى. تەلەپچان مەشقاۋۇل قاناتبەگ بامداتتىن تارتىپ شامغىچە لەشكەرلەر بىلەن

www.uyghurkitap.com

يىللە بولاتتى. شامدىن يېنىپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان گۈلسۇرۇخ بانۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەتتى. ئوماق قىزىنى، ئىنات مىنگۇدەك بولۇپ قالغان ئوغلى پەرھادنى تەڭلا باغرىغا باساتتى.

ئانار قىزارغان مەھەلدە، ئۆزىنى ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتىغان سۆيۈنچەكخان لەشكەر تارتىپ سەئىدخانغا قارشى ئاتلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سەئىدخان مەشىق قىلدۇرۇشنى توختىتىپ، توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن بارلىق لەشكىرى بىلەن يولغا چىقتى. بەشكەنت دېگەن جايدا سۆيۈنچەكخاننىڭ يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. جەڭ قاتتىق بولدى، سۆيۈنچەكخان بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى قاچقان قىلىپ كۆرسىتىپ، سەئىدخان قوشۇنلىرىنى قورشىۋالدى. سۇلتان يادىكار مىرزىنى دۈشمەنلەر سالما تاشلاپ تۇتۇۋېلىپ قىلىچ بىلەن پارە - پارە قىلىۋەتتى. بەگچەك بەكرى مىرزا يا ئوقى تېگىپ قازا قىلدى. قاناتبەگ ئۇچقۇر ئېتىدىن ئايرىلدى. سەئىدخان، بىرىنچى بولۇپ قورشاۋنى يېرىپ يول ئاچتى. ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىغان سۆيۈنچەكخان ئۇلارنى قوغلاشتىن ۋاز كېچىپ ئارقىغا ياندى.

بۇ ئۇرۇشتا سەئىدخاننىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى قازا تاپقانىدى. ئۇ ئەندىجانغا كېلىپ سۇلتان يادىكار مىرزىنى ھەبىبە سۇلتان بېگىمنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى، يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەندىجان قەلئەسىگە سەييىدمۇھەممەد مىرزىنى، ئاخسى قەلئەسىگە ئەمىر غورى بارلاسنى، مەرغىلانغا ئەمىر دايىمئەلىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن ئەندىجاننىڭ شىمالىدىكى تاغلىق جاي كاسانغا بېرىپ قىشنى ئۆتكۈزدى. سۆيۈنچەكخاندىن يېڭىلىش سەۋەبلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىپ، دۈشمەن كۈچىنى سەل چاغلىغانلىقىغا تەن بەردى. دۈشمەن كۈچىنى سەل چاغلاشنىڭ پادىشاھنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرىدىغانلىقىنى سەئىدخان يەنە بىر قېتىم بىلىۋالدى.

## 2

ئون تۆتكە كىرگەن مۇھەببە سۇلتان بېگىم كاشانغا كەلگەندىن بېرى ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى. رەسسام بولغان بۇ قىز رەڭگارەڭ گۇللەر ئارىسىدىكى قىزىلگۇلدەك لەۋەن ۋە جەلپكار ئىدى. بابۇر پاشاھ يېنىغا تەلىم ئېلىشقا كەلگەن مىرزا ھەيدەرنى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆتۈنۈشلىرى بىلەن سەئىدخان ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنىدى. مۇھەببە سۇلتان بېگىم مىرزا ھەيدەردىن پارسچە ئۆگىنىشكە كىرىشكەندىن بۇيان ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ ئەشئارلىرىنى يادلاشقا باشلىغانىدى. بۇ ئاچىسى نېمە دېسە شۇنى تەكرارلاپ ئۆگىنىۋالغان ئابدۇرەشىدخان تىلىنىڭ ئەمدى چىققىنىغا قارىماي، بەزى پارسچە سۆز - ئىبارىلەرنى چۈچۈك تىلى بىلەن چالا - بۇلا ئېيتىپ سەئىدخاننى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. سەئىدخان كۆپ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ، خوتۇنىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن شۇ كۈننى زادىلا ئۇنتۇيالمىغانىدى...

سەئىدخان شۇ كۈنى كۈن ئۆرلىگەندە:

— ئاللا بىزگە بىر پەرزەنت ئاتا قىلسا بولاتتى، خوتۇن، مەن ھەر كۈنى تىلەۋاتىمەن، سىلىمۇ تىلەۋاتاملا؟ — دەپ سوراپ قالدى.

ۋىللىدە قىزارغان مەختۇمە راستىنى دېيىشتىن ئىزا تارتىپ، يالغان ئېيتىشقا پېتىنالماي، ئۇھ تارتىپ، دېدى:

— تىلەكلىرى ئىجابەت بولغان ئوخشايدۇ، شاھزادە. تۇغۇتۇمنىڭ ئاسان بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ قويسىلا، — ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ ئېرىنىڭ يېنىدا قىڭغىيىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قورسىقى سەل - پەل كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

— ۋاي، مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىلە، خوتۇن. ئاللادىن

مىننەتدارمەن. سىلىگە رەھمەت، غەم قىلمىسىلا، دۇئا قىلىمەن. ئانىلىرى بار، گۈلسۈرۈخ بانۇمۇ بار، ئانامۇ بار. تۇغۇتلىرى ئىنشائاللا ئاسان بولىدۇ.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن قورقىدىكەن كىشى، ھېلىتىنىلا بالىلىرى ئۇسۇپ ئادەمگە جازا سېلىۋاتىدۇ. مانا تۇتۇپ كۆرسىلە.

سەئىدخان ئۇنىڭ قورسىقىنى سىلاۋېتىپ، قولىنى تارتىۋالدى.

— ۋىيەي، سىلىنىمۇ قورقۇتۇۋەتتىمۇ نېمە؟ — مەختۇمە ھاياجانلىنىپ قالغان ئېرىگە تەلمۈرۈپ قارىدى، — يەۋېتىدىغاندەك قوللىرىنى ئەجەب تارتىۋالدىلا؟ ئىزا تارتىپ بۇ چاغقىچە سىلىگە ئېيتالمىغانىدىم.

سەئىدخان كۈلۈپ سالدى.

— ياق، قورقمىدىم، ئەزىزىم، ئاجايىپ تۇيۇلۇپ كەتتى، ئوغۇلدەك قىلىدۇ.

— شۇنداق بولسۇن، ئىلاھىم، شۇنداق بولسۇن. خانزادىنىڭ تىلىكىنى خۇدايىم يەردە قويماس، ئوغلىمىز تۇغۇلسا ئېتىنى نېمە قويىمىز، شاھزادەم؟

— ئاللا پاناھىدا ئوغۇل تۇغۇلسا مەن ئات قويۇپ بېرەي، قىز تۇغۇلسا سىلىنىڭ ئارزۇلىرىچە بولغاي، ئەزىزىم، مەن بەك خۇشال، — سەئىدخان خوتۇنىغا خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارىدى.

— تۇغۇتۇمنى ئويلىسامىلا نېمە ئۈچۈندۇر مېنى قورقۇنچ باسىدۇ. سىلى يېنىمدىن ئايرىلمىسىلا. سىلى بولماي قالسىلا قانداق قىلارمەن؟ — كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ ئېرىنىڭ كۆكسىگە باش قويدى مەختۇمە.

— خۇدا بۇيرۇسا بالىمىز تۇغۇلۇپ كۆڭلىمىز ئارام تاپىدۇ، ئەزىزىم، ئەمما پۈتۈن ئۆمرىمىزنى ئەندىجاننىڭ بۇ گۈزەل بېغىدا ئۆتكۈزەلمەيمىز ــ دە، ئايرىلىشقا كىشى چىدىمىغۇدەك باغ ــ ھە بۇ؟ — دېدى سەئىدخان خوتۇنىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان

قورسقىنى سىلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ ئەلۋەك دىيار بولغان ئەندىجان شەھىرىگە مېھرى چۇشۇپ قالغانىدى.

— راست، بۇ گۈزەل شەھەردىن قانداقمۇ كەتكۈلىرى كېلەر؟ دۇنيادا ئەندىجاندىنمۇ چىرايلىق يەنە قانداق ماكان باردۇ؟ — دېدى مەختۇمە ئېرىنىڭ قولىنى كۆكسىگە بېسىپ.

— ئۇنداق دەپ كەتمىسىلە، ئەزىزىم، ئەندىجان جاھاندا ئەڭ گۈزەل شەھەر. بىلىمەن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يەردىن ئادەمنىڭ ئايرىلمىقى تەس. ئاڭلىسام ئەندىجانلىقلار «سەئىدخاننى كەتكۈزمەيمىز، ئۇ بىزنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزدى. مېڭىشقا بولمايدىغان يوللارنى ياسىتىپ، قاراقچىلارنى تازىلاپ يوللارنى راۋان، خەلقنى ئەمىن قىلدى. ئەندىجاننى تىنچ، ئاۋات قەلئەگە ئايلاندۇردى» دەپ يۇرۇشكۇدەك. ئەمما، بۇ يەردە قالالمايدىغىنىمنى تەقدىر بەلگىلىگەن. ئانا ۋەتىنىمگە، تۇغۇلغان ئېلىمگە قايتىش هايات نىشانىمدۇر. بارار مەنزىلىم، تۇرار جايىم، قارارگاھىم باشقا يەر ئەمەس، دەل كاشغەر ۋە ياركەند دىيارىدۇر. ئۇ جايلاردا ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ مازارى بار. رەئىيەتپەرۋەر، ئادىل پادىشاھ ـ ھاكىملارنى ئۇ يەردىن قوغلىغان زالىمنى ئۇ ئانا دىياردىن قوغلاپ، خەلقنى ئەمىنلىككە ئىگە قىلىش قەتئىي ئىرادە بىلەن چىقارغان قارارىمدۇر. ئاللا ئىگەمدىن باشقا ھېچكىم مېنى توسۇيالمايدۇ. خاتىرجەم بولسىلا، ئەزىزىم، مىرزا ھەيدەر ۋە ئاكىلىرى قاناتبەگ بىلەن بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. ئەمما، ۋاقتى ـ قەرەلىنى بەلگىلىگۈچى ئاللادۇر. قاچان ۋاقتى ـ سائىتى كەلسە يىللە يولغا چىقىمىز.

سەئىدخان شۇلارنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە بارىلا، شاھزادەم؟

— بۈگۈن جۈمە ئەمەسمۇ؟ جۈمە نامىزىنى ئۆتىگىلى مىرزا

ھەيدەر بىلەن ئەندىجاندىكى چوڭ جامەگە بارىمەن. بالىمىز ئابدۇرەشىدخاننىڭ سالامەت چوڭ بولۇشى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت، خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ كېلىمەن.

مەختۇمە سەئىدخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆينىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى دەرىيەردىلىك دېرىزىنى ئېچىپ قارىدى. غۇررىدە ئۇرۇلغان باھار شامىلى قۇندۇز چاچلىرىنى يەلپۈدى. مەجنۇنتاللار كۆلەڭگە تاشلىغان كوچىدا ئالدىراش كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. كۆلا ـ جەندە كىيگەن دەرۋىشلەرمۇ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ياساۋۇللىرى بىلەن ئاتلىق كېلىۋاتقان سەئىدخان، مىرزا ھەيدەر، قاناتبەگلەر كۆزدىن غايىب بولغۇچە قەسىرنىڭ قىيا ئوچۇق دېرىزىسىدىن قاراپ تۇرغان مەختۇمەنىڭ يۈرىكى تارتىشىپ: «ئاللا ئىگەم ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ تەكرار ئىلتىجا قىلدى. ئۇ كۆكسىنىڭ چىڭقىلىۋاتقىنىدىن ئوغلى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئەمگۈسى كەلگىنىنى ھېس قىلىپ: «ئاللا ئىگەم ئوغلۇمنى ئاتىسىغا قانات قىلىپ بەرگىن» دەپ تىلەپ، دېرىزىنى ياپتى.

ياخشى نىيەتتە قىلىنغان تىلەك ئىجابەت بولماي قالمايدۇ. ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار چوڭ بولۇۋاتقان پەرزەنتلىرىگە ياخشى نىيەت بىلەن مەدەتكار، غەمخور بولۇشى، تىرىشچان، ئىشچان، قەيسەر بولۇپ كامال تېپىشى ئۈچۈن ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن يېتەكلىشى، ئۈلگە بولۇشى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شارائىت يارىتىپ بېرىشى زۆرۈر.

ياغاچتىن نەپىس ياسالغان كىچىك قىلىچ، خەنجەر، ئوقيا، نەيزە ـ قالقان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئويۇنچۇقلىرى ئىدى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئېتىنى تەكرارلاپ ئۆگىتەتتى. ساتار، داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى...

«كۈلدى، يىغلىدى، ئولتۇردى، ئۆمىلىدى، دادا دېدى، ئانا

دېدى، تۆردى، ماڭدى، تىلى چىقتى» دەپ ئىككى يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەئىدخانمۇ، مەختۇمەمۇ بىلمەي قالدى. ئىز باسارىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ سالامەت چوڭ بولۇۋاتقىنىدىن ئاتا ـ ئانا سۆيۈنمەي تۇرالىسۇنمۇ؟

## 3

سەئىدخان بۇ يىل ئوغلى، سىڭلىسى ۋە مەختۇمەنى ئېلىپ سەيلە قىلىش ئۈچۈن خۇش هاۋا كاسانغا كەلدى.

كاساننىڭ باهارى سەئىدخانغا هۇزۇر بېغىشلىدى. ئەتراپ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن تولۇپ باغى ئېرەمدەك گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ هەر كۈنى مىرزا هەيدەر بىلەن شىكارغا چىقىپ كېيىك، قىرغاۋۇللارنى ئوۋلاپ كېلەتتى. ياۋا ئۆرۈكلەر غورا بولغان مەزگىل ئىدى. قازاق ئېلىنىڭ خانى قاسىمخاننىڭ خارەزىم هۆكۈمرانى سۆيۈنچەكخانغا هۇجۇم قىلىپ تاشكەنتكە قامىۋالغانلىقى توغرىسىدا سەييىدمۇهەممەد مىرزىدىن سەئىدخانغا خەۋەر كەلدى. بۇ چاغدا بابۇر مىرزا سەمەرقەنتنى ئىگىلەپ تەختتە ئولتۇرغىنىغا يېرىم يىلدىن ئاشقانىدى. بىراق، سۇلتان ئۇبەيدۇللاخان ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتىپ كېلىپ، كۆل مەلىك دېگەن جايدا ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. يېڭىلگەن بابۇر مىرزا هىسارغا چېكىندى ... بۇ خەۋەرنىمۇ ئاڭلىغان سەئىدخان بابۇر مىرزىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ كاساندىن ئەندىجانغا قايتىپ كەلدى. سەييىدمۇهەممەد مىرزا بىلەن قاناتبەگ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئوردىغا باشلاپ كىردى.

— بىز سۆيۈنچەكخاننى يەڭسەك، ئۇبەيدۇللاخاننى يېڭەلەيمىز ۋە بابۇر مىرزىنى سەمەرقەنت تەختىگە چىقىرالايمىز، شۇڭا دەرهال ئاتلىنىپ تاشكەنتكە بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى سەئىدخان.

— سۆيۈنچەكخاننى يېڭىش ئۈچۈن قاسىمخان بىلەن

ئىتتىپاق بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

سەيىيدمۇھەممەد مىرزىنىڭ بۇ پىكرىنى مىرزا ھەيدەر قوللىدى:

— خان ئاكا، ھىجرىيە 918 - يىلى① بۇرۇندۇقخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن قازاقلار خانى قاسىمخان دەشتى قىپچاقنى ئىگىلەپ، ئىسسىقكۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زېمىندا خانلىق تىكلىدى. سۆيۈنچەكخان نەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئۇنىڭ مويىنىمۇ تەۋرىتەلمىدى. بۇ نۆۋەت قاسىمخان ئۇنى قوغلاپ كېلىپ تاشكەنتكە قامىۋاپتۇ. لېكىن، سۆيۈنچەكخان قاسىمخاننى ھالسىرىتىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. بىز بابۇر مىرزىغا ياردەم بەرمەكچى بولساق، قاسىمخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشىمىز زۆرۈر.

— ئەلۋەتتە، — دېدى سەئىدخان، — مۇشۇ نىيەت بىلەن يولغا چىقايلى، ئىنىم.

ئۇلار كۆمۈش لېگەنگە لىق تولدۇرۇپ ئەكەلگەن ئۈجمىگە تەڭلا قول ئۇزارتىشتى.

* * *

باھار ئايتىپى تاشكەنتنىڭ تۇپىلىق يولىنى بويلاپ باغلارغا تارالغانىدى. دالالاردا قىزىرىپ پىشقان بۆلجۈرگەننى تېرىپ يۈرگەن دېھقان قىزلىرىنىڭ ناخشا، كۈلكىلىرى ئاڭلىناتتى. كۈن غەربكە قايرىلغانىدى. كۈنچىقىشتىن توپا توزىتىپ كېلىۋاتقان سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى كۈندەرلەك دېگەن قىشلاققا يېتىپ كەلدى.

— بىز مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرايلى. قاناتبەگ قاسىمخانلارنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلگەندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرەرمىز،

① ھىجرىيە 918 - يىلى — مىلادىيە 1513 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

دېھقانلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە تېگىلمىسۇن، — دېدى سەئىدخان ئاتتىن چۈشۈپ.

شۇ ئەتراپتىكى ئوچۇقچىلىقتا چېدىرلار تىكىلدى. ئۇلار بۇ يەردە بىر كېچە تۈرۈشتى. ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتىدا چارلاپ ئەھۋال ئۇقۇش ئۈچۈن ئۈچ كۈن بۇرۇن يولغا چىقىپ كەتكەن قاناتبەگ ئادەملىرى بىلەن قايتىپ كەلدى.

— شاھزادە، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، — بىز تاشكەنتكە تۇنۇگۈن چۈشتە يېتىپ باردۇق. قاسىمخان لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىشقا باشلىغانىكەن، توققۇز قېتىم تەزىم قىلىپ ئالىيلىرىنىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقانلىرىدىن خانىنى ۋاقىپلاندۇردۇم، «مەن سۆيۈنچەكخانىنى قوغلاپ، ئېلىمدىن يىراقلاپ كېتىپتىمەن. ئەتراپىم سۇلتانلارنىڭ زېمىنى ئىكەن. مۇبادا ۋاقتىدا قايتمىسام سۆيۈنچەكخانىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكۈدەكمەن، شۇڭا ئېلىمگە قايتىشنى قارار قىلدىم. موغۇلىستان خانىنىڭ ئوغلىغا رەھمەت. ئەگەر ئۇ مېنى خۇش قىلىمەن دېسە، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي جۆدەگە① بارسۇن، رازى بولغۇدەك ئوبدان كۈتۈۋالىمەن» دېدى. مەن خانىنىڭ تەكلىپىنى ئالىيلىرىغا يەتكۈزىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ خوشلاشتىم. كېچىلەپ يۈرۈپ ھۇزۇرلىرىغا يېتىپ كەلدىم.

سەئىدخان ئالدىراپ يولغا چىققىنىدىن ئەپسۇسلىنىپ لەشكەرلىرىنى ئاخسىغا ياندۇرۇپ كەلدى. قاناتبەگ غەمگۇزار ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ ئاخسىغا كەلگەن خوتۇنى گۈلسۈرۈخ بانۇ بىللە بىلەن بىللە، بۇ دىيارنىڭ مەرھۇم ھاكىمى بايەزىدنىڭ مەقبەرىسىگە چىقىپ دۇئا قىلدى. گۈلسۈرۈخ بانۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ جاللاتقا تاپشۇرغان ئاتىسىنى، يۈرەك پارىسى بولغان قىزىنىڭ پىراقىدا كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان ئانىسىنى ياد ئېتىپ يىغلىدى.

① جۆدە — دەشتى قىپچاق ئېلىنىڭ پايتەختى.

سەئىدخان قازاق ئېلىنىڭ خانى قاسىمخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش توغرىسىدا مىرزا ھەيدەر، سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن كېڭىشىپ بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن، دەشتى قىپچاقنىڭ پايتەختى جۆدەگە قاراپ ئاخسىدىن يولغا چىقتى.

*　　　*　　　*

يەتمىش ياشلىق قاسىمخان دەشتى قىپچاقنىڭ بىردىنبىر خانى بولۇپ، ئۈچ يۈز مىڭ لەشكىرى، ساناقسىز مال ـ دۇنياسى بار ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇن، توقاللىرى كۆپ بولۇپ، ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ سۆيۈملۈكى سۇلتان نىگار خېنىم ئىدى. ياشىنىپ قالغان خان بۇ خوتۇنى يېنىدا بولسىلا ئۆزىنى ياشىرىپ قالغاندەك بەختىيارلىقنى ھېس قىلاتتى.

سۇلتان نىگار خېنىم مەرھۇم يۇنۇسخاننىڭ شاھ بېگىمدىن بولغان ئۈچىنچى قىزى بولۇپ، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇ سۇلتان ئەبۇ سەييىد مىرزىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا ياتلىق قىلىنىپ، سۇلتان ۋەيس ئاتلىق بىر ئوغۇل كۆرگەنىدى. ئېرى قازا قىلغاندىن كېيىن تاشكەنتتىكى ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخان يېنىغا كەتتى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىنىڭ نەسلىدىن بولغان ئەدىك سۇلتانغا ياتلىق بولدى. ئۇنىڭدىن ئىككى قىز تۇغدى. ئەدىك سۇلتان ۋاپات بولغاندىن كېيىن قازاق يوسۇنى بويىچە، ئۇنىڭ ئاكىسى قاسىمخان ئۇنى ئەمرىگە ئالغانىدى.

سەئىدخاننىڭ ھاممىسى بولغان بۇ مەلىكىنىڭ بېشىدىن ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەر ئۆتكەنىدى.

قاسىمخان سەئىدخاننىڭ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر تېپىپ ئالدىغا قانىشخان، غىشخان، ماماشخان، جان ھەيدەر سۇلتان، قارشى سۇلتان قاتارلىق ئوغۇللىرى بىلەن قىرىق سۇلتاننى

چىقاردى. ئاقئۆي ئالدىدا ئاق تاينى سويۇپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. سەئىدخانمۇ ئەندىجاننىڭ تاي ـ تاي خان ئەتلەسلىرىنى، بۇخارانىڭ بەقەسەملىرىنى، خوتەننىڭ نەپىس توقۇلغان گىلەملىرىنى قاسىمخان ۋە ھامىمىسى سۇلتان نىگار خېنىمغا تارتۇق قىلدى.

ئۇلار دەشتى قىپچاقنىڭ بۇ پايتەختىدە ياز چىققۇچە تۇردى.

ياپيېشىل يايلاقتا نەچچە يۈز بايتال باغلانغانىدى. ياش قارا چاچ كېلىنلەر بۇ بايتاللارنى سېغىپ، ساپال ئىدىشلارغا سۈتنى قۇيۇپ پىشۇرۇپ، تولۇملارغا قاچىلاپ مېھمانلار ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئاپپاق كۆۋەجەپ تۇرغان قىمىزنى سورۇپ ـ سورۇپ ھېجىرلارغا قۇيۇپ تۇتاتتى. سەئىدخانغا قىمىز بەك ياقتى. مەڭزى چىلاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كۈندۈزى ئوغلاق تارتىپ، ئات چېپىشىپ، قىزقۇۋار ئويناپ، كېچىلىرى دومبىرا، قوۋۇز تەڭكەش قىلىنغان ناخشىلارنى ئاڭلاپ، بوزا، قىمىز ئىچىپ پەيز قىلىشاتتى.

ئاقئۆيدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈچ قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن، سەئىدخان قاسىمخان بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، بىر ـ بىرىگە قارشىلىق قىلماسلىق توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىشتى.

بۇ ۋەقە قاسىمخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە «ئاشتى قازاق» (قازاق دوستلۇقى) دېگەن نام بىلەن سالنامىگە پۈتۈلدى.

سەئىدخان ئۆزايدىغان كۈنى سۇلتان نىگار خېنىم مەختۇمە سۇلتان خېنىم بىلەن ئەپرۇزە سۇلتان خېنىمغا ئالتۇن بىلەزۈك، ئابدۇرەشىدخانغا كۈمۈش ساپلىق خەنجەرنى سوۋغا قىلدى. ئۇنىڭ قېشىدا ئىككى ياشلىق قىزى چۈچۈك سۇلتان بېگىم بار ئىدى. سەئىدخان بۇ قىزنىڭ توغاچتەك مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

قاسىمخان سەئىدخانغا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا ئۆز لايىقىدا تون كىيدۈرۈپ، ئات مىندۈرۈپ ئۇزاتتى. ئۈچ مىڭ قوي، ئۈچ يۈز ئاتنى يوللۇق تۇتتى.

www.uyghurkitap.com

## 4

ئەندىجان دىيارى شېرىن قوغۇننىڭ خۇش ھىدىغا چۆمۈلگەن كۈنلەر ئىدى. سەئىدخان دەشتى قىپچاقتىن قايتىپ كەلگىنىگە بىر يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن خۇشال ۋە غەمسىز كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەنىدى. دائىم كۆز ئالدىغا ھامىمىسى ۋە ئۇنىڭ ئوماق قىزى چۈچۈك سۇلتان بېگىم كېلىۋالاتتى.

بۈگۈن سەئىدخان قەسىرىگە مىرزا ھەيدەرنى چاقىرتىپ كەلدى.

«شاھزادە يەنە قەيەرگە قوشۇن تارتىپ بارىدىغاندۇ؟ مەن بىلەن بۇنىڭدىن بۆلەك مەسلىھەتلەشكۈدەك يەنە قانداق ئىشى باركىنە؟» دەپ ئويلىغان مىرزا ھەيدەر قەسىر مېھمانخانىسىغا كىرىپ، نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىدە بىر كوزا شارابنى كۆردى. «يېقىن ئادەملىرى بىلەن ئىچىشۋازلىق قىلىپ كۆڭلىنى بىر كۆتۈرمەكچى بولسا كېرەك».

مىرزا ھەيدەر ناخۇش ھالدا ساتار چېلىپ ئولتۇرغان شاھزادىگە سالام بەردى. سەئىدخان ساتارنى نەقىشلىك تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇنى تۆردە ئولتۇرغۇزدى.

ــ مېھمانلار تېخى كەلمەپتۇغۇ، خان ئاكا، ــ سورىدى مىرزا ھەيدەر كاتتا سېلىنغان داستىخانغا قاراپ.

ــ مېھمان كېلىپ بولدى، ئىنىم، ــ سەئىدخان تەبەسسۇم بىلەن ئېيتتى.

ــ نېمە؟ قېنى ئۇ كېلىپ بولغان مېھمانلار؟

ــ مانا، ئولتۇرۇپتىلا، بۈگۈن سىلىدىن بۆلەك ئەزىز مېھمىنىم يوق، ئىنىم.

ــ ئۇنداق دېمىسىلە، خان ئاكا، سىلىگە جان پىدا قىلىدىغان نى ـ نى ئەزىمەتلەر بار.

— شۇنداق، — دېدى سەئىدخان كۈمۈش جامغا شاراب قۇيۇپ، — ھېچكىم سىلىدەك ماڭا ھەم تۇغقان، ھەم دوست، ھەم كۆيۈمچان مەسلىھەتچى بولغان ئەمەس، مىرزا ھەيدەر ئىنىم، — ئۇ شارابنى سۇندى.

مىرزا ھەيدەر ئەزەلدىن كۆپ ئىچمەيتتى، سورۇنلاردا سەئىدخاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپلا ئانچە - مۇنچە ئىچىپ قوياتتى.

— پاھ، خان ئاكا! بۈگۈن ئەھۋاللىرى باشقىچىغۇ، — دېدى ئۇ شارابنى قولىغا ئېلىپ، — بىر خۇپىيانە گەپلىرى بار ئوخشىمامدۇ؟ قايسى خانزادىنىڭ لەۋەن قىزىغا كۆزلىرى چۈشتى؟ بۈگۈن مۇشۇ نازۇك ئىش توغرۇلۇق چاقىرىپىلا - دە، ئەلچى بولىمەنمۇ؟ — چاقچاق قىلىپ شارابنى ئىچىۋەتتى.

— بەزى ھالىدا دوست دېگەن قېرىنداش، ئۇستاز، سەپداش بولغان قەدىردانلاردىنمۇ غەمخور بولىدىكەن. سىلىنى دوستۇم دەپ ئاتاشنى قەلبەن لايىق كۆرىمەن، — دېدى سەئىدخان جامغا يەنە شاراب قۇيۇپ، — تاپتىملا، دوستۇم. سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار. بۇ نۆۋەت ئەلچى سىلى ئەمەس، مەن بولىمەن. قېنى شاراب ئىچكەيلا، — ئۇ جامنى سۇندى، — قارىسىلا قىرغاۋۇلنىڭ كاۋىپى بەك بەلەن پىشىپتۇ، تارتىنماي ئالسىلا، تازا بىر پەيز قىلايلى.

مىرزا ھەيدەر ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ھېس قىلدى، جامنى ئېلىپ بىر كۆتۈرۈشتە شارابنى ئىچىۋەتتى.

— ئۇلار گۆشىمۇ تەملىك پىشىپتۇ، يەپ كۆرسىلە، شۇنداق مەززىلىك.

— گەپلىرىنى ئوچۇق قىلمىغۇچە تائامغا ئېغىز تەگمەيمەن، خان ئاكا.

— بۇرۇن بىرەرسىگە كۆيۈپ باققانمىدىلە؟

— ئەستاغپۇرۇللا! تازا قىزىق سوئال بولدىغۇ بۇ، خان ئاكا.

— راستىنى ئېيتسىلا، بىرسىگە كۆيۈپ باققانمۇ سىلى؟

— غەلىتە سوئاللارنى سورىغىلى تۇردىلىغۇ، خان ئاكا.

— مېنى دوستۇم دېسىلە.
— دوستۇم، مېنى سوراق قىلىۋاتمايدىغانلا ـ ھە؟ — دېدى مىرزا ھەيدەر.
— بۇمۇ بار، — دېدى سەئىدخان شاراب سۇنۇپ، — جاۋاب بېرىشلىرىنى ئۈتۈنىمەن. بىرسىگە زادى كۆيگەنمۇ سىلى؟ ماڭا راست گەپ قىلسىلا.
مىرزا ھەيدەر ئەجەبلەنگەن ھالدا شارابنى ئېلىپلا ئىچىۋەتتى.
— بۇرۇن بىرسىگە كۆيۈپ باقمىغانىدىم.
— ئەمدىچۇ؟
— كۆيسەممۇ نېمە ئىلاج؟
— بولدى بەس، دوستۇم. مۇنۇ تائامدىن يەپ، قايتقاندىن كېيىن توي تەييارلىقى بىلەن بولسىلا، سىرتتا زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، رۇخسەت قىلسىلا، مەن چىقاي.
سەئىدخان داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپ قالغان مىرزا ھەيدەرگە باشقا گەپ قىلماي ئىتتىك چىقىپ كەتتى. مىرزا ھەيدەر تائامغا ئېغىز تەگمەستىن جامغا تولدۇرۇپ شاراب قۇيدى.

* * *

دائىم جەڭ دۇمبىقى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئاخسى دىيارىدىكى سايران بوستانلىقىدا بۈگۈن داپ ئاۋازى ياڭراۋاتاتتى. ياپيېشىل مەجنۇنتاللار، رەڭگارەڭ گۈل ـ گىياھلار دەريادىن ئەسكەن سەلكىن شامالدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك ئىدى.
گۈلسۇرۇخ بانۇ گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى پۇراپ تۇرغان چوڭ باغ ئىچىدىكى ئازادە ھۇجرىدا مۇھەببە سۇلتان خېنىمنىڭ چېچىنى تاراۋاتاتتى.
— بانۇ ئاچا، مەن ياتلىق بولىدىغان ئادەم مىرزا ھەيدەر ئاكىمۇ ياكى باشقا ئادەممۇ؟
گۈلسۇرۇخ بانۇ پېتىلە ـ پېتىلە قاپقارا چاچنى قويۇۋېتىپ

كۆلۈپ تېلىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ تويى بولغاندىن بېرى مۇنداق ئېچىلىپ كۈلۈشى بىرىنچى قېتىم ئىدى. دائىم مۇڭلىنىپ يۈرىدىغان بۇ ئايال ئۆتكەن يىلدىن بېرى ئېچىلىپ كۈلىدىغان، ئېرى بىلەن مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قاناتبەگ خوتۇنىنىڭ خۇشخۇيلىشىپ قالغىنىدىن نېمىشقا سۆيۈنمىسۇن؟ ئۇ ئەمدى لەشكەرلەرنىڭ قېشىدىلا كۈننى ئۆتكۈزمەي، گۈلسۇرۇخ بانۇنىڭ يېنىدا كۆپرەك بولىدىغان بولدى ...

— مەلىكەم، نېمە دەۋاتىلا ـ ھە؟ تېخىچە كىمگە تېگىدىغانلىقلىرىنى بىلەلمەي يۈرەمدىلا. مېنىڭكىدەك سۆيگەن كىشىڭىز ئالمىشىپ قالمىسۇن يەنە ...

— نېمە ! نېمە دەۋاتىسىز، يانۇ ئاچا. سىز سۆيگەن كىشىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ قويغانمىدىڭىز؟ تازا قىزىق بولغانىكەن ـ دە، — قاقاھلاپ كۈلدى مۇھەببە سۇلتان خېنىم.

— ياق، ئۇنداق بولمىغان، گەپلىرىگە يارىشا ئويىنىشىپ دەپ قويدۇم. سىلى راستلا كىمگە ياتلىق بولىدىغانلىقلىرىنى بىلمەملا؟

— بىلمەن، ئىشەنمەيۋاتىمەن.

— ھۇ شەيتان قىز ! نېمىشقا ئەمىسە؟

مۇھەببە سۇلتان خېنىم يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن يېپىپ جاۋاب بەردى:

— مىرزا ھەيدەر ئاكام بۇ چاغقىچە ماڭا بۇ توغرۇلۇق زادىلا گەپ قىلىپ باقمىغان.

— ۋاي نادان قىز، ئۇ سىلىنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولسا كېرەك. سىلىچۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا ئېيتقان، — دېدى مۇھەببە سۇلتان خېنىم بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن قاراپ.

— نېمىنى ئېيتقان؟ — قىزىقىپ سورىدى گۈلسۇرۇخ بانۇ ئېسىگە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ۋاقىتتىكى ئىشلار چۈشۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېيىكى ئادرېسى

— ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بولمايچۇ.

— ئىزا تارتماي قانداق ئېيتتىلا؟

— ئاغزىم بىلەن ئەمەس، كۆزۈم بىلەن.

— كۆزۈم بىلەن؟ كۆز بىلەنمۇ سۆزلىگىلى بولامدۇ؟

— ھەئە! ئىزا تارتقانلىقىمدىن كۆڭلۈمدىكىنى دېيەلمەي مىرزا ھەيدەر ئاكىغا تەلمۈرۈپ قارايتتىم.

گۈلسۇرۇخ بانۇ تولا كۈلۈپ ئۈنىڭ تال - تال چاچلىرىنى تارتىپ سالدى.

— ۋايجان! يۈلۈۋەتتىڭىز.

— بۇنى يۇلۇنغان دېگىلى بولمايدۇ، ئەخمەق قىز، تېخى كېچىچە تازا يۇلۇنۇپ ياش تۆكىلا، مەلىكەم.

— قېلىن خوتۇن ...

مۇشۇ تاپتا مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئالدىرىغىنىچە بىر بوغچا كىيىمنى كۆتۈرۈپ كىرمىگەن بولسا بۇ ئىككىيلەننىڭ گېپى خېلى ۋاقىتلارغىچە تۈگىمىگەن بولاتتى.

— تېخىچە ئۆرۈپ بولماپتىلا، يەڭگە، ۋاقىت قىس، مەلىكەمنىڭ چېچىنى ئۆرۈپ بولۇپلا كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قويغايلا. ئىكاھنى ھېلى ئوقۇغۇدەك، — دېدى ئۇ.

— يىگىت كەلدىمۇ، بېگىم خېنىم؟ — سورىدى گۈلسۇرۇخ بانۇ.

— چۈشكە قالماي كەلگۈدەك، يەڭگە.

— ئۇنداق بولسا مەلىكە خان قىزغا دەپ قويسىلا. جىلە قىلماي جىم ئولتۇرۇپ بەرسۇن، بولمىسا چىقىپ كېتىمەن.

— سۇلتان خېنىم، جىم ئولتۇرۇپ بەرگەيلا.

— جىم ئولتۇرۇپ بەرمەي سەكرەپ ئوينىمىدىم.

— سۇلتان نىگار خېنىم ھاممىلىرى دەشتى قىپچاقتىن كەلدى. ھېلى سىلىنى كۆرگىلى كىرىدۇ، تېزرەك جابدۇنغايلا، خان قىز.

— ماقۇل، خان ئاپا.

— مەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقاي.

گۈلسۇرۇخ بانۇ قىزنىڭ چاچلىرىنى ئون بىر ئۆرۈمە ئۆرۈپ، كېيىندۇرگىلى تۇردى.

*　　　　*　　　　*

سەئىدخان ھاممىسى سۇلتان نىگار خېنىمغا ئاتاپ ئېقىن بويىدىكى خىيابانغا ئاقئۆي تىكتۇرگەنىدى. سۇلتان نىگار خېنىم قىزى چۇچۇك سۇلتان بېگىم بىلەن كەلگەنىدى. زىققە كېسىلى بولۇپ قالغان نەجىبە سۇلتان بېگىممۇ ئاتىسىدىن كىچىك قالغان قىزنىڭ تويىدا بولۇش ئۈچۈن ئەندىجاندىن كەلگەنىدى، ھاسىراپ گەپ قىلاتتى، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ سۇلتان نىگار خېنىمنىڭ شۇنداق ياش، چىرايلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ مەرھۇم ئېرىنى ئەسلەپ قالدى:

— ئاكىلىرى سۇلتان ئەھمەدخان ئۆزلىرىگە بەكمۇ ئامراق ئىدى. نىگار، نىگار، دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. يىللار ئۆتكەنسېرى بىر ـ بىرىمىز بىلەن كۆرۈشەلمەي، سېغىنىش ئوتلىرىدا پۇچىلىنىپ ئۆتۈۋاتىمىز، مەلىكە خېنىم. ئۆزلىرىنىڭ بۇ تويغا قەدەم رەنجى قىلىپ كېلىشلىرى بەك ياخشى بولدى. مۇبارەك دىدارلىرى بۇ تويغا نۇر چىراغ بولغاي.

سۇلتان نىگار خېنىم ئاكىسىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلدى.

— شۇ ئاكامنى بىر كۆرەلمەي داغى ھەسرەتتە قالدىم.

— خان ھامما، بۈگۈن توي، يىغلىمىسىلا، ئانام ئاران تۇرىدۇ. سىلى يىغلىسىلا ئانام چىدىيالمايدۇ. سىلىنى مىرزا ھەيدەر ئاغامغا ئانا بولۇپ بەرسۇن دەپ چاقىرىپ ئەكەلدۇق. توي نەغمىسىنى ئۆزلىرى باشلاپ بەرگەن بولسىلا، — دېدى سەئىدخان بوتىنىڭكىدەك يوغان قارا كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇرسىمۇ، چىرايى ئاپئاپتەك نۇرلىنىپ تۇرغان ھاممىسىغا تەسەللى بېرىپ.

سۇلتان نىگار خېنىم نەپىس ياسالغان قوۋۇزنى ئاغزىغا ئېلىپ چالدى. ئاقئۆي ئىچى قوۋۇزنىڭ مۇڭلۇق ساداسىغا تولدى.

— قىزىم چۈچۈك نەگە كەتكەندۇ، ئۇسسۇل ئويناپ بېرەتتى، — دېدى ئۇ بىر پەدە چېلىپ بولۇپ.

— ئوغلۇم ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئويناۋاتسا كېرەك. چاقىرايلى، — سەئىدخان ئۆزى چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كىردى. ئابدۇرەشىدخاننىڭ قولىدا كىچىك ساداق، بېلىدە كىچىك خەنجەر بار ئىدى. ئۇچىسىغا بەقەسەم تون، بېشىغا قول ھۆنىرىگە ئۈلگە بولغۇدەك نەپىس تىكىلگەن بادام دوپپا كىيگەنىدى. چۈچۈك سۇلتان بېگىم ياقۇت كۆز قويۇلغان زەر جىيەكلىك تەقىيە، ئالتۇن تۈگمىلىك تەتىللا جىلىتكە، غاز تۇمشۇقىدەك مەخمەل چورۇق كىيگەنىدى. ئۇلار ئېگىلىپ سالام بېرىشتى.

— بارىكاللا سىلەرگە، بالىلىرىم، كۆز تەگمىسۇن، — دېدى نەجىبە سۇلتان بېگىمنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ھازىر ئۇنىڭ دىمى سىقىلماي نەپسى ياخشىلىنىپ قالغانىدى.

— بۇلار ئۈستىدىن ئىسرىق سېلىۋېتىڭلار، — دېدى سۇلتان نىگار خېنىم، — نېمىدېگەن كېلىشكەن بىر جۈپ - ھە!

ئۆيئىچىدىكى ئەر - ئاياللار كۈلۈپ كېتىشتى.

ئىككى ئايال خىزمەتكار تەلەڭگىگە ئېلىنغان ئارچا ياغىچى ئۈستىگە ئازراق قوي يېغى سېلىپ، چوغ قويۇپ يەلپۈپ تۇتاشتۇرۇپ، ئەمدىلا تۆت ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوغۇل - قىز گۆدەكلەرنىڭ بېشىدىن ئۈچ مەرتەم ئايلاندۇردى. خۇشبۇي ھىد ئۆينى تولۇق قاپلىغاندىن كېيىن ئىسرىقنى تاشقىرىغا ئاچىقىپ كەتتى.

— چۈچۈك سۇلتان قىزىم ئابدۇرەشىدخان ئوغلۇمغا سوۋغات ئەكەلدىمىكىن كۆرۈپ باقساق، — دېدى نەجىبە سۇلتان بېگىم سۇلتان نىگار خېنىمغا كۆز يۇمۇشلاپ قويۇپ.

— ئەكەلدىم، ھە ! ئانا، — نارەسىدە قىز ئانىسىغا قارىدى.

— ئەكەلدى، ۋاي ئەكەلمەمدىغان، — دەپ قويدى سۇلتان

نىگار خېنىم، ــ قىزىم ئەكەلگەنلىرىڭنى ئېيتىپ بېرە، سەئىدخان داداڭ ئاڭلاپ باقسۇن.

ــ ئاق قاشقا تاي، ھە، ئوقيا، قولىدىكى شۇ، ــ كۆرسەتتى ئابدۇرەشىدخانغا ئىشارەت قىلىپ، ــ ئانامىۇ تۆگە، ئات، قوي ئەكەلدى، بەك كۆپ.

ئۇ كۆزلىرىنى ئويнитىپ سەئىدخانىنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇردى.

ــ ئوغلۇم، چۇچۇك خان قىزغا ھەشقالال ئېيتىپ سەن نېمە بەردىڭ، دەپ باقە.

ئابدۇرەشىدخان كۇلۇمسىرەپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ مەن بوينىدىكى زۇننارنى بەردىم، ئېسىۋالدى، ئەنە، ــ قولى بىلەن كۆرسەتتى. ھەممەيلەن پاراقلاپ كۇلۇپ كېتىشتى.

ــ ئەمدى مەن قوۋۇز چېلىپ بېرەي، سەن ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىن، قىزىم.

سۇلتان نىگار خېنىم قوۋۇزنى چېشلەپ چالدى، چۇچۇك قىز تارتىنمايلا ئوتتۇرىغا چۇشۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى.

ــ ئەندىجاندىن يىگىت كەلدى! يىگىت كەلدى! ــ دېگەن ئاۋاز تاشقىرىدىن ئاڭلاندى. قاناتبەگ كىرىپ خەۋەر قىلدى.

سەئىدخان ئاقئۆيدىن چىقىپ ئاتلىق كېلىۋاتقان كۇيئوغلىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. يېشىل سەللە ئورىغان مىرزا ھەيدەر خېلى يىراقتىن پىيادە بولۇپ سەئىدخانغا توققۇز قېتىم تىزلىنىپ تەزىم بەجا كەلتۇردى. ئەندىجان، ئاخسىنىڭ مەرتىۋىلىك كىشىلىرى، سەييىدمۇھەممەد مىرزا، قاناتبەگ قاتارلىق بەگ، سەردارلار بوستانلىقتا مەرىكە تۇزۇپ ئولتۇرۇشتى. ئاخسىنىڭ قازىكالانى نىكاھ ئوقۇدى، قىزغا سەئىدخان، يىگىتكە سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئاتا بولدى. ھورى كۆتۇرۇلۇپ تورغان پولۇ ۋە قورداق تارتىلغاندىن كېيىن، ئاخسىنىڭ شېرىن قوغۇنلىرى پىچىلىپ لىگەن - لىگەندە كەلتۇرۇلدى. دۇئادىن كېيىن نەغمە - ناۋا باشلاندى. داپنىڭ

ساداسى گۈزەل سايران باغرىنى قاپلىدى.

ئايالالار «يار ـ يار» ئېيتىپ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان مۇھەببەت سۇلتان خېنىمنى ئالاھىدە جابدۇلغان مەپىگە چىقىرىشتى. قامچىدىن تاراسلاپ قاس چىقىش بىلەن تەڭ تىزگىن سىيرىتىپ ئۇقچىغان ئاتلارنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقلىرى جىرىڭلاپ كەتتى.

مىرزا ھەيدەر ئۆزىنى ئارىغا ئالغان بىر توپ يىگىتلەر بىلەن مەپىنىڭ كەينىدىن چۇراپ تۇرغان ئارغىماقلارنى چاپتۇرۇپ ماڭدى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# غالجىرلىشىش

## 1

زەرەپشان بويلىرىدىكى سۈۋادان تېرەكلەر ئەتىياز ھاۋاسىنىڭ ئىللىق تەپتىدە پوتلا تاشلاپ بىخ سۈرۈپ ياپراق چىقارغان بولسىمۇ، جۇدۇن ـ چاپقۇن تۈپەيلى تازا ياشناپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ھاۋا بىر كۈن ئوچۇق بولسا، بىر كۈن تۇتۇلاتتى. توختىماي چىقىپ تۇرغان شامال بەزىدە بورانغا ئايلىنىپ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەكلىرىنى بىۋاقىت تۆكەتتى. بەزىدە قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ موردىن چىققان تۈتۈندەك ھاۋاغا ئۆرلەپ ئەتراپنى كۆرگۈسىز قىلىپ، ئادەمنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە تاش ـ تۇپراقنى چاچاتتى. شۇنداق بىر سەت قۇيۇن چۆرگۈلەپ ھويلىغا كىرىپ، پېشايۋان ئالدىدىكى بېدىش ئاستىدا ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ئۇممەگۈلسۈمخاننى توپا ـ چاڭغا كۆمۈۋەتتى، بېشىدىكى ئاق ھىلھىلە روملىنى ئۇچۇرۇپ، تام ئۈستىگە قاتار قاداپ قويغان ئۇچلۇق تۆمۈر زىخچىلارغا ئىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە ئاچچىق توپا كىردى، مايسىدەك ئۇزۇن كىرپىكلىرىمۇ دالدا بولالمىدى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە بىرنەرسە ئۇرۇلغاندەك بولۇپ ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن مەيدىسىنى باسقىنىچە قارا چاچلىرى يېيىپ تۇرغان پېشانىسىنى ئېچىلىپ قالغان تىزىغا قويۇۋالدى. چىنىدەك پاكىز قورۇ ئىچى بىردەمدىلا قارا قۇيۇن ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئەخلەت ـ چاۋارغا تولدى. شۇ چاغدا قورۇ ئىشىكى جالاقىدە ئېچىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىپ قىلىچ ئاسقان ئەلىبەگ كىرىپ كەلدى. ئۇ دۇمچىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان ئۇممەگۈلسۇمخانىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— ئانا، نېمە بولدىلا؟ — ئۇ تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇممەگۈلسۇمخاننىڭ بېشىنى كۆتۈردى، ئانىسى كۆزلىرىنى ئاچتى.

— ئەلىبەگ ئوغلۇم، بۇ سەنمۇ؟

— مەن، ئانا، مەن، بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟

ئۇممەگۈلسۇمخان سەل ئۆزىگە كېلىپ، ئەلىبەگنى قۇچاقلىدى.

— ئوغلۇم، بايا مۈگدەپ قالغانىكەنمەن، غەلىتە بىر چۈش كۆردۈم: قولۇمدا بىر نان تۇرغۇدەك، ناننى مىرزا ئابابەكرى ماڭا بەر دەۋاتقۇدەك، مەن ئۇنىمىغۇدەكمەن، چاچلىرىمدىن قامالاپ تۇتۇپ، ناننى تارتىۋالغۇدەك، بىر چاغدا ئۇ نان مىرزا ئابابەكرىنىڭ بېشىغا ئايلىنىپ قالغۇدەك. «ئەجەبا ئۆز بېشىنى ئۆزى كۆتۈرۈۋاپتۇ، بۇ قانداق ئىشتۇ؟» دېگۈدەكمەن. شالدىر ـ شۇلدۇر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆزۈمنى ئاچسام قويۇندا قالدىم، شۇنىڭ بىلەن ئېسىمنى يوقىتىپتىمەن. ئەگەر كەلمىگەن بولساڭ، بۇ يەردە يەنە قانچە ۋاقىت ئولتۇراتتىمكىنتاڭ.

— مىرزا ئابابەكرى كاشغەرگە قوشۇن ماڭدۇرماقچى. مەتمۇ ئىنىلىرىم بىلەن بىللە شۇ قوشۇن بىلەن كاشغەرگە بارىدىغان بولۇپ خوشلاشقىلى كېلىۋىدىم، — دېدى ئەلىبەگ.

— نېمە ئۈچۈن، بالام؟ — ئاسقىپ سورىدى ئانا.

— سەئىدخان لەشكەر تارتىپ كاشغەرگە كەپتۇ. مىرزا ئابابەكرى كاشغەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يىغمىدىن تەيىنلىگەن باش ۋەزىرىنى ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن ئەتە يولغا سالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

— سەئىدخان كاشغەرگە كەلگەن بولسا مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۈنى تۈگەپتۇ، ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن. بالام؟

— ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئىنىلىرىم ۋە ئۆزۈمگە قاراشلىق لەشكەرلىرىمنى باشلاپ بېرىپ سەئىدخان لەشكەرلىرىگە قوشۇلماقچىمەن، ئانا، دۇئا بەرسىلە.

— خۇدا ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزۈپ ئاتاڭنىڭ روھىنى شاد قىلسۇن، ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلىپ دۈشمىنىڭنى مات قىلسۇن، ئامىن!

— ئامىن! — دېدى يۈكۈنۈپ ئەلىبەگ.

— يالام، پەخەس بولغىن، مىرزا ئابابەكرى بەك تۈيغۇن.

— ئانا، بۇ ۋاقىتقا قەدەر خۇدا ئۆزى ساقلىدى. مەن ئۇنىڭ سەردارلىرىدىن بىرسى بولۇپ قالدىم. ئىنىلىرىمۇ ئىشەنچلىك نۆكەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئۇ بىزدىن زادى گۇمانلانمايدۇ. ئامانلىقىمىزنى ئاللادىن تىلىسىلە، ئانا. مەن قىساس ئېلىشقا ئالدىراۋاتىمەن.

— ئىنىلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالسام بولاتتى، — دېدى ئۇممەگۈلسۇمخان قايغۇرۇپ. ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىدىكى ئاق كۆپىيىپ، كەڭ پېشانىسىغا ئىنچىكە سىزىقلار پەيدا بولغانىدى. خىلىلا ئورۇقلاپ، غەمكىن چىراي بولۇپ قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ زىبالىقىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە بىر قارارغا كەلگەن بولسا كېرەك، ئوغلىنىڭ پېشانىسىغا سۆيدى، — كاشغەرگە بارغىنىڭلاردىن كېيىن سىلەر چاپقان قىلىچ مىرزا ئابابەكرى تەلۋىلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزسۇن. مانا ھازىردىن باشلاپ ئاتاڭلارنىڭ، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن سانسىز كىشىلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىش كويىدا بولۇڭلار. شۇنداق قىلالىساڭلار ئەلنى رازى قىلالايسىلەر، مەنمۇ رازى بولىمەن، سىلەرمۇ نۇسرەت تاپىسىلەر، باللىرىم، لېكىن ئۇ نۇسرەتنى كۆرگەن چاغدا مەن يوق بولۇپ قالسام، قەبرەمگە چىقىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. ئاھ، سىلەرنى يەنە كۆرەلىسەم ئىدىم كاشكى ...

ئۇممەگۈلسۇم ئەلىبەگنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

— ئانا، بۇرچىمىزنى ئادا قىلىمىز، خاتىرجەم بولسىلا،

مەيۈسلەنمىسىلە. خۇدا خالىسا كەچتە ئىنىلىرىمنى باشلاپ كېلىمەن. ئەمدى مەن كېتەي، ئۇ قانخور كېلىپ قالمىسۇن.

ئەلىبەگ ئۇممەگۇلسۇمخانغا تەزىم قىلدى ـ دە، ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئانا ئوغلىغا ئىنتىلىپ قوللىرىنى ئۇزارتقان پېتى تۇرۇپ قالدى.

— خېنىم، ئۆيگە كىرىپ ئارام ئالسىلا، چارچاپ قالدىلا، — هويلا ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدىن چىققان هارۋىكەش ساھىب تەزىم قىلىپ ئۆتۈندى. ئۇممەگۇلسۇم خېلىغىچە مىدىرلىماي تۇردى. ساھىب كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈندى.

— بۈگۈن نېمە بولغاندىمەن، ساھىب ئاكا؟ ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قېلىۋاتىمەنغۇ، بالىلىرىمنى بىر كۆرۈۋالسام بولاتتى.

— كۆرىلا، خېنىم، كۆرىلا. ئىككى دېدەككە ئۆيلەرنى پاكىز تازىلىتىپ قويدۇم. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى تەسەللى ئېيتىپ هارۋىكەش ساھىب.

— رەھمەت، ساھىب ئاكا، هامامغا ئوت قالىتىپ قويسىلا. مەن ئۆيگە كىرىپ كېتەي.

ئۇممەگۇلسۇم ئۆيگە كىرىپلا قات ـ قات سېلىنغان كىمخاب تۆشەك ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.

— هاممامنى تازىلاپ قويۇڭلار، — دېدى ئۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئىككى دېدەككە.

— ماقۇل، خېنىم، — ئۇلار دەھلىزدىكى يان ئىشىك بىلەن هاماماغا كىرىپ كەتتى.

ئۇممەگۇلسۇمخانغا هازىر هېچنېمە تېتىمايتتى. دېرىزىگە هەدەپ شامال ئۇرۇلۇپ، پەردىلەرنى يېنىك لەپىلدىتەتتى. ئۇممەگۇلسۇمخانغا چۈشىدە كۆرگەن باش يەنە كۆرۈنۈپ، ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ تىترىكى چۇلغىۋالدى. «سۈرە فاتىھە» ۋە «ئايەتۇل كۇرسى»نى بىر قانچە قېتىمدىن ئوقۇپ، ئۆزىگە ھورۇپ سەل تىنچلانغاندەك بولدى. «ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ،

ئۆلتۈرۈۋەتمەي قويمايدۇ. بۇنى كۈتۈپ تۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ مەن
شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زالىمغا تەگكەنمىدىم؟ ياق، بالىلىرىمنى چوڭ
قىلىۋالاي، پۇرسەت تېپىپ ئۆچ ئالاي دەپ تەگكەن، كۈتۈپ
تۇرسام ئۇ پۇرسەت كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. خۇدا، گۇناھلىرىمنى
ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغىن، ئاجىزە قۇلۇڭغا مەدەتكار بول. ئۇنى
ئاخىرەتكە ئۇزىتاي ...» شۇلارنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇرغان
ئۇممەگۈلسۈمخان ئۆينىڭ مېھراب تەرىپىگە قويۇلغان نەقىشلىك
چوڭ تۆمۈر ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇقتا كىيىم ـ كېچەكلىرى،
ئالتۇن، كۈمۈشتىن قىلىنغان زىننەت بۇيۇملىرى، مىرزا
ئابابەكرى بەرگەن بەش جۈپ ئالماس ئۈزۈك، بەش جۈپ تىللا
ئۈزۈك، بەش جۈپ ئالماس كۆزلۈك ھالقا، ئالتۇن بىلەزۈك،
سۆكە، زىرە قاتارلىق قىممەتلىك زىبۇ ـ زىننەتلىرى بار ئىدى.
ئۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى. ئاخىرىدا كىيىم ـ
كېچەكلىرىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويغان قوش بىسلىق خەنجەرنى
ئېلىپ قات ـ قات سېلىنغان كىمخاب كۆرپىنىڭ ئاستىغا
باستۇرۇپ قويۇپ، دېدەكلەرنى بوشقىنا چاقىردى. تۇرقىدىن
ئوتتۇز ياش بىلەن قىرىق ياش ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىككى دېدەك
كىرىپ تەزىم قىلدى.

— خېنىم، ھامامنى پاكىزلاپ قويدۇق، سۇمۇ ئىسسىدى.

ئۇممەگۈلسۈمخان باشقا سۆز قىلماي ئىككىسىگە ئىككى
بوغچا كىيىم، بىر جۈپتىن ئالتۇن زىرە، بىر جۈپتىن تىللا
ئۈزۈك، بىر جۈپتىن كۈمۈش بىلەزۈك، ئون تىزىقتىن مەرۋايىت
بەردى.

— ئېلىڭلار، قېرىنداشلىرىم، بۇ مېنىڭ سىلەرنىڭ
ھەققىڭلار ئۈچۈن بەرگىنىم. ماڭا سىڭىللىرىمدەك ئوبدان
قارىدىڭلار، رەھمەت.

ئۇلار قورۇنۇپ تەستە ئېلىشتى.

— ئەمدى چىقىپ ئارام ئېلىڭلار.

— رەھمەت، خېنىم، خۇدا مۇرادلىرىغا يەتكۈزسۇن، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېيىشتى ئۇلار كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— ھارۋىكەش ساھىبنى چاقىرىپ قويۇڭلار.

— ماقۇل، خېنىم.

ئۇلار چىقىپ كېتىپلا ھارۋىكەش ساھىب كىردى.

— خېنىم، چاقىرغانىكەنلا.

— ئولتۇرسىلا، ساھىب ئاكا، گېپىم بار.

ئۇممەگۈلسۈمخان بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك، بىر جۈپ ئالماس ھالقا، بىر جۈپ تىللا ئۈزۈك، يىگىرمە تىزىق مەرۋايىت بىلەن بىر بوغچا كىيىم بەردى.

— بۇ نەرسىلەر بۇۋى ئايىسخان ئىككىلىرىنىڭ ھەققى - ئەجىرلىرىگە ئاتىغىنىم، ساھىب ئاكا.

— خېنىم، بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى نېمە ئۈچۈن بىزگە بېرىۋەتمەكچى بولدىلا؟

— خۇدا كۆڭلۈمگە سالدى.

ھارۋىكەش ساھىب بۇ پەزىلەتلىك ئايالنىڭ شۇنچە ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىدىن نېمە ئۈچۈن ۋاز كەچكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمەي، بىرپەس ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئوپۇل - توپۇل ئېلىپلا قوينىغا سېلىۋالدى.

— رەھمەت، خېنىم، يۈز ياشقا كىرگەيلا.

ئۇممەگۈلسۈمخان مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— بۈگۈن مىرزا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلار، ساھىب ئاكا، تام ئۈستىدىكى زىخچىغا ئىلىنىشىپ قالغان رومىلىمنى ئېلىپ بۇۋى ئايىسخانغا بەرسىلە.

— ماقۇل، خېنىم، ئۆزلىرىنى ئاللا پاناھىدا ساقلىسۇن.

ھارۋىكەش ساھىب ئۈزۈن دۇئا قىلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇممەگۈلسۈمخان ئۆينى يەنە بىر قېتىم يىغىشتۇردى. ساندۇقتىن مۇشۇ ئۆيگە دەسلەپ كىيىپ كەلگەن قارا تاۋار كۆڭلەك، جىلىتكىسىنى ئالدى. كۆرپە ئاستىغا يوشۇرۇقلۇق خەنجەرگە بىر قارىۋېتىپ ھاممامغا چىقىپ يۇيۇنغىلى تۇردى.

ئۇنىڭ شېشىدەك سۈزۈك بەدىنى ھېلىمۇ يۇمران ئىدى. ئۇ تۆمۈربەگكە ياتلىق بولغان كېچىنى ئەسلەپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇ سۇ بىلەن ئەمەس، كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇندى، قاپقارا چاچلىرى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنى يېپىپ، قول - ئاياغلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇدى. مۇشۇ تۇرقىدا «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى كۆلدە يۇيۇنۇۋاتقان پەرىلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ جەلپكار بولۇپ كەتكەنىدى. يۇيۇنۇپ بولۇپ، چاچلىرىنى يەتتە ئۆرۈمە قىلىپ تارىدى، خۇددى يېڭى تويى بولغان كېلىنچەكتەك سۆلكەتلىك بولۇپ قالدى. قارا ئىشتان، قارا كۆڭلەك، قارا جىلىتكىسىنى كىيىپ، ئاق رومىلىنى ئارتىۋىدى، سىياقى باشقىچە سېھىرلىك تۈس ئالدى.

ئۈممەگۈلسۈمخان ئۆيىگە چىقىپ تاش كۆرگۈ ئالدىدا قاشلىرىنى تېرىپ، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، يۈزىگە پەرداز قىلدى، باشقىچە ئېچىلىپ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلدى. بىر كۈزلۈك قوغۇننى پىچىپ قاتلىما نان بىلەن يەۋالدى.

زاۋال ۋاقتى بولغانىدى، ئۆي سەل قاراڭغۇلاشتى. ئۈممەگۈلسۈمخان باستۇرۇقلۇق خەنجەرگە يەنە قارىدى. بۇ مەرھۇم ئېرى تۆمۈربەگ يېڭىساردا سوقتۇرغان خەنجەر ئىدى. ئېرىدىن قالغان نەرسىلەردىن مۇشۇ خەنجەرلا ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى يەنە ياشقا توشتى. خەنجەر بىسى ياش تامچىلىرى بىلەن يۇيۇلدى. شۇ چاغدا بىردىن ئىشىك ئېچىلدى. چۆچۈپ قارىغان ئۈممەگۈلسۈمخان ئالمان - تالمان خەنجەرنى كۆرپە ئاستىغا يوشۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، تەزىم قىلدى، كىرىپ كەلگەن كىشى مىرزا ئابابەكرى سۇلتان ئىدى !

— خومار خوتۇن نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — بوم ئاۋاز ئۈممەگۈلسۈمخاننى تەمتىرىتىپ قويىدى. ئۇ دەررۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلگەنىدەك تۆشەكنى راسلاپ قويۇۋاتاتتىم، مۇرەببىم، ۋاقتىدا كەلدىلە، بۇ نۆۋەت شۇنچە

www.uyghurkitap.com

سېغىندۇرۇۋەتتىلە.

مىرزا ئابابەكرى دىمىقىنى قىقىپ ئۆيگە سىنچىلاپ سەپسىلىپ چىقتى. قاتمۇقات سېلىنغان تۆشەكتە نەزىرى توختاپ قالدى.

— ئەتە يېڭىسارغا بارماقچى بولۇۋاتىمەن. سەئىدخان نۇرغۇن قوشۇن بىلەن كاشغەرگە باستۇرۇپ كېلىپ دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن يېڭىسار تەرەپكە چېكىنىپتۇ. بۇ شۇم نىيەت شاھزادىنى ئاتىسى ئاقسۇدىن قاچىدىغان چاغدا مەيلىگە قويۇۋېتىپ تىرىك قالدۇرغىنىم ئۈچۈن ئاۋارىچىلىك تارتىدىغاندەك تۇرىمەن، خۇمار خوتۇن، پېيىمگە چۈشكەن ھەرقانداق كىشىگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشمەيدۇ. ئۇسساپ تۇرىمەن، قوغۇن بولسا ئەكىرىڭىز.

— ماقۇل، مۇرەببىم، — دېدى ئۇممەگۈلسۈمخان سەگەكلىك بىلەن ئېرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، — قوغۇن خېلى بار. ئۆزلىرى تاللاپ بەرگەن بولسىلا، ئەكىرگىنىم لاۋزا چىقىپ قالسا كۆڭلۈم يېرىم بولىدىكەن، — ئۇ كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ ئىشىك ئالدىدا توختىدى.

— بۇ چاققىچە سىز پىچىپ بەرگەن قوغۇن تەمسىز چىققان ئەمەس. تەمسىز قوغۇننىمۇ تاتلىق قىلىۋېتەلەيسىزغۇ، خۇمار خوتۇن، — مىرزا ئابابەكرى گەپنى ئاۋۇتماي ئەكىرىڭ دېگەن مەنىدە تۈكلۈك قوللىرىنى شىلتىدى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆتكەن كۈنلەردە كەلگەن چاغلىرىدىكىدەك ئوچۇق ئەمەس ئىدى.

ئۇممەگۈلسۈمخان پىسەڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ سولەكەت بىلەن ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى. مىرزا ئابابەكرى بېرىپ تۆشەكنى قايرىدى. تۆشەكنىڭ ئەڭ ئاستىدا مۆڭگۈز ساپلىق خەنجەر پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ خەنجەرنى ئېلىپ مىسىرنىڭ قارا يوللۇق شايىسىدىن پەش - ياقىلىرىغا زەر قويۇپ تىكىلگەن تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا يوشۇرۇپ، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. «سەن مەككار خوتۇننى ...» دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

تاق ... تاق ... تاق ... قىلغان ئاياغ تىۋىشى بىلەن تەڭ، قاراقاش قوغۇننى كاسا قىلىپ خونچىلاپ، پەتنۇستا ئەكىرگەن ئۇممەگۇلسۇمخان ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى. كاسا قىلىنغان قوغۇنغا كۇچانىڭ سەدەپ دەستىلىك قەلەمتىرىشى سانجىپ قويۇلغانىدى.

— مەن ماۋۇ پىچاق بىلەن يەيمەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى تەمكىن هالدا قويندىكى خەنجەرنى چىقىرىپ.

يۇرىكى قارتتىدە قىلغان ئۇممەگۇلسۇم پۇتۇن كۇچى بىلەن ئۆزىنى بېسىپ، هېچنېمىنى كۆرمىگەن كىشىدەك كۇلۇمسىرەپ ئولتۇردى. ئېرى ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قويۇپ قوغۇننى خەنجەردە سانجىپ يېيىشكە كىرىشتى. قوغۇن ناهايىتى تاتلىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇگمەن تېشىدەك سالماق تۇتتى.

— خۇمار خوتۇن، يېشىنىپ ئورۇنغا كىرىڭ، — دېدى بىر كاسا قوغۇننىڭ يېرىمىنى يەپ تۇگەتكەن مىرزا ئابابەكرى.

— مۇرەببىم، ناماز شام ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ.

— تاقىتىمنى قويمىدىڭىز، دېگىنىمنى قىلىڭ!

ئۇممەگۇلسۇم ئېرىگە قىيا باقتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا نەشتەردەك سانجىلدى.

— ئەمىسە بۇنى ئېلىۋېتەي، — ئۇممەگۇلسۇمخان قوغۇن ۋە خەنجەر تۇرغان پەتنۇسنى ناهايىتى تېز قولىغا ئېلىپ ماڭدى.

— توختاڭ! — ۋارقىرىدى مىرزا ئابابەكرى ئىرغىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇممەگۇلسۇمخان كەينىگە شۇنداق قايرىلىپ پەتنۇسنى، تەخسىنى ئېرىنىڭ بېشىغا ئاتتى.

— هۇ مەرەز! ...

بۇ ۋاقىتتا قەدەر هېچكىم ئۇنىڭغا مۇنداق يۇزتۇرا قارشى چىقمىغانىدى. ئۇ پارىلداپ تۇرغان خەنجەرنى خوتۇنىنىڭ قولىدا كۆردى.

پاققىدە تەگكەن قوغۇن ئۇنىڭ يۇز ـ كۆزىنى بۇلغىۋەتتى. ئۇ

ئارقىسىغا ئىككى قەدەم داجىپ قاڭشىرىغا بىگىز تىقىۋەتكەن ئۆكۈزدەك ھۆركىرىدى. بىرپەستىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، «توختا !» دەپ تۇۋلىغىنىچە ئۇممەگۈلسۇمخاننىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. بىرىنچى قەدىمىدىلا قوغۇن شاپىقىغا دەسسىۋېلىپ كېسىلگەن تىرەكتەك ئۆرۈلۈپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇممەگۈلسۇمخان كەينىگە يېنىپ ئىتتىلىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا خەنجەر ئۇردى...

## 2

مىرزا ئابابەكرى سەئىدخاننىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقىنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ھەپتە ئىچىدە كاشغەر شەھىرىنى مۇستەھكەم قەلئەگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كەسكىن يارلىق چۈشۈرگەنىدى. كاللىسىنىڭ ئېلىنىشىدىن قورققان خالايىق ۋە ياساۋۇل، سىپاھلارنىڭ كۈن ـ تۈن جىددىي تۈتۈش قىلىشى بىلەن يەتتە كۈن ئىچىدە سېپىل ئېگىزلىتىلىپ، دەرۋازىلار قايتىدىن پۇختا ياسىلىپ، ھېچقانداق يوچۇق قالدۇرۇلمىدى. گويا كاشغەر يېڭى بىنا قىلىنغاندەك مەزمۇت قورغان شەكلىگە كەلتۈرۈلگەنىدى.

كاشغەرگە يېتىپ كەلگەن سەئىدخان بىرقانچە كۈن تىركىشىپ كاشغەرنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ئاۋۋال يېڭىسارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياركەندتىن كېلىۋاتقان دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئاندىن بۇ مەشھۇر قەدىمىي شەھەرنى پەتھى قىلىش ئىرادىسىگە كېلىپ، لەشكەرلىرىنى تۈيۈقسىز ئاتلاندۇردى.

ياپچانغا كەلگەن سەئىدخان يۈزدىن ئارتۇق دېھقان ياشلىرىنى ئەسكەرلىككە ئىختىيارەن قوبۇل قىلدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بولغان قىرغىز مۇھەممەدبېكمۇ مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى.

پەرغانە، ئۆرەتۆپە، ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، خارەزىم تەرەپلەردە جانىبېك سۇلتان ۋە سۆيۈنچەكخانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يۈرگەن بابۇر مىرزا ئافغانىستانغا چېكىنىپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان چاغدا، سەئىدخان قوشۇنى بىلەن كاشغەر، ياركەندكە قاراپ يولغا چىققانىدى. يول ـ يولدا ئۇنىڭ لەشكىرىگە قوشۇلغانلارنىڭ سانى نەچچە مىڭدىن ئاشتى.

بىر دېھقانىنىڭ بېغىغا چۈشكەن سەئىدخان ئىككى يۈز ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قاناتبەگنى ياپچاندىن يېڭىسارنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار تۆتىنچى كۈنى كەچ پېشىن بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇلارغا مىرزا ئابابەكرىنىڭ بەش يۈز ئەسكىرى قوشۇلۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان سەئىدخان قاناتبەگنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى.

ــ قاناتبەگ ئاغا، ــ دېدى ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ــ ئۇ ئاددىي دېھقان ئوغلى بولغان بۇ قېيىنئاغىسىنى ئەندىجاندىكى ۋاقتىدىن تارتىپ ھۆرمەت بىلەن ئاغا، دەپ ئاتاپ كېلىۋاتاتتى، ــ ئەھۋالنى ماڭا تەپسىلىي ئېيتىپ بەرسىلە. بەش يۈز ئادەم قانداق قىلىپ سىلىگە قوشۇلۇپ قالدى؟

ــ بىز يولغا چىقىپ ئەتىسى ئاخشامدا يېڭىسارغا يېتىپ باردۇق، ــ دەپ سۆز باشلىدى قاناتبەگ، ــ قارىساق نۇرغۇن لەشكەر قەلئە سىرتىغا چېدىر تىكىپ ئورۇنلىشىپتۇ. مەن ياپچانلىق بىرقانچە يىگىتنىمۇ ئېلىۋالغانىدىم. ئۆزۈممۇ دېھقانچە ياسىنىپ، ئۇلار بىلەن ئۈچ هارۋا قوغۇنىنى ئېلىپ، ئەتىسى سەھەردە بامدات نامىزىدىن كېيىن قەلئە دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇق. قوغۇن ساتىمىز دەپ قەلئە ئىچىگە كىرىپ، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئايلاندۇق. قىممەترەك باھا قويۇپ، بىر هارۋا كەلگۈدەك قوغۇننى ساتتۇق. چايخانىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ گەپ تىڭشىدۇق. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مىرزا ئابابەكرى يېڭىسار قەلئەسىنى نەچچە يىل يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراغ بىلەن تولدۇرۇپتۇ. ئاتاقلىق بەگلىرىدىن ئەمىن دورغىنى

يېڭىسارنىڭ ھاكىملىقىغا، جان ھەسەن قارلۇقنى ئەمىر لەشكەر، ئەجمەكە، قۇلى ئىتارچى، جانىبېك ئاختاقاتارلىقلارنى سەردار قىلىپ بەلگىلەپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە ئوتتۇز مىڭدەك لەشكىرى باردەك قىلىدۇ. ھازىر ھەدەپ مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەۋېتىپتۇ. لەشكەرلەرنى كېچە ـ كۈندۈز نۆۋەت بىلەن ئۇخلاشقا، ھوشيار تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. قەلئە سېپىلىنى ئېگىزلىتىپ دەرۋازىلىرىنى ئۇستىدىن قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەس دەرىجىدە يوچۇق قالدۇرماي بېكىتىپ، ھوشيارلىق بىلەن كۆزەت قىلىۋېتىپتۇ. ئايلىنىپ يۈرۈپ ھۇجۇم قىلىپ كىرگۈدەك بىرەر جايىنى تاپالمىدۇق. قەلئە سىرتىدىكى ئەسكەرلەر كاشغەرگە ياردەمگە كېتىۋاتقانلار بولۇپ، ياركەندتىن كەلگىنىگە بىر كۈن بولغانىكەن. ئېھتىمال بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە يولغا چىقىشى مۇمكىن ئىكەن. مەن «قوغۇن ئېلىڭلار» دەپ ۋارقىراپ، ئۇلارنىڭ ئىچىنىمۇ ئارىلاپ كۆردۈم. چوڭراق بىر چېدىر ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بويلۇق بىر سەردار مېنى چاقىرىپ قالدى. چېدىرغا كىردىم، بىرقانچە نۆكەر ئولتۇرغانىكەن.

— سەن دېھقانمۇ؟ — دەپ سورىدى سەردار.

— دېھقانمەن، — دەپ قورقۇمسىرىغان تەرزدە جاۋاب بەردىم.

— رۇستەمگە قارشى چىققان بەرزۇ قوغۇنچى[1] بولۇپ قالما يەنە، — دېدى كىنايە قىلىپ.

— شۇنداق بولسا نېمە بولاتتى؟ — دېدىم مەنمۇ چېقىشىپ.

— قەيەرلىكسەن؟

— ياپچاندىن.

— شۇنچە يىراق يەردىن قوغۇن ساتقىلى كەلدىڭمۇ؟

— ھەر يىلى قوغۇنۇمنى كاشغەرگە، يېڭىسارغا ئاپىرىپ ساتىمەن.

---

[1] بەرزۇ قوغۇنچى — «شاھنامە»دىكى پېرسوناژ.

سەردار ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، سوراشنى داۋام قىلدى:
— ئېيتقىنا، سەئىدخاننىڭ كاشغەرگە كەلگەنلىكى توغرۇلۇق گەپ ئاڭلىدىڭمۇ؟
— كاشغەرگىلا ئەمەس، ياپچانغىمۇ كېلىپ بولدى، — دېدىم.
— هە، — دېدى سەردار بىر ئىشنى ئويلىغاندەك بولۇپ، — ياپچانغا كەلدى دېگىن. كۆردۈڭمۇ؟
— يىراقتىن كۆردۈم.
— يېڭىسارغا قوغۇن ئېلىپ ماڭغاندا توسمىدىمۇ؟
— كارى بولمىدى.
— قوغۇنۇڭنى بىزگە سېتىپ بەرگىن.
بۇ سەردار ماڭا نېمە ئۈچۈندۇر يېقىن كىشىمىزدەك، ئۇزاق ئايرىلىپ قايتا كۆرۈشكەن دوستۇمدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى هارۋا قوغۇننى بېرىۋەتتىم.
— نۆكەرلىرىڭىز بىلەن يەڭ، تاتلىق قوغۇن، ياپچاندىن ئۆتسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، قوغۇن بىلەن مېهمان قىلىمەن، — دېدىم.
ئۇ رەهمەت ئېيتىپ، چېدىر ئالدىغا چىقىپ ئۇزاتتى. مەن هەمراهلىرىم بىلەن قايتىپ، ئادەملىرىمىز يوشۇرۇنۇپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى تۆۋىگە كەلدۇق. يېرىم سائەت ئۆتمەي بىر توپ لەشكەر يېتىپ كەلدى. مەن ئادەملىرىمگە:
— ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇڭلار، — دەپ قۇرۇق هارۋىنى هەيدەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم، قارىسام بايىقى سەردار مېنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتى.
— ئاكا، — دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش بىلەن، — بىزنى سەئىدخان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويالامسىز؟
— بۇ ئازغىنا ئادەملىرىڭىز بىلەن قانداقمۇ نەچچە ئون مىڭ ئەسكىرى بار سەئىدخانغا تەڭ كېلەلەيسىز، — دېدىم سىناپ.
— مەن ئۇرۇشماقچى ئەمەس، — دېدى ئۇ كەسكىن تۈردە، — ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مىرزا ئابابەكرىدىن قىساس ئالماقچى، شۇنىڭ

ئۇچۇن ئىز قوغلاپ كەينىڭىزدىن كېلىشىم.

— بۇ سۆزىڭىز راست بولسا قەسەم ئىچىڭ، — دېدىم مەنمۇ قەتئىي هالدا.

ئۇ يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ:

— ئەگەر بۇ سۆزۈم يالغان چىقسا مېنى خۇدا ئۇرسۇن! — دېدى.

ئىشەنچىم بىلەن ئۇلارنى باشلاپ كەلدىم.

— ئاللا بىزگە مەدەتكار بوپتۇ، قاناتبەگ ئاغا، — دېدى سەئىدخان خۇشال بولۇپ، — بۇ غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزغا بىر بېشارەت. سىلىدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇم. سەردارنى باشلاپ كىرگەن بولسىلا.

— خوپ، ئەمىر كەبىر①.

قاناتبەگ هايال ئۆتمەي سەردارنى ۋە ئۇنىڭ تۆت ئىنىسىنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — ئۇلار قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭلار.

ئۇلار ئەدەپ بىلەن كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇردى.

— ئېتىڭ نېمە؟ — سورىدى سەئىدخان ئۇلارنىڭ چوڭىدىن.

— ئەلىبەگ.

— قەيەرلىكسەن؟

— ياركەند قەلئەسىدىن.

— ئاتاڭ كىم بولىدۇ؟

— ئاتام ياركەند هاكىمى مەرھۇم نەزەر مىرزىنىڭ ياساۋۇلى تۆمۈربەگ ئىدى، ئۇنى مىرزا ئابابەكرى سېپىل ئاستىغا باستۇرۇۋەتكەن.

— باشقا تۇغقانلىرىڭ بارمۇ؟

① ئەمىر كەبىر — ئۇلۇغ ئەمىر، باش قوماندان مەنىسىدە.

ئەلىبەگ جىم ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىلدىدى.

— ئانام بار ئىدى، بىز ياركەندتىن يولغا چىقىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى مىرزا ئابابەكرى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

— يارەببىم! نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك بۇ! مىرزا ئابابەكرى ئاناڭنى قانداقچە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى سەئىدخان.

— ئانام مەن ۋە تۆت ئىنىمنى سالامەت چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش ۋە ئۇ زالىمدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەنىكەن، — دەپ سۆز باشلىدى ئەلىبەگ، — بىز چوڭ بولۇپ ھەممىمىز مىرزا ئابابەكرىگە نۆكەر بولدۇق. ئاخىر ئانام ئەينى ئەھۋالنى بىزگە ئوچۇق ئېيتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ زالىمدىن قىساس ئېلىش تىلىكىمىز بىزگە جۇرئەت ئاتا قىلدى. مانا بۈگۈنكى كۈنگىچە پۇرسەت كۈتۈپ كەلدۇق. مەن بۇ قېتىم يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن بارسام، ئانام پەرىشان ئولتۇرغانىكەن. «ئىنىلىرىڭنى كەچتە ئەكەلگىن، كۆرۈشىۋالاي» دېدى. يېرىم كېچىگە يېقىن تۆت ئىنىمنى ئەكەلسەم قورۇ ئىچىدىكى دەھشەتلىك پاجىئە بىزنى چۆچۈتۈۋەتتى. دەرۋازىۋەن ھەم ئۇنىڭ خوتونى بىلەن ئىككى دېدەك قانغا مىلىنىپ دالان ئۆيدە ياتاتتى. ئىچكىرى ئۆيگە كىرسەك، ئانام تۆشەك ئۈستىدە چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان ھالدا يېتىپتۇ. بوغۇزىدا قاتلىنىڭ بارماق ئىزى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئانامنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق، ئېغىزى چوشۇپ قاپتۇ. ئاغزىدىن چىققان قان كۆكسىگە ئېقىپ ئۇيۇپ قاپتۇ. يېنىدا قانغا مىلەنگەن خەنجەر تۇراتتى. قاتتىق ئېلىشقان بولسا كېرەك، يۇلۇنغان چاچلىرى ئەتراپقا چېچىلىپ كەتكەنىدى. بىز كۆز ياشلىرىمىزنى يامغۇردەك تۆكۈپ، ئانام ۋە قانغا غەرق بولۇپ ياتقان تۆت كىشىنىڭ جەسىتىنى ھارۋىلارغا سېلىپ كونا ياركەند شەھىرىدىكى خارابە ئۆيىمىزگە ئېلىپ باردۇق ۋە شۇ يەرگە دەپنە

قىلدۇق. ئانام ياركەنتتە دىيارىدا تەڭداشسىز ساھىبجامال ئايال ئىدى، مىرزا ئابابەكرى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمرىگە ئالغان بولسا كېرەك. بىز بەش ئوغۇلنىڭ يۈرىكىمىز مانا شۇنداق زەردابقا تولغان، ئۆچ - ئاداۋەت بىلەن تولغان. ئاتامنى بولغىنىمدىن بېرى مىرزا ئابابەكرىدىن قىساس ئېلىشتىن بىر كۈنمۇ ئۈنتۇغىنىم يوق، ئاخىر ئانامنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، جانابىي ئاللا سىلىنى كەلتۈرۈپ بەردى. ئەمدى سىلىگە پەرمانبەردار بولۇپ ياۋۇز سۇلتاننىڭ زۇلمىدىن خەلقنى تېزرەك قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلغىنىمىز قىلغان. بىز بىلەن كەلگەن بەش يۈز يىگىت مېنىڭ ۋە ئىنىلىرىمنىڭ نۆكەرلىرى، ئۇلار بىزنىڭ سىزغان سىزىقىمىزدىن چىقمايدىغان ئىشەنچلىك پىداكارلار. ھەممىسى مىرزا ئابابەكرىگە ئۆچ، خىزمەتلىرىدە بولۇشىمىزغا ئىجازەت بەرگەيلا.

ئاكا - ئۇكىلار تەڭلا تىزلاندى.

سەئىدخان ياشلىق شىجائىتى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان بۇ يىگىتلەرنىڭ جەسۇرانە قىياپىتىدىن زەپەر تېگىنى كۆرگەندەك بولدى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ئەزىمەتلەر. ئاللا نۇسرەت قازىنىش ئارزۇيۇڭلارغا يەتكۈزگەي.

ئۇلار قوللۇق قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— ئىشەنچلىرىگە داغ چۈشۈرمەيمىز، ئەمىر كەبىر.

— ئوبدان ئارام ئېلىڭلار، يېڭىسارنى ئېلىش جېڭىگە قاتنىشىسىلەر، باھادىرلاردىن بولغايسىلەر.

— ئەمرلىرىنى ئادا قىلىمىز، ئەمىر كەبىر.

ئەلىبەگ ئىنىلىرى بىلەن قاناتبەگنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. سەئىدخان مىرزا ھەيدەر، سەييىدمۇھەممەد مىرزىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىرغىز مۇھەممەدبېكنى بارلىق قىرغىز، قازاق سىپاھلارغا ئەمىر، ئەلىبەگنى مىڭبېشى، تۆت ئىنىسىنى يۈزبېشى قىلىپ تەيىنلەپ پەرمان چۈشۈردى.

# 3

مىرزا ئابابەكرى شۇ كېچە ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېچقايسى خوتۇنلىرىنىڭ يېنىغا كىرمەي خاس ھۇجرىسىدا يېتىپ قالدى. پۈتۈن تېنى قىزىپ، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. كۆزىگە ئاشۇ خۇمار خوتۇن كۆرۈنۈپ، گاھ يالىڭاچ، گاھ كىيىم بىلەن خەنجەرنى تەڭلەپ ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى. قايسى تەرەپكە قارىسا ئاشۇ خۇمار خوتۇن ... ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىۋالدى. خۇمار خوتۇن خىيالىدا يەنە پەيدا بولدى: ئۇ خەنجەر كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى ... بىردىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئۇزۇن قوللىرىنى ئۇزارتتى. مىرزا ئابابەكرى خۇمار خوتۇننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ قايرىدى، خەنجەر يەرگە چۈشتى. خۇمار خوتۇننىڭ كانىيىغا چاڭگال سېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بوغدى...

مىرزا ئابابەكرى چىڭ تۈگۈلۈپ كىرىشىپ كەتكەن قوللىرىنى مەيدىسىگە قويدى. «راست، ئۇ مەككار خوتۇننى شۇنداق ئۆلتۈردۈم. سەل بىخۇدلۇق قىلغان بولسام، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى كاساپەت ...» شۇنى ئويلاپ كۆزلىرىنى ئاچتى.

قىرىق يىلدىن بېرى كۆپ جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەمنى قىرغىن قىلغان بۇ ھۆكۈمدار ھېچ ۋاقىتتا بۇ كېچىدىكىدەك ۋەھىمىدە قالمىغانىدى. دۇرۇس، پەقەت بۈگۈن بىر خوتۇن بىلەن ئېلىشىشتا ھالسىراپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىككى دېدەك كۆرۈندى. ئۇلارنى دالان ئۆيگە چاقىرىپ ئۆلتۈرگەنىدى. قان خۇمارى تۇتقان مىرزا ئابابەكرى ئۆي ئىچىدىكى قىيا - چىيانى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرگەن ھارۋىكەش ساھىبىنىڭ قورسىقىغا قىلىچ تىقىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ يىقىلىشىغا خوتۇنى بۇۋى ئايىسخان كىرىپ: «ھۇ ياۋۇز جاللات! ئۆلتۈرگەن بىگۇناھ ئادەملەر ئاز كېلىپ بۇلارنى ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ مېنىمۇ ئۆلتۈر. غالجىر ئىتتەك

پەيمانەڭ توشۇر سېنىڭمۇ» دەپ مەيدىسىگە ئۇسكەندە، بۇ ئايالنى بوغۇزلىۋەتكەندى.

مىرزا ئابابەكرىنى يەنە ۋەھىمە بېسىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. خىيالىدا خۇمار خوتۇن باشقىدىن پەيدا بولدى: «ئېرىمنى ۋە بىگۇناھ ئادەملەرنى سېپىل ئاستىغا باستۇرۇۋەتكەن قانخورنىڭ بەتبەشىرىسىنى بىر كۆرەي، دەپ ئۆيدىن چىققانىدىم. مانا كۆردۈم، سەنمۇ ئادەمگە ئوخشايدىكەنسەنغۇ، بەلكى خېلى تۈزۈك ئەبلەخ ئىكەنسەن» دېدى. قاپقارا لىباس كىيگەن ئۈممەگۈلسۈمخان خەنجەر تەڭلەپ غەزەپلىك ھالدا كۆرۈندى. سۇلتان قارا تەرگە چۆمۈلۈپ تاڭ ئاتقۇچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى، بامدات نامىزىغا ئەزان چىققاندا تۇرماقچى بولۇپ تۇرالمىدى. ئۈچ كۈنگىچە قىزىتمىسى ئۆرلەپ، جۆيلۈپ، خانىش ـ توقاللارنى، ۋەزىر، ئەمىر، سەركەردىلەرنى ھېچ ئارامىدا قويمىدى. تۆتىنچى كۈنى قىزىتمىسى پەسلەپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تاماققىمۇ قارىماي ئوردىغا چىقتى. ۋەزىر، ئەمىر، بەگلەرنىڭ باشلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. سۇلتاننى كۆرۈپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشتى:

— خۇدا ئالىيلىرىنى ئامان قىلغاي!

مىرزا ئابابەكرى سالامىمۇ قايتۇرماي سورىدى:

— كاشغەر، يېڭىسارىدىن قانداق خەۋەر بار؟ — ئۇ باش ۋەزىر ئۇبەيدۇللا قۇددۇس دوغلات بىلەن ئەمىرلەشكەر ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلاتقا چەكچەيدى، ھەر ئىككىسى ئېغىز ئاچالماي باش سىلىپ تۇردى.

— گەندە چىشلىۋالدىڭلارمۇ؟ تىلىڭلارنى تېخى كېسىپ تاشلىغىنىم يوققۇ. سۆزلەڭ، ئەمىرلەشكەر، قانداق خەۋەرلەر بار؟

ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات تىلى كالۋالىشىپ گەپ قىلالماي قالدى.

— سەن ئۆلۈمتۈكنى قانداقمۇ ئەمىرلەشكەر دېگىلى بولسۇن؟ باش ۋەزىر، سىز سۆزلەڭ!



www.uyghurkitap.com

ئۇبەيدۇللا قۇددۇس دوغلات تىزلاندى.

— شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا.

— ھە، كەچتىم، سۆزلە!

— سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، يېڭىسارغا كېلىپ قەلئەنى قورشىۋاپتۇ. ئالىيلىرى ياردەمگە ئەۋەتكەن لەشكەرلىرىمىزدىن قىرغىز مۇھەممەدبېك بارلىق ئادەملىرى بىلەن سەئىدخانغا قوشۇلغاندىن كېيىن، سەردار ئەلىبەگمۇ بەش يۈز ئادىمى بىلەن سەئىدخان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ ۋە مەخپىيەتىمىزنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، ئۇلار ياپچاندا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ كاشغەرگە ياردەمگە ئەۋەتكەن سىپاھلىرىمىزغا توسۇپ زەربە بېرىپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ. ئەمىرلەشكەر يۈسۈپ مىرزا مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن كاشغەرگە قېچىپ بېرىۋاپتۇ. يېڭىسار ھاكىمى ئەمىن دورغا بۇ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ: «سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى قەلئە سېپىلى ئاستىغا لەخمە قېزىشقا باشلىدى، دەرھال ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىڭلار» دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ ئايغاقچى ئەۋەتكەنىكەن، ئالىيلىرى ئارام ئېلىۋاتقاچقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشقا پېتىنالمىدۇق.

— نېمىشقا تۈنۈگۈن خەۋەر بەرمىدىڭ؟ — ئاچچىقلىنىپ سورىدى مىرزا ئابابەكرى، قوشۇمىسى مۇشتۇمدەك پۈلتىيىپ چىقتى.

— قىزىتىپ ياتقان ئىكەنلا، شاھىم، ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

— جۈرئىتى يوق قورقۇنچاقلار، گېپىمنى ئاڭلاپ تۇرۇش! ھازىردىن باشلاپ بىر ھەپتە ئىچىدە ياركەنت دىيارىدىن ئاتمىش مىڭ لەشكەر توپلانسۇن. كىمكى بۇ يارلىقىمغا قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، شۇ جايدىلا چېپىپ تاشلانسۇن. كېلەر ھەپتە دۈشەنبە سەپەراس بولغان ئاتمىش مىڭ لەشكەرنى مەيداندا كۆرمىسەم ھەممىڭنىڭ ئىت باشلىرىڭنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمەن.

— پەرمانلىرىنى ئادا قىلىمىز، شاھىم، — دېدى باش ۋەزىر تىزلىنىپ.

— ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات!

— خوش، شاھىم.

— تىلىڭنى چىقار! تىلىڭ بارمۇ، يوق، بىر كۆرۈپ باقاي.

— گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، شاھىم.

— چىقار دەيمەن! بولمىسا بېشىڭ تېنىڭدىن يۆتكىلىپ كېتىدۇ.

لاغىلداپ تىترىگەن ئابدۇللا بۇرۇندۇق دوغلات تىلىنى ئاستا چىقاردى. مىرزا ئابابەكرى ۋالىلداپ تۇرغان خەنجىرىنى بىرلا شىلتىپ، ئۇنىڭ تىلىنى كالپۇكى بىلەن قوشۇپلا كېسىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ غەزىپى تاشقاندى.

— جاللات! سەئىدخانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بەش مىڭ ئەسكىرىمنىڭ خۇنى بۇ جۈرئەتسىز كالۋا ئەمىرلەشكەرنىڭ بويىنىدا، ئاچىقىپ تىرىك كۆمۈۋېتىڭلار!

قىپقىزىل چەكمەندىن تون كىيىپ، يۈزىگە قارا نىقاب تارتقان غىياسىدىن دوغلات ئەمىرلەشكەرنى ئىتنى سۆرىگەندەك سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى. ئوردا يولىدا قىپقىزىل قاندىن ئارغامچىدەك ئۇزۇن سىزىق ھاسىل بولۇپ قالدى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

# كاشغەردە ساما

## 1

دەل ـ دەرەخلەر ئىرغاڭلاپ تۇراتتى، ھاۋا بۇلۇتلۇق، كۈن يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئوڭ ـ سول قاناتقا بۆلۈنگەن سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرى يېڭىسار قەلئەسىنى ئىككى ياندىن قورشىۋالغانىدى. ئوڭ قاناتتىكى لەشكەرلەرگە مىرزا ھەيدەر، سول قاناتتىكى لەشكەرلەرگە سەييىدمۇھەممەد مىرزا ئەمىرلەشكەر بولدى. قاناتبەگ، ئەلىبەگ باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز نۆكەر سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئوق ياغدۇرۇپ تۇرغان مەرگەنلەرنىڭ ھىمايىسىدە كېچە ـ كۈندۈز لەخمە كولاۋاتاتتى. سەئىدخان قەلئەگە ئوت ئاچقۇچى قىسىم بىلەن قىلىچۋاز، نەيزىۋازلارغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ ئوق ياغدۇرۇپ، سېپىل ئۈستىدە چۇمۇلىدەك يامراپ يۈرگەن ئەمىن دورغىنىڭ لەشكەرلىرىنى باش كۆتۈرتكۈزمىدى. ئوق تەگكەنلەر سېپىل ئۈستىدىن پات ـ پات دومىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى.

لەخمە ئون يەتتە كۈندە قېزىلىپ بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلدى. يەرلىك ئۇسۇلدا گۈڭگۈرت كىسلاتاسىغا ھاك، ياغ ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قاپ ـ قاپ پارتلىغۇچى دورىلار لەخمە ئىچىگە توشۇلدى.

سەئىدخان ئەمىن دورغىنىڭ ئالتۇن ئوقا قادالغان كەمچەت تۇمىقىنى قارىغا ئېلىپ ساداقتىن ئوق ئۈزدى. ئەمىن دورغا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئەسكەرلىرىگە سۆز قىلماقچى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغىنىدا، ئالتۇن ئۇقىغا تەگكەن ئوق ئۇنى بەكمۇ قورقۇتۇۋەتتى ـ دە، «ۋايجان !» دەپ دۈم يىقىلدى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئالاقزەدە بولۇپ قورقۇنچتا باش كۆتۈرەلمەي قېلىشتى.

— ئەمىر كەبىر، لەخمە بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ پارتلاتقۇچ دورىلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇندى، — دەپ مەلۇم قىلدى ئەلىبەگ. سەئىدخان بۇيرۇدى:

— قاناتبەگكە ئېيتىڭ، پىلتىغا ئوت يېقىپ ھەممىلەن لەخمىدىن تېز يېنىپ چىقسۇن.

— خوپ، ئالىيلىرى.

ئۇزاق ئۆتمەي پىلتىغا ئوت يېقىپ بولغان قاناتبەگنىڭ ئادەملىرى لەخمىدىن يېنىپ چىقىشتى. قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ، پارتلاتقۇچ دورىنىڭ زەربىسىدىن قەلئەنىڭ ئېگىز سېپىلى سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ ئاجرىدى.

تولىمۇ مۇستەھكەم ھېسابلانغان يېڭىسار قەلئەسىنىڭ سېپىلى گۈمۈرۈلۈپ شىمال تەرىپىدىن چوڭ بىر يوچۇق ئېچىلدى.

يۈزلىگەن جەڭ شوتىلىرىنىڭ بىرسى غۇلىسا، ئورنىغا يەنە بىرسىنى دەسسىتىپمۇ سېپىلغا چىقالمىغان مىرزا ھەيدەر ۋە سەييىدمۇھەممەد مىرزا قوشۇنلىرى سەئىدخاننىڭ سىپاھلىرى كەينىدىن ئاشۇ يوچۇق ئارقىلىق يېڭىسار قەلئەسىگە قىيانىدەك بېسىپ كىردى. گىرەلەشمە جەڭ باشلاندى. ھەممە ياقنى نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى قاپلاپ كەتتى. قەلئە ئىچى قانغا بويالدى. ئاخىر ئەمىن دورغا ئەل بولۇپ سەئىدخاندىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ ئامانلىققا ئېرىشتى، لەشكەرلىرى بولسا قىلىچ، نەيزىلىرىنى يەرگە تاشلاپ، ساداقلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ كېلىشتى. سەئىدخان ھاكىم ئوردىسىنىڭ تەختىگە

چىقىپ ئاۋامغا زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.
ئەلىبەگنىڭ ئادەملىرى جان ھەسەن، ئاختا مىرئەلى، شاھدانە، ئەجمەك ئاختا قاتارلىق خەلقنى زار ـ زار قاقشاتقان ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ باشلىرىنى كېسىپ كېلىپ، سەئىدخان ئالدىغا قويدى.

**2**

ئات تۇياقلىرىدىن، پىيادە نۆكەرلەرنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توپا ئاتمىش مىڭدىن ئوشۇق لەشكەرنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى كۆرگۈسىز قىلىۋەتكەن، بۇ چاغقىچە ياقىسىغا كىر قوندۇرماي كەلگەن مىرزا ئابابەكرىنىمۇ تونۇغۇسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. يېڭى ئېلىنغان پىيادە لەشكەرلەر ئىچىدىكى يېشى چوڭلار ماڭالماي بىردىن ـ ئىككىدىن ئايرىلىپ قالدى، كۆز يەتكۈسىز باياۋان سايدىن ئۆتكۈچە ماڭالماي قالغانلاردىن يۈزدىن ئارتۇق كىشى چېپىپ تاشلاندى. بۇ پاجىئە لەشكەرلەرنى قورقۇتۇپ ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. بۇ چاغقىچە جەڭگە كىرىپ باقمىغان ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، تىجارەتچى ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ قېچىشقا يۈزلەندى. مىرزا ئابابەكرى ئەمىر، بەگ، سەردارلىرىنى ھەربىكەتلەندۈرۈپمۇ ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدى.
ـــ كىمكى قاچىدىكەن، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چېپىپ تاشلانسۇن! ـــ دەپ يارلىق چۈشۈردى ئۇ.
يېڭىسارغا بىر كۈن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن ئايغاقچىلار سايدىن ئەمدىلا چىقىپ بوستانلىققا دەم ئېلىۋاتقان مىرزا ئابابەكرىگە خەۋەر يەتكۈزدى:
ـــ سەئىدخان يېڭىسار قەلئەسىنى ئېلىپ شاھدانە، جان ھەسەن، مىرئەلى باشلىق ئەمىر، بەگلەرنىڭ باشلىرىنى كېسىپ

سازايى قىپتۇ. ئەمىن دورغا بارلىق لەشكەر ـ ياساۋۇللىرى بىلەن تەسلىم بولۇپ ئامانلىققا ئېرىشىپتۇ.

بۇ شۇم خەۋەردىن بېشى قايغان مىرزا ئابابەكرى زۇۋان سۇرمەي ئېتىنى كەينىگە بۇرىدى. سانى كۆپ، ساپاسى يوق يېغى لەشكەرلەر بىلەن جەڭگە كىرىپ نۇسرەت قازىنالمايدىغانلىقىنى ئۇ چۈشەنگەنىدى. شۇ ماڭغىنىچە ياركەندكە كېلىپ چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغۇزدى.

— سەن باھادىر ئوغلۇمسەن، ياركەند قەلئەسىنى سەئىدخانغا زىنھار تارتقۇزۇپ قويما. قېرىپتىمەن، كاللامۇ ئىشلىمەس بولۇپ قاپتۇ. تەختىمنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بۇ يەردىن كېتىشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ئىشەنچىمنى يەردە قويمىغايسەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى ئوغلىغا تاجنى ئۆز قولىدا كىيدۈرۈپ. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

پۈتۈن تۇرقى ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان جاھانگىر مىرزىنىڭ مىجەزى ئۇنىڭغا قىلچە ئوخشىمايتتى.

بۇ چاغقىچە ئاتىسىنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن قورقۇپ كۈن كەچۈرگەن جاھانگىر مىرزا نۇرغۇن دەپىنە ـ دۇنيانى ئېلىپ يولغا چىققان ئاتىسىنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ بوشاڭ، راھەتپەرەس ئىدى، شۇڭا ئاقىۋىتىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەي، سۇلتان بولغانلىقىغا خۇشاللىنىپ تېرىسىگە سىغماي قالدى. ھالبۇكى، ئۇ تەختتە بەش كۈنلا ئولتۇرالىدى. مىرزا ھەيدەرنىڭ لەشكەر باشلاپ ياركەندكە يېقىنلاپ كەلگىنىنى ئايغاقچىلاردىن ئىشىتكەن جاھانگىر مىرزا:

— مەن بىلەن كېتىشنى خالىغانلار نېمىنى خالىسا شۇنى ئېلىپ ماڭسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى. سەردار، بەگ، نۆكەرلىرى ياركەند شەھىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ جاھانگىر مىرزا بىلەن قاچتى.

## 3

ئەمىر مىرزا ھەيدەر كۆرەگان سەئىدخاننىڭ بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى باشلاپ ياركەند شەھىرىگە كىرگەندە، ئاھالە شادلىق يىغىسى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۆي ـ ئۆيدىن ئۇسسۇلۇق، نان ـ توقاچ ئاچىقىپ، ئۆزلىرىنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغان لەشكەرلەرگە تۇتتى ...

بۇ چاغدا كاشغەر شەھىرىدىكى ھۈنەرۋەن، سودىگەرلەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇ يەردىكى ئەمىر، بەگ، سەردارلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتاتتى. ئازغىنا نۆكەرلىرى بىلەن كاشغەرگە ئاران قېچىپ كېلىۋالغان يۇسۇپ مىرزا ياركەندتىن كەلمەي، سۇلتان ئاتىسىنىڭ يېنىدا تۇرىۋەرمىگىنى ئۈچۈن ھەسرەت چەكتى. پاكار، ۋىجىك بۇ شاھزادىنىڭ ئاچچىقى شۇنچە يامان ئىدىكى، دائىم قازاندا ئېتىلدۇرغان ئاقبالداقتەك چىچىلىپ تۇراتتى. ئۇ ياركەندتىن كاشغەرگە مېڭىش ئالدىدا ئاكىسى جاھانگىر مىرزىنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ:

— شاھ ئاكا، ماڭا بەش مىڭ سىپاھ بەرسىلە، سەئىدخاننى كاشغەر شەھىرىگە ئاياغ باستۇرماي تىرىك باغلاپ ئەكېلەي، — دەپ پو ئاتقانىدى. ئەمما، يېڭىسارىدىن ئۆتۈپ ياپچانغا كەلگەن چېغىدا سەئىدخان قوشۇنىغا ئۇچراپ لەشكىرىدىن تامام ئايرىلىپ قالدى.

كاشغەر ئەمىرى مىرزا ئابدۇللا بارلاس يۇسۇپ مىرزىنىڭ بەش مىڭ لەشكەر بىلەن ئەمەس، يۈزگە يەتمىگەن قاچاقلار بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىدىن ئامەتنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ يۇسۇپ مىرزا بىلەن كېڭىشىپ بارلىق ياساۋۇل، نۆكەرلىرىگە قوزغىلاڭنى دەرھال بېسىقتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

قوزغىلاڭ پۈتۈن شەھەرگە يامرىغانىدى. مىرزا ئابدۇللا بارلاسنىڭ سەردار، نۆكەرلىرى ياش، قېرى دېمەي ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى پۇقرانى قەتلىئام قىلىشقا باشلىدى. مانا شۇ چاغدا سەئىدخان قوشۇنلىرى كاشغەر شەھىرىنى تۆت تامانىدىن قورشىۋالدى. سەييىدمۇھەممەد مىرزا كۈنچىقىشتىكى دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، دۈشمەن دىققىتىنى ئاشۇ يەرگە مەركەزلەشتۈردى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى كېچىسى يوشۇرۇنۇپ بېرىپ قاتتىق زەربە بىلەن كۈنپېتىشتىكى دەرۋازىنى پاچاقلاپ شەھەرگە بېسىپ كىردى. جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار جانلىنىپ، مىرزا ئابدۇللا بارلاس نۆكەرلىرىنى سۈر ـ توقاي قىلدى. كېچىچە جەڭ توختىمىدى. تاڭ سەھەردە سەييىدمۇھەممەد مىرزا قوشۇنلىرى شەرقىي دەرۋازىنى ئېچىپ، سەئىدخاننى شەھەرگە باشلاپ كىردى. ئۇ بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ تۇپىسىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈپ، تەگبىر ئېيتىپ ئوردىغا كىردى. مىرزا ئابدۇللا بارلاس ۋە يۈسۈپ مىرزا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغاچقا ئۇلارنى تاپالمىدى.

## 4

ئەندىجانلىڭ دومبوق دېگەن يېرىدىكى جەڭدە سەئىدخانغا ئەل بولغان مىرزا ئاباباكرىنىڭ لەشكەرلىرى سەييىدمۇھەممەد مىرزا قوشۇنىغا قوشۇۋېتىلگەنىدى. ئۇلاردىن مىرزا ئابدۇللا بارلاس قوشۇنىدا تونۇش ـ بىلىشلىرى بارلىرى:

— قېرىنداشلار، ھەممىمىز مۇسۇلمان. قان تۆكمەيلى، زالىمغا بىرلىكتە قارشى تۇرايلى! — دەپ تۇۋلىشىپ، مىرزا ئابدۇللا بارلاس لەشكەرلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەل بولدۇردى.

سەئىدخان جەڭنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلىپ خانلىق مەدرىسەدە بامدات نامىزىنى ئۆتىدى. دۇئادىن كېيىن:

— بۈگۈندىن باشلاپ تىجارەتچىلەردىن بىر يىلغىچە سېلىق

ئېلىنمايدۇ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشى مەنئى قىلىندۇ. ھەممە ئازاد ! ــــ دەپ جاكارلىدى.

ئازنا مەسچىت پەشتىقىدا ئاغرا ـ سۇناي چېلىنىپ، كۆپچىلىك شادىيانە ساماغا چۈشتى.

سەئىدخان پەشتاق ئۈستىگە چىقىپ ساما كۆردى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىنغان خالايىق ئۆز خۇشاللىقىنى ساما ئويناپ تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. ئاق چاچلىق بوۋايلار سەللە ئورىغان پېتى، قىران يىگىتلەر بادام دوپپا كىيگەن ھالدا، باللار بەلباغ باغلاپ، ئاق بۆك كىيىشىپ، لەشكەرلەر مالخايلىرىنى قىرلاپ ساماغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا ئايلىنىپ، گاھ ئالدىغا، گاھ كەينىگە دەسسەپ سىلىق ھەرىكەت، بىر خىل رىتىم بىلەن ئويناپ خالايىقنى ئۆزلىرىگە مەھلىيا قىلىشۋالدى. زەر دوپپا، مەرۋايىت دوپپا كىيىشىپ، خىلمۇخىل رومال ئارتقان جۇۋانلار، چوكانلار، رەستىدە بولغان قىزلار، سەبىي باللار ساما سېلىشۋاتقانلار ئەتراپىدا بەجايىكى بىر گۈزەل گۈلزارلىقنى بەرپا قىلغانىدى. كۆزنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى ئۇلارنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆپتۈرۈپ، روماللىرىنى يەلپۈندۈرەتتى.

نان ـ توقاچ ۋە سامسا ـ پەرمۇدە بىلەن تولغان تەۋەڭلەرنى بېشىغا ئالغان ئوقەتچىلەر كىشىلەر توپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. قوغۇن ـ تاۋۇز كۆتۈرگەن ياققاللار، شاپتۇل، ئۈزۈم قاچىلانغان سېۋەتنى ئالدىغا قويۇۋالغان دېھقانلار خېرىدارلىرىغا مېۋىلىرىنى قىزغىن ساتماقتا ئىدى ...

سەئىدخان خەلق توپىغا نەزەر سېلىپ ساما كۆرۈۋاتقاندا، سەيىدمۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭ يېنىغا چىقتى.

ــــ ئەمىر كەبىر، تۆۋەنگە چۈشكەن بولسىلا ئەقىل لال بولغۇدەك قىزىق ئويۇننى كۆرگەن بولاتتىلا، ــــ دېدى ئۇ تەزىم قىلىپ.

ــــ ھەرقانداق ئويۇن ساما ئۇسۇلىدەك نەپىس، جەلپكار

www.uyghurkitap.com

بولماس، ئاغا، ــ دېدى سەئىدخان. ئۇ بۇ ۋاقىتقىچە قەدەر ئۆزىنى سۇلتان، پادىشاھ، خان دەپ ئاتاشنى مەنئى قىلىپ كەلگەنىدى.

ــ خان ياكى پادىشاھ بولۇشنى ئاللا ماڭا نېسىپ قىلامدۇ يوق، بۇ نامەلۇم. مېنى شاھزادە، ئەمىر كەبىر ياكى سەئىدخان دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. تەختتە ئولتۇرماي تۇرۇپ بۈيۈكناملار بىلەن ئاتىلىشىم مۇۋاپىق بولماس، دەپ نەچچە قېتىم كۆپچىلىككە ئەسكەرتكەنىدى. ئۆزىدىن يېشى چوڭلارنى «ئاكا»، «ئاغا» دەپ، كىچىكلەرنى «ئۇكا»، «ئىنى» دەپ ھۆرمەتلەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ مۇنداق سەمىمىي ۋە كەمتەرلىكى سىپاھلار ئىچىدىمۇ، ئاۋام ئارىسىدىمۇ ھۆرمەت ـ ئابرۇيىنى ئۆستۇرگەنىدى.

ــ شۇنداق، شاھزادە، ساما ئۇسسۇلى ئاۋامنىڭ ئۇسسۇلى. ئۇ ساماغا چۈشكەن ياشۇقېرىنىڭ غەم ـ ئەلەمى، قايغۇ ـ ھەسرىتى ئۇنتۇلۇپ، خۇشاللىقى نامايان بولىدىغان سېھىرلىك ئۇسسۇلدۇر. ئالىيلىرىنى شۇ دەم پەسكە چۈشۈشكە دالالەت قىلىشىم، چەلپكار ساما ئۇسسۇلى ئوينىلىۋاتقان يەردە يۈز بەرگەن پەسكەش، مەسخىرىلىك، مۇناپىقانە رەزىل بىر ئويۇننى كۆرسىتىش ئۈچۈن.

سەئىدخان سەييىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ بۇ تەكلىپىدىن بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ بىلەن پەشتاقتىن چۈشۈپ جامە ئىچىدىكى خالىيراق بولغان كۆل بويىغا باردى. بۇ يەردە ئۈچ نەپەر قارا پەرەنجىلىك ئايال تۇراتتى. سەييىدمۇھەممەد مىرزا:

ــ بۇ نومۇسسىز خوتۇنلارنى ئەلىبەگ تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ گۈزەل چىرايىنى كۆرۈپ باقسىلا، ئەمىر كەبىر، ــ دېدى. ئۇ ئەلىبەگكە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئەلىبەگ ئۈچ ئايالنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېلىۋەتتى. سەئىدخان بۇلارنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلۇق خوتۇنلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى.

ــ بۇ غۇنچە بوي، ساقاللىق مەلىكە مىرزا ئابابەكرىنىڭ

بەتخۆي ئوغلى يۈسۈپ مىرزا بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى قىزىقچىلىق قىلىپ سەييىدمۇھەممەد مىرزا، — كاشغەردىكى چېغىمدا خەتنە تويى بولغانىدى. چوڭ بولۇپ مۇنداق ساقاللىق قىزغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى خىيالىمغىمۇ كەلمەپتىكەن. ماۋۇ ئېگىز بوي، زىلۋا كەلگىنى كاشغەر ئەمىرى مىرزا ئابدۇللا بارلاس. ماۋۇ يوغان قورساق چوكان كاشغەر جامەسىنىڭ خاتىپى مەقسۇد بۇخارىي دەھموللا①، ھازىر ئۆزگىرىپ، ھۆرمەتلىك شاھنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۇرۇپ قويىدىغان كېنىزەكلەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ دېسە.

ئۈچ ئەمەلدار سەئىدخان ئالدىدا تىزلاندى.

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا، شاھزادە، — دېدى داموللا يىلىنىپ.

— ھايات قالغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى! — يۈسۈپ مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئاتام لەشكەر تارتىپ كېلىپ سىلەرنى ئامان قويمايدۇ.

— ئەلبەگ، بۇلارنى سىزگە تاپشۇرىمەن، مىرزا ئابابەكرى تۇتۇلۇپ كەلگۈچە زىنداندا يېتىپ تۇرسۇن، — دېدى سەئىدخان يۈسۈپ مىرزىنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلغىنىنى پىسەنتىگە ئالماي.

— خوپ، ئالىيلىرى.

ئەلبەگ ياساۋۇللارغا بۇيرۇپ ئۇلارنى ئەكەتتى.

سەئىدخان سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن چۈش ۋاقتىدا ئوردىغا كەلدى. بۇ ئوردا سانىز مىرزىدىن ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قالغان بولۇپ، ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىدى. سەييىدمۇھەممەد مىرزا مەرھۇم بوۋىسى روھىغا بېغىشلاپ پاتىھە

---

① دەھموللا — ئەرەب، پارسچە سۆزنىڭ بىرىكمىسى. دەھ — ئون، موللا — بىلگۈچى دېگەن مەنىدە. شۇ زامانلاردا ماتېماتىكا، فىزىكا، تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىق، تېبابەت، دىنىي بىلىم، ھەربىي بىلىم، ھايۋانات ئىلمىدىن ئىبارەت ئون ئىلىمنى كامىل بىلگۈچى دەھموللا دەپ ئاتالغان. ھازىر داموللا دېيىلىدۇ.

ئوقۇدى. سەئىدخان دۇئادىن كېيىن ئۇنى بوش قالغان تەختكە چىقاردى.

— ئەتە سەھەر ياركەندكە ماڭىمەن، ئاغا. سىلى ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىزىغا چۈشكۈچە كاشغەردە تۇرغايلا. قانائەتسىز ئاغىمۇ قالسۇن.

— خوپ، ئەمىر كەبىر.

سەئىدخان ئۇردا سارىيىدا چۈشلۈك تاماق يەپ، بالىچاقىلىرى تۇرۇۋاتقان گۈزەل كەنت ساغانتوقايدىكى مىرزا ئابابەكرى ياساتقان چارۋاغقا چىقىپ كەتتى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

# كېسىلگەن باش

## 1

مىرزا ئابابەكرى خوتەندىمۇ تۇرالماي تىبەتكە قاچتى. ئۇ قاراڭغۇ تاغقا بارغاندا توقۇز يۈز قېچىرغا ئارتقان گۆھەر، ياقۇت، مەرۋايىت بىلەن ئىستىك ماڭالماي، ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن كىمخاب، تەتىللادىن تىكىلگەن كىيىملەرنى خەققە بېرىشكىمۇ قىيماي ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. قوغلاپ بارغۇچىلار كۆل دۆۋىلىرىنى ئاختۇرۇپ، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، تىللالارنى يىغىۋالدى.

مىرزا ئابابەكرى شۇ قاچقىنىچە تار، ئېگىز - پەس، قىيپاش، هاۋاسى شالاڭ تاغ يوللىرىدا خەتەرلىك داۋان، هاڭلاردىن ئۆتۈپ، سوغۇق چۆشكەندە تىبەتكە يېتىپ باردى. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭغا خوۋلۇق بولمىدى. مىڭلىغان خەلقنى سەرگەردان قىلىۋەتكەن بۇ سۇلتان ئۆز بېشىغا مۇنداق قارا كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

تىبەت پادىشاھلىقىنىڭ نۆكەرلىرى تۆت تاماندىن قورشاپ، مىرزا ئابابەكرىگە پاناھلىق بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بارلىق ئوزۇق - تۈلۈكىنى تارتىۋالدى. ئۇ: «خۇداۋەندە كەرىم، قىرىق يىل پادىشاھلىق قىلىپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ ئاۋامنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن سېخىي، ئادىل بولالمىدىم؟ ئى ئاللا! سېنى ئۇنتۇپ ئاۋامغا ئىشەنمىگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئەلگە مېھرىبان غەمخور بولالمىدىم؟ ئۆزۈمنىلا ئويلاپ ئۆلۈمنى،

مانا شۇنداق قارا كۈنلەرگە قېلىشىمنى ئۇنتۇغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟» مىرزا ئابابەكرى تاملىرى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ناھايىتى مەينەت بىر قورۇغا تەزەربەند قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىگە شۇ سوئاللارنى قويۇپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ ھۆكۈمران چېغىدا ھەر كۈنى ھەرقانداق ئىشنى قىلسا، «جەننەتنىڭ بىر ئىشىكىنى يېپىپ، دوزاختىن بىر ئىشىك ئاچاتتى ...» ئۇ شۇ تاپتا تەختكە ئولتۇرغان كۈندىن باشلاپ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى ئويلاپ: «قوزغىلاڭ قىلدى دەپ ئۈچ مىڭ كىشىنى تىرىدىن چانتىپ ناكار قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنى بىلەن تۇگمەن تېشىنى چۆرگىلەتكۈزگىنىم ئۈچۈن، ئۆز ھەمشىرەمنى گېپىمگە كىرمىدىڭ دەپ ئۇسسۇلۇقىغا شاراب بېرىپ خورلاپ ئۆلتۈرگىنىم ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلانسام ھەق، مەن ئۆز سەلتەنەتىم بىلەن بولۇپ ئاللانى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇلۇغ ئاللا، سەن ھېلىمۇ تاقەت قىلىپ تۇرۇپسەن، نېمىشقا مېنى يەرگە يۇتقۇزۇۋەتمىدىڭ، نېمىشقا؟ ...» دەپ باش بارمىقىنى قاساپ قانىتىۋەتتى. ئۇ مۇشۇ ئات ـ كالا قوتىنىغا ئوخشايدىغان قورۇدا قىشنى ئۆتكۈزدى، بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم لەشكەر ئەۋەتىپ تىبەت ئېلىنى بېسىۋالغانىدى. بۇ نۆۋەتمۇ «ئىلگىرى ھەيۋىتىمنى كۆرگەن، قارشىلىق كۆرسەتمەيدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئۆز ئېلىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان بۇتپەرەس تىبەتلەر ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى.

ــ بىزگە قول بولغىن، بۇنىڭغا ماقۇل بولمىساڭ كەت، خەلقىم زالىمدىن بىزار، ــ دېدى ئۇنى ئوردىسىدا قوبۇل قىلغان لاما. مىرزا ئابابەكرى زۇۋان سۈرەلمەي ئارقىسىغا يېنىپ تاش قورۇغا كەلدى. «ھىندىستانغىمۇ كېتەلمەيدىغان بولدۇم، قېچىپ قۇتۇلۇشۇمنى ئاللا خالىمىدى. بۇ يەردە قول بولغاندىن كۆرە، ئۆز يۇرتۇمدا ئۆلگىنىم ئەۋزەل» دېگەن ئويغا كېلىپ قايتماقچى بولدى. ئۇ كەچ كىرگۈچە ئويلىنىپ زاۋال ۋاقتىدا شەپەق نۇرى

غىل ـ پال ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئۈچلۈق خادا تاشقا ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇرۇقلاپ قالغاچقا بويى زىراپىدەك ئۈزىراپ كەتكەنىدى.

— قېرىنداشلىرىم، تۇغقانلىرىم، يات ئەلدە بىزگە ياخشى كۈن يوق ئىكەن، ۋەتەنگە قايتىش قارارىغا كەلدىم. مېنى ئۇ يەردە ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرماقتا. ئۆلتۈرۈلسەم ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىنغلار، ئۆلتۈرۈلمەي قالسام قالغان ئۆمرۈمنى تۇۋا ـ ئىستىغپار بىلەن ئۆتكۈزمەكچىمەن.

— مۇرەببىيم، — دېدى ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلغان ئەتىۋارلىق خوتۇنى خانزادە بېگىم، — ھەرگىز بارمىسىلا، سەئىدخان سىلىنى تىرىك قويمايدۇ.

— ئاتا، قايتمىسىلا! — يىگىرمە بىرلەرگە كىرگەن تۇرانگىر بىلەن ئون توققۇز ياشقا كىرگەن بوستانگىر يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ تەڭلا تىزلاندى، — بىزگە بۇ يەردە قالماقتىن باشقا چارە يوق. كېيىن بەدەخشان، ھىندىستان تەرەپلەرگە كېتەرمىز.

— ئۇ يەردە بابۇر مىرزا بار. مەن ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى ۋە ھاممىسىنى ئۆلتۈرگەن. ياق، بولمايدۇ، سىلەر بۇ يەردە قېلىپ تۇرۇڭلار، خۇدا بۇيرۇسا ئەتە سەھەر يولغا چىقىمەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى.

ئۇ قار ئېرىپ، يەر كۆكىرىشكە باشلىغان ئەتىياز سەھىرىدە يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى.

## 2

— مىرزا ئابابەكرى ئايغاقچى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى بارگاھى ئالدىغا كىرىپ كەلگەن ئەلچىبەگ ئۇد چېلىپ ئولتۇرغان سەئىدخانغا سالام بېرىپ.

سەئىدخاننىڭ قويۇق قارا قاشلىرى سەل كۆتۈرۈلۈپ،

چىھرىدە ھەيرانلىق ئەكس ئەتتى.
— باشلاپ كىرىڭ، ئەلىبەگ.
— خوپ، ئالىيلىرى.
ئەلىبەگ چىقىپ كېتىپ ئۈچ كىشىنى باشلاپ كىردى. ئۇلارنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ، چىگىچلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆرە تۇماقنى چۆكتۈرۈپ كىيگەنلىكى ئۈچۈن چاڭ ـ توپا باسقان كۆزلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى.
— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا، ئالىيلىرى، — دېدى ئۇلار تىزلانغىنىچە قىلىچلىرىنى يەرگە قويۇپ.
— سىلەرنى مىرزا ئابابەكرى ئەۋەتتىمۇ؟ — سورىدى سەئىدخان سەپسېلىپ.
— شۇنداق، ئالىيلىرى، — جاۋاب بەردى بويلۇقراق كەلگەن ئايغاقچى.
— نېمە ۋەجىدىن ئەۋەتتى؟
— ئۇ بىر كۈنى كەچتە ئۇچىمىزنى چاقىرىپ: «سىلەر سەئىدخان يېنىغا مېنىڭ كېلىۋاتقىنىمنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بارىسىلەر. سىلەرنىڭ يولغا چىققىنىڭلارنى ھېچكىم بىلمىسۇن. مەن جاھان سەل ئىللىغاندا يولغا چىقىمەن. بۇگۈن كېچە تۇيۇقسىز ئاتلىنىڭلار، بۇ پەرمانىمنى ئورۇنلىمىساڭلار سىلەرنى ئۆزۈم چېپىپ تاشلايمەن» دېدى ۋە ھەربىرىمىزگە بىر خۇمرا ئالتۇن بەردى. قارلىق تاغ ـ داۋانىدا ئىككى ھەپتە يۈرۈپ ئالىيلىرى ھوزۇرىغا يېتىپ كەلدۇق.
— بۇلارنى ئوبدان غىزالاندۇرۇپ، قەلئە ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭ، تىرىكچىلىك قىلسۇن.
— خوپ، ئەمىر كەبىر، — ئەلىبەگ ئۇلارنى ئاچىقىپ كەتتى.
سەئىدخان مىرزا ھەيدەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەلىبەگنى مىرزا ئابابەكرى ئالدىغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ ئۇنى چاقىرتتى.
— ئۇ خۇنپەرنى ساق ئەكەلگەيسىز، ئەلىبەگ.

— خۇدا بۇيرۇسا، ئالىيلىرى.

ئەلبەگ بارگاھى ئالىيدىن چىقىپ، ئەتىسى تۆت ئىنىسى ۋە يۈزدەك نۆكەرنى ئېلىپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ مىرزا ئابابەكرى قاچقاندا قاراڭغۇ تاغقىچە قوغلاپ بېرىپ قايتقانىدى. ئەنە شۇ يول بىلەن ماڭدى. يەنە شۇ قاراڭغۇ تاغ باغرىدا مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئۇچراشتى. مىرزا ئابابەكرى تېخى تۇنۇگۇن كەچتە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ئارام ئېلىپ ياتقانىدى. نەيزە بويى ئۆرلىگەن كۈن چېدىرى ئىشىكىگە شولا چۇشۇرگەنىدى.

ياساۋۇللار ئەلبەگنى مىرزا ئابابەكرى ئالدىغا باشلاپ كىردى. ناھايىتى بەستلىك، سالاپەتلىك بۇ قەھرلىك شاھ ئورۇقلاپ، قارىداپ، مۇكچىيىپ قالغان، چاچ - ساقاللىرىمۇ ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— سەئىدخاننىڭ ئالدىدىن كەلدىڭلارمۇ؟ تەقدىر - قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىدى. مەن مانا ياركەندكە قايتىپ كېتىۋاتىمەن. بۇگۈن شەنبە ئىكەن، شەنبە پادىشاھلار شىكار قىلىدىغان كۈن، مەن شىكارغا ئەمەس، يولغا چىقساق، دېيمەن. دائىم زاۋال ۋاقتىدەك تۇرىدىغان بۇ بەتبەخت جايدىن تېزرەك كېتەيلى، — دېدى ئۇ غەمكىن ھالدا.

— بولىدۇ، ئالىيلىرى! — ئەلبەگ ھۆرمەت بىلدۇرگەندەك بېشىنى سەل ئېگىپ قويدى. ئۇ دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيىپ، يۈزنى سىم تور بىلەن نىقابلىۋالغىنى ئۇچۇن، بۇ قابىل سەردارنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىسىمۇ تونۇيالمىغان مىرزا ئابابەكرى ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا دېدى:

— پېشىن نامىزىنى ئۆتەپلا ماڭايلى.

— خوپ، ئالىيلىرى.

ئەلبەگ ئەكەلگەن يېمەكلىكتىن بىرنەچچە تاغار نان - توقاچ، يەل - يېمىشنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادەملىرىگە تارقىتىپ بەردى، قازانغا گۆش سېلىپ، كاۋاپ پىشۇرۇپ قورساقلىرىنى ئوبدان غەملىۋالغاندىن كېيىن پېشىن نامىزىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆتەشتى.

ئۆز باغرىغا قۇياش نۇرىنى چۇشۇرمەيدىغان بۇ ئېگىز تاغ قاپتىلىدىن قوزغىلىش ئالدىدا، قارا بويۇن چىلان تۇرۇقىنى ئەلىبەگ يېتىلەپ كەلدى.

— ئالىيلىرى، ئاتلىرى ھېرىپ قاپتۇ. مانا بۇ تۇلپارغا مىنىۋالغايلا، — دېدى ئۇ چېدىر ئالدىدا يىراققا كۆز تىكىپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرىگە.

ئۇ چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئۇندىمەستىن ئۆزەڭگىگە پۇتىنى قويۇپلا مىندى.

— مېنى ئىنىم سەييىدمۇھەممەد مىرزا قېشىغا ئېلىپ بېرىڭلار، نېمە قىلسا شۇ قىلسۇن.

مىرزا ئابابەكرى يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، قولىنى سىلكىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئالىيلىرى، بەجا كەلتۇرىمىز، — ئەلىبەگ ئۆز ئادەملىرى بىلەن مىرزا ئابابەكرىنى ئارىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ياساۋۇل ـ نۆكەرلىرىدىن تېزلا ئۇزاپ كەتتى.

## 3

جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرى ھەر ياققا پۇت سوزۇپ ئۇخلاۋاتقان يوغان ئەجدىھاغا ئوخشايتتى. ئەلىبەگ مۇشۇ زور تاغنىڭ باغرىدىكى يىلان باغرى يولدا مىرزا ئابابەكرىنى ئەكېتىۋاتاتتى. ئۇلار تۆگىنىڭ لوككىسىدەك بۆرتۈپ چىققان چوققىلاردىن، ئات ئۇچىسىدەك قۇملۇق داۋانلاردىن، پىچاق بىسىدەك تىك قىيالاردىن، تۇۋى يوق خەتەرلىك ھاڭلاردىن ئۆتۈپ ئۇچىنچى كۈنى بىر ئاچا يولغا كەلدى. ئەتراپ چەكسىز كەتكەن ساي بولۇپ، دۆۋە ـ دۆۋە قۇم بارخانلىرى ھەريانلدىن كۆزگە چۇشۇپ تۇراتتى. ئەلىبەگ ھەمراھلىرىنى توختاشقا بۇيرۇدى. ئۆزى مىرزا ئابابەكرى بىلەن قاتارلىشىپ:

— ئالىيلىرى، بۇ يەردە توختاپ ئارام ئېلىۋېلىشىمىز زۆرۈر، — دېدى ـ دە، ئاتتىن چۈشتى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭغا تازا بىر قارىۋېتىپ خالىمىغان هالدا يەرگە ئاياق باستى. قوللىرىدىكى ئاتنىڭ تىزگىنىنى ياساۋۇللار ئالدى.

كۈن پېتىشقا نەيزە بويى قالغانىدى. باهار شامىلى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىدە ئويناپتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چوغدەك چاقناپ تۇرغان ئالۋۇنلار يوقىلىپ، يەنە پەيدا بولۇپ قالاتتى.

ئەلىبەگ تۆت ئىنىسىنى يېنىغا چاقىردى. قىلىچ، ئوقيا، نەيزە بىلەن قوراللانغان بۇ تۆت يىگىت مىرزا ئابابەكرىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇشتى.

— مانا بۇ، — دېدى ئەلىبەگ گۈگۈم چۈشۈپ قارايغان قۇم بارخانلىرىغا بېقىپ ئويغا پاتقان مىرزا ئابابەكرىنى كۆرسىتىپ، — مەرهۇم ئاتىمىز تۆمۈربەگنى سېپىل ئاستىغا باستۇرۇۋەتكەن، مەرهۇمە ئانىمىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن، يۈزلەپ، مىڭلاپ بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قانلىرىنى تۆككەن رەهىمسىز قاتىل مىرزا ئابابەكرى بولىدۇ.

تۆت يىگىت تەڭلا قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇردى.

— توختاڭلار، ئىنىلىرىم، — دېدى ئەلىبەگ، ئاندىن مىرزا ئابابەكرىگە مەستەك قادىلىپ تۇرۇپ يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىۋەتتى.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ، زالىم؟

— تونۇدۇم، خۇمار خوتۇننىڭ چوڭ ئوغلىسەن، — دېدى مەنسىتمىگەن تەرزدە.

— سېنى نېمە قىلساق بولار؟ ئۆزۈڭ ئېيتىپ باق! — ئاچچىقى بىلەن تولدى ئەلىبەگ.

— يولدا ئۆجۈقتۇرۇۋېتىڭلار دېگەنمىدى، سەئىدخان؟ — دېدى مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي.

— ئەمدى ساڭا يالغان سۆزلىمەيمەن، قانخور. ئەمىر كەبىرىمىز سېنى تىرىك ئەكېلىشىمىزنى تاپىلىغان.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۆلتۈرۈش قەستىدە مېنى سوراققا تارتىسەن؟

— بىز قىساس ئالماقچى، سەندىن قىساس ئالمىساق ئۇ دۇنيادا ئاتا ـ ئانىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز، — دېدى ئەلبەگ قەتئىي تۈردە.

— مېنى سوراققا تارتىشقا سەن مۇناسىپ كەلمەيسەن. سەئىدخاندىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ سورىقىغا جاۋاب بەرمەيمەن. قانداق ئۆلتۈرگۈڭ كەلسە، شۇنداق ئۆلتۈر!

ئەلبەگ ئۇنى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— سېنىڭ ئالدىڭدا قانداقمۇ تىزلىنىمەن؟ تېخى سارالىڭ بولۇپ ئەقلىمدىن ئاداشقىنىم يوق. جاھان شاھلىرىنى چۆچۈتكەن ھۆكۈمران ئىكەنلىكىم ئېسىڭدىن چىقمىسۇن، ئەخمەق! يولۋاس قانداقمۇ بۆرە ئالدىدا تىزلانسۇن؟ — مىرزا ئابابەكرى مىيىقىدا كۈلدى.

— پۇتۇڭدىن تارتىپ بېشىڭغىچە چانىساقمۇ دەردىمىز چىقمايدۇ. ساڭا رەھىم قىلىپ بىر قىلىچ بىلەن كاللاڭنى ئۈزۈپ ئەكېتەيلى دەۋاتىمىز، — ئەلبەگ قىلىچنى باش ئۈزرە كۆتۈردى.

— توختا! — بۇيرۇق قىلدى مىرزا ئابابەكرى، — مەن تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئۆتىۋالاي.

ئەلبەگ ئىنىلىرىغا قارىدى، ئىنىلىرى ئۇن چىقارماي تۇرۇۋالدى. ئۇ ئاتقا ئارتىقلىق تۇلۇمدىكى سۇنى مىس چۆگۈنگە تۆشتۈرۈپ قويۇپ، مىرزا ئابابەكرىگە بەردى. مىرزا ئابابەكرى بىر ياندىكى ئېگىز ئۆسكەن يولغۇن شاخلىرىنىڭ دالدىسىدا مۇستەھەپ تاھارەت ئالدى. شامال ئۇرۇپ يىرىم چەمبەر ھاسىل بولۇپ قالغان قۇمساز يەرگە بىرىپ قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇدى، سەجدىگە ئۇزۇن باش قويۇپ گۇناھىنى تىلىدى. «مۇسۇلمانىي كامىللار قاتارىدا كەتكىلى نېسىپ قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇ سەجدىگە باش قويغان يەردە بىر قوشۇق سۇ قويۇپ

قويغاندەك نەم پەيدا بولۇپ قالدى. مىرزا ئابابەكرى كۆز قۇيرۇقىدا «هە، قېنى بولمامسەن ! » دېگەندەك قاراپ ئەلىبەگكە قول شىلتىدى.

— تېنىمنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويماي بېشىم بىلەن بىللە ئەكەتكەيسىلەر، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار قىيامەت كۈنى ئاللاغا ئەرز قىلىمەن.

— خوپ، ئالىيلىرى، — ئەلىبەگ باش ئۇستىگە كۆتۈرۈپ تۇرغان قىلىچنى ئۇنىڭ بوينىغا كۈچ بىلەن چاپتى. تەندىن ئاجرىغان كاللا دومىلاپ بېرىپ چېقىر تىكەن تۈۋىدە توختىدى. نوردىن سۇ چۈشكەندەك بوغۇزدىن ئېتىلىپ چىققان قان كۆك قۇمغا يېيىلدى.

4

ئەلىبەگ يېمەكلىك، لازىملىق قاچىلانغان هارۋىلارنىڭ چوڭراقىنى بوشاتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يوچۇق قالدۇرماي ئاق خامنى تەكشى يايدۇردى. تازا قۇرۇق قۇمدىن هارۋىغا لىق ئۇسسۇتقۇزدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ تېنىنى يالىڭاچلاپ، بېشى بىلەن قوشۇپ، هارۋىغا ئۇسۇلغان قۇمغا ياتقۇزدى، ئۇستىگە يەنە قۇم تاشلاتقۇزدى. ئاخىرىدا نەم قۇمدىنمۇ تاشلاتقۇزۇپ، گويا هارۋىغا بىر قۇم قەبرە قاتۇردى. هارۋىنىڭ كەينىدىن ياغاق پۇتلىرى چىقىپ قالغاچقا، هارۋىغا زەمبىل تېڭىپ شۇ يوسۇندا قۇم بىلەن چۈمكەپ، كېچىنى كېچە دېمەستىن توختىماي ماڭدى. ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ هارۋىنىڭ تۆپىسىگە بىر سايىۋەن ئورناتتى. ئەلىبەگ تۆت ئىنىسى بىلەن هارۋىنىڭ يېنىدىن نېرى بولماي، سائەتمۇ سائەت يەڭگۈشلەپ، يورۇشىنى بارغانسېرى چاپسانلاتتى. شامالدەك كېتىۋاتقان هارۋىدىن يولغا قۇم چېچىلىپ تۇردى. بىر هەپتە شۇنداق تېز مېڭىپ، ئەلىبەگ ئىنىلىرى بىلەن زەرەپشان بويىدىكى ياركەندكە يېتىپ كەلدى. سەئىدخان ئۇلارنى

بارگاھ ئالدىدا كۈتۈۋالدى.

— مىرزا ئابابەكرىنى ئەكەلدىڭلارمۇ؟

— ئەكەلدۇق، — دېدى ئاستا ئەلىبەگ.

— قېنى ئۇ ؟

— مانا.

ئەلىبەگ ھارۋىدىكى قوم بىلەن چۈمكەلگەن جەسەتنى كۆرسەتتى.

— نېمىشقا ئۇنى تىرىك ئەكەلمىدىڭلار؟

ئەلىبەگ تىزلىنىپ جاۋاب بەردى:

— ئۇنىڭدىن قىساس ئالىمەن دەپ قەسەم قىلغانىدىم.

— ئۇنى سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ، بۇيرۇپ ئۆلتۈرگۈزدۈڭمۇ؟ — ئاچچىقلىنىپ سورىدى سەئىدخان.

— ئۆزۈم ئۆلتۈردۈم، ئەمىر كەبىر.

— سەنمۇ قاتىل بوپسەن، ئەلىبەگ. ئۇنى شەخسىي ئۆچمەنلىك بىلەن ئالدىراپ ئۆلتۈرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى. بىز «قۇرئان كەرىم» ھۆكمى بويىچە ئۇنىڭغا جازا بېرەتتۇق ئەمەسمۇ؟

— گۇناھ ئۆزۈمدە، جازاغا لايىقمەن.

— سەن بەش يۈز نۆكەرنى باشلاپ بىر تەرەپكە ئۆتۈپ سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۈچىنى خوراتقان، يېڭىسار، كاشغەر قەلئەلىرىنى پەتھى قىلىشتا تۆت ئىنىڭ بىلەن ئاجايىپ باھادىرلىق كۆرسەتكەنىدىڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساڭا ئىشىنىپ مىرزا ئابابەكرىنى تىرىك ئەكېلىشكە ئەۋەتكەنىدىم. ئىشەنچىمنى يەردە قويدۇڭ. ئۇنى نامەردلەرچە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپسەن. مۇنداق قىلىش شەرىئەتكە خىلاپ ئىدى. كاشغەردىن كەشمىر، تىبەتكىچە، خوتەندىن تۇرپانغىچە كەڭ زېمىننى قىرىق يىل سورىغان پادىشاھ ئەمەسمىدى ئۇ. ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشتىنمۇ بىزنى مەھرۇم قىلدىڭ.

— بىلىۋاتىمەن، ئەمىر كەبىر، مەن جازاغا لايىق.

سەئىدخان ئەلىبەگكە نەزەر سېلىپ تۇرغان مىرزا ھەيدەرگە

قارىدى.

— ئەلىبەگ باھادىر سەردار، لېكىن ئۇ ئەمىر كەبىرنىڭ پەرمانىغا خىلاپ ئىش قىلدى. بۇنى ئۆزىمۇ بىلىپتۇ، ئۇنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

سەئىدخان مىرزا ھەيدەرنىڭ سۆزىگە باش لىڭشىتىپ قويۇپ جىددىي تۇستە دېدى:

— ئىنىلىرىڭ بىلەن خوشلىشىۋال، ئەلىبەگ. سېنى ئەپۇ قىلالمايمەن. سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى تىرىك ئەكەلگەن بولساڭ، خەلق ئۇ زالىمنىڭ جازالانغىنىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن بولسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئادالىتىمىزدىن تېخىمۇ رازى ۋە خۇشال بولۇپ، خانلىقىمىز ناھايىتى زور دەبدەبە بىلەن قۇرۇلغان بولاتتى. سەنمۇ باھادىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قەدىرلىنەتتىڭ. ئەپسۇس، شەخسىي ئۆچمەنلىكىڭنى قانۇن ۋە ئادالەتنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، يۇكسەك ئورنىمىزنى تۆۋەنلىتىۋەتتىڭ، شان - شەرىپىڭنى يوقاتتىڭ. مىرزا ئابابەكرىنى يوشۇرۇنچە ئەمەس، خەلقئالەم ئالدىدا جازالىساق سېنىڭلا ئەمەس، تالاي كىشىلەرنىڭ دەردى چىقاتتى. شۇنداق ئىكەن، سېنى قانداقمۇ ئەپۇ قىلغىلى بولسۇن؟

— ئەمىر كەبىر، ئاكىمىزنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسىلە، ئۇ ئالىيلىرىغا ئۆمۈرۋايەت سادىق، — ئوسمانبەگ ئىلتىجا قىلىپ ئىنىلىرى بىلەن تىزلاندى.

— مۇنداق بولارىمنى بىلەتتىم، قىلچە پۇشايمىنىم يوق. ئىنىلىرىم، ئەمدى سىلەرگە ئەمىر كەبىر ئۆزى ئاتا بولىدۇ. ئۇنىڭ پەرمانىغا زادى خىلاپلىق قىلماڭلار. مەن مەقسىتىمگە يەتكەن ئادەممەن، — دېدى ئەلىبەگ ئىنىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قۇچاقلاپ.

— ئەلىبەگ قەتل قىلىنسۇن!

سەئىدخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىرنەچچە ياساۋۇل كېلىپ، ئەلىبەگنى يالاپ ئەكەتتى.

— مىرزا ھەيدەر ئىنىم، ئەلىبەگنىڭ تەقدىرىنى مۇنداق بولار دەپ كىم ئويلىغان؟ بىزنىڭ ئورناتماقچى بولغان ئادالىتىمىز كېسىلگەن باشلار ئۈستىدە بەرپا بولىدىغان ئوخشايدۇ ... — سەئىدخان گېپىنىڭ ئاخىرىنى تۈگىتەلمەي مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— خان ئاكا، «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەندەك، ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپچان بولمىساق، ئەل ئىچىدە ئادالەت ئورناتمىقىمىز قىيىن، ھۆكۈملىرى ناھايىتى توغرا بولدى، — مىرزا ھەيدەر تەسەللى بەردى.

— ئاكىمىز بىلەن ۋىدالىشىۋالايلى، — دېگىنىچە ئەلىبەگنىڭ كەنجى ئىنىسى تۆمۈربەگ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يىغلامسىراپ يۈگۈردى. قالغان ئۈچ ئىنىسىمۇ يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

— ئەلىبەگ شىر يۈرەك ئەزىمەت ئىدى، ئىنىلىرىمۇ ئاكىسىنى دورىغان، ئۇلار بۇ ئېغىر ئاقىۋەتنى كۆتۈرەلمەي قېلىشى مۇمكىن، بەرداشلىق بەرمىسە بولمايدۇ. سىز ئۇلار بىلەن بىللە بولۇڭ. مەن ئۇ ئەزىمەتنىڭ نامىزىغا بارىمەن. مىرزا ئابابەكرىنىڭ جەسىتىنىمۇ تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى، — دېدى سەئىدخان.

مىرزا ھەيدەر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ياساۋۇللىرى بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ جەسىتى سېلىنغان ھارۋىنى ھەيدىتىپ كەتتى.

سەئىدخان مۇلازىملارغىمۇ رۇخسەت بېرىپ بارگاھ ئالدىدا يالغۇز قالدى. ئۇ كۆز يېتىم يەردە يېڭىدىن ياپراق چىقىرىپ ياپيېشىل تۇس ئالغان چىنار دەرىخىگە قاراپ بابۇر مىرزىنىڭ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

چەرخنىڭ① مەن كۆرمىگەن جەبرۇ ـ جاپاسى قالدىمۇ،
خەستە كۆڭلۈم چەكمىگەن دەردۇ ـ بالاسى قالدىمۇ؟

① چەرخ — زامان، دەۋر، پەلەك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

# قاباھەت ۋە شاپائەت

## 1

يەر - زېمىن كۆكىرىپ ھاۋا خېلىلا ئىللىپ قالغانىدى. قاياقتىنىدۇر پەيدا بولۇپ قالغان كاككۇكلار ئەمدىلەتىن قاراڭغۇلاشقان باغلاردىكى سۆۋادان تېرەكلەرگە قونۇپ سايراشقا باشلىدى. تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ چېپىپ كەلگەن ئابدۇرەشىدخان ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ئاداشلىرىدىن ئايرىلىپ، بارگاھى ئالدىغا كىردى. ئۇنىڭ مەڭزى توقاچتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ دۇتار چېلىپ ئولتۇرغان سەئىدخانغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاتا. ئارامىلىرىنى بۇزغان بەڭباش ئوغۇللىرىنى كەچۈرگەيلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، نەلەردە ئويناپ كەلدىڭ؟ — سورىدى سەئىدخان بىلىگە خەنجەر ئېسىۋالغان ئوغلىغا مەستلىكى كېلىپ.

— ئوينىمىدىم، ئاتا، نورۇزدۆڭدە جەڭ قىلىپ زەپەر قازىنىپ كەلدىم، — جاۋاب بەردى ئابدۇرەشىدخان دۇبۇلغىسىنى ئوڭلاپ كىيىپ.

— ھە، مۇنداق دېگىن، ئوغلۇم، سېنى شادىيانە ناغرا چېلىپ كۈتۈۋالساق بولغۇدەك. قېنى ئېيتقىنا، قايسى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلدىڭ؟

— سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزا

بىلەن، ئۇنى يېڭىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم.

— بارىكاللا، بارىكاللا، ئوغلۇم، خۇدا سېنى ئامان قىلغاي، — دېدى سەئىدخان ئوغلىنىڭ تەڭتۇش بالىلار بىلەن نورۇزدۇڭگە بېرىپ دوست ـ دۇشمەن بولۇپ ئويناپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، — دۇشمەنلەرنى خورلاپ ئۆلتۈرسىمۇ بولمايدۇ، بۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن، بالام.

— ئېسىمدە تۇتىمەن، ئاتا. سىلىمۇ ئەلىبەگ ئاكىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغانغۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ ئوغلى رۇستەمبەگ جاھانگىر مىرزا بولدى، مەن ئۇنى يېڭىپ كاللىسىنى ئالدىم. راستتىن ئەمەس، يالغاندىن.

سەئىدخان تۇرۇپ قالدى. بىر ئاي ئىلگىرى چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن قەيسەر لەشكەربېشى ئەلىبەگ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. «ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بالىلارغىچە تەسىر قوزغاپتۇ ـ دە...»

— ئوغلۇم، ئەلىبەگ بىزگە دۇشمەن ئەمەس دوست ئىدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئادالەتنى مەنسىتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن، بۇنى بىلىۋېلىشىڭ لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئەلىبەگنىڭ ئوغلى بىلەن دوست بول، كۆڭلىنى رەنجىتمە، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، ئاتا.

— كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتامسەن، ئوغلۇم؟

— ئاڭلاۋاتىمەن، ئاتا.

— ئاشۇ كاككۇك قونۇپ سايراۋاتقان شاخنى سۇندۇرۇۋېلىپ ئەكېلەلەمسەن؟

— ئەكېلىمەن، ئاتا.

— بارغىن، ئەكەلگىن، ئوغلۇم.

— خوپ، ئاتا.

ئابدۇرەشىدخان ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. سەئىدخان قولىغا دۇتارنى ئېلىپ پەدىسىنى تۈزىدى ـ يۇ،

چالماستىن يېنىغا قويۇپ تەمبۇرنى ئالدى. ئۇنىمۇ تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئۇدنى چالماقچى بولدى. سەئىدخاننى خىيال باسقاندا ساز چېلىپ غەمدىن قۇتۇلاتتى، ساز چېلىپ پىكىر يۈرگۈزەتتى، پىكىر يۈرگۈزۈپ تۇرۇپ ساز چالاتتى. ھازىر ئۇنى خىيال باسقاندى، نېمە ئۈچۈندۇر ساز چېلىشقا قولى بارمىدى. «ئەلىبەگنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشىم خاتا بولغانمۇ؟ بىر قانخور زالىم پادىشاھنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئىنتىقام ئالغان باھادىر سەردارنى ئەپۇ قىلىشىم كېرەكمىدى؟ كەچۈرسەم توغرا قىلغان بولارمىدىم ـ ھە؟ ياق، ياق، دۇنيانى ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن قانۇن ۋە شاھنىڭ پەرمانى تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىغا يول قويسام قانۇننى قانداق يۈرگۈزىمەن، پەرمانىمنى كىمگە ئاڭلىتىمەن؟ ...»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەمىر كەبىر ئاكا.

سەئىدخان چىگىچ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان مىرزا ھەيدەرنى كۆردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىنىم، ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىلە، كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، — ئۇ تۇرۇپ يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. مىرزا ھەيدەر ئولتۇرۇپ قىلىنىۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق سۆز ئاچتى.

— ئالىيلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىسسىقكۆل، يەتتىسۇدىن تارتىپ ئاقسۇ، خوتەن، كاشغەر دىيارىغىچە بولغان جايلارغا يېغى خانلىقىمىزنىڭ قۇرۇلۇش كاتتا مۇراسىمىغا قاتنىشىش توغرىسىدا ئالىيلىرى نامىدىن پەرمان ئەۋەتتۇق. بەدەخشان، كابۇل، كەشمىر، تىبەت، ھىندىستان، خۇراسان، خارەزىم، چىن ئەللىرىگىمۇ خانلىقىمىز قۇرۇلغان مۇبارەك كۈننى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئەلچى ئەۋەتىش خۇسۇسىدا ئادەم ماڭدۇردۇق. ئاكىلىرى مەنسۇرخانغا، موغۇلىستان تۈمەنبەگلىرىگە نامە ئەۋەتتۇق. سەيىدمۇھەممەد مىرزا، قاناتبەگ ۋە بارلىق ئەمىر، بەگ، سەردارلار بۇ كاتتا مۇراسىمنى ياخشى

ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاۋامنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئاڭلىماقتا. ئۇلار ياركەند شەھىرىنىڭ كوچا، بازار، مەيدانلىرىنى رەتلەپ ياساش، زىننەتلەش، ئوردىنى خانلىقىمىزغا لايىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى يېتەكلەپ گۈزەل مەنزىرە بەرپا قىلماقتا. ئەمىر كەبىرنىڭ يەنە قانداق تاپشۇرۇقلىرى بارلىقىنى بىلەي، دەپ كېلىۋىدىم.

سەئىدخان ئۇنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ تىڭشاپ ماقۇللىغان تەرزدە دېدى:

— ھەرقايسى جاي، ئەللەردىن كەلگەن يۇرت كاتتىلىرىنى ئوبدان كۈتۈۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. ئۇنىڭدىنمۇ زۆرۈرى جاپاكەش ئاممىنىڭ ھالىغا يېتىش، يېتىم ـ يېسىر، مۇساپىرلاردىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش. دېھقان، تىجارەتچى، كاسىپلاردىن باج ـ سېلىقنى ئۈچ يىل ئالمايلى، مىرزا ئابابەكرى زامانىدا ئۇلار ئۇستىگە ھەممە ئېغىرچىلىقنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالساق روناق تاپالمايمىز. بۇ زالىم بەتخۇي پادىشاھ يىغقان زور بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى نابۇت قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، كۆپ قىسمى قولىمىزغا چۈشتى. ئۇ خەلقنىڭ بايلىقى، ئۇنىڭ بىلەن خانلىقىمىزنى قۇدرەت تاپتۇرۇپ، خەلقنى كۆلپەتلىك تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرايلى. ئاز بولغاندا ئۈچ يىلغىچە دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ، بېيىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز، شۇنداقلا نامرات ـ غېرىبلارغا، مېيىپ ـ ئاجىزلارغا ئىئانە تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش يولىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. ياركەندكە كەلگىنىمدىن بېرى بىرقانچە قېتىم ھۈنەرۋەن، تىجارەتچى، سائىل سىياقىغا كىرىپ بازار، كوچا ئارىلاپ نامراتلارنىڭ تولىمۇ كۆپلۈكىنى، ئۇلارنىڭ ياردەمگە بەكمۇ موھتاجلىقىنى بىلدىم. ئۇلار چىدىغۇسىز دەرىجىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇلارنى خارلايدىغان، بوزەك قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىكەن. ئىنىم، —

سەئىدخان تەمبۇر تارىنى بىر چېكىپ سۆزدىن توختىدى.
— جانابىي ئاللا تىلەكلىرىگە يەتكۈزگەي، ئەمىر كەبىر ئاكا. مەنمۇ شۇ ئارزۇدىمەن. يېقىندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن كېڭىشىپ، مەرھۇم ئەلبەگىنىڭ ئىنىسى ئوسمانبەگنى بىر تۈركۈم ياساۋۇل، نۆكەرلەرگە سەردار قىلىپ، يۇقرالارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغاندۇق. ئۇ ھالال، قەيسەر يىگىت ئىكەن. كۈتكىنىمىزگە يارىشا ئوغرى، لۈكچەك، قىمارۋازلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ يۇقرالارغا خالىغانچە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىگە يول قويماي، ئەلگە ئەمىنلىك بەخش ئېتىۋاتىدۇ.
— توختاڭ، ئىنىم، — سەئىدخان ئۇنى سۆزدىن توختىتىپ سورىدى، — ئوسمانبەگ ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئاكىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن نېمە كويدا بولۇشتى، بۇنى بەكمۇ بىلگۈم بار.
— ئۇلار تەقدىرنىڭ بۇ شەپقەتسىزلىكىگە ئاخىر تەن بەرگەندەك قىلىدۇ. ئاكىسى بوينىغا قىلىچ ئۇرۇلۇش ئالدىدىمۇ «سەئىدخاندىن قەتئىي يۈز ئۆرۈمەڭلار ھەم رەنجىمەڭلار. سەئىدخان ئادىل پادىشاھ. مۇنداق ئاقىۋەتنى بىلەتتىم، بۇ ئۆلۈمدىن رەنجىمەيمەن، قىلچە ئارمىنىم يوق. ئۇنىڭ خىزمىتىدە بەجانىدىل بولۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغانلىقى ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم. ئەزىمەت يىگىتلەر ئىكەن. «تۆتىمىز بىر جايدا تۇرساق ئاكىمىزنى ئەسلەپ قېلىپ سەپرايىمىز ئۆرلەپ كېتىدىكەن. ئەمىر كەبىرگە دەپ تۆتىمىزنى تۆت يۇرتقا ئەۋەتىۋەتكەن بولسىلا، بۇ دەھشەتلىك مۇسىبەتنى ئۇنتۇپ كېتەتتۇق ...» دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، — مىرزا ھەيدەر يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر سۆزدىن توختىۋالدى.
سەئىدخاننىڭ ئويچان چېھرىدە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.
— ئۇلارنىڭ تەلپى ئورۇنلۇق، خانلىقىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوسمانبەگنى قالدۇرۇپ، ئىنىلىرىنى مۇۋاپىق خىزمەتكە

تەينلەپ خالىغان يېرىگە بالىچاقىلىرى بىلەن بىللە ئەۋەتىپ، — دېدى سەئىدخان قەسرىنىڭ كۆنگۈرىلىك دېرىزىسىدىن باغچىدىكى ئالىي ئورۇنلاشقان چارۋاغىنىڭ گۈلچىمەنلىرىگە نەزەر سېلىپ، — بايا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ سۆزدىن توختىۋالدىلا، نېمە ئىش ئىدى، ئىنىم؟

مىرزا ھەيدەر سۈكۈت قىلىپ تۇردى.

— ئېيتالمايۋاتقانلىرىغا قارىغاندا، قورۇلغۇسى خانلىقىمىزغا تەھدىت بار ئوخشىمامدۇ؟ ئۆلۈم خەۋپى بولسىمۇ مېنى خەۋەردار قىلسىلا، — دېدى سەئىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىلى ئېيتقاندەك بولسا ئالىلىبۇرۇن مەلۇم قىلاتتىم، شاھىم. بۇ باشقا گەپ ئەمەس، مەرھۇم ئەلىبەگنىڭ مەزلۇمەسىنىڭ ئىشى ئىدى.

سەئىدخان مۇشتۇمى بىلەن ساقاللىق ئېڭىكىنى تىرەپ ئويلىنىپ قالدى.

— ئېيتسىلا، ئۇ مەزلۇمە قانداق ياشاۋېتىپتۇ؟

— خان ئاكا، پېقىرمۇ ياركەندكە كەلگىنىمدىن بۇيان خەلقىنىڭ دەرد ـ ھالىنى بىلمەكچى بولۇپ بىرقانچە قېتىم ئەتىگەن ـ كەچلەردە بازار ئارىلاپ يۈرگەنىدىم. جېدەل ـ ماجىرا قىلغۇچىلار ئۇچرىمىدى. ئەمما، بىرنەچچە كۈن بۇرۇن شام نامىزىنى ياركەند جامەسىدە ئوقۇپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر يان كوچىغا كىرىپ قالدىم. ئەتراپ قاراڭغۇ، ئىنس ـ جىن كۆرۈنمەيتتى. قەدىمىم ئىختىيارسىز ئالدىغا تارتىپ يەنە بىرئاز ماڭدىم. بىردىن يېقىنلا يەردە قاتتىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىككى يېنىمغا قاراپ، بۇ يىغىنىڭ سول تەرەپتىكى قورۇدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. «ئەي، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقۇچى ئاللا! كۆرۈپ تۇرۇپسەن، پۇشتى ـ پاناھىم بولغان ئېرىم ئۆلتۈرۈلۈپ ئۈچ نارەسىدە بالام بىلەن قالدىم. ئەمدى قانداق قىلىمەن، كىمگە ھال ئېيتىمەن، كىمدىن ياردەم سورايمەن؟ مەزلۇمە ئاجىزە مەنغۇ، نامەھرەمنىڭ زۇلمىغا

ئۆچراشتىن بۇرۇن جېنىمنى ئالغىن. مەن ئەمدى ياشاشنى خالىمايمەن. ئاللا ... ئاللا ... ئاللا ...» دەپ نالە قىلىۋاتاتتى. يۈرىكىم زېدە بولۇپ قايتىپ كەتتىم. ئەتىسى كېچىدە بارسام، يەنە شۇ ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى. تاقەت قىلىپ بولمايتتى. كېيىنمگە يېنىپ ئۇردا قەسرىگە كىردىم ـ دە، مۆھىببە سۇلتان بېگىمنى ئىككى ئايال خىزمەتكار بىلەن شۇ ئۆيگە باشلاپ باردىم. خېلى بىر چاغقىچە ئىشىكنى قاقساق بىر ئايال چىقمۇدى، دەررۇ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. خىزمەتكارلىرى بىلەن خوتۇنۇم ئۆيگە كىرىپ كەتتى. يېرىم سائەت ئۆتتىمۇ، بىر سائەتمۇ، بىلمەيمەن، ماڭا ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى، ئاخىر خوتۇنۇممۇ يىغلاپ چىقتى. «ئەلىبەگنىڭ ئەھلىيەسى ئىكەن. ھېچ كۈتمىگەندە دەھشەتلىك قازاغا ئۇچرىغان ئېرى ئۈچۈن، يېتىم قالغان ئىككى بالىسى، تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بوۋىقى ئۈچۈن يىغلايدىكەن. ئۇنىڭ يىغىسىنى قوشنىلىرى كىرىپمۇ توختىتالماپتۇ. ئەلىبەگنىڭ ئىنىلىرى كېلىپمۇ تەسەللى بېرىپ دەردىگە داۋا بولالماپتۇ» دېدى. ئېيتالماي تۇرغىنىم مانا شۇ گەپ ئىدى، شاھزادە.

سەئىدخاننىڭ چېكە تومۇرلىرى ئۆرلەپ، يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تورۇسقا ئۇزاق تىكىلدى. كۆڭلىگە بىر ياخشى ئامال كېلىپ دەس تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن تەڭلا قوپقان مىرزا ھەيدەرنىڭ قوللىرىنى تۇتتى:

— ئۇ مەزلۇمەنى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن ئېرىدىن ئايرىغان باشقا كىشى ئەمەس، مەن سەئىدخان. ئەمدى ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇنى بىر ياخشى كىشىگە نىكاھ قىلىپ بەختسىزلىكتىن، ھىجران ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچىمۇ يەنە ئۆزۈم بولاي دەيمەن. ماڭا ياردەم قىلىسىلا؟

— مۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەن مىرزا ھەيدەر داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. مىرزا ھەيدەر سەئىدخاننىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە سەپسېلىپ ئۇنىڭ ياخشى نىيەت، ياخشى تىلەكتە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— تۇل قالغان خوتۇننىڭ، بولۇپمۇ ئېرىدىن دەھشەتلىك ئۆلۈم ئايرىغان بەختسىز مەزلۇمەنىڭ كۆز يېشىنى توختىتىش، ھەزرىتى رەسۇلىللانىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرسى، چوڭ ساۋابلىق ئىش. بۇ ھەممىلا خان، سۇلتانلارنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ.

— ئىنسانلارنى بەختسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلمىغان جەڭنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئىنىم؟! سىلى ۋە ھەمشىرەم ئىككىڭلار ئۇ مەزلۇمەنى يېنىڭلارغا ئەكېلىۋېلىڭلار. خەيرلىك جاۋاب ئاڭلىشىمغا جانابىي ئاللا نېسىپ قىلسۇن.

سەئىدخان سۆزىنى تۈگىتىشىگە ئابدۇرەشىدخان ئىتتىك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئۇجمىنىڭ كۆك يوپۇرماقلىق بىر تال شېخى تۇراتتى.

## 2

سەئىدخان ۋە مىرزا ھەيدەر باليچاقىلىرى بىلەن تۇرۇۋاتقان بارگاھى ئالىي نەزەر مىرزا ئەھيا قىلدۇرغان چارۋاغ بولۇپ، ياركەند شەھىرىدىن بىر قانچە چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى، «جاھانباغ» دەپ ئاتىلاتتى. مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل خوش ھاۋا بۇ باغ شۇنچە جەلپكار ئىدى. كاشغەردىن يېقىندا قايتىپ كەلگەن سەيييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن قاناتبەگمۇ بارگاھى ئالىيغا چۈشكەنىدى. قاناتبەگ بۈگۈن ھەر كۈندىكىدەك ئەتىگەنلىك تاماقنى سەئىدخان بىلەن بىللە يەپ، نۆكەر، ياساۋۇللاردىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ قارىلىق كىيگەن يەتتە-سەككىز ئايالنىڭ باغ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سورىدى:

— ئەي، ئاللانىڭ مەستۇرە بەندىلىرى، نېمە ئىش بىلەن بۇ بارگاھى ئالىيغا كېلىشتىلە؟

— بىز شاھزادە سەئىدخان بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىۋىدۇق، مۇمكىنمىكىن، — دېدى مۇلايىم ئاۋاز بىلەن بىر قارا

پەرەنجىلىك ئايال.

— ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى شاھزادىگە ئېيتىشقا بولامدۇ؟ — سورىدى قاناتبەگ مېڭىپ بولۇپ بىردىن توختاپ.

— خانزادە بېگىم دېسىڭىز كۇپايە.

بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغان قاناتبەگ سەل جىددىيلىشىپ كەينىگە ياندى. ئۇ تال باراڭلىق سەينادىن ئۆتۈپ بارگاھى ئالىيغا كىردى. سەئىدخان پېشايۋاندا ئۇد چېلىپ ئولتۇراتتى.

— ئەمىر كەبىر، ئەمىر مىرزا ھەيدەر بىلەن سەييىدمۇھەممەد مىرزىلار كېلىشمەكچىدى. بايا تاماق ۋاقتىدا ئالىيلىرىغا ئېيتىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ. شۇڭا، مەن ...

— ئۇنداق بولسا ئۇلار كەلگۈچە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، ئاغا. بىز بۈگۈن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشلار كۆپ، — دېدى سەئىدخان.

— شۇنداق، ئەمىر كەبىر. ھازىر مەن ئولتۇرماي، مىرزا ئابابەكرىنىڭ خانىشى ۋە بىرقانچە ئايالالار ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا قالدى، — دېدى قاناتبەگ.

— مۇلازىملارغا ئېيتسىلا، ئاغا، باشلاپ كىرسۇن. ئۇلارنى مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ ھۇجرىسىدا كۈتۈۋالاي، — سەئىدخان قاناتبەگ بىلەن بىللە چىقىپ خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئوغلىغا تەمبۇر چېلىشنى ئۆگىتىۋاتاتتى.

— ئانىسى، سىلى مېھمانلارنى باشلاپ كىرسىلە، ئابدۇرەشىدخان تاشقىرىغا چىقىپ ئوينىسۇن.

— ماقۇل، ئويناپ كىرەي، دادا، — دەپ ئورنىدىن تۇرغان ئابدۇرەشىدخان ئانىسى بىلەن چىقىپ كەتتى.

«نېمىشقا كەلگەندۇ بۇ خوتۇن، ئۆزىنىڭ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ ئىمتىياز تەلەپ قىلامدىكىن، يا ئوغۇللىرىنىڭ گۇناھىنى تىلەمدىكىن، ياكى تاغىسىنىڭ ئوغلى بابۇر مىرزىنىڭ يېنىغا كېتىشنى تەلەپ

قىلىپ كەلدىمىكىن؟ ...» سەئىدخاننىڭ ئويى تۈگىمەي، مەختۇمە سۇلتان بېگىم خوتۇنلارنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالام، شاھزادە! — خانزادە بېگىم خوتۇنلار بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

سەئىدخان ئورنىدىن تۇردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەلىكە، مەرھەمەت قىلسۇنلار.

خانزادە بېگىم ھەمراھلىرى بىلەن يېكەنداز ئۈستىدە ئولتۇردى.

— شاھزادە، مېنىڭ سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىمنى ئۆزلىرىگە ئايان، — سۆز باشلىدى ئۇ يىغلامسىراپ، — دادىسى ئورنىغا تەختكە ئولتۇرغان چوڭ ئوغلۇم جاھانگىر مىرزا سىلىنىڭ لەشكەرلىرى ياركەند شەھىرىگە كىرىشتىن بۇرۇن قاچقانىكەن. ئاڭلىسام سانجۇ① دېگەن يەردە ئىمىش. مېنى ئىككى ئوغلۇم بىلەن ئېرىم سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئەكەتكەنىدى. ئوغلۇمنىڭ كىچىكى بايسۇنغۇر مىرزا ئاتىسى بىلەن ياركەندكە قايتىشقا ئۇنىماي مەن بىلەن تىبەتتە قالدى، ئادەملىرى مېنى ئالغىلى كەلگەندە، ئۇ سۆزۈمگە كىرمەي كەشمىرگە كەتتى. ئىككىنچى ئوغلۇم تۇرانگىر مىرزا مەن بىلەن ياركەندكە يېنىپ كەلدى. دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ يەرلىكىدە قويۇلۇپ بولغىنىدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق بىئارام بولدى. بۇ تەقدىر، شۇڭا سىلىدىن ئاغرىنماسلىقىم كېرەك، لېكىن تەقدىرگە تەن بېرىشنى خالىمايۋاتقان ئوغۇللىرىمنىڭ ئىشى تۇغرۇلۇق كەلدىم، — مەلىكە سۆزىدىن توختاپ، يىپەك ياغلىقى بىلەن قارا چۇمبەل توسۇپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرىنى ئېرتىۋالدى، — ئوغلۇم جاھانگىر مىرزا گۇناھسىز، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ سۆزىنى يىرالماي ياركەند تەختىدە ئولتۇرغىنى راست.

— توغرا دېدىلە، خانزادە بېگىم، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى

---

① سانجۇ — يەر ئىسمى، خوتەن گۇما ناھىيەسىگە تەۋە يەر.

سەئىدخان، — مەقسەتلىرىنى چۈشەندىم. سىلى ئويلىغاندەك، سۇلتان مىرزا ئاتابەكرىنىڭ بالىۋاقىلىرىنىمۇ قارىلاپ جازالىماقچى ئەمەسمەن. ئەگەر تۇرانگىر مىرزىدەك جاھانگىر مىرزىمۇ ئالدىمغا كەلسە، ئۇ نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى بېرىمەن.

— رەھمەت، شاھزادە، ئاللا سىلىگە مەدەتكار بولغاي، ئەمدى كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. ئوغلۇم تۇرانگىر مىرزىنى ئېلىپ كاشغەرگە كېتىشىمگە ئىجازەت بەرسىلە. ئۇنىڭ بۇ يەردە خاتىرجەم بولالمايدىغىنى سىلىگە ئايان.

— خانزادە بېگىم، سىلى بىلەن بىز تۇغقان، مېنى مەرھۇم مىرزا ئاتابەكرىدەك ياۋۇز، رەھىمسىز كۆرمىسىلە، قىيىنچىلىقلىرى بولسا ياردەملىشىمەن. نەگە بارغۇلىرى كەلسە سورىماي بېرىۋەرسىلە. ھەتتا خۇراسان، سەمەرقەنت تەرەپلەرگە كەتكۈلىرى بولسا يولغا سېلىپ قويىمەن.

— رەھمەت، شاھزادە، رەھمەت، مومىلىرى شاھ بېگىم، ھامىلىرى مېھرىنىگار خېنىمنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئويلاپ ئۆزۈمدىن قاتتىق ئەنسىرىگەندىم.

سەئىدخان ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ مومىسى شاھ بېگىمنى كىچىكىدىن ياخشى كۆرەتتى، شۇ مومىسى باققاندى. مومىسى چوڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخان يېنىغا پاناھ تارتىپ كەتكەنىدىن كېيىن ئۇزاق يىللار دىدار كۆرۈشەلمىگەنىدى. ئۇن تۆت ياشقا كىرگەن چېغىدا دادىسى بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ ياشىنىپ قالغان شاھ بېگىمنى خۇش قىلىۋەتكەنىدى، لېكىن بۇ خۇشلۇق ئۇزاققا سوزۇلمىدى. مۇھەممەد شاھىبېكخان بىلەن بولغان دەھشەتلىك ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە مومىسى ئىككى خان ئوغلىدىن ئايرىلىپ، كۈيۈ ئوغلى مۇھەممەدھۇسەيىن كۆرەگان يېنىدا ئۆرەتۆپەدە تۇرۇپ قالدى. ئۇرۇش مومىسىنى بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرغۇزماي كابۇلغا كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. مومىسى بۇ يەردە ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن سەئىدخان بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆرۈشكەن ۋە بۇ

نەۋرىسىنىڭ ھىممىتىدىن رازى بولغانىدى. سەئىدخان ئەندىجانغا كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كابۇلدا تۇرغۇسى كەلمەي قالدى. مومىسى بەدەخشان پادىشاھى مەرھۇم سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ قىزى بولغاچقا، يۇرتىغا كەتمەكچى بولدى. كەتمەكچى بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى: ئامىراق نەۋرىسى بولغان مىرزاخان كابۇلدا ئىسيان كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ بابۇر مىرزا مىرزاخاننى بەدەخشانغا ئەۋەتكەنىدى. مومىسى شۇ ئوغلىنى پاناھ تارتىپ مېھرىبانلىك خېنىم بىلەن يولغا چىققانىدى. كېتىۋاتقاندا بەدەخشانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغان مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرىگە ئۇچراپ ئەسىر ئېلىنىدى. ياركەندكە يالاپ كېلىنگەندىن كېيىن زىندانغا تاشلاندى. ئۆزىگە يېقىن تۇغقان بولغان موغۇلىستان خانى مەرھۇم يۇنۇسخاننىڭ بۇ ياشانغان رەپىقىسى بىلەن قىزىنى مىرزا ئابابەكرى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىشىنىڭ ئورنىغا، زىنداندىمۇ ئاچ قويۇپ ئازابلىدى. مېھرىبانلىك خېنىمنى زورلاپ ئەمرىگە ئالماقچى بولدى. ئۇ ماقۇل بولمىغاچقا، ياشانغان شاھ بېگىم بىللە قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ...

سەئىدخان شۇلارنى ئويلاپ كۆزىدىن ياش ئاققىنىنىمۇ سەزمىدى. خانزادە بېگىممۇ شۇلارنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلدى. بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىدىن ئىككى ئايال ئىچ ـ ئىچىدىن تېشىپ يىغلاپ كېتىشتى.

— بۇ ئىككىيلەنمۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ خانىشلىرى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى خانزادە بېگىم قاپقارا پەرەنجىلىك بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقان ئايالنى كۆرسىتىپ، — ئېتى ھۆسنىنىگار خېنىم، مەرھۇم موغۇل خانى ئىسەن بۇغاخاننىڭ قىزى. ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان دوستمۇھەممەدخاننىڭ سىڭلىسى. دوستمۇھەممەدخان ياركەندكە لەشكەر تارتىپ كېلىپ جامال ئاغىچىنى ئېلىپ ئاقسۇغا قايتقاندا، بۇ سىڭلىسىنى مىرزا ئابابەكرىگە ياتلىق قىلغانىكەن. مەن بۇ سۇلتانغا نىكاھلىنىپ

سەمەرقەنتتىن كەلسەم، ئۇنىڭ ھۆسنىنىگار خېنىمدىن بولغان ھۇسەن مىرزا ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. بۇ بالا مۇلايىملىقىدىن قانداق ئىشقا بۇيرۇسا ماقۇل دەيتتى. بۇ يىگىت ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇنى ئاتىسى ئۆيلەپ قويماقچى بولدى. ھۇسەن مىرزا ھەممىگە ماقۇل دەپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. سۇلتان دەسلەپ بېشىنى سىلاپ يۇمشاق گەپ قىلدى، ئالدىدى، يىگىت زادى ماقۇلغا كەلمىدى. ئاندىن قاتتىق دۆشكەلەپ يۇزىگە بىرنەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى. ھۇسەن مىرزا: «سىلەر ئېلىپ بەرمەكچى بولغان قىزنى ياقتۇرمايمەن، ئۆلسەممۇ ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەيمەن» دەپ قەسەم ئىچتى. دادىسى ئېيتقان سۆزىدىن قايتمايدىغان كاج، رەھىمسىز بولغاچقا، شۇ يەردىلا بۇ قەيسەر، خۇشخۇي ئوغلىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئانىسى شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايدۇ. ماۋۇ خېنىم پەخرىنىسا سۇلتان بېگىم، خوتەن شاھى قۇلنەزەر مىرزىنىڭ قىزى. سۇلتان ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى مەجبۇرلاپ نىكاھىغا ئاپتىكەن. مەن سەمەرقەنتتىن كەلسەم، قەمەر بانۇ ئاتلىق قىزى رەسىمدە بوپتىكەن، قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق، سۇلكەتلىك، مىجەزى خۇشخۇي ئىكەن. بۇ قىز نۇرىدىنبەگ ئاتلىق بىر سەردارنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن. بۇ قىزنىڭ دادىسى بولغان زالىم سۇلتان ئۇنىڭ بىلەن ياخشى كۆرگەن يىگىتىنى زىندانغا سېلىپ، تاماق، سۇ بەرمەي ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ ئانىنىڭمۇ شۇنىڭدىن بېرى كۆز يېشى توختىمىدى. ئوردا ھەرەمخانىسىدىن بەگلىرى بىر ئاي ئىلگىرى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتىكەن، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرۈپتۇ. تىبەتتىن كەلگەندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ رۇخستى بىلەن جاھانباغدا تۇرۇۋاتاتتىم. بۇ خانىشنىمۇ يېنىمغا ئەكېلىۋالدىم. بۇ تۆت ئايالمۇ سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ توقاللىرى، بۇ مەزلۇملار ئىشتىمىگەن تىل ـ دەشنەم، يېمىگەن تاياق ـ توقماق قالمىغان. ئالدىلىرىغا بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ بىللە كېلىشتى.

— بىگۇناھ كىشىلەرنى خورلاش ئادىل پادىشاھ قىلىدىغان ئىش ئەمەس، خانزادە بېگىم. بىز يېڭىدىن قۇرماقچى بولغان خانلىقىمىزنىڭ تەختىگە ئەقىل ـ پاراسەتلىك، يېتۈك، ئەلنى، يۇرتنى قەدىرلەيدىغان ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر پادىشاھنى چىقارماقچىمىز. ئۇ بىگۇناھ كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ئاياللارنى خورلاشقا، كۆچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىشىگە ئەسلا يول قويمايدۇ. مىرزا ئابابەكرىنىڭ خانىش ـ توقاللىرى ھەرەمخانىدا تۇرىۋەرسۇن. بۇ توغرۇلۇق ئەمىر مىرزا ھەيدەرگە تاپىلاپ قوياي. يېتەرلىك راسخوتىنىمۇ يەتكۈزۈپ بېرىمىز. ھەرقانداق كىشىنىڭ سىلەرگە چېقىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. خانزادە بېگىم، ئوغۇللىرى بىلەن كاشغەرگە كەتمەكچى بولسىلا قاناتبەگ ئاغا ئۇزىتىپ قويىدۇ. باشقا گېپىڭلار بولمىسا مەن چىقاي، سىلەر تاماق يەپ قايتىڭلار.

سەئىدخان مىرزا ھەيدەر، سەييىدمۇھەممەد مىرزىلار كۆتۈپ تۇرغان كۆل بويىدىكى زۇمرەت قەسىرگە چىقىپ كەتتى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ بىر چاغلاردا تەننازۇ ھەم ئەتىۋارلىق ھازازۇل ئاغىچىلىرىنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى.

### 3

سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىر ھەپتە ئىچىدە جاھانگىر مىرزىنى تۇتۇپ سانجۇدىن ئەكەلدى. بۇ كۆرەك شاھزادە ئۆزىنى مەغرۇر تۇتقىنى بىلەن روھىنىڭ چۈشكەنلىكى سولغۇن چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— ئولتۇرسىلا ! — دېدى سەئىدخان بارگاھى ئالىيغا ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىنمۇ ھېچكىمنى پىسەنتىگە ئالمىغاندەك گىدىيىپ تۇرغان جاھانگىر مىرزىغا. ئۇنىڭ بېشىدا تاج، ئۇچىسىدا شاھانە تون بار ئىدى، چىرايى، بوي ـ تۇرقى مىرزا

ئابابەكرىنى تارتقانىدى، لېكىن ئاتىسىدەك قەھرلىك، سۇرلۇك، قاۋۇل ئەمەس ئىدى.
مۇلازىملار قىرغاۋۇل گۆشىنىڭ شورپىسى بىلەن مانتا ئەكىرىپ داستىخانغا قويدى. جاھانگىر مىرزا قورسىقى ئاچقان بولسىمۇ، مەززىلىك تائامغا قاراپمۇ قويمىدى.
— تاماق يېگۈلىرى يوق ئوخشايدۇ. ئانىلىرى جاھانباغدا بولمىسا، ئوردا ھەرەمخانىسىدا، كۆڭۈللىرى خالىغان يەردە تۇرغايلا. بىللە تاماق يەپ سىرداشقۇم بار ئىدى، مەيللىرى بولمىسا چىقىپ ئارام ئالسۇنلار، قانداق تەلەپ بولسا تاغىلىرى سەييىدمۇھەممەد مىرزىغا ئېيتسۇنلار، تارتىنمىسۇنلار. شاھزادە، ھازىردىن باشلاپ سىلى ئەسىر ئەمەس، ئەركىن. مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا تەختكە چىقىش مۇراسىمى بولىدۇ. خالىسىلا قاتنىشارلا، بۇ تامامەن ئۆز ئىختىيارلىرىدىكى ئىش.
سەئىدخاننىڭ «سىلى، ئۆزلىرى» دەپ ھۆرمەتلەپ قىلىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جاھانگىر مىرزا مەڭدەپ قېلىپ جاۋاب ياندۇرماق بولدى ـ يۇ، بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغان گەپنى بىر يۇتەل بىلەن يۇتۇۋېتىپ ئىلدام چىقىپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان سەئىدخان: «مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق ئادەمنى ئەزىز ئەمەس، خار قىلىدۇ. ئاۋامدىن، دوستلىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. جاھانگىر مىرزا، ھوشۇڭنى يىغىۋال!» دەپ قەلبەن خىتاب قىلدى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەمىر كەبىر ئاكا.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — سەئىدخان كىرىپ كەلگەن مىرزا ھەيدەرگە جاۋاب سالام بېرىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.
— جاھانگىر مىرزا بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشىمامدۇ؟
— شۇنداق، ئەمىر مىرزا ھەيدەر. ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلىدۇ. نېمە قىلىشنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. مۇۋاپىق پەيتتە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قويسۇنلار.

— بولىدۇ، ئەمىر كەبىر ئاكا، بۇ شاھزادە پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتىسىغا ئوخشىتىپ قالغان چېغى، مەن چۈشەندۈرەي.

— مەن ئالدىنقى ئايدا سىلىنىڭ ياردەم قىلىشلىرىنى سورىغان ئىش قانداق بولدى؟ ئىككى ئاي ئۆتتى، جاۋابلىرىغا تەقەززا بولدۇم، ئەمىر.

مىرزا ھەيدەر تەبەسسۇم قىلدى:

— مەن ئالىيلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇيرۇق ياكى زورلۇق قىلغىلى بولمايدىغان بۇ نازۇك ئىشنى بىر باشقا ئاچقىنىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇردۇم. ئەھۋالنى ئۇقۇپ ھەمشىرىلىرى مۇھەببە سۇلتان بېگىم ئۇ مەزلۇمەنى ئۈچ بالىسى بىلەن قەسىرىمىزگە ئەكەلدى. ئېيتى نائىمەخان ئىكەن. ئېغى ئىددىتى توشمىغاچقا، توي توغرۇلۇق زۇۋان سۇرمىدۇق. مەن خېلى كۆپ ئەمىر، سەردارلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋاللىشىپ، قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالسىمۇ، سەپەردە، جەڭگاھتا بولۇپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر توي قىلمىغان بىر باھادىر مىڭبېشىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئېيتى قۇيۇچبەگ ئىكەن. ئۆزى بىلەن سىردىشىش، باشقىلاردىنمۇ ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆز يۇرت - ئېلىنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان، ھۆرلۈك، ئادالەت ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ ئالىيلىرىغا نۆكەر بولغان ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەردىم. ئۇ: «ئاتامنى مىرزا ئابابەكرى ئاختا قىلىپ قازغۇچىلارغا قوشۇپ ئىشلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئانام ئۇنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا سىل بولۇپ توگەپ كەتتى. مەن يالغۇز ئوغۇل ئىدىم، ياركەنتتە بويۇن قىسىپ تۇرغۇم كەلمەي ئەندىجانغا چىقىپ سەئىدخانغا نۆكەر بولدۇم. يىگىرمە يىللىق ئۆمرۈم ئات ئۈستىدە، جەڭگاھتا ئۆتتى. ھېچكىم ماڭا ئائىلىلىك بولۇشۇم توغرۇلۇق گەپ قىلمىغانىدى، جاناپلىرى ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ ئارزۇيۇمغا ئارزۇ

قوشتىلا» دېدى. ئاندىن مەن گەپ ئەگىتىپ ئەلىبەگ ۋە ئۇنىڭ تۇل ئايالىنىڭ ھال - ئەھۋالى ھەققىدە گەپ ئاچتىم. ئۇ بىرىلىپ ئاڭلاپ: «مەن سەردار ئەلىبەگنى بىلىمەن. ئۇ ئۆز قەسىمىنى ئادا قىلغان، زالىمنى يوقاتقان باھادىر، ئۇ مېنىڭ ئۇلگەم، لېكىن ئايالىغا، باللىرىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ» دېدى. «بۇ مەزلۇمەنى ئەمرىڭىزگە ئېلىشنى خالامسىز؟» دېدىم. ئۇ تۇرۇپ قالدى. مەن يەنە: «سىزگە بۇ ئايالنى سايە قىلىشىم بىرەر قىزغا ئۆيلىنىش تىلىكىڭىزدىن ياندۇرۇش ئەمەس، بەلكى بىر ساۋابلىق ئىشقا قەدەم باستۇرۇش، يېتىم - يېتىمە باللارغا ئاتا بولدۇرۇپ، ياشىنىڭ مەنىسى كۆيۈنۈش، ۋاپادارلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇشۇم ئۈچۈندۇر. ناۋادا بۇنىڭغا قوشۇلمىسىڭىز راست گېپىڭىزنى دەڭ، ئۆز ئارزۇيىڭىز بويىچە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشىڭىزغا سەمىمىي ياردەم قىلىمەن» دېدىم. ئۇ بىر ھازا ئويلىنىپ: «تالاي ئۇلۇغلار جۇۋان ئېلىپ بەختىيار بوپتىكەن. مەن قانچىلىك ئادەم ئىدىم؟ ماقۇل، ئەگەر ئۇ مەزلۇمەنىڭ مەن بىلەن نىكاھلىنىشقا مەيلى بولسا ئەمرىمگە ئېلىشقا رازىمەن» دېدى. مەن سەردارنىڭ بۇ لەۋزىنى مۆھىببە سۇلتان بېگىمگە يەتكۈزدۈم. ئۇ ئاخىر نائىمەخاننى ماقۇل قىپتۇ.

— قانداق قىلىپ ماقۇل بولدۇرۇپتۇ؟ — سەئىدخان ھاياجانلىنىپ سورىدى.

— مۆھىببە سۇلتان بېگىم دۇنيادىكى چىرايلىق گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ ئۇنۇتالمىغاندىن كېيىن: «سەردار قۇيۇچىبەگنىڭ مۇنۇ لەۋزىنى ئاڭلاپ قويسىلا، ئۇ يۇرىكىدىن چىقىرىپ: ‹ئەلىبەگ باھادىر ئەزىمەت. ئۇ مېنىڭ ۋە تالاي دەردمەنلەرنىڭ ئارزۇيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ھاياتىنى قۇربان قىلدى. كاشكى، ئەھلىيەسى ئەمرىمگە ئۆتۈشنى بەجانىدىل قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ باللىرىغا مېھرىبان ئاتا بولۇشنى خالايمەن› دەپتۇ. مانا شۇنداق ۋاپادار، ساداقەتمەن كىشىگە ياتلىق بولماي دۇنيادىن تاق ئۆتۈپ كېتەمدىلا؟ بىر ئايال ئۈچۈن نىكاھلانماي

تۇل ئولتۇرۇش ئۆلۈمدىنمۇ يامان» دېگەنىكەن، نائىمەخان سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ «ئويلىنىۋالاي» دەپ ئۈچ كۈنگىچە ھېچكىمگە سۆز قىلماي ئۆيدە يېتىۋاپتۇ. ئاخىر مانا بۈگۈن ئەتىگەن چىقىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

— بارىكاللا! مۇبارەك بولسۇن، قۇتلۇق ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بوپتۇ، خۇشلۇقۇم ئاسمانغا يەتتى. ئەمدى تويىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشەيلى، — دېدى سەئىدخان ئۇزاق ۋاقىت ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغان شەھەرنى ئاخىر ئالغاندەك سۆيۈنۈپ.

— ئەمىر كەبىر ئاكا، ئەجەب بۇ ئايالغا مەملىكەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەندىن ئارتۇقراق كۆڭۈل بۆلۈپ كەتتىلىغۇ؟ — دېدى مىرزا ھەيدەر.

— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى كۈلۈپ سەئىدخان، — مەملىكەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى پۇقرانىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغاندىلا ئاندىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

توي ئانار قىزىرىشقا باشلىغان، ئەنجۈر ئىككىنچى قېتىم پىشقان چاغدا بولدى. سەردار قۇيۇچىبەگ بىلەن نائىمەخان ۋاپادار ئەر - خوتۇن، مېھرىبان ئاتا - ئانا بولۇپ ئۆتۈشكە بەل باغلىدى. بۇ خاسىيەتلىك توي ئەلىبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن قايغۇرغان ياركەند خەلقىنى خۇرسەن قىلدى. خەلق سەئىدخاننىڭ ئادالىتىگە تېخىمۇ چىنپۈتتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# تاج كىيگەن كۈن

### 1

كۈز قۇياشى يىڭىمدىن بېزەلگەن ياركەند شەھىرىگە ئارامبەخش ئىللىق نۇرىنى چاچماقتا ئىدى. يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يېڭى چېپىلغان ئېرىقلاردا شىرىلداپ ئاققان زىلال سۇ سۇڭگۈچلەردىن ئۆتۈپ، باغلىق ھويلىلاردىكى كۆللەرگە قۇيۇلاتتى ياكى ئەگىپ - ئەگىپ كۆۋەجەپ ئاققىنىچە دالالارغا چىقىپ ئېتىزلارنىڭ چاڭقىقىنى قاندۇراتتى. ئېرىقنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سۇۋادانلار ئىرغاڭشىپ شىلدىرلايتتى. پاكىز سۈپۈرۈلگەن كوچىلارغا سۇ سېپىلگەنىدى. بۇ غۇر - غۇر شاماللىق كۈنلەردە ئادەمنىڭ ئاپتاپسىنغىسىلا كېلەتتى. بازار، رەستىلەردىكى دۇكانلار ئوچۇق بولۇپ، ئوقەتچىلەر دۇكانلىرىدا ئاپتاپسىنىپ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. يازلىق مېۋىلەر تۈگەپ، كۈزلۈك مېۋىلەر ۋە قۇرۇق يەل - يېمىشلەر بازارغا كىرگەنىدى. دەرەخلەر ئەمدىلا ياپراق تاشلىغان كەچ كۈز كۈنلىرى بولغاچ، كۆڭۈل ئىسسىق گۆشگىردە، كاۋاپىنىلا تارتىپ تۇراتتى.

دېھقانلار باغلىرىدىكى مېۋە - چىۋە، قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى باققاللارغا ئەرزانلا ئۆتكۈزەتتى، بىر كىملەر كەلسە بىكارغىلا بېرەتتى. باققاللار يېزىلاردىن ئەرزانلا ئەكىرگەن بۇ مېۋە - چىۋىلىرىنى گۈزەر، كوچا دوقمۇشلىرىدا دۆۋىلەپ شەھەرلىكلەرگە سېتىپ بېرەتتى.

بۇ كۈنلەردە سەييىدمۇھەممەد مىرزا، مىرزا ھەيدەر،

قاناتبەگلەر ھەرقايسى ئەل ـ يۇرتلاردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى.

سەئىدخان مانا شۇنداق ئاسايىش كۈنلەردە ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى ياقلاپ قۇرۇلىدىغان بۇ خانلىقنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قوغداشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇ جەڭ توختاپ تىنچلىق باشلانغىنىدىن ئەمىنلىك ھېس قىلىسىمۇ، يەدكار زالىملارنىڭ، مۇناپىق، مۇرتەت، ئاسىيلارنىڭ سۈيىقەستىدىن ھەرقاچان غالىب كېلىشنى ۋە ھوشيار تۇرۇشنى ئەمىر، سەردارلارغا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى.

سەئىدخان ئالمالىقتا كۆك بۆرىگە يولۇققىنىدىن تارتىپ، تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان ھۇزۇرىدا ئۆتكەن كۈنلەرنى، بابۇر مىرزا بىلەن تۇنجى قېتىم بىللە قاتناشقان جەڭنى ئەسىرگە چۈشۈپ زىنداندا ياتقان كۈنلەرنى، ئۆزىگە ئاشىق بولغان قىزنىڭ تەقدىرىنى، پەرغانە، ئۆرەتۆپە، ئاقسۇدا، چۆل ـ باياۋانلاردا ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈنلەرنى، ئاددىي دېھقان قىزى بىلەن ئەنجاندا تۇرمۇش قۇرغىنىنى، كابۇلغا بارغانلىقىنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى. كابۇلدىن ئەنجانغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، جانىبېك، سۈيۈنچەكخانلار بىلەن قىلغان جەڭلىرىنى، سايراندا ئۆتكەن توينى، ئاخىرىدا سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئويلاپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادى بولغىنىدىن، سەپدىشى، دوستى بولغان مىرزا ھەيدەر، سەيىدمۇھەممەد مىرزىلارنىڭ ھەر ئىشتا يار ـ يۆلەك بولۇپ كەلگەنلىكىدىن بەك ئېپتىخارلاندى. مەرھۇم ئەلىبەگكە قاتتىق ئېچىندى. ئاددىي دېھقان بالىسىدىن باتۇر سەركەردە بولۇپ يېتىشكەن چارە ـ تەدبىرلىك قېيىنئاغىسى قاناتبەگدىن رازى ئىدى. سەئىدخاننىڭ ماڭغان يولى ئۇزۇن، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار كۆپ ئىدى. سەئىدخان ئەل ـ يۇرت بىلەن تەڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئېغىر تۇيۇلمايدىغانلىقىنى، ئەل ـ يۇرت بىلەن تەڭ كۆرگەن راھەت ـ پاراغەتنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى

بىلگەنىدى. بىشىدىن شۇنچە ئىشلار ئۆتكەن بۇ باھادىر شاھ ھەرقانچە زور بايلىققا ئىرىشكەن تەقدىردىمۇ، ئادەمنىڭ ئەجەلدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، بايلىقنى جەسىتى بىلەن گۆرگە ئەكىتەلمەيدىغانلىقىنى، بىشىغا كۆن چۈشكەن، بايلىق ۋە دۆلىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلارغا قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى، غېرىب - غۇرۋا، يېتىم - يېسىرلارغا قىلىنغان شەپقەتلىك ياردەمنىڭ ئاخىر بىر كۈن كۆتمىگەن يەردىن يانىدىغانلىقىنى، ھاجەتمەنلەرگە قىلىنغان مىننەتسىز ياخشىلىقنىڭ ئامەت، يوشۇرۇن - ئاشكارا قىلىنغان يامانلىقنىڭ ئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. مانا بۇگۈن ئارمىنىغا يېتىپ تاج كىيىدىغان چاغدا سەئىدخان ئۆزىنى دەبدەبە، تەنتەنىدىن قاچۇرۇپ، شۇ سەلتەنەتكە ئانچىۋالا قىزىقماي قويىدى. مۇشۇ كۈن ئۈچۈن ئۇ قانچە - قانچە قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا قىلىچىنى قانغا بوياپ، ياسىدىن ئوق ئۈزگەنىدى. ئۇ شۇلارنى ئويلاۋاتقىنىدا يۈرىكى قىسىلغاندەك بولۇپ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.

«دۇنيادا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورنى بولىدىكەن، ھەتتا قۇرت - قوڭغۇز چاغلىق جانىۋارلارمۇ بىكاردىن - بىكار ھېكمەتسىز يارىتىلمىغانىكەن. ئۇلاردىن بىرسى كەم بولسا شۇنىڭ قەدرى ئۆتۈلىدىكەن، بىرسى ئارتۇق بولسا شۇنىڭ جەبرى بولىدىكەن. بايلىق - راھەتكە ئىنتىلمەيدىغان، يوقسۇزلۇق، جاپادىن قاچمايدىغان ئادەم بولمايدىكەن. خاتىرجەملىك ئىچىدە ئارامسىزلىق، ئارامسىزلىق ئىچىدە خاتىرجەملىك ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن. گۈل تىكەنسىز، ئىنسان نۇقسانسىز بولمايدىكەن. يامان تىلەكمۇ، ياخشى نىيەتمۇ كىشى ۋۇجۇدىدا ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن. ئالىم، غەنىي كىشىلەردە ئىللەت بولغىنىدەك، ئوغرى، پاسىق، لۈكچەكلەردىمۇ پەزىلەت بولىدىكەن. بۇنى بايقاش، كۆرۈش ھەممىلا ئەقىل

ئىگىسىنىڭ قولىدىن كېلىشۋەرمەيدىكەن. ھايات مانا شۇنداق داۋاملىشىدىكەن. جۇر ئەتلىك ۋە غەيۇر كىشىلەر مۇرادىغا يېتىدىكەن. نادانلار، قورقۇنچاقلار جەبىر - جاپا كۆلىپەتتىن قۇتۇلالمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇشاللىقمۇ، قايغۇمۇ ئەبەدىي بىر - بىرىنى قوغلىشىدىكەن» دەپ ئويلىدى سەئىدخان ھايات مۇساپىسىنى ئەسلەپ. ئۇ پۇشايمان قىلغۇدەك، ھەسرەت - نادامەت چەككۈدەك تەتۈر قەدەم باسمىغانلىقىغا شۈكۈر قىلدى. شۇڭا، بىردىنلا روھلىنىپ قوللىرىنى كېرىپ تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. ئەسلىمە قويىنىدىن چىقىپ، پەنجىگاھ مۇقامىغا بىردەم چېلىپ پەيز قىلدى. گويا قۇياش قارا بۇلۇتنى يېرىپ چىققاندەك خىيال دېڭىزىدىن بالقىپ چىققان يېڭى ئارزۇ - تىلەكلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالدى: «بىزنىڭ بۇ خانلىقىمىز جاپا تارتقان خەلقىمىزگە، ئەۋلادلارغا تىنچلىق، ئاسايىشلىق بەخش ئەتسە، ئالىم - ھۆكۈمالىرىمىز، ئەدىب - سەنئەتكارلىرىمىز، ئەمىر - سەردارلىرىمىز، تېۋىپچى، باقمىچىلىرىمىز، دورىپۇرۇش - ئەتتارلىرىمىز، ھۈنەرۋەن - كاسىپلىرىمىز بەخىرامان ئۆز ئىشىنى قىلسا، كۈندىن - كۈنگە بېيىپ دۇنيانىڭ خالىغان يېرىگە بارالايدىغان بولسا، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىنتىلسە، بۇ بىمۋاپا جاھاندا ھۆرمەتلىنىپ ياشىسا، تاجۇتەخت، زېمىن تالىشىدىغان، بىھۇدە قان تۆكىدىغان ئۇرۇشقا، زوراۋانلىققا مەڭگۈ خاتىمە بېرىلسە، ئاللا ئىشلىرىمىزدىن رازى بولسا ...»

— شاھزادەم، قەدىرلىكىم، كۆن چۈش بولۇپ قالدى. تاماق يەۋالسىلا، — مەختۇمە سۇلتان بېگىمنىڭ ئاۋازى سەئىدخاننىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈۋەتتى.

— تاماق يېگۈم يوق، ئەزىزىم. ئوغلۇمنى كۆرگۈم كېلىۋاتىدۇ.

سەئىدخان باش چايقاپ خىيالچان كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ

شېرىن ئۆيىنى يەنە داۋام ئەتكۈسى بار ئىدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، شاھزادەم، ئۈچ كۈندىن بېرى قېتىق، سۈزمىدىن باشقا تۇزۇكرەك تاماقمۇ يېمىدىلە. يا كېچىسى، يا كۈندۈزى ئۇخلىغانلىرىنىمۇ كۆرمىدىم. كۆپ خىيال سۈرۈپ كەتتىلە. ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىۋاتقان چاغدا نېمانچە غەم قىلىدىلا، — دېدى مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ. خوتۇنىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن مونچاق ـ مونچاق ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەئىدخان ئۇنى باغرىغا باستى.

— كىشىلەر شاھلارنىڭ غېمى بولمايدۇ، دەپ خاتا ئويلىشىدۇ. بىر ئائىلە باشلىقى ئۆز ئائىلىسىنىڭ غېمىدە بولسا، بىر ئەلنىڭ بېشى تۈمەنمىڭ ئائىلىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. ئەزىزىم، ھەزرىتى مەۋلانا نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋايى:

ئادەمىي ئەرسەڭ، دېمەگىل ئادەمىي
ئانىكىم، يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

دېگەن بېيىتى بىلەن ئادەمنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. خەلق غېمىدە خىيال سۈرۈش شاھلارنى ئەقىللىك قىلسا، غەم قىلىش ئىزدەندۈرىدۇ. ئىنتىلىپ ـ ئىزدىنىپ ئارزۇ قىلىۋاتقان بىر نەرسەمگە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقاندەكلا، ئىنسان دۇنيادىن شۇنداق ئۆتسە كېرەك. بولدى ئەزىزىم، تاماقنى ئاچقىپ يېقىن ئارىدىكى بىر سائىلنى چاقىرىپ مېھمان قىلىڭ، ماڭا مۇشۇ يېتىدۇ.

سەئىدخان بىر پارچە نان بىلەن بىر پىيالە قېتىقنى ئىلىپ قېلىپ، قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغان لەززەتلىك پولۇنى قايتۇرۇۋەتتى.

## 2

بارگاھى ئالىيىنىڭ ئەتراپىدا سەئىدخاننىڭ ھەرىمى، خاس ھۇجرىسى، كىتابخانىسى، ئەمىر كەبىرلىك ھۆكۈمىتى چۈشۈرىدىغان سارىيى، كېڭەش ئۆيى، مۇلازىملار ۋە قاراۋۇللار ياتىقى قاتارلىق خانىلار بەرپا قىلىنغانىدى. مۇراسىمغا كەلگەن ئەل - يۇرت كاتتىلىرى دەسلەپ سەئىدخان بىلەن كۆرۈشۈپ، سەئىدخاننىڭ ناھايىتى ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن كاتتا ھۆرمەت - ئىكرامىدىن تەسىرلىنىپ كېتىشتى.

سەئىدخان دائىم دېگۈدەك ئەتراپىدىكى دېھقانلار، تىجارەتچى، كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. قانداقلىكى ئادەم بارگاھ ئالدىغا كەلسە كۆرۈشمەي قالمايتتى. ئۇ زور ئۆزگىرىش ياسايدىغان كاتتا مۇراسىم كۈنىنىڭ يېقىنلاشقىنىدىن ھاياجانلىنىپ، كۈنلەرنى ئىلتىجا بىلەن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ھەر نامازدىن كېيىن: «يەرۇكۆكنى ياراتقان ئەي، ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم، ئادالەت بىلەن خەلقنى سائادەتكە يەتكۈزىدىغان بۇ بۈيۈك خانلىقنىڭ تىكلىنىشىگە مەدەتكار بولغىن. ئۇنىڭغا كۆكسى - قارنى كەڭ، ئىمانى كامىل بىر ئاقىل بەندەڭنى خان قىلىپ بەرگىنكى، ئىنايىتى ۋە شاپائىتى بىلەن مەملىكىتىگە خاتىرجەملىك، جۇشقۇنلۇق بەخش ئەتسۇن. ئەگەر پېقىر قۇلۇڭدا ئۇنداق جاسارەت بولمىسا، پادشاھ بولۇش ئارزۇيۇمغا ھېچقاچان يەتكۈزمىگەيسەن، ئامىن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

بۈگۈن سەئىدخان ئادەتتىكىدىن خۇشال كۆرۈنەتتى. دۆلەتنىڭ ئاۋاتلىشىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولدىمۇ ياكى چۈشىدە بېشارەت بولدىمۇ، خېلىدىن بېرى سەئىدخاننىڭ روھى مۇنداق كۆتۈرەڭگۈ بولمىغانىدى. ئۇ بارگاھى ئالىيىنىڭ دېرىزىسىدىن قارىۋىدى،

ئوغلىنىڭ توپىلىق يولدا پىڭىلداپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. سەئىدخان تەبەسسۇم قىلىپ جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇشىغا، ئىشىك ئېچىلىپ ئاۋۋال مەختۇمە سۇلتان بېگىم، ئاندىن ئابدۇرەشىدخان كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاتا! — قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەردى ئابدۇرەشىدخان، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. بادام دوپپا، مەخمەل كەمزۇلى بەكمۇ ياراشقانىدى. بېلىگە چىڭ باغلانغان كەمەرگە ئېسىۋالغان كۈمۈش ساپلىق خەنجەر ئۇنىڭغا قەيسىرانە روھ ۋە جاسارەت بەخش ئەتكەنىدى.

— تالادا تازا ئويناپسەن - دە، بەڭباش، — دېدى سەئىدخان ئوغلىنىڭ تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان بويۇن - بېشىغا كۆز سېلىپ.

— ئوينىماي ئۆيدە سىلىدەك خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرسام بولامتى، ئاتا؟ — جاۋاب بەردى بالا ياغلىقى بىلەن تەرىنى ئېرتىپ.

— ئەندىجاندا خەتنە تويىنى قىلغاندىن كېيىن خېلى ياۋاشلاپ قالغانىدى، ياركەندكە كەلگىنىمىزدىن بېرى قاسماق باللار بىلەن ئويناپ كەپسىزلىشىپ كەتتى، تالادىن زادى كىرمەيدۇ، — دېدى ئانىسى ئاچچىقلاپ.

— دېھقان باللىرى بىلەن ئوينىمىسام كىم بىلەن ئوينايمەن؟ — ئابدۇرەشىدخان قاراپ تۇرۇپ دادىسىغا چېقىۋاتقان ئانىسىدىن خاپا بولۇپ دومسىيىۋالدى.

— ئەمىر، بەگلەرنىڭ پاكىز باللىرى بىلەنچۇ؟

— ئۇلار قورققاق، تالاغا چىقمايدۇ.

— بوپتۇ، بالام، دېھقان باللىرى بىلەن ئويناۋەرگىن. ئويناۋېرىپ مىرزا ھەيدەر ئاغاڭدىن دەرس ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن يەنە، — دېدى سەئىدخاننىڭ مەستلىكى كېلىپ.

— دەرس ئېلىۋاتىمەن، دادا، ئوسمانبەگ ئاكامدىن ئوقيا ئېتىشنىمۇ ئۆگىنىۋاتىمەن. ئاۋۇ كۈنى ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئوقيا ئاتىمەن دەپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدىم.

— خۇدا ئۆزى ساقلاپتۇ، بالام، ئەمدى ئات ئۈستىدە ئۇقيا ئاتقۇچى بولما، — ئانىسى ئەندىشە قىلىپ ئوغلىنى قۇچاقلىدى.

— ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىۋالمىسام قانداقمۇ چەۋەنداز بولالايمەن؟ چەۋەنداز بولالمىسام سەردار بولالمايمەن، سەردار بولالمىسام ھېچ ۋاقىتتا پادىشاھ بولالمايمەن، ئانا.

سەئىدخان مەختۇمە سۇلتان بېگىمگە سىپايىلىك بىلەن رەددىيە بەرگەن ئوغلىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە قاقتى.

— ئۆگەن، بالام، ئۆگەن، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئوقيا ئېتىشنى، قىلىچ ئۇرۇشنى، نەيزە سانجىشنى ئۆگەنمىگەن ئادەم چەۋەندازمۇ بولالمايدۇ، پادىشاھمۇ بولالمايدۇ. بۇنى ھەرھالدا چۈشەنگىنىڭدىن خۇرسەن بولدۇم. ئۇستازىڭغا رەھمەت، — ئاتا ئوغلىنىڭ يۈز - كۆزىدىكى توپا - چاڭنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشنى ئاتالىساڭ ئاندىن مەرگەن ھېسابلىنىسەن، مەرگەن بولساڭ دۈشمەنگە ئاتقان ئوقۇڭ زايە كەتمەيدۇ.

— مەرگەن بولىمەن، ئاتا.

سەئىدخان ئوغلىنىڭ پېشانىسىغا سۆيدى.

— خۇدا تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن، بالام.

— ئاتا، مىرزا ھەيدەر ئاغام نەچچە كۈن بولدى ماڭا دەرس بېرىشكە كەلمىدىغۇ، بىر يەرگە كەتتىمۇ يا؟ — دەپ سورىدى ئابدۇرەشىدخان ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ. ئۇ خەتنە تويىدىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئالدىدا دائىم شۇنداق ئەدەپ بىلەن سۆز قىلىدىغان، رۇخسەت بىلەن ئالدىغا كىرىپ، رۇخسەت بىلەن چىقىپ كېتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى.

— ئاغاڭ ئوردىدا خانلىقىمىزنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا تەييارلىق قىلىش بىلەن ئالدىراش، بالام، دەرسىڭنى تەكرارلاپ تۇرغىن. يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن ساڭا كۈندە دەرس بېرىدۇ،

ۋاقتىڭنى زايە قىلماي تىرىشىپ ئۆگەن. توختا! ئۇنتۇماي ئەلىبەگنىڭ ئوغلى رۇستەمبەگنى كەچتە باشلاپ كەلگىن، ئۇنتۇما جۇمۇ!

— ئۇنتۇمايمەن، ئاتا، خۇدا بۇيرۇسا چوقۇم باشلاپ كېلىمەن. ئىجازەت بەرسىلە، ئەمدى چىقىپ دەرسىمنى ئۆگىنەي.

— ماقۇل، بالام، — سەئىدخان كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتكەن ئوغلىغا مەستلىكى كېلىپ قاراپ قالدى.

— ئاتىسى، سەھەردىن بېرى بىرنېمە يېمىدىلە، ناشتا قىلىۋالسىلا، — دەپ ئۆتۈندى مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئېرىگە بىر پىيالە سىنچاي سۇنۇپ، — بالىنى بەكمۇ ئەركىلىتىپ قويۇۋەتتىلە، ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان بولدۇم.

— ئەزىزىم، — دېدى سەئىدخان پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، — ئەنسىرىمىسىلە، ئەركىنلىك چوڭ بولغىنى ياخشى، يۈرەكلىك ئادەم بولىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ، بۇنىڭدىنمۇ قورقۇتىۋەرسەك توخۇ يۈرەك، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. «دېھقان بالىلىرى مەينەت، ئۇلار بىلەن ئوينىما» دېگەن سۆزنى ئوغلىمىزغا ئىككىنچىلەپ قىلغۇچى بولمىسىلا. بىزنى نان، ئاش بىلەن بېقىۋاتقان خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى دېھقانلار ئەمەسمۇ؟

— ئويلىماي دەپ سالپتىمەن، شاھزادەم.

سەئىدخان ئۇن چىقارماي چىقىپ كېتىۋاتقان خوتۇنىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قالدى. مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئۆزى راسلاپ ئەكىرگەن بىر تەخسە نېرىن چۆپنى ئەكىرىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا قويدى. مەززىلىك پۇراق دىماققا ئۇرۇلدى. سەئىدخان بىر پىيالىگە نېرىندىن سېلىپ ئۈستىگە ئىككى قوشۇق قېتىق قۇيۇپ يېۋىدى، شۇنداق تېتىدى.

— بەك ئوخشاپتۇ. بۇ تاماق ئىشتىھايىمنى ئاچتى، — دېدى سەئىدخان خوتۇنىغا ئامراقلىقى تۇتۇپ، — سىلىمۇ يېسىلە، ئېشىپ قالمىسۇن.

مەختۇمە سۇلتان بېگىم ئېرىگە مېھىرلىك نەزەردە قىيا

باقتى.
— نەچچە كۈندىن بېرى سىلىگە تاماق تازا تېتىمىدى. شۇڭا، بۇ نېرىن چۆپنى ئاشپەزلەر ئەمەس، ئۆزۈم ئەتتىم، گۆشىنىمۇ ئۆزۈم قازانغا سالغاندىم. تۇجۇپىلەپ ئەتكەن تاماقنى ئېرى ئىشتىھا بىلەن يېسە، خوتۇن كىشىنىڭ هاردۇقى ئاندىن چىقىدۇ.
«دېهقان باللىرى دېهقان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلاردىن نۆكەر، ياساۋۇل، سەردار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىرى ئاز بولسا كېرەك. پادىشاھ بالىسى پادىشاھ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.»
سەئىدخاننىڭ ئارزۇسى تولىمۇ يۈكسەك ئىدى. ئۇنىڭ پىكىر قىلىشىغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن مەختۇمە سۇلتان بېگىم داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ئۆز خانىسىغا چىقىپ كەتتى.
نەيزە بويى ئۆرلىگەن كۈننىڭ ئالتۇن نۇرى دېرىزىگە جۇلا تاشلىدى. سەئىدخان مۇلازىمىنىمۇ چاقىرماي ئۆزى سىرتقا چىقتى، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىدە تاھارەت ئالدى. ئۇ نۆكەر، ياساۋۇللارغا باش لىڭشىتىپ سالام قىلىپ، خىيابانلىق كۆل بويىنى بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن بارگاھى ئالىيغا كىرىپ چاشگاھ نامىزىغا① تۇردى.
— سەئىدخان ! سۇلتان سەئىدخان !
يىراقتىن گۈركىرەپ ئاڭلانغان بۇ سادا دۇئا قىلىۋاتقان سەئىدخاننىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭ يۈرىكى شىددەتلىك سوقتى، شۇ تاپتا قانات ياساپ ئۇچقۇسى كېلىپ كەتتى.
— بىزنىڭ پادىشاھىمىز سۇلتان سەئىدخان ! سەئىدخان ! سەئىدخان ! ...
نۇرغۇن ئادەمنىڭ هەيۋەتلىك ساداسى تېخىمۇ قاتتىق ياڭرىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شۇررىدە ئېرىگەندەك بولۇپ ئۆزىنى

① چاشگاھ نامىزى — كۈن چىققاندىن كېيىن پېشىندىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان نەپلە ناماز.

تۇتالماي قالدى. سەئىدخان بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ بارگاھى ئالىيدىن چىقتى. كۆز قۇياشى ئۇنىڭ ئالدىغا نۇردىن پاياندار سالدى.

ياركەند شەھىرىدىن چىققان نەچچە مىڭ ئادەم بارگاھى ئالىيغا سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتاتتى.

— سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەئىدخانغا مەدەتكار بول، ئاللا!

— سەئىدخانغا ئامانلىق تىلەيمىز!

— بىزنىڭ پادىشاھىمىز سۇلتان سەئىدخان!

توپ ـ توپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا سەييىدمۇھەممەد مىرزا، مىرزا ھەيدەر، قاناتبەگ، قىرغىز مۇھەممەدبېك، ئوبۇلقاسىم داموللا قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى سەپ تارتقانىدى.

سەئىدخان ئۇلارغا قاراپ ماڭدى.

باللار بىلەن ئىككى تەرەپ بولۇپ «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» ئويۇنىنى ئويناۋاتقان ئابدۇرەشىدخان بارگاھى ئالىيدىن چىققان ئاتىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

سەييىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەر سەئىدخانغا سالام بەردى، ئاندىن ئۇنى مەخسۇس ياسالغان چاھار سۇپىغا سېلىنغان، پاكلىقىنىڭ نىشانى بولغان ئاق بۇلۇتتەك ئاپپاق مەشۇت پېكەندازغا ئولتۇرغۇزدى.

خالايىق ئارىسىدىن ئاق سەللە ۋە پېشىل تونلۇق سالاپەتلىك بىر مويسىپىت تۇرۇپ، سەئىدخانغا ئېھتىرام بىلدۈردى.

— پېقىر، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — كاشغەردە مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ قىلغان ئوبۇلقاسىم داموللا بولىمەن. شاھزادە، سىلى لەشكەر باشلاپ كەلمىگەن بولسىلا سۇلتانى زالىم بىزنى قەتلىئام قىلىۋېتەتتى. خۇدا ئالىيلىرىنى قۇتقۇزغۇچى تەرىقىسىدە بىزگە يەتكۈزدى. ھەزرەتلىرى بىزنىڭ پادىشاھىمىز بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ. پېقىر

www.uyghurkitap.com

كاشغەر دىيارىنىڭ شەيخۇلئىسلامى ۋە قارىكالانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆز ناملىرى مۇبارەك نامى قىلىنغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانلىق تاجىنى ئالىيلىرىغا كىيدۈرىمەن، ـ دېدى ـ دە، ئاۋۋال خانلىقنىڭ ئاق بالداققا بېكىتىلگەن يېشىل تۇغنى سەئىدخانغا قوش قوللاپ سۇندى.

سەئىدخان تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يېشىل تۇغنى ئالدى ـ دە، باش ئۈستىگە كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنى قاناتبەگكە بەردى. ئوبۇلقاسىم داموللا پارىلداپ تۇرغان ئالتۇن تاجنى «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ سەئىدخاننىڭ بېشىغا قوش قوللاپ كىيدۈردى. سەيىدمۇھەممەد مىرزا شاھانە زەر توننى سەئىدخانغا ياپتى. مىرزا ھەيدەر سەئىدخاننىڭ بېلىگە ئالماستىن كۆز قويغان شاھانە ئالتۇن كەمەرنى باغلىدى.

— مۇبارەك، مۇبارەك ! پادىشاھىمىز سۇلتان سەئىدخانغا مۇبارەك !

مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئادەمنىڭ ياڭراق ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك ئاسمان ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئوسمانبەگ بىر ئاق ئارغىماقنى يېتىلەپ كەلدى. سەئىدخان ئاقيوللۇق بولۇشىنىڭ نىشانى بولمىش ئاق پاياندازا ئۈستىدە تۇرۇپ چاپچىپ تۇرغان ئاتقا مىندى. قاناتبەگ مۇبارەك يېشىل تۇغنى ئۇنىڭغا قوش قوللاپ سۇنۇپ بەردى. سەئىدخان يېشىل تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بېرىپ، دېدى:

— ئەزىز ۋەتەنداشلار، يۇرتداشلار ! ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋامنىڭ ھالىغا يەتكۈچى سەئىدىيە خانلىقى بۈگۈن ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن ياركەندتە رەسمىي قۇرۇلدى. ۋەتەن مۇھەببىتى، خەلق غېمى بىلەن جاپانى تۈلپار قىلىپ مىنىپ، قانىنى دەريا كەبى كېچىپ جانىنى ئالىقانغا ئېلىپ جەڭ قىلغان لەشكەرلەر، سەردار ـ سەركەردىلەر، بەگ ـ ئەمىرلەر، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار نامىدىن قەدىردان خەلقىم

ھەربىرىڭلارنى چىن قەلبىمدىن مۇبارەكلەيمەن.

زالىمنىڭ زۇلمى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلغان، جەڭگاھلاردا شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىمغا تەزىيە بىلدۈرىمەن، ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي. بېشىمدىكى تاج ئەمەس، ھەربىرىڭلارنىڭ غېمىدۇر. قولۇمدىكى يېشىل تۇغ خانلىقمىزنىڭ نۇسرىتىدۇر. ئۇچامدىكى تون ھەربىرىڭلارنىڭ ئارزۇ - ئۇممىدىدۇر. بېلىمدىكى كەمەر ھەربىرىڭلارنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتىدۇر ۋە خانلىقنى روناق تاپتۇرۇش ئىرادەمدۇر. ئاستىمدىكى ئات ھەربىرىڭلارنىڭ غالىب ئىرادەڭلەردۇر. بىر زالىمنىڭ ماماتى يامانلارغا ئۆلۈم، ياخشىلارغا ھاياتلىقتۇر. بىر ئادىل پادىشاھنىڭ ماماتى ياخشىلارغا ئۆلۈم، يامانلارغا ھاياتلىقتۇر. قېرىنداشلىرىم، ئىشەنچىڭلارغا زىنھار داغ چۈشۈرمەيمەن.

سەئىدخان «ئاللاھۇ ئەكبەر !» دەپ تەگبىر ئېيتقىنىچە شەھەرگە يول ئالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر، سەردار، سىپاھلار ئاتقا مىنىشىپ ماڭدى. سەپ تارتىپ تۇرۇشقان ئاۋام خەلقمۇ شەھەرگە سەلدەك ئاقتى. ھەيۋەتلىك تەگبىر ئاۋازىغا شادىيانە ناغرا ۋە سۇناي ساداسى قوشۇلۇپ يىراق - يىراقلارغا تاراپ كەتتى.

## 3

دەل شۇ چاغدا ياركەند شەھىرىدىكى ۋەزىرلەر مەھەللىسى دەپ ئاتالغان خالتا كوچىنىڭ ئاخىرىسىدىكى تۈچ ھالقىلىق چوڭ دەرۋازىسى بار قورۇ ئىچىنى گۆرىستان جىملىقى قاپلىغانىدى. دەھلىزلىك چوڭ ئۆيئىچىدە سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ جاللاتلار باشلىقى قوچقاربەگ يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان شىددەتلىك ئاۋازغا قۇلاق تۇتۇپ سالپىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. پات - پات سول قولى

بىلەن ئۇزاقتىن بېرى ئۇستىرا تەگمەي چاڭگىلدەك چىگىچلىشىپ كەتكەن ساقىلىنى سىيپاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋەتتى. چاچ - ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، خوتۇن - بالىلىرى ئۇنىڭ يېنىغا كىرەلمەي دەھلىزدە ۋەھىمە بىلەن تۇراتتى، ھەتتا ئۇنىنى چىقىرىپ گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى.

بىر چاغلاردا قوچقار ياساۋۇل دەپ ئاتالغان قوچقاربەگ چاپىنىنىڭ بوش تۇرغان ئوڭ تەرەپتىكى يېڭىنى سول قولى بىلەن غىجىملاپ، تاشقىرىدىن گۈرۈلدەپ ئاڭلىنىۋاتقان بەھەيۋەت ساداغا يەنە قۇلاق سالدى.

— سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سەئىدخانغا سالامەتلىك تىلەيمىز!

— سۇلتان سەئىدخان بىزنىڭ پادىشاھىمىز!

— ھەرقانداق ياۋۇز دۈشمەن سۇلتان سەئىدخانغا تەڭ كېلەلمەيدۇ!

— سەئىدىيە خانلىقىنى ئاللا ئامان قىلغاي!

قوچقاربەگنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ساقال باسقان چىرايى قارىداپ، ياغاق يۇزىنىڭ تېرىسى تارتىشىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قاپىقى لىپىلداپ تارتتى. چېقىر كۆزلىرى قىسىلىپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى قىمىرلىدى. قورۇق قاپلاپ كەتكەن چېكىسى ۋە كۆز چانىقىنىڭ ئەتراپى بىردىن سارغىيىپ، ئاستا - ئاستا قارامتۇل كۆكۈچ رەڭگە كىردى. ئۇ ئۆلۈك چىراي بولۇپ قالغانىدى.

قوچقاربەگ ئەسلىدە بىر قىمارۋازنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. كىچىكىدىن دادىسىنى دوراپ ئاسمانغا يىچاق ئاتىدىغان تەلۋە بولۇپ ئۆستى. كاشغەر، ياركەند ئارىلىقىدا قاتراپ ياشلىقىنى ئۆتكۈزدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا نۆكەر بولدى. تەمبەل، كۈچلۈك بۇ قارام يىگىتنى مىرزا

ئابابەكرى باشقىلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئىشىغىلا سېلىپ، كېيىن ئۆزىگە ياساۋۇل قىلىۋالدى. ئوقەتچى، ھۈنەرۋەن – كاسىپلار قوچقار ياساۋۇل كېلىۋاتىدۇ دېسە، ئۆزلىرىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتى، نېمە دېسە، شۇنى بېرىشەتتى. مىرزا ئابابەكرى ياركەند تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنى جاللاتلار باشلىقى قىلىپ ئاشكارا، يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىغا قويدى ۋە بەگ نامىنى بەردى. قوچقاربەگ بۇ ياۋۇز سۇلتانغا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىپ، دېگىنىنى قىلىدىغان خۇنخورغا ئايلانغان چاغدا، ئەمىر مۇھەممەدبېك باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى يەلكىسىدىنلا چېپىپ تاشلىدى. نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان بۇ جاللات مانا مۇشۇنداق ئازابلىق كۈنگە قالىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى.

قوچقاربەگ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەتراپىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ساداسىغا قۇلاق سالغاچ تامغا ئېسىقلىق قىلىچىنى سول قولى بىلەن ئالدى. ئۇ ھەر قېتىم كاللا كەسكەندە، تىلى بىلەن قىلىچ بىسىدىكى قاننى يالايتتى. ئۇ غىلاپتىن قىلىچنى سۇغۇردى.

— سەئىدخان، سۇلتان سەئىدخان! ...

بۇ ئۆز پادىشاھىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئوردىغا يېقىنلاشقان ئاۋام خەلقنىڭ، نۆكەر – ياساۋۇللارنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى ئىدى.

قوچقاربەگ قۇلىقىنى ئېتىۋېلىش ئۈچۈن سول قولىنى كۆتۈردى. تاغىقىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان ئوڭ قولىنىڭ ئورنىدا چاپاننىڭ بوش يېڭى ساڭگىلاپ تۇراتتى. قوچقاربەگ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ قىلىچ بىسىدىن ئېقىۋاتقان قان ۋە كېسىلگەن باشلارنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ياش تۆكۈشى ئۆمرىدە تېخى بىرىنچى قېتىم ئىدى. ئۇ قىلىچنى بوغۇزىغا يېقىن ئەكېلىپ

www.uyghurkitap.com

بارلىق كۈچىنى يىغىپ كېكىردىكىگە سۈردى ــ دە، دەلدەڭشىپ بېرىپ تامغا يۆلىنىۋالدى. بويىنىنىڭ يېرىمى كېسىلگەنلىكى ئۈچۈن بېشى گىلدىڭشىپ، ئاخىر قىڭغىيىپ كۆتەكتەك يىقىلدى. قارامتۇل قان خېلى يەرگىچە ئاقتى. ئۇ ئۇزاققىچە تېپىرلاپ قوپماقچى بولۇپ، بىردەمدىن كېيىن سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ جېنى بەكمۇ تەستە چىقتى.

ــ ئاتىسى، ئىشىكنى ئاچسىلا، ئىشىكنى ئاچسىلا.

ــ ئاتا، ئىشىكنى ئاچقىن، ئاتا، ئاتا ...

ئۇنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى دەھلىزدە تۇرۇپ تووۋلىشاتتى. قوچقاربەگ جاللات بولسىمۇ بىر خوتۇنىنىڭ ئېرى، بالىلىرىنىڭ ئاتىسى ئىدى. بۇ قانخور جاللات نۇرغۇن ئادەمنىڭ بېشىنى كەسكەن قىلىچ بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىنىمۇ ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئاخىرلاشتۇردى.

## 4

سەئىدخان ئوردىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى. دەرۋازا ئالدىدىن تارتىپ ئوردا سارايىنىڭ ئىشىكىگىچە سەپراس بولۇپ تۇرغان ئەسكەر، ياساۋۇللار ئېھتىرام بىلدۈرۈپ قىلىچلىرىنى يەرگە قارىتىپ تۇرۇشتى. سەئىدخان سالماق قەدەم بىلەن سەلتەنەتلىك سارايغا كىرىپ، ئاق يىپەك پاينداز ئۈستىدىن كۈمۈش پايىلىق ئالتۇن قۇببىلىك تەختكە چىقتى. ئابدۇرەشىدخان تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇردى.

سەئىدخان تەختتە ئولتۇرۇپ ئاللاغا ئۇنلۇك ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى، كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلەن خۇش نەزەر سالغاچ ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، دېدى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي، ۋەتەنداشلىرىم، يۇرتداشلىرىم، تەقدىرداش قېرىنداشلىرىم، ئەي، سەپداشلىرىم، قولداشلىرىم،

ئەمىر، سەردار، بەگلىرىم، باھادىر غازى، تۆكەرلىرىم، ياساۋۇللىرىم ۋە ھۆرمەتلىك مېھمانلار! مەن بۈگۈن ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ ئىنايىتى بىلەن ياركەند شەھىرىدە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايمەن. ئۇلۇغ ئىگىمىز ئاللا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىپ، زالىم دۈشمەنلىرىمىزنى يەرگە قاراتتى. ئادالەت، ھەققانىيەت زۇلۇم ۋە ئاسارەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئەزىز ۋەتىنىمىزدىكى خانلىقىمىزغا يار ـ يۆلەك بولغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمەن. خانلىقىمىز تەۋەسىدىكى بارلىق ئۇلۇس، تائىپە قوۋملىرىنىڭ ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ، تىنچ، ئاسايىشلىق ئىچىدە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى، خانلىقىمىزنى تەڭ روناق تاپتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاللا بىزگە مەدەتكار! ھۆرلۈك، ئادالەت ئېلىمىزگە ئەبەدىي يار بولسۇن، ئامىن!

— ئامىن! — سەئىدخاننىڭ ياڭراق ئاۋازىغا كۆپچىلىكنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى قوشۇلۇپ، كۆركەم ۋە ئازادە ئوردا ئالدى لەرزىگە كەلدى.

قىرىق كۈنگىچە سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق شەھەر، ئايماق، يېزىلاردا ھۆرلۈك تويى ئۆتكۈزۈلۈپ، خەلققە ئاش تارتىلدى. ئۈچ يىلغىچە ئالۋان ـ سېلىقتىن قۇتۇلغان دېھقان، تىجارەتچى، ھۈنەرۋەنلەر شاد ـ خۇراملىقتا مەرىكە، سورۇن تۈزۈپ تەنتەنە قىلىشتى. سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدىكى شەھەر ـ بازارلاردا قىرىق كۈنگىچە شادىيانە ناغرا ـ سۇناي ساداسى ئۈزۈلمىدى.

ئاشۇ ئاخشىمى ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئەركانلار بىلەن نورۇزدۆڭگە بېرىپ، ئۆز خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا تەنتەنە قىلىۋاتقان ئاۋامنى كۆرگەندە، سەئىدخاننىڭ نۇر چۈلا قىلغان كۆزلىرىدىن يەنە ياش قۇيۇلدى. بىۋاقىت ۋاپات تېپىپ،

www.uyghurkitap.com

جەڭگاھتا شېھىت بولۇپ بۈگۈنكى سائادەتلىك كۈننى كۆرەلمىگەن يۈزلىگەن، مىڭلىغان قەھرىمانلار ئۈچۈن يىغلاۋاتامدۇ ياكى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ خەلقنى بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا يەتكۈزۈش، ۋەتەننى قۇدرەت تاپتۇرۇش ئۈچۈن غەم يەپ يىغلاۋاتامدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى، لېكىن سەئىدخان مۇراد سارىيىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغانىدى ...

# خاتىمە

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ئۆچتەك ئاقارغان ساقىلىنى سىيپاپ سۆزدىن توختىدى. پۇچۇق گۇمبەز ئىچى ئىمتاس بولۇپ قالدى. ئېغىزىنى ئىرەپ ئولتۇرغان شاھزادە ئابدۇرەشىدخان گۇمبەزنىڭ ئۇستىدىكى ئاجرىغان يوچۇقتا ئۇۋا سېلىپ بالا چىقارغان قارلىغاچقا بىر قاراپ، سورىدى:

— ئاتام سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان كۇنى شۇ يەردە بار ئىكەنلا ـ ھە، ئۇستاز؟

ئابدۇرەشىدخان بالىلىق خىيالى بىلەن «مېنىمۇ كۆرگەنىكەن» دەپ سۆيۈنۈپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى ئۇنىڭ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— بار ئىدىم، بالام، بولمامدىغان، مۇنداق خاسىيەتلىك كۇننى مەن يىل ئەمەس، كۇن ساناپ قىرىق يىل كۇتتۇم ئەمەسمۇ؟ ئۇ كۇنى سەئىدخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ بولغاندىن كېيىن سەيىيدمۇھەممەد مىرزىنى سەئىدىيە خانلىقى لەشكەرلىرىنىڭ ئەمىر كەبىرى ھەم كاشغەر دىيارىنىڭ ئالىي ھاكىمى، مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننى باش ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. ھەممىنى كۆرۈپ، سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم. جىسمىم گويا دۇنيادا يوقتەك مېنى ھېچكىم كۆرمىدى، يۈرىكىمنىڭ يىغىدىن توختاپ كۆلگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. پەقەت بۇنى رەببىم ئاللا كۆرۈپ تۇردى، بالام.

خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى قۇم چۆگۈندىكى مۇزدەك سۇنى ھېجىر تاۋاقتىكى قېتىقا قۇيۇپ دۇغ ئېتىپ، ئابدۇرەشىدخانغا

www.uyghurkitap.com

سۇنۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شاھزادە، سۇلتان مىرزا ئابابەكرىنىڭ بالىچاقىلىرىنىڭ تەقدىرى قانداق بولغانلىقىنى بىلگۈلىرى كېلىدىغاندۇ؟ بۇ بىر ئىبرەتلىك تارىخ، بۇ زالىم پادىشاھ ئۆمۈر بويى خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىپ ئۆتتى، ئاقىۋىتىمۇ ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك بولدى، بالىلىرىمۇ ياخشى كۈن كۆرمىدى. سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ باش ئېگىپ كەلگەن چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى يېڭىسارغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىپتىكەن، بىر كېچىسى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئانىسى بىلەن كاشغەرگە كەتكەن تۇرانگىر مىرزىمۇ قىساسكارلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ جەسىتى تۈمەن دەرياسى بويىغا تاشلاپ قويۇلۇپتۇ. خارەزىم تەرەپكە كەتكەن بوستانگىر دېگەن ئوغلىدىنمۇ خەۋەر يوق ئىمىش. مىرزا ئابابەكرىنىڭ خانىش، چۆرىلىرى كۆپ ئىدى، باشقا بالىلىرىمۇ بولغىيدى، دېرىكى كېيىن چىقىشى مۇمكىن. ھۆسنىنىگار سۇلتان بېگىم، پەخرىنىسا سۇلتان بېگىم دېگەن خانىشلىرى كېسەل ئىمىش، جاھانباغدا كۈتۈلۈۋېتىپتۇ. ئاڭلىسام كاشغەرگە ئەمىر بولغان سەيىدمۇھەممەد مىرزا خانزادە بېگىمنى ئەمرىگە ئالغانىمىش. راست، مىرزا ئابابەكرى قانخور، زالىم بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بالىچاقىلىرىنى جازاغا تارتسا ياكى ئۇلاردىن قەبىھ ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆچ ئالسا توغرا بولمايدۇ. ئەمما، تەقدىر شۇنداق ئادىلكى، زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايلا قالماي، ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرىمۇ ئۆلۈم ۋە كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ. كىشىگە زىيان يەتكۈزمەي ياخشى ئىش قىلغانلارنى ئەلمۇ بىلىدۇ. بۇنى زىنھار ئۇنتۇمىغايلا. مېنىڭ بىگۇناھ بالىچاقىلىرىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ تەقىبى ئاستىدا مەن بىلەن دىدارلىشالماي، يىراق ئوتتىدا پۇچىلىنىپ، خورلۇق دەستىدىن يۈرەك - باغرى زەرداب بولۇپ تۈگەپ كەتتى. مەن مۇشۇ كامالچە ۋە ساتار بىلەنلا قالدىم. مانا شۇنداق ئەھۋالدا، بۇ ئۇلۇغ كۈنگە يەتكۈزگەن ئاللادىن شۈنچە

مىننەتدار بولىدۇمىكى، تارتقان دەرد ـ ئەلەم، چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئۇچۇن ھەرگىزمۇ ھەسرەتلەنمىدىم. ئارزۇيۇمغا يەتتىم، ئەمدى ماڭا ئەمەلنىڭ نېمە كېرىكى! مۇشۇ پۇچۇق گۇمبەز ئىچىدە ئۆزۈمنى پادىشاھ بىلىپ بىئارمان ياشاۋاتىمەن. سەئىدخانغا ھەر كۈنى سەھەر دۇئا قىلىمەن. ئۇ ھاردىم ـ تالدىم دېمەي، ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلماي كۆرەش قىلىپ ئاخىر خانلىقنى تىكلىدى. مۇنداق چوڭ مەملىكەتنى بەرپا قىلىش يۈز يىلدا بىر تۇغۇلىدىغان، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە جاسارەتتە كامالەتكە يەتكەن قورقماس، غەيۇر ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. تۇمەنلىگەن ئادەم ئەنە شۇنداق بىر نادىر ئادەمنىڭ يول باشچىلىقىدا بەخت ـ سائادەتنى تاپىدۇ. ئەمدى مەنمۇ سائادەتنى تاپقان كىشىلەردىن ھېسابلىنىپ، ئۆزۈمنى يالغۇز ھېس قىلمايمەن، بالام. مەن ئاشۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان قۇتلۇق دەمدە ئاتىلىرى ئولتۇرغان تەخت يېنىدا سىلىنى كۆرگەنىدىم. بۇنىڭغا ئىككى يىل بولغاچقا، سىلىنى بايا دەرھال تونۇيالماي قاپتىمەن. ئەمدى تونۇۋاتىمەن، شاھزادەم. كۆزۈم غۇۋالىشىپ قالغان بولسىمۇ كۆڭلۈم يوپيورۇق، دائىم ساما سالغۇملا كېلىپ تۇرىدۇ.

ـــ ھۆرمەتلىك ئۇستاز، شۇنچە جەبىر ـ جاپا تارتىپلا، بۇ جايدا ئولتۇرۇشلىرى مۇۋاپىق ئەمەستۇر. دادام ئالدىغا بارسىلا، ئۇ جانابلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ.

بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن قەلبى لەرزىگە كەلگەن ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا تەشەككۇرىنى كۆڭلىدىكى يېقىنلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىزھار قىلدى. بۇنى چۈشەنگەن خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى ھەشقاللا ئېيتىپ، دېدى:

ـــ رەھمەت، شاھزادەم، قېرىپ قالدىم. مادارىم تۈگەپ ئاجىزلاپ كەتتىم. سۇلتان سەئىدخاننى ئىزدەيدىغانلار، ياردەم سورايدىغانلار ئازمۇ؟ ئۇنى ئىسسىقكۆل بويىدىن تارتىپ ئاقسۇغىچە، يەتتىسۇدىن تارتىپ خوتەن دىيارىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەممىلا ئادەم ئىزدەيدۇ. بىر پۈتۈم گۆرگە

ساڭگىلىغاندا ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى زايە كەتكۈزمەي، سىلى كېلىپ تۇرسىلا شۇ ماڭا بەس. شاھزادەم، مەن خۇرسەن بولىمەن.

— دائىم كېلىپ تەلىم ئېلىپ تۇرىمەن، ئۇستاز، — دېدى ئابدۇرەشىدخان بوۋاينىڭ ياغاق قوللىرىنى تۇتۇپ. — خەير - خۇداغا ئامانەت، بوۋا.

— خۇداغا تاپشۇردۇم، شاھزادەم.

تاشقىرىدا يورغىلاپ يۈرگەن ئۈچ - تۆت كەپتەر ئابدۇرەشىدخان چىقىشى ھامان گۈمبەز ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

* * *

ئابدۇرەشىدخان ھەر ھەپتىدە بۇ پۈچۈق گۈمبەزگە ئىككى - ئۈچ قېتىم كېلىپ، بوۋايدىن ھال سوراپ تۇردى. خوجا مۇھەممەد سەرۋەرى كېيىنكى كۈنلەردە گۈمبەزدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنى ئالاھىدە يوقلاپ يېمەكلىك، ئۇسسۇلۇق ئەكەلگەن شاھزادە بىلەن ئۇزاقىچە سىردىشاتتى، ساتار چېلىپ مۇقام غەزەللىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. يىل ئۆتۈپ باھار كەلدى. ئابدۇرەشىدخان بوۋاينىڭ ئەھۋالىنى ئاخىر ئاتىسىغا ئېيتتى. سەئىدخان ئوغلىنى ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ باردى. ئۇلار كىرگەندە گۈمبەز ئىچى ئىمتاس بولۇپ، ئىككى كەپتەر تاۋاقتىكى سۇنى ئىچىۋاتاتتى. تېخى كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان ئانا قارلىغاچ ئۇۋىسىدا توختىماي ۋىچىرلاۋاتاتتى. خوجا مۇھەممەد سەرۋەرىمۇ ساتارنى تۇتقان ھالدا گۈمبەزنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ مۈگدەپ قالغاندەك ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇستاز، — سالام بەردى سەئىدخان ئوغلى بىلەن بىللە.

بوۋاي جاۋاب بەرمىدى. ئابدۇرەشىدخان ئاستىغىنا ئولتۇرغىنىچە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. خوجا مۇھەممەد

سەرۋەری مۆگدەپ قالغان بولماستىن، شۆنداق ئۆلتۆرغىنىچە بۆ بىۋاپا دۆنيا بىلەن خوشلاشقانىدى. شاهزادە ئۆزىنى تۆتالماي ياش تۆككىنىچە ئۆنىڭ قولىدىكى ساتارنى ئالدى. سەئىدخان ئىشارەت بىلەن ئۆنى گۆمبەز سىرتىغا ئاچىقتى.

— ئوغلۆم، قايغۆرما، ئۆستاز خوجا مۆھەممەد سەرۋەری بىر ئۆمۆر هاياتىنى هەققانىيەت ئۆچۆن بېغىشلىغان دانادۆر. بىز مەرھۆمنى ھۆرمەت - ئىززىتى بىلەن نامىزىنى چۆشۆرۆپ ئۆ دۆنياغا ئۆزىتىمىز. ھەسرەت چەكمە، كۆز يېشىنى ئاقتۆرغان غالىب ئەمەس، مۆشۆ ئۆستازدەك ئۆمىد بىلەن جاپا - مۆشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلىگەن كىشىلا ھەقىقىي غالىبتۆر.

سەئىدخان سۆزدىن توختاپ ئوغلى بىلەن چىغىر يولدىن چىقىپ چوڭ يولغا قەدەم قويدى. يىراقتا كارۋان يولى تۆتىشىپ كەتكەن قۆم بارخانلىرىدىكى ئالۋۆنلار چوغدەك ئۆچقۆنلاپ تۆراتتى. خوجا مۆھەممەد سەرۋەری يۆلىنىپ ئولتۆرۆپ ساتار چالىدىغان باراقسان تېرەكمۆ ئاستا ئىرغاڭشىپ مۆڭلۆق شىلدىرلاۋاتاتتى ...

www.uyghurkitap.com

# مىرزا ئابابەكرى

( رومان )

**ئاپتورى:** ھاجى مىرزاھمد كېرىمى
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** گۇلباھار ئەخەت
**مەسئۇل كوررېكتورى:** زەمىرە پىدائىي
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۇچى:** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خلق باش نشرياتى
شىنجاڭ خلق نشرياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 14.25
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2015 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 — 5000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 18593 - 1
**باھاسى:** 40.00 يۈەن